2

1980

# بۇلاق

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى



AltunOq

www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1980 - يىل

**بۇلاق**

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1980 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى

1981 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10098.457

باھاسى: 0.86 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مەسئود ۋە دىلئارا (داستان)...**ئابدۇرېھىم نىزارى** 6
مۇللا مەھەممەت نىيازى............م. **خۇدابەردى** 135
داستانى مەنسۇر............**موللامەھەممەت نىيازى** 144
«زەپەرنامە» داستانى توغرىسىدا........................ 219
زەپەرنامە (داستان)....................**موللا شاكىر** 221
«ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدا...**ئا. خوجا، ئ. يۇسۇپ** 334
«ئالتۇن يارۇق»تىن پارچە ........................ 342
« ‹ئالتۇن يارۇق› تىن پارچە»نىڭ تەرجىمىسى...... 359
«ئوغۇزنامە»نىڭ تەرجىمىسى........................ 373
«ئوغۇزنامە» داستانى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە...
........................ **تۇرغۇن ئالماس** 396
كومۇلۇپ قالغان گوھەرلىرىمىزنى قازايلى.........
........................ **ئىسمەن تۇرسۇن** 421
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى........................ 428
سادىر پالۋان قوشاقلىرى........................ 430
خەلق قىزىقچىسى ھىسامىدىن........................ 443
خەلق قىزىقچىسى ھىسامىدىن چاخچاقلىرىدىن........ 444
تەم - تۇتەم شالدامباي (چوچەك)................ 459
تېپىشماقلار ھەققىدە............**سالى خۇدابەردى** 477
خەلق ماقاللىرىدىن........................ 486
نىيە خەلق ماقاللىرىدىن........................ 490

# «مەسئۇد ـ دىلئارا» داستانى ھەققىدە

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان ئىستىداتلىق شائىرىمىز ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ ”مۇھەببەت داستانلىرى“ ناملىق مەشھۇر ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن يىرىك داستانلىرىدىن بىرى «مەسئۇد ـ دىلئارا»دۇر. بۇ داستانمۇ مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، خەلق رىۋايەتلىرى ئاساسىدا يېزىلىپ چىقىلغان. داستاندا بەسىر پادىشاھى مىرزەباننىڭ ئوغلى شاھزادە مەسئۇد بىلەن ئەرەم باغىنىڭ پادىشاھى شەھبال پەرىنىڭ قىزى دىلئارا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت زور ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق:

بەسىر شاھى مىرزەبان قېرىلىق يەتكىچە پەرزەنت كۆرمىگەنلىكتىن كۆڭلى مەيۇس بولۇپ، يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغان ۋەزىرلەر ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرى مۇنەججىملەرنى يىغىپ، پال ئاچقۇزۇپ، يەمەن شاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشكە مەسلىھەت بېرىدۇ. مىرزەبان يەمەن شاھى قىزىنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن مەسئۇد دۇنياغا كېلىدۇ. مەسئۇد 10 ياشقا تولغاندا ئاتىسى تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، غەزنىدە ساقلىنىپ كەلگەن سۇلايمان پەيغەمبەردىن قالغان خىسلەتلىك بىر تون ۋە بىر دانە ئۈزۈكنى مەسئۇدقا ھەدىيە قىلىدۇ. مەسئۇد ئۆز خانىسىغا قايتقاندىن كېيىن توندا پەرى سۈپەت گۈزەل بىر


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىزنىڭ سۈرىتى بارلىغىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا ئاشىق-بىقارار بولىدۇ ۋە كېچە-كۈندۈز تىنىماي ئاھ چېكىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بىرنەچچە ۋاقىت سىر تۇتسىمۇ، ئەمما ئىشق دەردىدە چىرايى سارغىيىپ، تېنى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىدۇ. ئاخىر ئەھۋالنى مىرزەبان شاھ مەسئۇدنىڭ كوكۇلداشى (ئىملىدىشى) سابىت ئارقىلىق ئۇقۇپ، ئوغلىنى ئىشقتىن ياندۇرۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە ھەركەت قىلىپ كورسىمۇ، پايدا بەرمىگەنلىكتىن، نائىلاج مەسئۇدنى پەرىلەر ماكانى گۈلىستان ئەرەمگە ئۇزىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەسئۇد نەچچە يۈزلىگەن كېمە بىلەن جۇڭگو ئارقىلىق دېڭىز سەپىرىگە چىقىدۇ. قوستەنتەنىيە شەھرىگە يېقىنلاشقاندا دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ، ھەممە كېمىلەر غەرق بولىدۇ، ئەمما مەسئۇد بىر پارچە تاختا ئۈستىدە ئامان قالىدۇ. قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن رودۇپايلارغا ئۇچراپ قالىدۇ، رودۇپايلاردىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ، مايمۇنلارنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. بۇلاردىنمۇ بىر ئامال بىلەن خالاس تېپىپ، بەھرى مۇھىت ئارقىلىق سەرەندىپكە بارغاندا ئەرەم باغىنىڭ يولىنى سوراپ بىلىدۇ، يول ئۈستىدە يەنە بەھرى قۇلزەم پەرىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، شاھ پەرىدىن بىرمۇنچە جەۋرى-ئازاپ كورىدۇ. ئاخىرچە ئەرەم باغنىڭ پادىشاھى شەھبال پەرى مەسئۇدنى قۇتۇلدۇرۇپ ئۆز ماكانىغا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادە ئون ئۈچ يىل جاپا-مۇشەققەت تارتىپ ئاخىرى دىلئارانىڭ ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە زور شاتلىق ئىچىدە دىلئارانى ئېلىپ، شەھبال پەرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز مەملىكىتىگە قايتىدۇ.

شائىر نىزارى شەرقنىڭ مەشھۇر كلاسسىكلىرى فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋىي، ئابدۇراخمان جامى ۋە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ

داستانچىلىق ئەنئەنىلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلغان ھالدا بۇ داستاننى ئۇتۇقلۇق يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ بەدىئىلىكى يۇقۇرى، ۋەقەلىكى روشەن، ئۇسلۇبى گۈزەل ھەم يېنىك، تىلى چۈچۈك.

يەنە شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، داستاندا ئىككىلا جەھەتتە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان بىرمۇنچە ئېلېمېنتلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئولۇس (خەلق)، ئوجماھ (جەننەت)، تاموغ (دوزاخ)، يىلاۋۇچ (پەيغەمبەر)، ئوكوش (كوپ، تولا)، ئەسرو (ناھايىتى، بەكمۇ)، ياۋۇق (يېقىن)، ئۇيۇماق (ئۇخلىماق) ۋەھاكازا.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى داستاننىڭ بەزى مىسرالىرىدا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ رىۋاجى ھېساپلانغان ”چاغاتاي تىلى“نىڭ فونېتىك ۋە مورفولوگىك خۇسۇسىيەتلىرىگە خاس بەزى ئېلېمېنتلارمۇ كوزگە چېلىقىدۇ.

مەسىلەن، 3-شەخستە كەلگەن ”مىش“ قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئوتكەن زامان پېئىلى شەكلىنى ئالايلى:

ئون ئۈچ يىل يۇرۇپ تابىمىش ① بىر نىشان،
بۇ ھەسرەت بىلە بولمىش ئازۇردە جان.

1-شەخس بولۇشسىز پېئىل شەكلى:

ئالىب قالدى نەچچە پەرىزادنى،
دىمان ② يەتتە-سەككىز مىڭادنى.

① تابىمىش — تاپىمىدى، تاپالمىدى مەنىسىدە.
② دىمان — دىمەي، دىمەيمەن مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

يونۇلۇش كېلشكە ئۇلىنىدىغان "غا"، "گە" قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا شېىرنىڭ ۋەزنى ئېھتىۋارى بىلەن تۈرك تىللىرىنىڭ غەربى جەنۇبىي گۇرۇپپىسىغا خاس بولغان "ئە" قوشۇمچىسىنى قوللىنىش:

دىدى كۆرسى كەلتۈر بۇ مېھمانىمە،
ئانى مۇستەقەر قىل قويۇپ يانىمە.

ئىزاپەتلىك جۈملە:

شەھى مىرزەبانىم بەھوكمى ئىلاھ①،
كى مەسئۇدنى قىلدى ئۇز ئورنىدا شاھ.

كويۇپ ئىشق ئوتىغە ئىستان كەبى،
بۇ ئوتدا بولۇب مارىجان② كەبى

خەنجەرى ھىجران③ ھۇجۇمى ئەيلەدى باغرىمنى چاك،
بىر قىيا باقماق بىلە ئول غۇنچە خەندان④ سورەتى.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان بۇنداق تىل پاكىتلىرى "چاغاتاي تىلى"نىڭ تاكى 19 - ئەسىرگىچە قوللـ

---

① بىھوكمى ئىلاھ — خۇدانىڭ ھوكمى بىلەن.
② مارىجان — جانسىز يىلان.
③ خەنجەرى ھىجران — ھىجران قىلىچى.
④ غۇنچە خەندان — كۈلۈپ تۇرغان غۇنچە.

لىنىلىپ كەلگەنلىگىنىڭ بىر ئىسپاتى. بىزنىڭ يۇقۇرىدىكى مىسا-
لارنى كەلتۈرۈشمىزدىكى سەۋەپ، تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ قەدىم-
قى ئۇيغۇر تىلى ۋە "چاغاتاي تىلى"نى تەتقىق قىلىشىدا ۋە
ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى تەكشۈرۈشىدە نىزارى تىلىنىڭ مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى كورسىتىشتىن ئىبارەت.

**ر. جارى**

www.uyghurkitap.com

# مەسئۇد ۋە دىلئارا

(داستان)

## ئابدۇرېھىم نىزارى

بەسىر پادىشاھى مىرزەبان پەرزەندى يوق جەھە-
تىدىن ئوزلەت① ئىختىيار قىلىپ، جاناب ھەزرەتى
ئىززەتكە تەۋەججوھ② بىرلە يۈز كەلتۈرگەنى، بۇ ۋاقىئە-
دىن ۋەزىر ۋە ئومرالار③ خەبەر تاپىپ پادىشادىن سەبەبى
ۋاقىئەنى سوئال قىلغانى ۋە پادىشا ئوز ئەھۋالىنى بايان
قىلغاندا، بۇلار مۇنەججىملەر④ نى جەمئ قىلىپ ئانىڭ
تالەئىدىن قۇرئە سالىپ يەمەن پادىشاھى قىزى ئەزدىۋا-
جىغە⑤ تەرغىب ئەيلەگەنى، مىرزەبان ئول پەرۋەشنى
ئەقد⑥ قىلىپ، ئانىڭدىن شەھزادە
مەسئۇد ۋۇجۇد تاپقانى.

---

① ئوزلەت — خىلۋەتتە يالغۇز ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئوتكۈزۈش.
② تەۋەججوھ — يۈزلىنىش.
③ ئومرا — ئەمىرلەر، لەشكەر باشلىقلىرى.
④ مۇنەججىم — يۇلتۇزلارغا قاراپ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئېيتىپ بەرگۈچى.
⑤ ئەزدىۋاج — ئويلىنىش.
⑥ ئەقد — نىكا.

بار ئىردىكى شاھى① بەسى② نامدار،
شەھەرلەر مۇسەخخەر③ ئىدى بىشۇمار④
ئەدەددىن فۇزۇنراق⑤ ئىدى لەشكەرى،
شەجائەتدە يەكتا⑥ ئىدى ھەر بىرى.
ئۆزى ئادىل ئىردى رەئىيەتنەۋاز⑦،
ئانىڭ لۇتپى بىرلە ئۇلۇس سەرفەراز⑧.
قىلىپ ھەق يولىدا دەرەملەر نىسار⑨،
كى جەۋدۇ⑩ كەرەمنى ئىتىپ ئىختىيار.
قارىلىقدا بولدى فەناغا ياۋۇق⑪،
ۋەلى مۇنچە ياشداكى فەرزەندى يوق.
ئىدى ئىسمى ئانىڭ شاھ مىرزەبان،
ئۆزى ئاقىل ئانچە بەسى نوكتەدان.
قىلۇر ئىردى ئەپسۇس ھوگا سۇبھى، شام،

---

① شاھى — بىر شاھ.

② بەسى — كۆپ، تولىمۇ.

③ مۇسەخخەر — بويسۇندۇرۇلغان، قول ئاستىدا.

④ بىشۇمار — سان - ساناقسىز.

⑤ ئەدەددىن فۇزۇنراق — ھېساۋىنى ئېلىپ بولماسلىق.

⑥ يەكتا — يەككە، يېگانە.

⑦ رەئىيەتنەۋاز — پۇقراپەرۋەر.

⑧ ئۇلۇس — خەلق؛ سەرفەراز — بەختىيار.

⑨ دەرەم — پۇل، نىسار - چاچماق.

⑩ جەۋد — سېخىلىق

⑪ فەناغا ياۋۇق — يوقىلىشقا يېقىنلاشماق، ئۆمرى تۈگەپ قالماق.

www.uyghurkitap.com

بولۇر ئۇمرى نەخلى① سەمەرسىز② تەمام.
كىرىب كوشە③ئىچرە، قىلىب ئۇل تەلەب.
تەزەررۇئلار④ ئەتتى بىدەرگاھى رەب⑤.
خەبەر تابغاي ھىچكىم ئانىڭ ھالىدىن،
ۋەزىرو نەدىم⑥ ھەم بۇ ئەھۋالىدىن.
بۇ مۇددەتدە بولدى ئاگا نەچچە كۈن،
ياتىب شاھ تائەت قىلىب كۈن ۋە تۈن.
تاپىب ئەقرىباسى⑦ مۇنىڭدىن خەبەر،
قىلىب ئىستىمائى⑧ ۋەزىر مۇئتەبەر.
يىغىلدى ۋە كەلدىكى دەرگاھىغە،
دىدىكىم ۋەزىرى كىرىب شاھىغە.
نە ئىش بولدى ۋاقىئە ساگا پادىشاھ،
نىمە سالدى كوڭلۈڭ ئارا ئىشتىباھ⑨
دىگىل بىزگە سوزنىڭ تەقرىرنى،
قىلالى ئاگا ياخشى تەدبىرنى.
دىدى شاھ كوڭلۈم ئارا غەم ئىرور.

---

① نەخل ــ مىۋىلىك دەرەخ.
② سەمەر ــ مىۋە.
③ كوشە ــ بۇلۇڭ، خالى جاي.
④ تەزەررۇئ ــ يىغلاش.
⑤ بىدەرگاھى رەب ــ خۇدانىڭ دەرگاھىغا.
⑥ نەدىم ــ يېقىن كىشى.
⑦ ئەقرىباسى ــ يېقىنلىرى، تۇققانلىرى.
⑧ ئىستىمائ ــ ئاڭلىماق، قۇلاق سالماق.
⑨ ئىشتىباھ ــ گۇمان.

بۇ غەم بىرلە دايىم كوزۇم نەم ئېرور.
ئېرورمەنكى مۇنچە ۋىلايەتكە شاھ،
بەسى ئەززۇ① شەۋكەت بىرىبتۇر ئىلاھ.
فەنا ئەزم سارى② يېقىن بولدى يول،
ۋەلى يوقكى فەرزەند خەلەف③ بولغاي ئول.
مەن ئولسەم جاھاندىن ئاتىم ئوچمەگەي،
ۋىلايەتلىرىمگە خەلەل④ يەتمەگەي.
ئىشتتىكى شەھدىن بۇ سوزنى ۋەزىر،
دېدىكىم بۇ ئىشقە قىلالى گۇزىر⑤.
يىغىلسۇن شەھەرنىڭ مۇنەججىملارى،
كى تالىئشۇناسو مۇئەللىملارى.
ئاڭا ئەسىر ئەيلەڭ كېتۇرسۇن كىتاب،
قىلىب قۇرئە سالسۇن ئاتىڭنى خىتاب.
قايو شەكلى بىرلە كېلۇر پالىڭىز،
كى مەلۇم بولغاي ھەمە ھالىڭىز.
دېدى شەھ: يىغىلسۇن مۇنەججىم تامام،
خەبەر ئەيلەمەككە قىلىڭ ئېزدىھام⑥.
چىقىب شەھ قاشىدىن چۇ ئاقىل ۋەزىر،
بىلىڭ شاھ ئەمرىن سەغىروكەبىر⑦.

---

① ئەززۇ — ئىززەت، ئۇلۇغلۇق.
② فەنا ئەزم سارى — ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشقا.
③ خەلەف — ئىز باسار.
④ خەلەل — زىيان.
⑤ گۇزىر — ياردەم.
⑥ ئېزدىھام — توپلاش، يىغىش.
⑦ سەغىرۇ كەبىر — كىچىك - چوڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كېلىپ قايدا بولسا ستارە① شۇناس،
سەۋابەت② ئۇلۇمىغە قىلسۇن قىياس.
يېتىپ كەلدى نەچچە خىرەدمەند ئۇلۇس،
كى شەھنىڭ بىساتىدا قىلدى جۇلۇس③.
خىرەدمەند مۇھەندىس ئىچىپ جۇرئەنەر④،
كىتابىنى ئاچىپ، سالىپ قۇرئەلەر⑤.
دىدى شاھى ئالەم ئىشت ياخشى پال،
كى بولماسىدا ئومرۇڭ ۋۇياشى زاۋال.
يەمەن پادىشاھى قىزىن قىلسا ئەقد⑥،
چۇ دۇررى مۇرادىڭ كېلەر قولغا نەقد.
ئىشىتىكى سۇلتان بۇ خۇش رازنى⑦،
ۋەزىرغە باقىپ قىلدى ئاۋازنى.
مۇنەججىملارىكى كېلىبدۇر تامام،
ھارىنى بىغايەت تۇتۇپ ئىھتىرام.
چۇ دىۋان ئىچىدە زىياپەت قىلىڭ،
كى مىلك ئەشرەپىدىن⑧ ئىنايەت قىلىڭ.
كى شەھنىڭ سوزىنى ئادا ئەيلەدى،

---

① ستارە — يۇلتۇز.
② سەۋابەت — ھەركەتسىز يۇلتۇز.
③ جۇلۇس — ئولتۇرۇش.
④ جۇرئە — چاي ئىچىش.
⑤ قۇرئە — پال ئېچىش.
⑥ ئەقد — نىكا.
⑦ راز — سىر.
⑧ ئەشرەپ — ئۇلۇغۋار، ئۇلۇغلاش.

دىگەن ئەشرەپنى ئاتا ئەيلەدى.
پۈتۈپ سوڭرانامە يەمەن شاھىغە،
بارىب سوز ئەيتقاي ئۇنىڭ ماھىغە.
مۇئەييەن قىلىب نەچچە لايىق كىشى،
نە لايىق كىشى، بەلكى فايىق كىشى①.
ئاتى مىر سالىھ بەسى خۇردەدان،②
قىلاۋۇر ئېردى ھەرنەۋئ ئىش بىگۇمان.
ئاتا قىلدى پەرمان: ”مۇڭا سىز بارىڭ،
دىمەڭ شەھغە قاتتىق داغى يالبارىڭ“.
سالاتىن رۇسۇمى③ بىلە شىۋەنى④،
تۈزۈپ راست قىلدى نەچچە تىۋەنى⑤.
كى ئالتۇن - كۈمۈشدىن قويۇپ ئانچە بار،
مەتائى ھەرىرى⑥ ئالىب بىشۇمار.
قوشۇپ بەردى ھەدسىز ئاتا لەشكەرى،
شىجائەتدە نادىر ئىدى ھەر بىرى.
كى شەھرى يەمەنغە راۋان بولدىلار،
كىزىب يېزل يەمەنغە قىران⑦ بولدىلار.
دىيارىكى بولمىش يەمەنگە قىراق،

---

① فايىق — ئۈستۈن، ئالى.
② خۇردەدان — ئىشنىڭ كوزىنى بىلىدىغان.
③ سالاتىن رۇسۇمى — شاھانە قائىدە - يوسۇن.
④ شىۋە — ئادەت.
⑤ تىۋە — توگە.
⑥ مەتائى ھەرىر — يىپەك رەخت.
⑦ قىران — يېقىنلاشماق.

كى بىر كۈنلىك ئېردى شەھەردىن يىراق.
كېلىپ تۈشتى ئاندا بولۇپ مۇستەقەر①،
يەمەن شاھى تاپتى بۇلاردىن خەبەر،
فەلان يەرگە تۈشمىش دىبان كوب كىشى،
سىپاھلاردەك② ئېرمىش ئۇلارنىڭ ئىشى.
بارىب سورغۇچە ئەل ئۇلار ھالىنى،
ئىشتكۈنچە ياخشى يامان قالىنى③.
نىدا④ ئەيلەگىزلار چىقىپ تىز - تۈند⑤،
يىغىلسۇن شەھەرگە كېلىپ بارچە جۇند⑥.
چېرىكلەرگە قىلدى مۇنادى⑦ نىدا.
ئوشۇل كۈن بارىسى ئىشتتى سادا.
بولۇب جەمئ ، كەلدى ھەمە لەشكەرى،
مەسافەتدە گويا فەلەك ئەختەرى.
يۈرۈب مىر سالىھ قىلىب ئىھتىمام⑧،
يەمەن شەھرى سارى قىلىبان خىرام.
دىدى ئالدىمىزدا كىمەرسە بارىب،
يەمەن پادىشاھى قاشىغە كىرىب.

---

① مۇستەقەر — دائىمى ئورۇنلاشماق.
② سىپاھ — ئەمەلدار.
③ قال — مىش - مىش گەپ.
④ نىدا — جاكا.
⑤ تۈند — تېز، چاپسان.
⑥ جۇند — ئەسكەر، قوشۇن.
⑦ مۇنادى — جاكاچى.
⑧ ئىھتىمام — تىرىشچانلىق.

ئاگا ئەرز قىلسۇن تەمەللۇق① بىلە،
تۇتۇب پىشكەشنى② تەئەللۇق بىلە.
بۇ مەجمۇئە ئىچىدە كىشى نوكتەدان،
بار ئېردى يۇرۇتتى ئانى شۇل زامان.
قىلىب ئەزم يىلدام شەھەر سارىغە،
كېلىب تۇشتى شاھنىڭ سوراق دارىغە.
قىلىب شاھغە بىر - بىر سوزىنى بايان،
ھەمە ماھۇۋەل ۋاقىئە③نى ئايان.
ئىشىتتى بۇ سوزنى ئەمىرى يەمەن،
بۇ مەردوم④ تۇشەرغە بۇيۇردى ۋەتەن.
بولۇب شاد - خۇررەم كى غەمدىن خالاس،
يەنە كوب سۇيۈندى ھەمە ئام - خاس.
كى سالىھ قاشىغە ئىبەردى كىشى،
ئالىب كەلمەك ئولدى مۇنىڭ قىلمىشى.
تەكەللۇفلار ئەتتى تاۋازۇ بىلە،
شەھەر ئىچرە تۇشتى تاۋابىئ بىلە.
كورۇندىكى شەھغە مەقاسىد شۇئار⑤،
كىم ئول مىر سالىھ ئىدى نامدار.
تۇتۇپ بەردى فىلھال⑥ ئالىب نامەنى،

① تەمەللۇق — خوشامەت.
② پىشكەش — تارتۇق، سوغات.
③ ماھۇۋەل ۋاقىئە — بولغان ۋەقە.
④ مەردوم — كىشى.
⑤ مەقاسىد شوئار — مەقسەتنى بىلدۇرگۈچى.
⑥ فىلھال — دەرھال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەھى بەسرى چەككەن ئىدى خامەنى①.
يەنە تارتىپ ئانداغ ئۇلۇغ پىشكەش،
يەمەن شاھى بولدى بەسى كوڭلى خۇش.
ئوقۇپ نامەسىنى ئىشىتتى سوزىن،
ئاڭا سۇرتىبان يۈزى بىرلە كوزىن.
بەجان دىل ئەتتىكى ئەمرىن قوبۇل،
دىدىكىم، "قىلايىن قىزىمنى دوخۇل②
شەھى بەسرى شاھلار ئارا فايىقى،
ۋە لېكىن ئەمەستۇر قىزىم لايىقى.
قىلىبدۇركى ھالا ھەرەم خاستىلىق③،
ۋەلى مەندە باردۇركى كەم كاستىلىق.
قىلىبدۇركى بىزگە ئۇلۇغ ئىلتىپات،
قىزىم بەندە بولسۇن ئېرۇر ئول ھايات".
بار ئېردى يەمەندە ئۇلۇغ مەنزىلى،
ئاڭا شاھ قويغان ئىگىز سەندەلى④.
سىپاھى بۇ مەنزىل سارى باشلادى،
بۇ مەجمۇئ⑤ ئاندا ئوزىن تاشلادى.
كى تۇردى يىمەككە مۇلەززەز⑥ غىزا،
ئىدى ھەر غىزاسى كېسەلگە داۋا.

---

① خامە — قەلەم.
② دوخۇل — كىرىش، بىرگە قوشۇلۇش.
③ ھەرەم خاستىلىق — ھەرەمخانىدا تۇرۇشنى ئىختىيار قىلىش.
④ سەندەل — تەختكە ئوخشاش ئالى ئورۇندۇق.
⑤ مەجمۇئ — يىغىلغان كىشىلەر.
⑥ مۇلەززەز — لەززەتلىك.

يەنە كەيدۇرۇپ كوپ مۇزەييەن① لىباس
كى ھەر بىر لىباسى ئېرور كىشى ئاس.
ئالىب كەلدى مۇترىپ② بىلە ھەم شاراب،
كى ئاماد ئەيلەب مۇھەررا كەباب.
تۇزۇب بەزم ـ ئىشرەت بۇلار نەچچە روز③،
بولۇب كوڭلى خۇررەم چۇ سۇبھى فەروز④.
زىياپەت ئىشى ھەم قىلىندى تامام،
كى سالىھ ئەمىرنىڭ سارى ئۇردى گام⑤.
ھەمە سوزلىرىنى كىرىب قىلدى ئەرز،
بۇ ئەرزنى دىمەكلىك ئىدى مىسلى پەرز.
يەمەن شاھى بەردى بۇ ياڭلىغ جاۋاب:
"ئەگەر ئاندا بولسا ئىشىڭ ئىزتىراب⑥،
يەنە تۇتقىل ئۇچ كۇن شەھەر ئىچرە جا⑦،
مۇھىم ئىشلىرىمنى قىلايىن ئادا".
بۇلار يەنە ئۇچ كۇن سۇكۇن⑧ ئەيلەدى،
كى مەيخارەلىكنى فۇنۇن ئەيلەدى⑨.

---

① مۇزەييەن — زىننەتلىك.
② مۇترىب — سازەندە.
③ روز — كۇن.
④ سۇبھى فەرۇز — تاڭ يورۇغىچە.
⑤ گام — قەدەم.
⑥ ئىزتىراب — ئالدىراش.
⑦ جا — جاي، ئورۇن.
⑧ سۇكۇن — بىر جايدا تۇرۇش.
⑨ مەيخارەلىكنى فۇنۇن ئەيلەدى — ئىچكىلىكۋازلىقنى ھۇنەر قىلىۋالدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكرى ئالدىرىسى

يەمەن شاھى كارىن سەرەنجام ئېتىپ،
كى بەردى بۇلارغە قىزىنى قاتىپ.
كى ھەمراھ چىقتى نەچە دوختەرى①،
سەبىھۇ② مەلىھۇ③ چۇ ھورۇ پەرى.
ئەدەددىن فۇزۇنراق ئالتۇن - كۇمۇش،
كى سالىھغە بەردى، دىدى سوگرا: "خوش".
چىقىپ بەسرى سارى راۋان بولدىلار،
قىلىپ ئەزم گويا بوران بولدىلار.
تاپىپ بەسرى شاھى بۇلاردىن خەبەر،
يەمەندىن كېلۇرمىش دىبان سىمبەر④.
چىقاردى ئەدەدسىز كىشى ئالدىغە،
"بارىك تىزراق" دەپ ئىقبالىغە.
چىقىپ يۈردى ئانداق ئالالا بىلە،
مۇغەننى⑤، مۇرەققىس⑥، تىلالا بىلە.
دۇچار ئولدى ئاخىر بۇ ئىككى گۇرۇھ،
كورۇشتى نەۋازىش ⑦ بىلە پۇرشۇگوھ⑧.
كېلىپ تۇشتى بەسرى سەۋادىغە⑨ خوش،

① دوختەر — قىز.
② سەبىھ — چىرايلىق.
③ مەلىھ — گۈزەل.
④ سىمبەر — ئاق بەدەن.
⑤ مۇغەننى — غەزەلچى.
⑥ مۇرەققىس — ئۇسۇلچى.
⑦ نەۋازىش — مېھرىۋانلىق:
⑧ پۇرشۇگوھ — ئۇلۇغۋارلىق.
⑨ سەۋاد — شەھەرنىڭ چېتى.

سەۋاددىن ئۆتتى بىلادىغە① جۇش②.
يەنە ئاندىن ئەتتى شەھەرگە خىرام.
كېلىب تۇشتى ئوردا ئىچىگە تامام.
كى ئول سىمتەننى③چىقىب كوردى شاھ،
ئاڭا ئاشىق ئولدى كوزىن سۈردى شاھ.
تۈزۈب بەزم ئىشرەت قىلىب قىزنى ئەقد،
كى مۇبھەم④مورادىن تاپىب شاھ نەقد.
ھەرەم خانە ئىچرە بولۇب كامىلە،
كى پەرزەندىغە بولدى بۇ قىز ھامىلە.
ئۆتۈب نەچچە سائەت، يەنە نەچچە ئاي،
ۋۇجۇدىغە كەلدى بۇ قىزدىن ھوماي.
ئۇشۇل كىچەسى لۇتپ ئەيلەب خۇدا،
كى قىلدى ۋەزىرىغە پەرزەند ئاتا.
كى سۇلتان موھازىر قىلىب نەچچە قىسم،
دىدىكى، بۇلارغە قويۇڭ ياخشى ئىسم.
شەھ ئوغلىغە بارچە قىلىب ئىتتىپاق⑤.
”دىسەك شاھى مەسئۇد ئېرور ياخشىراق“.
قويۇب نام سابىت ۋەزىر زادىغە،
كوكۆلداشى⑥قىلدى بۇ شەھزادىغە.

---

① بىلاد ــ مەملىكەت، شەھەر،
② جۇش ــ قاينام ـ تاشقىنلىق.
③ سىمتەن ــ ئاق بەدەن.
④ مۇبھەم ــ كوڭۆلدىكى، يوشۇرۇن.
⑤ ئىتتىپاق ــ بىرلىكتە.
⑥ كوكۆلداش ــ بىرسۈت ئەمگەك قېرىنداش.

www.uyghurkitap.com

چۇ مەسئۇدغە سۇلتان قىلىپ ئىشتىياق،
ئانىڭ مەسكەنىگە① ياساتدى راۋاق.
قىلۇر ئىدى دايە②مىزنى پەرۋەرىش،
مۇنىڭ بىرلە ئۆتتى نەچچە يازۇ قىش.
مۇنەججىمنى يىغدى، دىدى پادىشاھ:
"ئاتا قىلدى مۇنداغ گۆھەرنى ئىلاھ③.
كورۇڭ تالەئىنى نىچۇك بولغۇسى،
قايۇ بائىس ئىلە كۆنى تولغۇسى".
مۇنەججىملەر ئاچتى كورەرگە كىتاب،
كورۇپ شاھغە قىلدى بۇ ياڭلىغ جاۋاب:
"بۇ فەرزەند ئۆمرى بولۇر كوپ ئۇزۇن،
كورەر ھەم مۇشەققەت ئەدەددىن فۇزۇن.
ۋە لېكىن مۇرادىن تاپار ئاقىبەت،
دىگەن يەرلەرىگە يېتەر ئاقىبەت.
بولۇر ئورنىڭىزدا يەنە پادىشاھ،
كورۇپ ياخشى دولەت تاپار ياخشى راھ".
ئىشىتتى بۇ سوزنى كى بەسرى شەھى،
سارىغ بولدى غەمدىن يۈزى چۈن بىھى.
چۇ مەسئۇد كىردى يەتە ياشىغە،
تىگىپ مىرزەبانىڭ لەبى ئاشىغە.
كى مەكتەبكە بەردى ئانى ئىلىم ئۈچۈن،

---

① مەسكەن ـــ تۇرار جاي.
② دايە ـــ ئىنىگئانا.
③ ئىلاھ ـــ خۇدا.

تەئەددۇب①، تاۋازۇ② بىلە ھىلىم③ ئۈچۈن.
يېقىن فورسەتىدە مۇئەللىم بولۇب،
ھەمە ئىلىملەردە مۇكەممەل بولۇب.
ھەمە ئىشنى ئالدى قولىغە تامام،
كى ھۈسنى-جامالى ئىدى ئەلگە دام.
قاچان ئالسا ئاتماق ئۈچۈن قولغە يا،
قويۇر رەخش④ ئۈزرە رىكابىغە⑤ پا⑥.
نىشانغە ئوقىنى رەھا⑦ ئەيلەگەي،
كۆڭۈل مەقسەدىنى ئادا ئەيلەگەي.
بۇ مۇددەتدە ئۇلدى ئانىڭ ياشى ئون،
ئاڭا مىرزەبانىنىڭ دىلى ئېردى خۇن.
دىبان نۇر دىدەم، كۆڭۈل راھەتى،
خۇدا بەرمەگەي كىم ساڭا ئاپەتى.
كۆنى مىرزەبان شەھ تۈزۈب ياخشى بەزم،
ئالىب كەلدى ئوغلىن بۇ بەزم ئىچرە جەزم.
خەزىنە ئىچىدىن كېتۈردى ئىگىن،
قىلىب مېھرىبانلىق يەنە بىر نېگىن⑧.
چۇ مەسئۇدغە بەردى مۇنى مىرزەبان،

---

① تەئەددۇب — ئەدەپلىك بولۇش.
② تاۋازۇ — يۇۋاش، كەمتەرلىك.
③ ھىلىم — يۇمشاق مۇئامىلىلىك.
④ رەخش — ئاچ سېرىق ئات.
⑤ رىكاب — ئۈزەڭگە.
⑥ پا — پۇت، ئاياق.
⑦ رەھا — ئوق ئۈزۈش.
⑧ نېگىن — ئۈزۈك.

قوپۇب تونىنى كەيدى ئۇغۇل شۇلزامان.
يەنە ئۇل ئۈزۈكنى قولغە سالىب،
ئاتاغا ئىگىلدى بۇلارنى ئالىب.
دىدى شەھ: "سوزۇمنى ئىشىت ئەي پۇسەر①،
نىگىن بىرلە توندىن ھەم ئالغىل خەبەر.
ماڭا لۇتپ ئەيلەب كەرىمو جەلىل،
بىرىب سەلتەنەتنى ئۇتۇب نەچچە يىل.
رەئىيەتكە② قىلدىم ۋاپادارلىق،
ئەدەم بولدى③ ئەلدىن ستەمكارلىق.
بۇ نەۋئى ئىشلىرىمدىن تۇتۇب ئىھتىرام،
يەلاۋوچ④ سولەيمان ئەلەيھى سالام.
ئۈزۈك بىرلە تونىنى ئاتا ئەيلەدى،
قەۋى ھاجەتىمنى راۋا ئەيلەدى".
ئالىب رۇخسەت مەسئۇد ئۆيىگە كىرىب،
نەزەر قىلدى مەسئۇد تامام ئاختارىب
بار ئىردىكى توندە ئەجەب سورەتى،
پەرىغە موشەككىل ئانىڭ ھەيئەتى.
كورۇب ئاشىق ئولدى چېكىب ئاھ سەرد⑤،
ئانىڭ فۇرقەتىدە يۇزى بولدى زەرد⑥.

---

① پۇسەر — ئوغۇل.

② رەئىيەت — پۇقرا.

③ ئەدەم بولدى — يوقالدى.

④ يەلاۋوچ — پەيغەمبەر.

⑤ سەرد — سوغاق.

⑥ زەرد — سېرىق.

کی مەسئود ياخشى سارادىن چىقىپ،
ئويى تابتى قالغان ئىدى ئۇل يىقىب.
ياتىب ئاندا ئاھۇ فىغان بىرلە ئۇل،
گەھى يىغلار ئىردىكى خاتىر مەلۇل.
بولۇب شاھزادە يىغى - زار ئارا،
خەبەر تابماي ھىچكىم بۇ ئەسرار ئارا.
چۇ سابىتكى ئىردى كوكۇلداش ئاڭا،
سۈت ئەممەكدە بولغان قىرىنداش ئاڭا.
ئانىڭ رايىغە ئۇل ھاۋادار ئىدى،
ئانادىن زىيادە ۋافادار ئىدى.
كىرىب باقسە ئويىنى ئەمەس مۇندا ئۇل،
ياتار ئىردى مۇندە كۇنۇ تۇندە ئۇل،
بارى خاس ئويگە كىرىب ئىستەدى،
چۇ شەھزادەدىن ھىچ ئەسەر تاپمادى.
گۇمان قىلدى سابىت ئونى خەيلى① ئىشق،
گىرىپتار ئەيلەب تۇرۇر مەيل ئىشق.
كەنىز② بىرلە تۇتتىكى خىلۇەت ماكان،
بۇ بائىسدىن ③ ئەتتى ئۇزىنى ناھان④.
بۇ سائەتدە كەلدىكى ئاۋاز "ئاھ!"
قىلۇر بىر تەرەپدە بۇ شەھباز⑤ ئاھ.

---

① خەيل — قوشۇن؛
② كەنىز — كېنىزەك.
③ بائىس — سەۋەپ.
④ ناھان — يوشۇرۇن.
⑤ شەھباز — لاچىن.

ئىشتتى بۇ ئۇننى ھەمۇل كوڭلى رۇست①،
كى مەسئۇدنى كوردى كىرىب ئويگە چۇست②.
دىدى: "شاھزادە نە بولدى ساڭا؟
كوڭۇل مەتلەبىنى③بايان قىل ماڭا".
چۇ سابىتغە دىدى ھەمە ھالىنى،
ئاتاسىغە ئەيدى ئۇنىڭ قالىنى.
ئىشتتى بۇ سوزنى پەرىشان بولۇب،
كى تون بەرگەنگە پۇشايمان بولۇب.
يانىب كەلدى ئوغلىن كورۇب مىرزەبان،
مۇنەججىمنى چىرلاڭ دىدى شۇل زامان.
يىتىب كەلدى ئول كۇن ستارە شۇناس④.
دىدى سوز بۇلارغەكى شاھى ئاساس،
قىلىڭ نۇر دىدەم ئىشىغە ئىلاج،
مۇنەججىمغە سۇلتان كىلىب ئىھتىياج.
تەلەب ىىرلە تۇن - كۇن ئەزايىم⑤ ئوقۇب،
ئەزايىمنى ئانداغ مۇلايىم ئوقۇب.
چۇ مەسئۇد بولماس ئىدى تەندۇرۇست⑥،
تەنەززۇللۇق⑦ ئولدى بولۇب ھالى سۇست،

① كوڭلى رۇست — باتۇر يۈرەك.
② چۇست — چاققان، چاپسان.
③ مەتلەب — مەقسەت، تىلەك.
④ ستارە شۇناس — يۇلتۇزغا قاراپ پال ئاچقۇچى.
⑤ ئەزايىم — ئەپسۇن.
⑥ تەندۇرۇست — ساغلام؛
⑦ تەنەززۇللۇق — تۆۋەنلەپ كېتىش.

ئاتا بولدى ھەيران مۇنىڭ ھالىغە،
كوزى تۇشتى ئانىڭ بۇ ئەپئالىغە①.
كى شەب - روز② بولدى ئىشى ناله - زار،
ۋەلى سىررىدىن ئەتمەس ئىدى ئاشكار.
قالىب ھەيرەت ئىچرە شاھ مىرزەبان،
دىلى شاد ئېرمەس ئىدى بىر زامان.
دېدى مىرسالىغ "شاھا يېمە غەم،
ياشلىق بىرله قىلما لىباسىڭنى نەم.
ئەگەر شاھ مەسئۇد ئېرور كوب مەلال،
بارىب قىلسا سابىت ئانىڭدىن سوئال.
نىچۇك دىسە قىلساق ئاڭا بىر ئىلاج،
باشى سەدقەسىدۇر كىم ئولماس خىراج".
بارىب سوردى سابىت ئۇنىڭ ھالىدىن،
دېمەدى ئاڭا ئەسلى ئەھۋالىدىن.
بۇ سائەتدە سابىت ئالىب قولغە تىغ،
ئۇزۇمگە ئۇرارمەن دېدى بىدەرىغ③.
كورۇب تىغنى مەسئۇد دېدى: "ھاي - ھاي،
مېنى قىلماغىل تەڭ سەن ئەي نىكراي"④.
ئاڭا دېمەدى ھەم يەنە سوزىن تۇز،
سوزۇم ئاڭلاماقدىن مەگەر كوڭلۇم ئۇز.
بۇ سوزلەرىن دېدىكى سابىت ئاڭا،

① ئەپئال — قىلمىش.
② شەب روز — كېچە - كۇندۇز.
③ بىدەرىغ — ئاياۋسىز.
④ نىكراي — ياخشى پىكىرلىك، ئالىجاناپ.

نەۋەجھىدە سىررىڭ دىمەيسەن ماڭا.
ئىكۋىلەن ئىمىبمىز بىر ئەمچەكتە شىر①،
ۋاپاسىزلىق ئەيلەب ماڭا ئورمە تىر②.
ئەگەر دىمەسەڭ سەن سوزۈڭنى بۈگۈن،
تىغ ئۇرسام تېنىمغە ماڭا قىلما ئۇن"،
يەنە ئالدى تىغنى قىلىب نالە ـ زار،
دىدى: "سەبر قىلغىل قىلاي ئاشكار.
خەبەر تاپساڭ گەرسەن بۇ ئەسراردىن،
مېنىڭدەك بولۇرسەن كېچىب باردىن.
كورۈندىكى تۈندە ماڭا بىر بالا،
سەن ھەم ئولماغايسەن ئاڭا مۇبتەلا.
دىدى سابىت: "ھەرنە بالايى يىتەر،
باشىمغە ئالۇرمەن خۇدايى يىتەر".
دىدى: "مەلۇم ئولماسكى ئەسرارىڭىز،
كوكۈلداش ئەمەسمەن، يەنە يارىڭىز.
مەن ئولسەم فەرەھلىك③ بىلە روز ـ شەب.
ساڭا يەتسە مۇنداقكى رەنجو تەئەب④.
تىرىكلىك نەلازىم، ئولۇمدۇر سازا⑤.
نە يەتسە باشىمغە ئېرورمەن رىزا".
دىدى مەسئۇد: "ئانداق ئېرور ئېتىقاد،

---

① شىر — سۈت.
② تىر — ئوق.
③ فەرەھلىك — خوشاللىق.
④ رەنجو تەئەب — كېسەللىك ـ ھارغىنلىق.
⑤ سازا — لايىق.

دىگەيمەن سوزۇمنى كىيىن قىلما داد.
ئۇشۇل كۇن ماڭا تونىنى بەردى پەدەر،
رەقەم چەككەن①ئىركەن ئاڭا بىرسۆەر②.
بۇ سورەتكە ناگاھ تۇشۇبدۇر كوزۇم،
ئانىڭ ئىشقى بىرلە سارىغدۇر يۈزۇم".
كەل ئەي ساقى بولغىل مېنىڭ بىرلە يار،
قىلاي شەھلىقىمنى باشىڭغە نىسار.
ئىچىب مەينى بىخۇد بولۇب دەر بەدەر،
چۇ دىلبەرنى ئىزدەب قىلايمەن سەپەر.

**سابىت مەسئۇددىن بۇ ئەسىرارنى ئاڭلاب ئاتاسى مىرزەبانغە ۋاقىئەنى بىرىن - بىرىن تەقرىر قىلغانى، ئاتاسى ئوغلىغە ئول سورەتنىڭ تەئۋىلىنى③ ئەيتىب، ئوغلىنى سەپەر ئىشىدىن مانىئ ئەيلەگەنى④، مەسئۇد بۇ سوزگە باۋەر قىلماي⑤**

**يول ئىستىئدادىن راستلاب دلئارانى ئىزدەب چىن**

**شەھرى تەرىپىگە دەريا بىلە راۋان بولغانى.**

يازىبدۇر بۇ ياڭلىغ چۇ ئۇستادكىلك⑥،

---

① رەقەم چەككەن — سىزغان.

② سۆەر — سورەت.

③ تەئۋىل — بايان قىلماق، چۈشەندۈرمەك.

④ مانىئ ئەيلەمەك — توسماق.

⑤ باۋەر قىلماق — ئىشەنمەك.

⑥ كىلك — قەلەم.

سۇخەن① سايىلىغە② بىرىب داد كىلىك.
ئىشتىنكى سابىت بۇ ئەفسانەنى.
ساچىب شاھ مەسئۇد چۇ دۇردانەنى.
ئاتاسىغە بىر - بىر بايان ئەيلەدى،
ناھان سىرنى ئانداغ ئايان ئەيلەدى.
بۇ سوزلەرنى ئىشتىب شەھ مىرزەبان،
چۇ سابىتغە مۇنداغ دىدى داستان:
"كۇنى بەزم قىلدىمكى دىۋان ئارا،
قۇلاغىمغە يەتتى ئۇلۇغ ماجەرا.
بۇ ھالەتدە كوكنىڭ يۇزىن تۇتتى تۇغ،
يات ئاۋاز بىرلە ئۇرار ئېردى بوغ.
كى بىر سائەتىدە يىرق ئولدى غۇبار،
كىرىب كەلدى ئاندىن يەنە شەھسۇۋار③.
ئانىڭ ھەيبەتىدىن يۇرەكىم ئاغىب،
چۇ غەم تاغى بەلكى باشىمغە ياغىب.
تاپالماسمەن ئېردىم بۇ ئىشغە ئىلاج،
كوزۇمگە بۇ روشەن جاھان بولدى داج④
سالام قىلدى ئاندىن ماڭا يەتتە تەن،
يەنە ئەيدى: "شاھا ئېرورسىز ئىسمەن؟"
دىدى: "سىزگە ھەقنىڭ رەسۇلى پەيام⑤،

---

① سۇخەن — سوز.
② سايىل — سورىغۇچى.
③ شەھسۇۋار — ئاتلىق كىشى.
④ داج — قاراڭغۇ.
⑤ پەيام — سالام.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كى يەئنى سولەيمان ئەلەيھىسسالام.
بۇ، تون بىرلە خاتەم① ساڭا توھپەدۇر،
تونى ھەللە، خاتەم ئېرور بەلكى نۇر“.
نەگىن بىرلە تونىنى قولۇمغە ئالىب،
كى تەزىم ئەتتىم باشىمنى سالىب.
كوزۇم تۈشتى ناگاھ بۇ تەسۋىرغە②،
كى تەسۋىر ئەمەس، بەلكى تەنۋىرغە③.
ئاڭا ئاشىق ئولدۇم بەسى بىقارار،
ئانى كەلتۈرۈرگە قىلىب ئىختىيار.
پەرىلەردىن ئانى سوئال ئەيلەدىم،
كى تەپتىش④بىلە ئىبتىھال⑤ ئەيلەدىم.
ماڭا بەردى مۇنداق پەرىلەر جاۋاپ:
كى شەھبال قىزىدۇر، يۈزى ماھ تاب⑥.
ئانىدۇر دىلئارا ئۇلۇغ ھەيئەتى،
بۇ تونغە چېكىلمىش ئانىڭ سورەتى.
ئاتاسى پەرىلەر ئېرور مىھتەرى⑦،
ھەمە دىۋە جىننىڭ ئۇلۇغ سەرۋەرى⑧.

---

① خاتەم — ئۈزۈك.
② تەسۋىر — سورەت.
③ تەنۋىر — نۇر جامال.
④ تەپتىش — سۈرۈشتە قىلىش.
⑤ ئىبتىھال — ئىلتىماس.
⑥ ماھ تاب — تولۇن ئاي.
⑦ مىھتەرى — ئەڭ ئالىسى.
⑧ سەرۋەر — باشلىق.

مەقامدۇر ئانىڭ گۈلستان ئەرەم،
قىزى ھەم پەرىلەر ئارا مۇھتەرەم.
پەرىلەر مۇنىڭدىن ئالىب رۇخسەتى،
ھاۋا سارى ئۇچتى قىلىب جۇرئەتى.
ئۈزۈك بىرلە تونىنى سالىب دۇرج ئارا①،
ھەمىل دۇرجنى ھەم قويۇب بۇرج ئارا②.
تۇتار ئېردىم ئانداغ بەسى ئەرجۇمەند③،
بارى مۇلكلەردىن ئىدى دىل پىسەند.
كى شەھزادە كورگەن بۇ تەسۋىر ئېرور،
ئىلاجىغە ئەكنۇن④ نە تەدبىر ئېرور؟"
قىلىب مىرسالىھ سوزى دۇرفەشان⑤،
دىدى: "پادىشاھا چۇگەردون نىشان.
ئاتا ئەيلەمىش ھەق ساڭا تەختى - تاج،
ئەگەر خاھىش ئەتسە قىلۇرمىز ئىلاج.
ئانى ئىزدەمەككە ئىبەرسەك كىشى.
خەبەر تابماق ئولسۇن ئۇلارنىڭ ئىشى".
بۇ مەئنىنى ئاڭلاب شەھ مىرزەبان،
دىدى: "سىزنى قىلسۇن خۇدايىم ئامان.
بۇ سوزلەرنى ئەيتىڭكى شەھزادەگە،

① دۇرج — ساندۇقچە.
② بۇرج — ھوكەر يۇلتۇز.
③ ئەرجۇمەند — ئېزىز، قىممەتلىك.
④ ئەكنۇن — ھازىر، ئەمدى.
⑤ دۇرفەشان — دۇر چاچقۇچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە ھەم فەرىفتە① قىلىڭ بادەگە.
دەڭىز ئۇل پەرىدىن ئالالى خەبەر،
سەپەر ئەزم قىلسۇن نەچە مۇئتەبەر.
كى مىقدار بىرىيل جاھاننى كىزىپ،
پەرىلەر ماكانى داۋاننى كىزىپ.
قىلىپ كوب تەرەددۇد تەھەييۇر② بىلە،
كى تابىماقىغە چارە تەفەككۇر بىلە.
يانىپ كەلسە شايەت تاپىپ بىر خەبەر،
كى كوڭلۇڭنى ئالغان پەرىدىن ئەسەر.
ئانى كەلتۈرۈرگە قىلالى سەبەب،
بۇ مەقسەدگە سىز ھەم قىلىڭ كوب تەلەب.
مۇنىڭ بىرلە تەسكىن تاپىپ خاتىرى،
فىراقى دىلىدىن بولۇر ھەم نارى".
چۇسابىت قوپۇب شاھ قاشىدىن راۋان،
كى مەسئۇدغە قىلدى بۇ سوزنى بايان •
بەسى شاد بولدى كۇلۇب غۇنچەۋار،
قىلاي دىدى كەلگۇنچە سەبر- قارار.
دىلئارانىڭ ئىشقى بىلە ئەردى مەست،
بۇ سوزلەرنى ئاڭلاب دەمى بولدى پەست.

× × ×

ئىشتكىل فەسانە شەھى مىرزەبان،

---

① فەرىفتە — تەكلىپ.

② تەھەييۇر — ھەيران بولۇش، ئەجەپلىنىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ بائىسدىن ئولغان ئىدى ئەشك① قان.
سىپاھىكى ئاتى ئىدى ئىختىيار.
ئۇلۇغلۇقدا تاپقان بەسى ئىشتىھار②.
ئاڭا بىرلە قوشتى تۈمەن مىڭ كىشى،
كىزىڭ دەپ جاھاننى يۈرۈپ ياز-قىشى.
خەبەر بەرسە ھەر كىم ئەرەم باغىدىن،
ئاڭالۇتپ ئىتەرمەن كەرەم باغىدىن.
كورۇپ ئول كىشىنى ئۇلۇغ شىۋەدە،
جاۋاھىر بىرۇرمەنكى يۈزتىۋەدە.
بۇ مەجمۇئ ئادەم بىلە ئىختىيار،
يۈرۈب كەتتى ئىنئام ئالىب بىشۇمار.
قىلىب باد③ ياڭلىغ جاھاننى گۇزەر،
خەبەر ئالماقىغە شەھەرمۇ شەھەر.
يانىب كەلدى تابماي ئەرەمدىن نىشان،
بۇ ۋاقەنى ئاڭلاب شەھ مىرزەبان،
دىدى قىلماڭىزلار مۇنى ئاشكار،
كى مەسئۇد ئىشتىسە بولۇر بىقارار.
كى پۇشىدە④ تۇتتى سوزىن كەلگەن ئەل،
ۋەلى بولدى مەسئۇد ياشى مىسلى سەل.
ئاڭا ئىختىيارو⑤ يەنە نەچچە كەس⑥.

---

① ئەشك — كوز يېشى.
② ئىشتىھار — مەشھۇر بولۇش، داڭ چىقىرىش.
③ باد — شامال.
④ پۇشىدە — يېپىق تۇتۇش، ئاشكارا قىلماسلىق.
⑤ ئىختىيار — كىشى ئىسمى.
⑥ كەس — كىشى.

خەبەر تابتۇق ئاندىن دېدى سوزنى بەس.
ۋەلى شاھزادە ئاڭا پۈتمەدى،
پەرى ئىشقى بىرلە غىزا يۇتمەدى.
كى ئوغلان قاشىغە كېلىپ پادىشاھ،
دېدى: "كوڭلۇم ئەرشى ئوزە مىسلى ماھ①.
قىلىپ نەچچە پەندو نەسىھەت خىتاب،
پەرى ئوتى بىرلە قىلۇرسىز خاراب،
كورۇنمەس كىشىگە چېكىپ مۇنچە رەنج،
كى نازۇك تېنىڭغە سالۇرسەن شىكەنج②.
تېگەرسەن كوزۇڭدىن ئەگەر ئەشكى قان،
تاپالماسسەن ھەرگىز ئۇنىڭدىن نىشان،
ئەگەر بولماس ئومرۇڭ ۋۇياشى زاۋال،
داغى سەن ئېرۇرسەن چۇ نەۋرەس نىھال③.
ئەگەر خاھىش ئەتسەڭ تاپاي ياخشى قىز،
بەشەر④ ئىچرە باردۇر تولا گۇل مەڭىز.
جاۋانىبغە⑤ چاچسۇن بەسارەت⑥ ئېلى،
يېتۇرسۇنكى موندا ۋىزارەت ئېلى.
قىلاي جۇب ئاڭا قايسى مەرغۇبراق،
نەمەرغۇبراق، بەلكى مەھبۇبراق.

---

① ماھ — ئاي.
② شىكەنج — قىيناق، ئازاپ،
③ نەۋرەس نىھال — يېڭى ئوسكەن كوچەت.
④ بەشەر — ئىنسان.
⑤ جاۋانىب — ئەتراپ.
⑥ بەسارەت — ئوتكۇرلۇك، يىراقنى كورەرلىك.

قىلۇرسىز ئىمارەت ئىشىن ئىختىيار،
چىقىپ تەختىم ئۈزرە بولۇڭ بەر قارار".
دىدى شاھ مەسئۇد بۇ ياڭلىغ جاۋاب:
"پەرىلەرغە مانەند① ئەمەس ئاپتاب.
بەشەر كىم بولالماس پەرى بىرلە تەڭ،
قاچان ئوخشاغايكىم گوھەر بىرلە سەنگ②.
مىنىڭ ئەرزىم ئولدۇر ساڭا ئەي پەدەر،
ئانى ئىزلەمەككە قىلۇرمەن سەپەر.
تاپاڭئالسام ئانداغ ئىرور كوب شەرەپ،
ۋەگەرنە③ يىتەرمەن يەنە سىز تەرەپ.
ئەگەر يەتسە يولدا قازاۋۇ قەدەر،
مىنىڭدىن رىزالىق قىلىڭ ئەي پەدەر".
بالاسىدىن ئاڭلاپ بۇ سوزلەرنى شاھ،
كوزىگە ئالىب ياش ئۇرۇب قاتتىغ ئاھ.
دىدى: "ئەيكى جاندىن ئەزىزراق بالام،
نەۋەجھىدە مۇنداغ قىلۇرسىز كالام؟
چىقىب تەختىم ئۈزرە سەن ئولغىل خەلەپ،
سىنىڭ خىزمەتىڭدە بولاي مەن تەلەب.
كى يەئنى سەن ئولغىل ۋىلايەتكە شاھ،
تاپارغا ئانى مەن قىلاي ئەزم راھ".
دىدى شاھزادە: "بىلىڭ ئەي ئاتا،
خۇدا نەزدىدە بۇ ئىرور كوب خاتا.

① مانەند — ئوخشاش.
② سەنگ — تاش.
③ ۋەگەرنە — ئانداق بولمىغاندا.

كى پەرزەند قىلماق ئاتا خىزمەتىن،
كېرەكمەسكى قىلماق بالا خىزمەتىن.
بۇ ھادىس بولۇبدۇر ماڭا سەرنەۋىشت①،
ۋۇجۇدۇمنى ھەق ئەيلەمىش غەم سەرىشت②.
كى تەقدىر ھەقىغە قىلالماس ئىلاج،
گادادۇر ۋەگەر كىم باشى ئوزرە تاج.
ئوزۇم ئىزدەمەككە ئىجازەت بىرىڭ،
كى يول جابدۇقىغە خىراجەت بىرىڭ“.
بۇ پاسۇخنى③ قىلدى قىلىب گىريە-زار④،
كى سىررىنى ئاندا قىلىب ئاشكار.
شەھى مىرزەبانىنىڭ بولۇب ئەقلى لال،
مەگەر كىم يىقىلدى باشىغە جىبال⑤.
دىدىكىم: ”تۇشەرمەنكى دەريا ئارا،
خىتا جانىبىغە قىلىب ماجەرا⑥.
كى تەييار ئەيلەڭ نەچە چۇڭ كېمە،
ئالاي ئانچە لازىم ئېرور ھەر نېمە“.

---

① سەرنەۋىشت — پېشانىگە پۈتۈلگىنى؛ تەقدىر.
② غەم سەرىشت — غەم ئارىلاش.
③ پاسوخ — جاۋاپ.
④ گىريە-زار — يىغى-زار.
⑤ جىبال — تاغ.
⑥ ماجەرا — ئېقىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

بۇ سوزلەرنى ئاڭلاب شەھى مىرزەبان،
"يىغاچچى يىغىلسۇن" دىدى شۇل زامان.
يىتىب كەلدى قالماي يىغاچچى تامام،
ئىكى - ئۇچ كۈن ئىچرە ئۇرۇب تىز گام①.
كى تەييار بولدى كىمە يەتتە يۈز،
بەش - ئون كۈن ئىچىدە بارىسى تۈكۈز②.
قىلىب راست ئاندىن سەپەر جابدۇغىن،
ئەرەم باغى سارى كېتەر جابدۇغىن.
ئاتا بەردى رۇخسەت قىلىب ھەم دۇئا،
دىدى مەسئۇد ئامىن، قىلىب ئىلتىجا.
ئاتا ۋە ئاناسى تۆكۈب ياشىنى،
قوشۇب بەردى سابىت كوكۇلداشىنى.
بۇ مەزكۇر سەفىنە③ ئىدى يەتتە يۈز،
بارى قەسرى ئايۋان بىلە بولدى تۈز.
كىرىب بىر كىمەگە نەچە يۈز كىشى،
بىلە بارماق ئۇلدى ئۇلارنىڭ ئىشى.
كى شاھزادە تۈزدى كىمە ئىچرە بەزم،
تۆشۈب بەھر④ ئىچىگە سەپەر قىلدى ئەزم.
پەدەر، ۋالىدە، ئەل قىلىب نالە - زار،
تۆكۈب ئەشك كوزدىن چۇ ئەبرى باھار.
دىدى: "نۇر دىدەم ئۇنۇتما مىنى،

---

① گام — قەدەم.
② تۈكۈز — تۈكۈس، تولۇق.
③ سەفىنە — كېمە.
④ بەھر — دەريا، دېڭىز.

كى سىپارىش قىلاي مەن خۇداغە سىنى".
قىلىپ شاھزادە فىغان بىرلە ئاھ،
دېدى: "خىزمەتىڭگە يېتۈرگەي ئىلاھ!".
يانىپ كەتتى ئوردا سارى مىرزەبان،
بۇلار بولدى دەريا ئىچىدە راۋان.
چۇ پەرزەند قاشىدىن يانىپ كەلدى شاھ،
كى ئۇزلەتنى① قىلدى ئۆزىگە پەناھ.
يۈرۈپ شاھزادە دەمى يوق قارار،
كى قىرىق نەچچە كۈن ئۆتتى لەيلى ناھار.
بۇ مۇددەتدە بولدى خىتاغە يېقىن،
خەبەر تاپتى ئاندىن كى فەغفۇرچىن②.
خىتا شاھى ئاڭلاپ بۇ ئاۋازىنى،
دېدىكىم: "ئېتىڭ بارچە دەرۋازىنى!"
چۇ مەسئۇد بەرمەي كىشىگە خەلەل③،
كى ئىنئام، ئېھسان قىلىپ ئەلگە بەل.
ئۇلۇسغە زەرەردىن قىلىپ ئىجتىناب④،
ئىچەر ئېردى دايىم خۇمارى شاراب.
چىقىپ كەلدى شەخسى خىتا شاھىدىن،
دېدى: "كەلدىڭىزلەر قايى راھىدىن⑤.
يەنە نىتۇرۇر شەھرىڭىزنىڭ ئاتى،

---

① ئۇزلەت — يالغۇزلۇقتا ئولتۇرۇش، ئۆزىنى خىلۋەتتە تۇتۇش.
② فەغفۇرچىن — جۇڭگو خاقانى.
③ خەلەل — زىيان يەتكۈزۈش.
④ ئىجتىناب — ئۆزىنى ساقلاش، ساقلىنىش.
⑤ راھ — يول.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چۇشەھنىڭ نە يەرگە يىتەر نىسبەتى؟
بۇ يەرلەرگە توشتى نەبائىس بىلە①،
سەپەر ئەيلەدى قايسى هادىس بىلە؟“
مۇلازىملەر ئەيدى: ”ئىشى ئۇزگەچە،
كى ئىستەب تاپارغا كىشى ئۇزگەچە.
خۇسۇمەت تەرەپتىن يىراق كاردۇر،
دىسەڭ راست سوزنى فىراق كاردۇر“.
خىتا ئەلچىسىگە كويۇردى لىباس،
كى ئىنئام قىلدى يەنە بىقىياس.
بۇلار كوچتى يۇرمەك ئۇچۇن بەھرىگە،
يانىب كەتتى ئەلچى خىتا شەھرىگە.
كى فەغفۇرچىنگە بايان ئەيلەدى،
ھەمە ۋاقىئەنى ئايان ئەيلەدى.
بۇ سوزلەرنى فەغفۇر ئىشتكەن زامان،
كى مەسئۇد جانابىغە بولدى راۋان.
يىتىب كەلدى كىردى سەفىنە ئارا،
بار ئىردى سەفىنە ئارا خوش سەرا②.
سەرا ئىچرە ئىچتى ئىكولان شاراب.
تۇرۇب خىزمەتىدە نەچە ئەل قاراب.
چو كىشتى③ ئىچىدە تۇرۇب ئىككى كۇن،
ئۇلۇغ بەزم قىلدى تۇرۇب كۇن-تۈن.

---

① نەبائىس بىلە ـــ نىمە سەۋەپ بىلەن.

② سەرا ـــ ساراي، ئۆي.

③ كىشتى ـــ كېمە.

كى شاھزادە ئاچتى كەرەم بابىنى①،
كورۇپ شاھى فەغفۇر بۇ ئىنئامنى.
زىياپەت ئىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ،
ئىلىك تىشلەبان ئول تەھەييۇر قىلىپ.
خىتا شاھى مۇنداق تەۋەسسۇپ بىلە،
كورۇپ باشلاپ ئويگە تەكەللۇپ بىلە.
تۇشۇردى ئويىگە تۇتۇپ ئىھتىرام،
زىياپەت قىلۇرغە قىلىپ ئىھتىمام،
كى بەش كىچە-كۇندۇز تۇزۇپ مەرىكە،
مۇغەننى ۋە مۇترىب قىلىپ تەھرىكە②.
يىغىپ چىن ئىچىدەكى نەققاشىنى،
سوراپ مەست قىلغان قارا قاشىنى.
ھەمە خەلقلەردىن قىلىپ ئانچە دەرك،
مۇساپىرلىردىن ئىتىپ قانچە دەرك.
ئۇنى ھىچ ئادەم بىلەلمەس ئىدى،
ئۇنىڭ چارەسىنى قىلالماس ئىدى.
بار ئىردىكى چىندە بىراۋ كوھنە سال③،
ئەرەم باغىن ئەيتتى ئانىڭدىن سوئال.
جاۋابىغە مۇنداق دىدى: "ئەي شەباب④،
بۇ ئىشقە قىلۇرسىز ئەگەر ئىز تىراب.

---

① باب — ئىشىك.

② تەھرىكە — ھەركەتكە كېلىش.

③ كوھنە سال — ياشانغان ئادەم.

④ شەباب — ياش يىگىت.

كى قۇستەنتەنىيە بىلادى ئەزىم①،
ئېرور ئاندا كوپراقكى نازو ـ نەئىم②.
كېلۇر ئاندا ھەر بىر تەرەپدىن كىشى،
كى تۇججار③ لىقدۇر ئۇلار ۋەرزىشى④
بىرى كەلسە بىرسى كېتەر ھەر قايان،
ئۇزاق شەھرىلەرگە بولۇرلەر راۋان.
بارىب ئول شەھەرگە قىلىڭلار سوئال،
بىلۇر ئادەمى بار ئەھل ئىھتىمال"⑤.
دىدى شاھزادە: "قاچان يەتكەمەن،
قايو تور بىرلە ئاسان ئەتكەمەن؟"
دىدى: "يۈكۈن ئىچرە يۈرۈك سۇ بىلە،
بۇ خوشلۇقنى تاشلاب، يۈرۈك 'ھۇ!' بىلە.
يېتەرسىزكى ئانداق تاپارسىز ھوزۇر،
خەبەر ئاندىن ئالىب بولۇرسىز سۇرۇر"⑥.
كەل ئەي ساقى بولدۇم پەرىغە ئەسىر،
بۇ تەشۋىش يولۇمدا بولۇڭ دەستىگىر.
شارابنى موغەننى بىلە كەلتۈرۈڭ،
قىلىب مەستى مەقسەت سارى يەتكۈرۈڭ.

---

① بىلادى ئەزىم — چوڭ شەھەر، چوڭ مەملىكەت.

② نازو ـ نەئىم — نازۇ ـ نىمەت.

③ تۇججار — تىجارەتچى سودىگەر.

④ ۋەرزىش — مەشق ـ مەشغۇلات.

⑤ ئەھل ئىھتىمال — ئىھتىمالغا يېقىن

⑥ سورۇر — خۇشلۇق.

## شەھزادە چىن شاھى بىرلە ئەلۋىدا ئەيلەب قۇستەنتەنىيە تەرەپىگە ئەزم قىلغانى ۋە دەريا ئىچرە باد مۇخالىب① پەيدا بولۇب، كىمەلەر غەرق بولغانى، شەھزادە مەسئود بىرلە سابىتنىڭ كىمەسى ھەم شىكەست بولۇب تەختە پارەدە قالغانى، بۇ ئىككاۋغە ئاۋارەلىك ۋە سەراسىمەلىك ئىچىدە جۇدالىق تۈشكەنى

خىرەد كىشتى ئۈزرە تىكىب بادبان②،
قىلۇر بەھر ئىچرە قۈيۇندەك راۋان.
چىقىب شاھزادە خىتا شەھرىدىن،
كوڭۇل ئۈزدى گويا بۇزۇغ دەھرىدىن③.
دېڭىز ئىچرە كىردى بىلىب يولنى جەزم،
كى قۇستەنتەنىيە سارى قىلدى ئەزم.
گۈلۈستان ئەرەمنى تەئەممۇل④ قىلىب،
يۈرۈب سۇ ئىچىدە تەۋەككۇل قىلىب.
كى لىللا ئەيلەب دەرەملەر نىياز⑤،
پەقىر خەيلى⑥ بولدى بەسى سەرفەراز.
يۈرەر ئېردى دەريا ئارا بارچە خەلق،

① باد مۇخالىب — تەتۈر شامال.
② باد بان — يەلكەن.
③ دەھر — زامان، جاھان.
④ تەئەممۇل — ئويلاش.
④ كى لىللا ئەيلەب دەرەملەر نىياز — خۇدا يولىدا پۇل سەدىقە قىلىپ.
⑤ پەقىر خەيلى — كەمبەغەللەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى

بەناگاھ ①مۇخالىب② بوران ئۇردى ھەلق③.
بولۇپ دۇد ياغلىغ جاھاننىڭ يۈزى،
نىمە كورمەس ئولدى خالايىق كوزى.
چاقىن بولدى، يامغۇر ياغا باشلادى،
كىمە سۇغا تولدى ئالىب تاشلادى.
بوران زورى ئۇردى، كىمە ئۇردى مەۋج،
دەمى④ پەست بولماي، بولۇپ بەلكى ئەۋج.
بولۇپ رەئد⑤ ياغلىغ شامالنىڭ ئۈنى،
بولۇپ غالىب ئانداغ بالانىڭ كۈنى.
كېتىب ھىس، قىلالماي تۈنۈ - كۈننى پەرق،
سىنىب بەزى كىمە بولۇپ ئەھلى غەرق.
چۇ قوزغالدى بادى مۇخالىب شەدىد⑥،
خالايىق جاندىن ئۈزۈلدى ئۈمىد.
كى مەسئۇد خۇداغە قىلىب ئىلتىجا،
دىبان بىزنى قىلغىل بالادىن جۇدا.
بۇ مەجھۇئلارغە⑦ يىغى - زار ئىدى،
ئالىب سۇغە سالدى نىمە بار ئىدى.
كىلىب سائەتدىن كېيىن بىر قويۇن،

① بەناگاھ ــ تۇيۇقسىز.
② مۇخالىب ــ تەتۈر.
③ ئۇردى ھەلق ــ ئورۇۋالدى.
④ دەمى ــ بىردەم.
⑤ رەئد ــ گۈلدۈرماما.
⑥ شەدىد ــ قاتتىق.
⑦ مەجھۇئلار ــ يىغلىغان كىشىلەر، خالايىق.

نەھەڭ① سۇ ئىچىدە چىقاردى بويۇن،
ئۇرا باشلادىكىم دىڭىز ئىشتىرەك،
چىقىب سۇ ھاۋاغە ئىكى-ئۈچ تىرەك.
گەھى ئۈستۈن ئىلتىب، گەھى قەئرىگە،
كىمەنىڭ بارسى چۈمۈب بەھرىگە.
چۇ شەھزادە بولدى بەسى ۋەھمناك،
بولۇب يار-ھەمدەملىرى كوب ھەلاك.
كېتىب كىشتىلەر كوب، مەگەر قالدى ئاز،
چۇ مەسئۇد تەلەبىدىن قىلىب ھەققە راز.
بۇ قالغان كىمەلەر ئارا تولدى سۇ،
سۇيىنى ساچارغە قىلىب جۇستىجۇ②.
خالايىقلار ئانداغ يىغى باشلادى،
كى ئالتۇن-كۈمۈشنى ئالىب تاشلادى.
دىدى سابىت: "ئەي شەھ، خۇدا قىلدى قەھر،
دەمى پەست بولماي ئۇرار مەۋج بەھر".
كى مەسئۇد ۋەھشەت بىلە ئىردى مەست،
بولۇب ھەم بۇلارنىڭ كىمەسى شىكەست.
كى سابىت تەۋەھھۇم③ بىلە قىلدى زار،
بولۇب تەختى پارە ئۇزە④ بەر قارار.
دەر ئىردىكى: "بىزدىن نىچۇك ئۆتتى سەھۋ؟"

---

① نەھەڭ — لەھەڭ.

② جۇستىجۇ — ئىزدىشماق.

③ تەۋەھھۇم — قورقۇش.

④ تەختى پارە ئۇزە — بىر پارچە تاختا ئۈستىدە.


AltunOq

كېتىپ ھۇشى ۋەھشەت بىلە ئەقلى مەھۋ①.
كى قىرىق كېچە-كۈندۈز توكۇپ ياش سەھاب②.
كوتەرىلدى ئاندىن سامادىن ھىجاب③.
كى شەھزادە كوردى كوكولداشى يوق،
موۋەددەتدە گويا قارىنداشى يوق.
كى مەسئۇد ئەيلەپ ياقاسىنى چاك،
دىدى: "قايدا بولدى ئىكەن ئول ھەلاك؟
داغى بىزگە مۇنداغ ياۋۇقدۇر④ مامات.
ئەمەستۇركى مۇمكىن چىقارغە ھايات".
چۇ سابىتنى يىغلاب قىلۇر ئېردى ياد،
قىلىپ نالە-ئەفغان بىلە ئاھ-داد:
"سېنىڭ بىرلە بولسام ئىدى كاشكى،
نە سوز بىرلە ئۇلسەم ئىدى كاشكى!"
كى مەسئۇدغە دىدى تىرىك قالغان ئىل:
"بۇ غەمدە ياشىڭنى ئاقىزدۇرمە سىل
ئەگەر قىلسا بىزنى خۇدايىم تىرىك،
كى ھەق فەزل ئەيلەب ئاچىلسا ئىشىك.
كورۇشمەكنى ئەيلەر ئىلاھىم نەسىب،
تىرىك بولسا ئاخىر بولۇرمىز قەرىب،
بار ئېردى كىمە ئىچرە يۈزمىڭ كىشى،
بولۇبدۇر ئۇلار غەرق بولماق ئىشى.

---

① مەھۋ — يوقىلىش.
② سەھاب — بۇلۇت.
③ ھىجاب — پەردە.
④ ياۋۇق — يېقىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

مەگەر ئەللىك ئۈچ تەن قالبدۇر هايات،
باقاسىز جاهاننىڭ ئىشى بىسۇبات①.
ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىگىڭ خوب ئېرور،
مۇرادىڭنى بىر كۈن خۇدايىم بىرور".
قىلىب شاهزادە بۇ ياڭلىغ سادا،
بۇ مەزمۇننى قىلدى ئۇ شۇلدەم ئادا:
"غەمى ئىشق بولدى مېنىڭ هەمدەمىم،
جاپاۋۇ سىتەملەر ئېرور مەهرەمىم.
ئەمەسمەن جاپايى جاهاندىن يىراق،
مەگەر سەرنەۋىشتەم مېنىڭ ئەلفىراق"②.
دېبان يىغلادىكىم بەسى زار-زار،
فەنا③ شەربەتىنى قىلىب ئىختىيار.
بولۇب جىسمى لەرزان مەهاباتدىن④،
ۋەلى قالماي ئەسلا مۇناجاتدىن.
بولۇب قالغان ئەلهەم ئۇلۇمگە ياۋۇق،
گەهى ئاچلىقدا گەهى بولدى توق،
دېدى شاهزادە: "كېتۈرگىل تائام،
قويۇب هەم تۇتۇڭلار خۇمارىمغە جام!"
ئالىب كەلدى فىلهال غىزا ۋە شەراب،

---

① باقاسىز جاهاننىڭ ئىشى بىسۇبات — تۇراقسىز جاهاننىڭ ئىشى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

② مەگەر سەرنەۋىشتەم مېنىڭ ئەلفىراق — پىراق، هىجران پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىكەن.

③ فەنا — يوقلىش.

④ مەهابەت — قورقۇنچ.

يەنە گىريە قىلدى غىزاغە قاراب.
دېدى: "قايدا ئاقتىكى سابىت دەلىر①،
تېنى ھەم نە يەردە لەھەڭگە ئەسىر.
قانى نەۋجۇۋانلار، قەياشلار قانى،
ئەزىز جاندىن ئارتۇق ئاداشلار قانى؟"
بۇ ھالەتدە تۇرغان زامان نەچچە كەس،
كېمە جانىبىغە كېلۇر ئېردى بەس.
دېدى شاھزادە: "نېچۇك جان ئېرور؟
يۈزى قىز ياڭلىغ، كوزى قان ئېرور!
كېمەچىلار ئەيدى: "بۇلار زەڭگىدۇر،
بۇ بائىسدىن ئانىڭ قارا رەڭگىدۇر.
بۇ دەريا يۈزىدە قاراقچى بولۇب،
كى ئەلنى تۇتارغا ماراقچى بولۇب.
تومۇر تارغاقىنى كېمەدىن ئالىب،
كى ئادەمگە ئانى يىراقدىن سالىب.
ئىلىب ئۇستىخاندىن، يېقىن كەلتۇرۇب،
ئۇ شۇلدەم يېمەككە ئانى ئولتۇرۇب".
تۇرۇب ئېردى مۇنداغ قىلىب گوپتە-گۇ②،
يېتىب كەلدى زەڭگى ئېتىب جۇستوجۇ.
يېقىن كەلدى، قىلدى ئىكولان ئۇرۇش،
ئاقىب قان سەفىنە ئارا ئۇردى جوش.
ئاتىب شاھزادە لەئىنلارغە تىر،

---

① دەلىر — باتۇر.

② گوپتە-گۇ — گەپ-سوز.

نەچە زەنگىن ئەتتى ئۇلۇمگە ئەسىر.
ئاتىب تارغاقىنى بۇ كاپىرلار ھەم،
كى مەسئۇد ئىلىگە قىلىب كوپ ستەم.
كى قىرقدىن زىيادە كىشى دامغە،
ئىلىندۇردى ئاخىر ئەجەل كامغە.
قىلىب شاھزادە ئۇلار بىرلە جەڭ،
كى زەڭگى گۇرۇھى كېلىب قىلدى تەڭ.
قالىب ئېردى سەككىز كىشى كەمەرا،
بۇلارنىڭ ھەم ئولغان تېنى كوب يارا.
مەئەلقىسسە مەسئۇد تاپالماي ئىلاج،
سۇكۇت ئەتتى زەڭگى كېلىب ئۇردى كاج①.
دىدىكىم: "ئاجايىب ئىكەنسەن دەلىر،
كى ئالدىڭدا بولسا قىلۇر گىريەشىر.
بەشەر ئىچرە يوقتۇر سېنىڭدەك كىشى،
ئەگەر بولسا بولماس مۇنىڭدەك ئىشى".
ئالىب باردى مەسئۇد بىلە خەلقنى ھەم،
تۇتاشتى بۇلارغا مەگەر نار② غەم.
توكۇب ياش كوزىدىن قىلىب ھەم دۇئا،
نىجات ئەتمەك ئوزنى ئىدى مۇددىئا.
ئالىب باردى شاھى قاشىغە راۋان،
كى بىر بىشە③ ئىچرە تۇتۇپدۇر ماكان.
چۇ شاھزادە قىلدى نەزەر شاھىغە،

① كاج — گەجگىگە ئۇرۇش.
② نار — ئوت.
③ بىشە — جاڭگال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىدى كىردۇك ئەمدى ئەجەل راھىغە.
ئالىب كىردى زەڭگى شەھى قاشىغە،
ئەجەب تۇشتى ۋەھشەت بۇلار باشىغە.
باشى مىسلى گۇمبەز، بويىدور مۇنار،
ئىكى قوللىرىدۇر بەئەينى چىنار.
قۇلاغى گىلەمدەك، كوزى چۇن رىكاب①،
بولۇر زەھرە پارە كىشى كورسە خاب②.
ئېرور بۇرنى مورا، ئاغىز ھەم چۇ غار،
ئاغىز-بۇرنىدىن ھەم چىقار دۇد، نار.
كى مەسئۇدنى كوردى بۇ زەڭگى لەئىن③،
دىدى: "كەلتۇرۇڭلار قاشىمغە يېقىن!
ئالىب قالدى نەچە كىشىن ئول پەلىد④.
بولۇب بىھۇش مۇرغى بەدەندىن پەرىد⑤!
دىدى شاھى زەڭگى: "بۇ شاھزادەنى،
تۇتۇڭلار قولىدىن سەككىز ساددەنى.
ئاتاڭ تۇھپەسى دەب قىزىمغە بېرىڭ.
ئىشىمنى قىلىب پات قاشىمغە كىرىڭ!"
ئالىب يۇردى مەسئۇد بىلە ھەمدەمىن،
قىلۇر ئېردى ھەر كىم ئۆزىنىڭ غەمىن.

---

① رىكاب — ئۈزەڭگە.
② بولۇر زەھرە پارە كىشى كورسە خاب — كىشى چۈشىدە كورسە ئۆتى پارە بولىدۇ.
③ لەئىن — لەنىتى
④ پەلىد — ئىپلاس
⑤ پەرىد — ئۇچماق.

بۇ سەككىز كىشىنى يىتۇردى① ئاگا،
دېدى: ”شاھى زەڭگى ئېبەردى ساگا.
بۇلارنى قىزىمغە بىرىڭلار پىسۇن،
كى خۇشنۇد② بولدۇم ئاتامدىن دېسۇن“.
بۇ بىچارەلارنى ئالىب بەدنەھاد③،
ئاتاسىغە تەزىم قىلىب بولدى شاد.
چىقىب كەتتى زەڭگى مۇنى كوردى ئول،
كى شەھزادە ئىشقى ئاگا تاپتى يول.
كى مەسئۇدغە ئاشىق بولۇب يەئنى قىز،
دېدى: ”يەتكۈزۈڭلار مۇنى باغقە تىز!“
بار ئېركەن قاشىدا نەچە خادەمى،
ئانىڭ ھەر بىرسى بەشەر ھادىمى④،
ئالىب كىردى باغقە چۇ شەھزادەنى،
قىلىب راست ئىچمەك ئۇچۇن بادەنى.
نەچە نەۋئى مىۋە تىرىب كەلدى پات،
ئانىڭ لەززەتىدۇر شەكەر يا نەبات.
جاھاندا نە مىۋە ئېرور ئاندا بار،
ۋەلى قىلمادى ئول ئۇنى ئىختىيار.
تۇرۇب باغ ئىچىدە قىرق نەچچە كۇن،
گەھى ئاچ گەھى توق ياتىب تۇن ۋە كۇن.

---

① يىتۇردى — يەتكۈزدى.

② خۇشنۇد — خوشال بولۇش.

③ بەدنەھاد — ياۋۇز — بەت قىلىق.

④ بەشەر ھادىمى — ئىنسانىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەئىنلارنى كورسە كۆلۈپ يائىبارىب،
خەلا① يىغلابان ئول يۈزى سارغارىب.
سوراب ھالىن ھەر كۈن لەئىن دوختەرى②.
ئانى كورمەككە كىرىب ئىچكەرى.
نەۋا ساز قۇشنى قەبەس ئىچرە بەند.
چۇ مەسئود قاشىدا قويۇب خۇدپىسەند③.
دىبان: "مۇندا كوكلۇك مالال ئولماسون،
جامالىڭ قۇياشى زاۋال ئولماسۇن،
بۇ باغنىڭ ئىچىدۇر بەسى خۇش ھاۋا.
ئاسىب قوي قەپەسنى قىلۇر خۇش نەۋا".
كوزىن سالدى مەسئود بۇ زەڭگى سارى،
يىپقىن كەل دىسە ھەم قاچىب ئول نارى.
بويىدۇر ئىكى-ئۈچ ياغاچتىن ئۇزۇن،
يوغانلىقىدا گويا مۇناردىن فۇزۇن.
ھەمە ئۇزۋى④ ئىردى ئاتاسى كەبى،
چىكىلدى رەقەمغە بالاسى كەبى.
ۋەلى ئىككى ئەمچەك ئىرور ئىككى مەشك⑤.
ئانىڭ ھەيبەتىدىن كىلۇر كوزگە ئەشك.
پالاسىم يۈزىگە ياپىغلىق ئىرۇر،
كى چۇمبەل مەسەللىك ئاسىغلىق ئىرۇر.

---

① خەلا — خالى جاي.

② دوختەر — قىز.

③ خۇدپىسەند — ئۆزىگە ئىشەنمەك.

④ ئۇزۋ — ئەزا.

⑤ مەشك — تومۇرچىنىڭ يەل كۆرىگى.

ئىكى كوزە ئەتمىشى قۇلاقىغە بەند،
كى پىرايە① ياڭلىغ قىلىب ئول پىسەند.
سۇۋاپ ئۇپپا ياڭلىغ يۈزىگە ئاھاك،
قويۇب ھوسمە ياڭلىغ قاشى ئوزرەزاك.
كى رۇخسارەسىگە بىرىب سىردا رەڭ،
ئۆزىنى بىلىب دىلبەرۇ شوخ ـ شەڭ②.
كى شەھزادە كوردى بۇ ھەيئەت بىلە،
كىشى كورمەگەن ھىچ بۇ سورەت بىلە.
قاچاي دىسە بولماس، ئاڭاراھ يوق،
بۇ خەۋپ ئىلە چىقتى لەبىگە ئوچۇق.
قىلۇر ئىردى ئىشۋە③ بۇ زەڭگى بەچە④.
مەگەر ئۇچرادىكىم ئىزنىقۇ كېچە.
قۇچاقىغە ئالدى بۇ شەھزادەنى،
بەسى تىترەتىپ سەرۋ ئازادەنى.
دىدىكىم، ”مېنىڭ سىز، نىچۇك ھالىڭىز؟
قايۇ كۈن بىلە كەچتى ئەھۋالىڭىز؟“
قىلىب سوزنى مۇنداغ يۈزىگە قاراب،
كى شەھزادە بەرمەي مۇڭا ھىچ جاۋاب.
قىلىب باتنىدە⑤ خۇدادىن تەلەب،
خالاس ئولماقىغە نىچۇكدۇر سەۋەب.

---

① پىرايە — زىبۇ ـ زىننەت.
② شەڭ — ئۇياتسىز؛ گۈزەل، چىرايلىق.
③ ئىشۋە — ناز قىلىش.
④ بەچە — بالا.
⑤ باتنىدە — كوڭلىدە، ئىچىدە.

www.uyghurkitap.com

قويۇب بەردى يەردە بۇ زەڭگى بەچە؛
”تۇرۇڭ مۇندا يانە كېلەي كەچكىچە!“
چىقىپ باغ ئىچىدىن راۋان بولدى ئول،
تۇرۇب قالدى مەسئۇد دىلى كوب مەلۇل.
بارىب ئويگە زەڭگى تەپەككۇر قىلىب.
مۇبادا قاچار دەپ تەھەۋۋۇر① قىلىب.
”مۇنى قويماغىزلار ئۇ يەردە بىكار،
مۇشەققەتلەر ئەيلەب تۇتۇڭ خار-زار.
كى ئۇن تارتماقىغە بىرىڭ يارغۇچاق،
چۇ تەئتىل② قىلسا ئۇرۇڭلار تاياق!“
ئۇچ ئاي يارغۇچاقغە قىلىب ئىشتىغال③،
ئانىڭ مېھنەتىدە زەئىپ بولدى هال.
يۈزى سارىغ ئولدى، قولى ئابىلە④،
شىكەنجى زامانغە بولۇب شامىلە⑤.
دېدى: ”قوي بۇ ئىشنى كېتۇرگىل ئوتۇن،
بۇ خىزمەتنى قىلغىل، يىگىل نان پۇتۇن!“
ئالىب پالتۇ بىرلە ئۇزۇن بىر مەهار⑥،
ئوتۇن تۈشۇماقنى قىلىب ئىختىيار.
بۇ مېھنەتنى تارتىب يەنە تۈت ئاي،

---

① تەهەۋۋۇر — باتۇرلۇق، قەيسەرلىك.
② تەئتىل — ئىشتىن باش تارتماق.
③ ئىشتىغال — شۇغۇللىنىش.
④ ئابىلە — قاپارغان.
⑤ شامىلە — ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان، يولۇققان.
⑥ مەهار — ئاغامچا.

بولۇپ خەستە پوشتى دىدى:"ئاھ - ۋاي!......"
بۇ مېھنەتكە قالماي دەمى تاقەتى،
قاچاي دىدى گەرچە يېتەر ئاپەتى،
بارىب بىشە① ئىچرە بۇ پەژمۇردە هال②،
كېسىب شاخلىرىنى يىغىب ئەتتى سال.
ئالىب سالنى يىلدام دىڭىزغا سالىب،
ئۈنىڭ ئوزرەسىغە ئۆزىنى ئالىب.
قىلىب ياد ھەقنى چۇ ئەيلەب گۇرىز③،
كى مىلتىق ئوقىدىن يۈرۈر ئېردى تىز.
يېگىرمە كۈن ئىچرە بۇ ئەتۋاردا④،
تەھەررۇك⑤ بىلە يۈردى ئەبھاردا⑥.
بەناگاھ بادى مۇخالىف⑦ يېتىب،
كورۇب ئانى مەسئۇد ھۇشىدىن كېتىب.
كى "لاھەۋلە"⑧ بولدى زەبانىغە زىكر،
مەگەر ئولدۇم ئەمدى دىبان قىلدى پىكر.
بۇ خەۋب ئىلە گىريان بولۇب زار-زار،
كى دەريادا جانۋار ئىدى بىشۇمار.

① بىشە — جاڭگال، ئورمان.
② پەژمۇردەھال — ھېرىپ - چارچاپ.
③ گۇرىز — قاچماق.
④ بۇ ئەتۋاردا — شۇ يوسۇندا.
⑤ تەھەررۇك — ھەركەتلىنىش.
⑥ ئەبھار — دېڭىز.
⑦ بادى مۇخالىب — تەتۈر شامال.
⑧ "لاھەۋلە" — بىر دۇئانىڭ ئىسمى.


Altun Oq

www.uyghurkitap.com

سۈدىن باش چىقارسا ئەگەر بىر نەھەڭ،
قاچار ھەيبەتىدىن چۈ شىرۇ پەلەڭ①.
بۇ ياڭلىغ دەرەندە② ئىچەي دىسە سۇ،
ئالىب قۇيرۇغىدا قىلىب لوقمە بۇ.
ئۇچار قۇشنى ئالماق ئۇچۇن چەكسە دەم،
ئەگەر بۈركۈت ئولسا بولۇب ئولھەم.
ئاڭا لۇتف قىلدى خۇداي تائال،
ياپۇشتى دىڭىزنىڭ قىراقىغە سال.
ئوزىن ئالدى فىلھال جەزىرە سارى.
بارىب يەتتى مەسئۇد قىراقىدىن نارى.
دىدى ھەققە ھەمدۇ سانا ۋە سىپاس،
قىلىب شۇكر ھەددىن فۇزۇن بىقىياس.
ياتىب كىچە ئاندا فەراغەت بىلە،
كورۇب بىشەلەرنى تەراۋەت③ بىلە.
چەمەنزارلىقىدىن ئېرور شىۋەسى،
يىمەكلىككە كوپرەك ئېرور مىۋەسى.
يەنە كوپرەك ئېردى سىبائو - تەيۇر④،
كى ئىنسان يىمەككە قىلۇرلەر غەيۇر⑤.
دىدى بۇ يامان يەر ئىكەن تۇرمايىن،

---

① پەلەڭ — يولۋاس.
② دەرەندە — يىرتقۇچ.
③ تەراۋەت — مۇسەپپا - ساپ.
④ سىبائ — يىرتقۇچ ھايۋان، تەيۇر — ياۋا قۇش.
⑤ غەيۇر — غەيرەتلىك.

ئوزۇمنى ھەلاكەت سارى ئۇرمايىن.
چۇمەسئۇدغە ئەتتى بۇ ۋەھمى ھۇجۇم،
تۈشۈب كۈن زىمىنغە، كورۇندى نۇجۇم①.
بار ئېركەن بۇ بىشە ئارا چوڭ دەرەخت،
چىقىب ئۈستۈنىگە ئانى قىلدى تەخت.
كى شاھزادە تۈردى شەجەردە② قاراب،
كېلىب كوب دەرەندە يىمەككە ماراب.
بۇ ۋەھشەتدە بولدى تەنى زىلزىلە،
چىقىب سۇ ئىچىدىن قىلىب غۇلغۇلە.
بۇ ھايۋانلار ئىدى چۇخوك③، پەلەڭ،
دەلىرى زامانلار بولۇر مورلەڭ④.
ئەگەر بولسا سۈنىڭ يۈزىدىن راۋان،
پۈتى سۇغا چوكمەي يۈرۈرلەر ئامان.
سۇ ئىچرە ئەدەددىن زىيادە نەھەڭ،
كېلۇر سەۋتى⑤ ئانداغ چۇ ئود بىرلە جەڭ.
ئېرور جانۋارلار يەنە بىر گۇرۇھ،
ئۇلۇغلۇقدا جىسمى ئىدى مىسلى كوھ⑥.
ئۈنى نەدىمىشكىم ھۇۋەلۋاقىئە،
ئېرور پەست ئاندىن قاتىق سائىقە⑦.

---

① نۇجۇم — يۇلتۇز.
② شەجەر — دەرەخ.
③ خوك — سۇ چوچقىسى.
④ مورلەڭ — ئاقساق چۇمۇلە.
⑤ سەۋت — ئاۋاز.
⑥ كوھ — تاغ.
⑦ سائىقە — گۇلدۇرماما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر قىلسا قۇيرۇغىنى ھەلقەۋار،
كوزى سۇ ئىچىنى قىلۇر شەمئدار.
كى مەسئود ئويۇماي ئوتۇب بۇ كىچە،
بەدەن چەشمەسىدىن ئاقىب سۇ كىچە.
كى مەئدۇم بولدى، ئىدى مۇشك ناب①،
ئاچىب كوك ئەرۇسى② يۇزىدىن نىقاب.
دېڭىز ئىچرە كىردى ھەمە جانۋەر،
كى شاھزادە بولدى بۇ يەردىن مەمەر③.
يۇرۇب سال ئارا چۇن قىرق روز — شەب،
بۇ مۇددەتدە يەتمەي ئاڭا ھېچ تەئەب④.
كورۇندىكى ئاندىن ئەجىب بادىيە⑤،
سەمەرلىك⑥ يەر ئېردى ئوشۇل ۋادىيە⑦.
ئاتى قەھقەھ ئېردى كۆلۈم ئەل كەبى،
قۇلاقغە يېتىب شەرپىسى يەل كەبى.
يەنە بىر شەجەرنىڭ تۇشۇب مۋەسى،
كى ئاللا ـ ئاللا دىمەك شىۋەسى.
چىقار شاخغە سەكرەب تاڭ ئاتقان زامان،
تۇتۇب ئوز ساپاغى ئوزە ئول ماكان.

---

① مۇشك ـ ناب — ساپ ئىپار.
② كوك ئەرۇسى — كوكنىڭ قىزى، كېلىنى.
③ مەمەر — ئوتۇپ كېتىش.
④ تەئەب — ھارغۇنلۇق.
⑤ بادىيە — چول ـ باياۋان.
⑥ سەمەرلىك — مىۋىلىك.
⑦ ۋادىيە — دالا، ئولكە.

بار ئېركەن يەنە بىر ئاجايىب سەمەر،
قاشى، كوز - قۇلاغى ئېرۇر مىسلى پەر.
ئانىڭ تەئمەسىدۇر① بىغايەت لەزىز،
بارى مېۋەلەردىن نىھايەت لەزىز.
بولۇب ئاندا قايىم يەنە بىر دەرەخت،
دىبان ۋاق - ۋاق ئېرۇر يەنە سەۋت سەخت②،
ئانىڭ ئىستىمائى③ قىلىب ئەلنى مەست،
قاچان سۇبھ بولسا بولۇر سەۋتى پەست.
يەنە بىر دەرەختى ئەجەبدىن - ئەجەب،
ئۇرۇب شۇئلە ئوتلار بولۇر روز شەب.
تۇتۇب ئاسماننىڭ يۈزىنى تۈتۈن،
گۇمان قالمادى ھېچ دەرەختى پۈتۈن.
ۋەلى يەتمەس ئېركەن ئوتىدىن زەرەر،
بارىب كورسە يانە ئېرور تازەتەر.
قوپۇب بولدى مەسئۇد بۇ يەردىن راۋان،
كېلىب سالغە تۈشتى يەنە بەدەزان④.
كى ئوتتۇز كۈن ئىچرە يۈرۈب بەھر ئارا،
ئەجەب كۈننى كوردى بۇزۇغ دەھر ئارا.
كورۇندى جەزىرە ھاۋاسى بەلەند،
كى قۇشلارنىڭ ئانچە نەۋاسى بەلەند.
ئوزىن ئالدى ئاندا چىقىب سالدىن،

① تەئمە — تاماق.
② سەخت — قاتتىق.
③ ئىستىمائى — ئاڭلىنىشى.
④ بەدەزان — ئۇندىن كېيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىدى مىۋە تاتلىغ ئىكەن بالدىن.
ئاچىلغان گۈلى خۇش مۇئەتتەر ئىدى،
كى مەيخارەلەردەك① يۈزى تەر ئىدى.
ئىرور رەۋزە② ياڭلىغ ئەجەب ياخشى جاي،
دەرەختى بار ئىردى ئەجەب هاي-هاي.
كى مەسئۇد قىلاي دەب ئىدى مۇندە نەۋم③،
ئەدەددىن فۇزۇنراق يىتىب كەلدى قەۋم.
تەنى ئادەم ئوخشار، باشى ئىت باشى،
يەنە ئىتقا ئوخشار، كوزى ۋە قاشى.
كى تۇستى بۇلارنىڭ سەرى راهنى④،
تۇتۇب دەرمەهەل ئىككى هەمراهنى.
ئىتىن پارچەلاي دىدى دەرمەهەل،
كى مەسئۇد تۇتتى قىلىب هەم جىدەل.
ئاتار ئىردى بىر-بىر باشىغە كىسەك،
دىدى تەڭرى بەردى كى بىزگە ئىشەك.
كېلىب بىرسى مىندى ئانىڭ بوينىغە،
دىۋىندى قولىنى سالىب قوينىغە.
ئالىب باردى، قىلدى قولۇ پۇتنى بەند،
نەسىهەتلەر ئەيلەب قىلار ئىدى خەند.
بۇ ئات باش ئويىدە تۇرۇب تورت كۈن،
قاچىب چىقتى ئاندىن يىرىم هەسسە تۈن.

---

①مەيخارەلەردەك — مەي ئىچكەن ئادەمدەك.
② رەۋزە — جەننەت.
③ نەۋم — ئۇيقۇ.
④ سەرى راھ — يولباشچى.

يۈرۈپ كىچە-كۈندۈز قاپاردى پۈتى،
تەھەررۈككە يەتمەي دەمى، قۇۋۋەتى.
چىقىپ باردى ۋادى ئارا چۈن دەلىر،
كى بولدى يەنە رودپايغە ئەسىر.
بار ئېركەن بەشەرگە بەسى كىنەسى①،
باشى ھەم بۈلارنىڭ بەشەر سىنەسى.
پۈتىدۈركى گويا پىلىنىڭ پۈتى،
ئىدى شىردىن، ھەم فۈزۈن قۇۋۋەتى.
ئەگەر بولسا بىشە ئارا چوڭ دەرەخت،
پۈتى بىرلە چىرمابكى زور ئەتسە سەخت.
ئالۇر يىلتىزىدىن قوماربى ئانى،
بۇ يەڭلىغ ئىكەندۇق بۈلارنىڭ پەنى②.
ئالىپ يۈردى شاھزادەنى بەند ئېتىپ،
بەناگاھ يەنە بىر ماكانغە يېتىپ.
دىدى مۈندە تۇرغىل مەنەرمىز سېنى،
قاچارسەن تۇتۇپ ئۇلتۇرەرمىز سېنى.
ياتىپ نەچچە كۈنلەر بۈلار قاشىدە،
ئېتەك تولدى تامغان ئانىڭ ياشىدە.
مىنىپ كۈندۈزىدە كىچە قىلدى قەيد،
كى شەھباز بولدى ئوقابىغە③ سەيد④.
نېگاھبانلىق ئەتتى ئۇلاردىن بىرى،

---

① كىنە — دۈشمەنلىك، ئۆچ، ئاداۋەت.
② پەنى — ھىلىسى.
③ ئوقاب — بۈركۈت.
④ سەيد — ئوۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېقىن ياتتى ساقلاپ ئىككى - ئۈچ قېرى.
دېدى شاھزادەكى، "ئەي بىرۇبار،
نەھان كار - بارىم ساڭا ئاشكار!
بەغىر خۇنغە ئالۇر ئېرور قاتمۇ - قات،
مېنى ئەيلەگىل بۇ بالادىن نەجات!"
تەلەب بىرلە كوزدىن توكەر ئېردى ياش،
قاراسا تۇرادۇر تۇگۇرمەنچە تاش.
چۇ شاھزادە ئالدى قولغە ئانى،
ئاڭا قاتتىق ئۇردى يوق ئولدى جانى.
كەل ئەي ساقى كورسەت ماڭا ياخشى يول،
بولۇبدۇركى كوڭلۇم ئەدودىن① مەلۇل.
ئەگەر لۇتف قىلساڭ مەيى ئەرغىۋان②.
بولۇب مەست يولغا بولايىن راۋان.

## شاھزادە رودپايلار قەۋمىدىن نەجات تاپىپ، مەيمۇنلارنىڭ قولىغە گىرىپتار بولغانى

قەلەم جۇرئەت ئەيلەب، نىگۇن③ ئەتتى باش،
رەقەم چەكتى مۇنداق قىلىب ئەشك ياش.
كى شەھزادە ئاندىن يۈرۈب نەچچە تىز،
كى بادى سابا ئەزم قىلغانچە تىز.
يېتىب كەلدى ناگاھ باياباندىغە،
بەسى تۇشتى تەشۋىش ئانىڭ جانىغە.
گۇلۇستانلىق ئېردى، شەجەر ھەم تولا،

① ئەدو — دۇشمەن.
② ئەرغىۋان — قىزىل.
③ نىگۇن — پەس، تۆۋەن.

يىمەككە لەزىزراق سەمەر ھەم تولا.
گۈلى ۋەرد، لالە ئېرور بىھىساب،
شەجەر ياپراغىدىن قۇياشغە ھىجاب①.

تەراۋەتدە جەننەت كەبى خۇش ھاۋا،
سۈيى شىرىن ئېردى، مەرىزغە② داۋا.

يۇرۇر ئېردى ئاندا سەياھەت قىلىب،
كى تۇرغان زامان ئىستىراھەت قىلىب.
كېلىب تورت مەيمۇن قولدىن تۇتۇب.
قىلىب كوب سىتەملەر كوڭۇل سىۋۇتۇب.
ئالىب باردى شاھى قاشىغە راۋان.
نەزەر قىلدى مەسئۇد ئاڭا شۇلزامان.
ئىگىز فەرش ئۈزرە قويۇبدۇركى تەخت،
چىقىب ئولتۇرگە بىر شاھ نىكبەخت③.
ياتىبدۇركى سالى④ تىبخى نەۋ جوۋان،
ئېرور شەۋكەتىدىن مەگەر نەسلى خان.
كى شاھزادە قىلدى بۇ شەھغە سالام.
قىلىشتىكى سائەت ئىكۇلان كالام.
دىدى: «كۇرسى كەلتۇر بۇ مىھمانىمە،
ئۇنى مۇستەقەر⑤ قىل قويۇب يانىمە.
ئالىب كەلدى كۇرسى ھەمە ئۇزۋى سىم⑥،

---

① ھىجاب — پەردە.
② مەرىز — كېسەل ئادەم.
③ نىكبەخت — بەختلىك.
④ سالى — ياش - قۇرامى.
⑤ مۇستەقەر — ئورۇنلاشتۇرۇش.
⑥ سىم — كۇمۇش.

ئانىڭ ئۇزرە سالغان ماتا ئەبرەشىم.
كى مەسئۇدغە دىدى شەھ كامران①،
"بۇ يەرلەرگە كەلمەس ئىدى ھىچ جان.
نە بائىسدىن تۇشتۇڭ بايان قىل ماڭا ؟
ھەمە ئوتكەن ئىشنى ئايان قىل ماڭا".
دىدىكىم، "سەپەرگە ساياھەت ئۇچۇن،
قىلىب ئەزمى دەپىئى مالالەت ئۇچۇن②.
مىنىڭ بىرلە چەندان كىشى بار ئىدى،
مۇھىم ئىشلىرىمدە ماڭا يار ئىدى.
ئەبەس③ بىرلە دىلنى بىرىب دەھرىگە،
كىمە ئۇزرە چىقتۇق تۇشۇب بەھرىگە.
ئىچەر ئېردوك ئاندا دەم ئالماي شاراب،
مۇغەننى ۋە مۇترىب كوزىگە قاراب.
قازايى قەدەردىن كىمە بولدى غەرق،
قىلالماي نە مەشرىق④، نە مەغرىبنى⑤ پەرق.
قالىب تەختى پارە ئۇزە مەن غەرىب،
بولۇبدۇرمەن ئاخىر بۇ يەرگە قەرىب.
تۇتۇب ئالدى مەيمۇن گۇرۇھى مېنى،
بىھەمدۇلىللا كوردۇم بۇ يەردە سىنى".

---

① كامران — بەختلىك، مەقسىدىگە ئېرىشكەن.
② قىلىب ئەزمى دەپىئى مالالەت ئۇچۇن — خاپىچىلىقنى يوقىتىش مەقسىدىدە.
③ ئەبەس — بىھۇدە، بىكاردىن.
④ مەشرىق — شەرق.
⑤ مەغرىب — غەرپ.

دىدى شاھى مەيمۇن: "ۋاپاسىز پەلەك،
سىتەمگەر، مۇشەئبەد①، ھاياسىز پەلەك.
ماڭا قىلغان ئىشنى قىلىبدۇر ساڭا،
ساڭا قايداغ ئەتمىش قىلىبدۇر ماڭا.
مېنىڭ سەرگۈزەشتەم ئېرور بۇ تەرىق،
بولۇبمەنكى سىزدەك كېمەدە غەرق.
ئۆزۈم شاھى مىسرى بالاسى ئىدىم،
بالا يوق② كوزىنىڭ قاراسى ئىدىم.
كېمە ئىچرە كىردىم تاماشا ئۈچۈن،
كى مەيخارلىق ئەتتۈك ئالالا ئۈچۈن.
ئۆرۈب مەۋج دەريا كېمە بولدى غەرق،
مېنى تاشلادى ھەم بەئەتراپى شەرق.
تۇتۇب نەچچە مەيمۇن كېتۈردى ھۇجۇم،
ئالىب كەلدى مۇنداق ئىكەندۇق رۇسۇم③.
قاچانكىم بۇلارنىڭ كېتەر سەرۋەرى④،
ئۆزىدىن قويالماس ئىكەن مىھتەرى⑤.
تۇتۇب بىر كىشىنى بۇ مەئۋايىغە⑥،
قويۇب پانى بولغان⑦ كىشى جايىغە،

---

① — مۇشەئبەد — ھىلىگەر، سېھرىگەر.
② بالا يوق — بالا ئەمەس، بالا دېمەيكى.
③ رۇسۇم — قائىدە - يوسۇن.
④ سەرۋەر — باشلىق.
⑤ مىھتەر — ئۇلۇغ، مەرتىۋىلىك كىشى.
⑥ مەئۋا — جاي.
⑦ پانى بولغان — يوقالغان، ئۆلگەن.


AltunOq

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

نە ئەمر ئەتسە، تۇتۇپ، سوزلىرىن،
ئۇنى شەھ، رەئىيەت بىلىپ ئۇزلىرىن.
قاچان ئۇلسە ئۇل ھەم بۇ ئايىن بىلە،
بىراۋ ئولتۇرۇپ تەخت تەزيىن① بىلە،
ۋەھالەنكى بولدى ماڭا يەتتە يىل،
بۇلار شەھرى ئىچرە بولۇبمەن قەبىل②.
بۇ نەۋئ شاھلىقدا ئوتۇبدۇر كۈنۈم،
ۋەلى نەسلى ئىنسان ئېرور خاتۇنۇم.
ئوتۇبدۇركى مەندىن بۇرۇن داۋەرى③،
بۇ خاتۇن ئىممىشتۇر ئۇنىڭ ئەسمەرى"④.
قىلىپ گۆپتىرگۈنى، تۇگەندى كالام،
كى مەسئود يىمەككە كېتۇردى تائام.
تەبەق ياقۇت ئېردى يەنە خۋانى⑤ ئود⑥،
ئەسەل بىرلە مىۋە ئالىپ كەلدى زۇد⑦.
تۇتۇپ بەردى مەينى قەدەھ مۇل قىلىپ،
ئىچىپ ھەم غىزانى تاناۋۇل قىلىپ.
بولۇپ شاھزادە بۇ نىئمەتدە سىر⑧،

---

① تەزيىن — زىبۇ-زىننەت.

② قەبىل — ئوخشاش.

③ داۋەر — ھۆكۈمچى.

④ ئەسمەر — مىۋە.

⑤ خۋان — داستىخان.

⑥ ئود — بىر تۈرلۈك دەرەخنىڭ ئىسمى.

⑦ زۇد — تېز.

⑧ سىر — توق.

تاپىب قۇۋۋەت جىسمى بولۇپ مسلى شىر،
كى مەسئۇدغە تۇتقاچ ئۇزى جامنى،
كورۇپ بارچە مەيمۇن بۇ ئىكرامنى.
كى ھەيرەتدە قالدى بۇ ھەمدونەلەر①،
تۇرۇپ چۇرەسىدە قەبىھ گونەلەر②.
ئاۋازۇئلار ئەتتى ئەدەددىن زىياد،
بۇ ھۇرمەتكە مەسئۇد بەسى بولدى شاد.
ھىكايەتلەر ئەيلەپ بۇرۇن چاغىدىن،
سوئال ئەتتى ئاندىن ئەرەم باغىدىن.
بۇ مەنزىلنى بىلمەس ئىدى ھىچكىم،
كى بىچارە كوڭلى ئارا تۇشتى بىم③.
دىدى: "لەھزە قىلسام يۇرۇپ سەيرى باغ،
كوڭۇل بولسا ئەندەك بۇ غەمدىن يىراغ".
قوشۇپ بەردى سۇلتان مۇڭا بىر كىشى،
يۇرۇپ بىرلە رەھبەرلىك ئولدى ئىشى.
چىقىپ شاھزادە قىلىپ ئاھ سەرد،
مولاقات④ بولدى ئاڭا پىرمەرد⑤.
بۇ مەزىلكى پىرنىڭ ماكانى ئىدى،
ئاڭا بۇ ھەزىن دىل⑥ چۇ ھالىن دىدى.
بۇ سوزلەرگە پىرنىڭ بولۇپ ئەقلى لال،

① ھەمدونە ــ مايمۇن.
② قەبىھ گونە ــ بەت چىراي، سەت.
③ بىم ــ قورقۇش.
④ مولاقات ــ يولوقۇش، ئۇچراش.
⑤ پىرمەرد ــ ياشانغان كىشى.
⑥ ھەزىن دىل ــ كوڭلى مەيۇس.

ئىچى ئاغرىدى، ئانچە بولدى مالال.
"قويۇبسىز ئەجەب مۈشكۈل ئىشغە قەدەم، —
دېدى، — سىزگە قىلسۇن خۇدايىم كەرەم".
بۇ ھالدا كورۇندىكى بىر تاغ سارىغ،
سارىغ بولغان ئوخشا شەپەق ۋاقتى مىغ.
سوئال ئەتتى مەسئۇد ئانى پىردىن،
"بايان ئەيلەگىل!" دېدى تەقرىردىن.
دېدى پىر: "ياقۇت ئېرور ئول تامام"،
دېدىكىم، "كورەلى، قىلالى خىرام".
يېقىن باردى ئاندا ئۇچۇلان يۈرۈب،
تاماشالار ئەتتى بۇ تاغنى كورۇب.
دېدى شاھزادە: "نېدىن بولدى زەرد؟"①
بۇ نەۋئ دېدى پاسۇخ② ئاگا پىر مەرد:
"بولۇر مۇندا ھەددىن زىيادە ئىسسىغ،
كونەس تابىشىدىن③ بولۇبدۇر سارىغ.
ئەگەر تۇرسا تاشلار يەنە يەتتە يىل،
بولۇر لەئلى ئاندىن بۇ مەزمۇننى بىل.
بۇ ياقۇتلاردىن ئالىب شاھزاد،
كى ئاتغە سۇۋارە④ بولۇب مىسلى باد⑤.
يانىب كەلدى ئاندىن بۇ مەسكۇنەگە⑥،

①زەرد — سېرىق.
② پاسۇخ — جاۋاپ.
③ تابىش — نۇر، ئىسسىقلىق، تەپت.
④ سۇۋارە — ئاتقا مىنىش.
⑤ باد — شامال.
⑥ مەسكۇنە — تۇرار جاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

موھاۋىر① بولۇپ شاھ ھەمدونەگە.
بۇ ياقۇتنى توھپە قىلىپ تۇتتى ئۇل،
كى سوڭرا غىزا يەب، شاراب يۇتتى ئۇل.
دېدى شاھى مەيمۇن: "تۇرۇلۇك نەچچە كۇن".
قوپۇب شاھزادە قىلىپ مۇنداق ئۇن:
"بۇ مىقدار ئىشرەت ماڭا بولدى بەس،
تەۋەققۇفدىن ئەتمەك ماڭا ھىچ نەفەس.
ماڭا بۇ سەپەرنىڭ ئىشىدۇر زەرۇر،
بۇ يولنىڭ غەمدۇر بەئەينى سۇرۇر" ②.
چۇ شاھ كوزلىرىدىن ئاقىب ئانچە ياش،
بۇلۇت باتىنىدىن كوب ئاققانچە ياش.
كى مەسئۇدغە ئاخىر ئىجازەت بىرىب،
دېدى: "لۇتف قىلسۇن خۇدايى غەرىب!"③.
يەنە بەردى بىر ئات ئاڭا مىنگەلى،
بىرىب توشە④ ياخشى ئىگىن كەيگەلى.
كى ھەمراھ قىلدى بىر ھەمدونەنى،
"يانىب كەل، قاچان يان دېسە ئۇل سېنى".
چىقىب كىردى يولغە ۋەلى دەردى سوز⑤،
بۇ مەيمۇننى ھەمراھ قىلىب نەچچە روز،
قاچان يۇرمەسە ئات بۇ مەيمۇن كېلىب،

---

① موھاۋىر — سوھبەتداش.
② سۇرۇر — خوشاللىق.
③ خۇدايى غەرىب — غېرىپلەرنىڭ خۇداسى.
④ توشە — يول ئوزۇغى.
⑤ دەرد - سوز — غەم - غۇسسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى ئاغزىغا ئاتنىڭ قولاغىنى ئالىپ.
غەزەپ بىرلە تىشلار ئىدى ئاغرىتىپ،
ماڭىپ ئات پەيدىن بۇ مەيمۇن يىتىپ.
يۈرۈپان ئىكولان بۇ ئادەت بىلە،
يانىپ كەتتى مەيمۇن ئىجازەت بىلە.
كى مەسئۇدغە ھەمرا ئىدى بىر كىشى،
ئۆزى كاردانۇ① ئۇلۇغ بىر ئىشى.
توشۇپ بەردى ئاندىن ھەمول ئاتنى،
ئوقۇر ئىردى بىدىل② بۇ ئەبياتنى:
"پەرى سەندىن ئايرو يۈرەك قان ئىرور،
كى زۇلفۇڭدەك ھالىم پەرىشان ئىرور.
بولۇبدۇر ئوتۇڭدا بەغىرلار كەباب،
فىراقىڭدا جىسمىم غەمارى خاراب".
مەئەل قىسسە بىر - بىرقەدەملەر باسىپ،
يىغى بىرلە غەمنىڭ تانابىن كىسىپ.
كى ئارام ئالماي يۈرۈپ ئاچ - توق،
يىتىپ باردى بەھرى مۇھىتغە ياۋۇق.
غارايىپ شەجەرلەر بۇ مەنزىلدە بار،
بۇ يەردە تۇرارنى قىلىپ ئىختىيار.
تاماشالار ئەتتى كى ئەتراپىنى،
يۈرۈپ كوردىلەر بارچە ئەكنافىنى.

---

① كاردان ـــ تەجرىبىلىك.

② بىدىل ـــ ئىشق ئازاۋىنى چەككۈچى ئاشىق.

بۇ مەنزىل ئاتىنى دەر ئېردىكى لات①،
زىمىنلەردە ئالتۇن ئىكەن قاتۇ-قات.
يەنە چۆب سەندەل بىلە زەئپران،
قىياس ئەتسە يوقتۇر ئاڭا ئەسلى سان.
يەنە مورلار② هەم ئېرور بىھساب،
كىشى كورسە خەۋپى قىلۇر پىچتاب③.
بار ئېردى كالادەك جەسامەت④ ئاڭا،
ئېرور شىر ياڭلىغ شىجائەت ئاڭا.
كىشى كەلسە ئالماق ئۈچۈن زەئپران،
بۇلارغا كورۇنمەي ئالۇرلار ناھان.
ئەگەر بولسا كاھىل⑤ بۇ كەلگەن كىشى،
يىتىب ئارقاسىدىن يىمەكدۇر ئىشى.
يەنە بىر ئۇلۇغ قۇش قىزىلدۇر كوزى،
ئېرور رەڭگى ئەسۋەد⑥ شوتوردەك ⑦ ئوزى.
كى مەسئۇدغە ئۇردى كېلىب پەنجە ئول،
رەپىقىن⑧ هەم ئالدى قىلىب رەنج ئول.
ئۇچۇب يۇردى سۇرئەت بىلە تاغ سارى،
بار ئېركەن بۇ يەردىن ماكانى نارى.

---

① لات — جاينىڭ ئىسمى.
② مور — چۈمۈلە.
③ پىچتاب — تولغىنىش.
④ جەسامەت — گەۋدە-چوڭلۇق.
⑤ كاھىل - بىپەرۋا، هورۇن.
⑥ ئەسۋەد — قارا.
⑦ شوتور — تۆگە.
⑧ رەپىقىن — دوستىنى، هەمراسىنى.

بۇلارنى بالاسى قاشىدا قويۇپ،
يەدى بىر كىشىسىن بالاسى تويۇپ.
ۋەلى قەسىد قىلماي ھەزىن جانىغە،
ئۇچۇپ كەتتى ئول قۇش باياباىنغە.
بۇ ھالەتدە كەلدى ئۇلۇغ ئەژدەرى①،
ئىدى كوھ② ياڭلىغ ئانىڭ مەنزەرى.
چىقارسا ئاغىزدىن كى ئوت بىرلە دۇد،
بولۇر ئېردى قايداق نىمەرسە نابۇد.
چۇ شەھزادە ئەيدى خۇدا ئىسمىنى،
ئۇرۇپ تىغ، كەستى يىلان جىسمىنى.
خالاس ئولدى ئاندىن قىلىب ھەقغە شۈكر،
سىپاسو، سانا③ شاھى مۇتلەقغە④ شۈكر.
يېتىب كەلدى بۇ قۇش ماكانىغە پات،
كېلىب ئۈردى غەمكىن يۈزىگە قانات.
ۋەلېكىن قىلالماس ئىدى ھېچ زەرەر،
كى فىلھال قىلدى بۇ يەردىن مەمەر.
نە كىم بار ئېردى قولىدا داۋام،
نىگىنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام.
ئۇرۇپ پويە⑤ ئەللىك كۈن ئول روز - شەب،
كورۇپ يولدا ھەدسىز شىكەنچى تەئەب.

① ئەژدەر — ئەجدىھا.
② كوھ — تاغ.
③ سىپاسو، سانا — ماختاش، ھەمدو سانا.
④ شاھى مۇتلەق — خۇدا.
⑤ پويە — قەدەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شەجەردىن كورۈنمەس ئىدى ئاسمان،
كى بىر شاخىن ئەتتى چىقىپ ئاشيان①.
كورۈندىكى بىر تاغ بىغايەت بەلەند،
تۈشۈپ، يۈردى ئول تاغ سارى مۈستەمەند②،
چىقىپ تاغقە تۈرلۈك مۈشەققەت بىلە،
ئۆزىنى ئالىپ زار مىھنەت بىلە.
قىلىپ ھەر جاۋانىبلارغە نەزەر،
تۈبەن دامەنىدە③ كورۈندى شەھەر.
بار ئېردى ئىچىدە ئىمارەت تولا،
يەنە قەلئەسىدە زەراپەت④ تولا.
بارىب كوردى دەرۋازەسىن نەۋجۈۋان،
بالىغ ئۈستۈخانى بىلە پاسپان.
قالىپ شاھزادە تەھەييور بىلە،
ئاچىپ كىردى ئاخىر تەپەككۈر بىلە.
ھەمە تاملارى نەقشى ئاراستە⑤،
كى سەنگ رىخام⑥ بىرلە پىراستە⑦.
قىلىچ قالقان ئىلە نەچە رەڭ لىباس،
تۈرۈبدۈركى ئاندا ئېرور بىقىياس.

---

① ئاشيان — ئۇۋا.
② موستەمەند — بىچارە.
③ دامەن — ئېتەك.
④ زەراپەت — نەپىس، گۈزەللىك.
⑤ ئاراستە — زىننەتلەنگەن.
⑥ سەنگ رىخام — ئېسىل تاش.
⑦ پىراستە — بېزەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە كورۇنمەي دۇرۇر ھىچ جان،
دىدىكىم تاپاي بۇ شەھەردىن نىشان.
ئوقۇب تەگرى ئىسمىن ئالىب خەنجەرى،
تاماشالار ئەتتى كىرىب ئىچكەرى.
قىلىبدۇر بىر ئويدە پەرشى رەپىئ①،
يۈزى سەنگى گىر ھەم بىغايەت ۋەسىئ②.
ھەمە تاملارىنىڭ يۈزى سىمۇ-زەر،
قويۇبدۇر جاۋاھىر ئاڭا سەر-بەسەر③.
بۇ پەرىش ئوزرە قويمىش ئاجايىب سەرىر④،
ياندا مۇئەللەق لىباسى ھەرىر،
ئاسىبدۇر تۇرۇسقا چۇ ئالتۇن قەپەس،
قۇشى بىر-بىرىدىن ئېرۇر خوشنەپەس.
كى ئاندىن كورۇندى يەنە بىر ساراي،
نەچە ھوجرەسى بار، ئەجەب ياخشى جاي.
چە ھارىغە قويغان جاۋاھىرلىرى،
ئۇرۇب شۇئلە ئانداق مەھ ئەنۋەرى⑤.
ھەمە خانە ئالتۇن ئىشىكلىك ئىدى،
مۇنىڭدىن بىرىسى ئېتىكلىك ئىدى.
ئالىب قوللىرىغە كى ئەسباب ھەرب⑥،

---

① پەرشى رەپىئ — ئىسىل گىلەم.
② ۋەسىئ — كەڭ.
③ سەر-بەسەر — پۈتۈنلەي.
④ سەرىر — تەخت.
⑤ ئەنۋەر — نۇر، يورۇقلۇق.
⑥ ئەسباب ھەرب — قورال.

كى قوپلغه قاتتىق قىلىب ئېردى زەرب①.
سىنىب قوپلى بولدى ئىشىك ھەم كۇشاد②،
كى بىر ھۆرۋەشنى كورۇب بولدى شاد.
ئۇزى تەخت ئۇزرە يۇزىدە نىقاب،
ئاچىب كورسە گويا يۇزى ئافتاب.
ئېرور زۇلفى مۇشكىن چۇ پىستە دەھەن③،
كى ھەر تار مىژگانلارى④ سەپ شىكەن⑤.
كۆزى ئەفسۇن⑥ ئىردى قاشى ھەم كامان،
نەزەر قىلسا دىلغە ئاتار ئوق ناھان.
تىشى دۇر كەبىدۇر لەبى ھەم زىلال،
مەيانبارىك⑦ ئانداغكى نەۋرەس نىھال⑧.
ۋەلى مۇردە⑨ ياڭلىغ ياتىب، تەبرەمەس،
ئولۇك دىسە رەڭگى ئولۇكتەك ئەمەس.
خىيال ئەتتى بۇ قىز ئېرور ئۇيقۇلۇق،
دىبان قولدا باشىن كى ئىرغاتقولۇق.
كى بىدار بولماي مۇنىڭ بىرلە قىز،

① زەرب — ئۇرماق.
② كۇشاد — ئېچىلماق.
③ دەھەن — ئېغىز.
④ مىژگان — كىرپىك.
⑤ شىكەن —
⑥ ئەفسۇن — جادۇ.
⑦ مەيان بارىك — بېلى ئىنچىكە.
⑧ نەۋرەس نىھال — ياش كوچەت.
⑨ مۇردە — ئولۇك.



AltunOq

كى ئاغزىغا قويدى تاپىب كوزگۇ تىز.
قاراب تۇردى مەسئۇد قاشىدا ئۈنلۈك،
ئەرەق① بولدى كوزگو باشىدا ئۈنلۈك.
كورۇب تەرنى دىدى: ئەمەستۇر ئولۇك،
يەب ئەپسوس قىلدى چۇ شاھزادە سوك②.
تۇرار لەۋھ سەنگىن③ بۇ قىز يانىدا،
ئالىب چىقتى، قويدى كى ئەيۋانىدا.
قويۇب ئورنىدىن قىز، تاپىب تازە جان،
قارار ئېردى ھەيرەت بىلە ھەر قايان.
ئالىب كىردى ئاندىن يەنە لەۋھنى،
ياتار يانە مۇردە كەبى قىز تەنى.
ئالىب لەۋھەنى ئەتتى بۇ يەردىن يىراق،
كى ئىلگەركىدەك ئول يەنە بولدى ساق.
قاراب تۇردى مەسئۇد ئاڭا روبرە،
دىدى قىز: "تۇتاتادۇر مىنى مەسخىرە.
ۋە ياكىم قىلۇرمۇ سىز ئەيتۇرمۇ شەرم④.
قىلاي ئەمدى كوڭلىن سوزۇم بىرلە نەرم"⑤.
كى ئول تەختەنى ئول قويۇب تاشقىرى،
كى فىلھال كىردى يەنە ئىچكەرى.
سالام ئەتتى دوختەر بۇ شەھزادەگە،

① ئەرەق — تەر.
② سوك — غەم ـ قايغۇ.
③ لەۋھ سەنگىن — تاش تاختا.
④ شەرم — ھايا، ئۇيۇلۇش.
⑤ نەرم — يۇمشاقلىق، مېھرىۋانلىق.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى

داغى قىلدى تەكلىب بىچارەگە،
دېدى شاهزادە: ”نىچۈك جان سەن؟
بۇ ئەندوھ بىرلە يۇرەك قان سەن!“
كى دوختەر بۇ سائەت ئۇرۇب ئاھ سەرد:
”ئىشتكىل سوزۇمنى كى ئەي شىرمەرد.
بۇ ئەيۋان كەيۋان پەرىغە ماكان،
بۇ مەنزىلگە كەلمەس ئىدى هىچ جان.
نەۋەجھىدە① تۇشتۇڭ بۇ مەنزىل ئارا،
سوزۇڭنى بايان قىل چۇ داستان سەرا②“.
دېدى شاهزادە: ”سوزۇمنى ئەگەر،
دېسەم كوب تۇگەنمەس دەيىن موختەسەر③.
بار ئېركەن بۇ توندا پەرى سورەتى،
دىلئارا ئاتالمىش بۇ دىلبەر ئاتى.
كوزۇم تۇشتى بولدۇم ئاڭا مۇبتەلا.
بولۇبدۇركى بۇ سورەت جانغە بالا.
مېنى قىلدى ئانداغ فىراقى زەبۇن④،
كېتىب هۇش-ئەقلىم كېلىبدۇر جۇنۇن⑤.
ئانى ئىزدىمەككە قىلىب ئىختىيار،
كىمە ئىچرە كىردۇك بولۇب نەچچە يار.

---

① نەۋجھىدە — نىمە سەۋەپ بىلەن.
② داستان سەرا — داستان سوزلەش.
③ موختەسەر — قىسقا.
④ زەبۇن — يېڭىلىش، ئەسىر بولۇش.
⑤ جۇنۇن — ساراڭلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

به ناگاھ كى توكتى ياشنى سەھاب①،
ھەمە كىمە ئىچرە تولۇب قالدى ئاب②.
دەمى پەست بولماي ياغا باشلادى،
بارى خەلقلەرنى سۇغە تاشلادى.
قالىب تەختە پارە ئۇزە مەن غەرىب،
قازا بىرلە بولدۇم بۇ يەرگە قەرىب③.
ئۇن ئۈچ يىل ئېروركى بۇ ياڭلىغ سەفەر،
قىلۇرمەن ھەمىشە سەفەرنى گۇزەر.
دىسەم سەرگۇزەشتىم بەسى ئېردى راز.
كېيىن دەي سوزۇمنى ھىلى ئاڭلا ئاز"
دىدى: "بەئدە④ قىلغىل فەسانە⑤ ماڭا،
كى ئەي قىز ئۇزۇڭدىن نىشانە ماڭا!"
دىدىكىم، "ئاتامدۇر سەرەندىبغە شاھ،
ئۇلۇس خەيلىغە⑥ بەلكى پوشتى پەناھ.
بار ئېردى ماڭا ئىككى ھەمشىرەئى.
بولوب بىر كۈندە كوڭۇل تىرەئى⑦.
دىدىكىم، قىلالى تاماشايى باغ.
ئۈچۈلان قىلىبان تەمەننايى باغ

---

① سەھاب — بۇلۇت.

② ئاب — سۇ.

③ قەرىب — يېقىن بولماق.

④ بەئدە — كېيىن.

⑤ فەسانە — ھېكايە.

⑥ خەيل — گۇرۇھ.

⑦ تىر — قاراڭغۇ.

بۇ باغ ئېردى ئانداغ تەراۋەت شەرەپ،
كىرىب ئاندا يۇردۇك باقىب ھەر تەرەپ.
چۇزەربختى بىرلە تەنىم ئوزرە سەتر①،
يۇزۇمدە ياپىغلىقكى زەررىن چەتر②
بە ناگاھ پەيدا بولوب بىر بوران،
قاراسىدىن ئولدى زىيالىق نەھان.
بۇ سائەتدە بىر قۇش قاشىمغە كېلىب،
مېنى تۇتتى، يۇردى ھاۋاغە، ئالىب.
ئانىڭ ۋەھمى بىرلە كېتىب ئەقلى ھۇش،
دەمى سوزلەمەي،③ بەلكى بولدۇم خەمۇش④.
يەنەسائەتىدە كوزۇمنى ئاچىب،
قارادىم نىقابدىن يۇزۇمنى ئاچىب.
ۋەلى بىلمەدىمكى نىچۇك ئاپەتى،
بۇ مۇددەتدە ئوتتى كى بىر سائەتى.
قاشىمدە تۇرۇبدۇركى بىر نەۋجۇۋان،
بولۇب خەۋپ بىرلە يۇزۇم چۇن سامان.
نەكىم يات ئىدى ئول ئىكى سورەتى،
ئەسەر قىلدى جانغە ئانىڭ ھەيبەتى.
پەسىھ لەفزى بىرلە دىدى ئول شەباب⑤،

---

① سەتر — پەردە يېپىنچا.
② چەتر — سايىۋەن.
③ دەمى سوزلەمەي — بىردەم سوزلىيەلمىدىم.
④ خەمۇش — شۇك بولۇپ قالماق، جىم بولماق.
⑤ شەباب — ياش يىگىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەلەتتۇفلار① ئەيلەب يۈزۈمگە قاراب:
”نىدىن مۈنچە قورقارسەن ئەي نازىنىن؟
ماڭا قىلما ھەرگىز قاباغىڭنى چىن!② ،،
ئاتامنىڭ ئاتى شاھى پىرى ئىرور،
ھەمە پەرىلەرنىڭ ئەمرى ئىرور.
قىلۇر، ئىردىم ھەر كۈن بۇ ئالەمنى سەير،
كىزىب ھەر تەرەپنى ئۇچۇب مىسلى تەير③.
جامالىڭغە تۈشتى بەناگاھ كوزۈم،
كى ھەجرىڭدە پەژموردە④ بولدى يۈزۈم.
ئالىب كەلدىم ئاندىن بۇ يەرگە سىنى،
ئەدو⑤ بىلمەگىل كىم، ھەبىب⑥ بىل مىنى.
بۇ مەئۋاغە ھەرگىز كىلالماس بەشەر،
داغى ھەم پەرىلەر تاپالماس ئەسەر»
گەھى ھەزل بىرلە گەھى چىن ئويۇن،
قىلۇر، بەرمەدىم مەن ئاڭا ھىچ بويۇن.
ياتىبمەن ئىلاجىن قىلالماي ئاڭا،
ۋەھالەنكى بولدى ئون ئۈچ يىل ماڭا.
بولۇب خەشم⑦ قىلدى مىنى موندا بەند،

---

① تەلەتتوف — مېھرىۋانلىق قىلىش.
② چىن — تۈرۈش، قاپاقنى تۈرۈش.
③ تەير — قۇش.
④ پەژموردە — سولاشماق، سولماق.
⑤ ئەدو — دۈشمەن.
⑥ ھەبىب — دوست.
⑦ خەشم — غەزەپ.

بولۇبدۇر بۇ تەختە باشىمدا كەمەند".
دىدى ئەرز ھالىن، بەسى يىغلادى،
كى رومال بىرلە كوز ئارىغلادى.
دىدى شاھزادە: "چىقاي تاشقارى،
پەرى كەلگۈچە مەن بولايىن نارى.
ئەگەر كورسە بىشەك مىنى ئولتۇرۇر،
سىنىڭ ھەم باشىڭغە بالا كەلتۇرۇر".
دىدى قىز: "تەۋەھھۇم① بىلە چەكمە ئۇن،
يەنە بىر كىپلۇرغە ئاڭا تورت كۇن!"
كەل ئەي ساقى مەي تۇتكى بولدۇم ئەسىر،
ئىچىپ قۇۋۋەتىدىن بولاي نەررە شىر②.
يىتىبدۇر ئەدۇدىن چۇ ئىشكەنجەئى،
ھەلاك ئەيلەمەككە ئۇراي پەنجەئى.

**شاھزادە ئوتكەن ۋاقىئاتنى سەرەندىب پادىشاھىنىڭ قىزىغە بايان قىلىب، دىلئارا تەرىپىدىن سوز ئاغاز قىلغانى ۋە قىز دىلئارا بىلە كۆرۈشكەن مۇژدەسىنى③ ئايان ئەيلەپ، شاھ پەرىنىڭ ئوغلىنى قەتل قىلىب، شەھەر ۋاستەگە ئازىم بولغانى.**

مورەۋۋى زامانى چىكىب تۇرپە رەنج④،
بۇ ياڭلىغ دىمىشلەر، ساچىب ئەلگە گەنج⑤.

---

① تەۋەھھۇم — ۋەھىمە.
② نەررە شىر — ئەركەك شىر.
③ مۇژدە — خۇش خەۋەر.
④ رەنج — مۇشەققەت.
⑤ گەنج — غەزنە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈ شەھزادە بىر-بىر دېدى سۆزلەرنى،
فىغان بىرلە دەريا قىلىپ كۆزلەرنى.
دېدى قىز: "ئىشتىگىل ساڭا خۇشخەبەر،
ماڭا ئول كورۇنگەن ئەزور سىمبەر①.
ئانام ئېردى ئانداغ زەنى كامىلە②،
كىچىك سىڭلىمىزغە بولۇپ ھامىلە.
يېڭىلماس ئىدى ھېچ ئىباداتىدىن،
كېچە بولسا قالماي مۇناجاتىدىن.
تۇغۇلدىكى پەرزەند، تاپىپ سەھھەتى،
باغ ئىچرە كىرەرگە قىلىپ رىغبەتى.
ئىگىز پەرشى ئۈزرە سالىپ ياخشى رەخت،
ئانام ياتتى ئاندىن قويۇپ سەڭگى تەخت③.
تۇشۇپ بىر زەئىپە④ ھاۋا سارىدىن،
سالام ئەتتى بىزگە كورۇپ نارىدىن.
ئانى كوردى قورقۇپ يىقىلدى ئانام،
قۇچاغىدا ياتقان ئىدى ئول ئۇكام.
بۇ خاتۇن ئانامنىڭ يۆلەپ باشىنى،
يېڭىدە ئىرتتى، سۈرۈپ ياشىنى.
دېدى: "قىلما ۋەھشەت ئېرورمەن پەرى،
كى شەھبال پەرىنىڭ گۈلى ئەھمەرى⑤.

---

① سىمبەر — كۈمۈش بەدەن.
② زەنى كامىلە — كامالەتكە يەتكەن ئايال.
③ سەڭگى تەخت — تاش تەخت.
④ زەئىپە — ئايال.
⑤ گۈلى ئەھمەر — قىزىلگۈل.

كى يەئنى ئېرۇرمەن ئانىڭ مەھرەمى،
غەم-ئەندۇھ كۈنلەر ئارا ھەمدەمى.
گۈلۈستان ئەرەمدۈر مەقامىم مېنىڭ،
كى ھەر سارى بارماق نىزامىم مېنىڭ.
بولۇب ھامىلەدىن شىكەم① ئىچرە بار②،
تۇغارغە بۇ يەرنى قىلىب ئىختىيار.
نىدىن باغ ئېركەن بەسى خۇش ھاۋا،
ياتىب مۇندا تاپتى ئىشىم ھەم نەۋا.
تۇرۇب نەچچە كۈنلەر يىمىشدىن يىدىم،
سېنىڭدىن رىزالىق قىلايىن دىدىم".
چىقاردى يېڭىدىن بىر ھەمياندا دۇر،
بۇ دۇرلارغە ھەميان ئىچى ئېردى پۇر.
چۇ ھەميانىنى ئالدى قولىغە ئانام،
قوپۇب تەزىم ئەتتى قىلىب ئىھتىرام.
ئانام دىدى شۈكرا ئاغا: "ئەي پەرى!
پەرىلەر گۇرۇھى ئارا سەرۋەرى.
بۇ يەردە تۇغۇلغان بالاڭنى ماڭا،
نەمودار③ ئەيلە بىرەي سۈت ئاڭا!"
بۇ سائەت كېتۇردى قاشىغە بوشۇك،
ياتىبدۇركى بىر قىز گۇھەردىن سۈزۈك.
بەئەينى يۇزى ماھى تابان كەبى،

---

① شىكەم — قوساق.

② بار — يۈك.

③ نەمودار — كۆرسەتمەك.

نه تابانكى، مهرى دۇرەخشان① كەبى.
قۇچاقىغا ئالدى ئىمىزدى ئانام،
دېدىكىم، "قىزىڭغا ئېرور قايسى نام؟"
"دىلئارا ئاتادىم" — دېدى ئاتىسى.
بايان ئەتتى بىر-بىر ھەمەزاتىنى.
ئانام دېدى:"بولسام مۇنىڭ دايەسى،
ماڭا دېدى خۇشراق ئېرور سايەسى".
پەرى دېدى پاسۇخ: "ئېرورسەن بەشەر،
مۇڭا دايە بولماقتىن ئەتكىل ھەزەر.
ئەگەر سەن ساغىنساڭ قىزىمنى قاچان،
پەرىلەرنى باشلاپ كېلۇر ھەر زامان".
تۇگەتتى سوزىنى چۇ قويدۇم قەدەم،
ھەمىن سائەت ئولدى كوزۇمدىن ئەدەم②.
بىر ئاي ئوتتى ئاندىن يەنە كەلدى ئول،
بۇ ئادەتدە كەلگەن ئىدى نەچچە يىل.
دىيارىمدە بولسام ئىدى كاشكى،
دۇچار قىلغاي ئېردىم دېدى كاشكى".
دېدى شاھزادە: "سەن ئولساڭ نىجات،
يىتۇرگەيمەن ئاندا يۇرۇب سەيرپات".
دېدى قىز "گەر ئەتسەڭ، بۇ ئىشقا سەبەب،
خەلاسىمغا مەن ھەم قىلايىن تەلەب.
كى ھىلە بىرلە ئالىب قاچساڭىز،
دەمى تۇرمايىن ھەم قەدەم باسساڭىز".

① مهرى دۇرەخشان — نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش.
② ئەدەم — يوقلىش.

دېدى شاھزادە: "پەرىلەر تاپار،
ئىچى ئاغرىماس ھېچ ئىكىنى چاپار".
دېدى قىز: "يوقاتساڭ پەرىزادنى،
كى بەئدە تاپارمىز ھەمە دادنى.
ۋە لېكىن قىلۇرغە بۇ ئىشغە ئىلاج،
سۇلايمان نىگىنى ئېرور ئېھتىياج".
دېدىكىم، "بۇ خاتەم ھىلى مەندە بار،
ۋە لېكىن پەرىلەر ئەمەس ئاشكار".
دېدى: "بولسا مۇنداغ فەسانە قىلاي،
پەرى جايىدىن ھەم نىشانە قىلاي.
كۆنىكىم ئىكۆلان تەكەللۇم قىلىب،
سوئال ئەتتىم ئاندىن تەبەسسۇم قىلىب.
ئەگەر قىلسا ئىنسان پەرى بىرلە جەڭ،
پەرى خەيلىن ئەتسە بەشەر ئەھلى تەڭ.
ئەگەر ئۇرسا خەنجەر ۋە يا ئۇرسا ئوق،
بولۇرمۇ تېنىدىن ئانىڭ روھى يوق؟"
دېدىكىم، "پەرىگە بۇ مۇئتاد① ئېرور،
ئەمەس جىسمىدە روھ پەرىزاد ئېرور.
قىلۇر جانىۋارنىڭ تەنى ئىچرە بەند،
ئۇزى ئولمەس ھەرگىز زەخىم ئەتسە چەند②".
دېدىم: "جانگىمىزدۇر قايۇ تەن ئارا؟"
دېدى: "يوقتۇر ھالا بۇ مەسكەن ئارا".
دېدىم: "جان نە سورەت ئېرور كورسەتىڭ،

① مۇئتاد — ئادەتلەنگەن.
② چەند — قانچىلىك.



Altun Oq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى ئاندىن نەئىشلەر قىلۇرسىز قىلىڭ".
دىدى خەشم بىرلە: "بۇ يەردە ئەمەس،
كىشى بولسا دوستۇم بۇ سوزنى دىمەس"،
دىدىم: "مۇندا قىلدىڭ غىرىبلىقدا بەند،
ئەمەستۇرمەن ھەرگىز ساڭا دىل پىسەند".
دىدى: "قىلسا ھەركىم كورەرگە ھەۋەس،
سۇلايمان نىگىنى تاپار بولسا بەس.
كى بەھرى مۇھىتنىڭ لەبىگە بارىب،
ئۇزۇك پەزلى① بىرلە ئالۇر ئاقتارىب".
دىدىم: "جانىگىسىزنىڭ نەدۇر سورەتى،
نە بائىس بىلە بىلگۇرۇر سورەتى؟".
دىدى: "ئول نىگىننى قولىغە سالىب،
بۇ مەزكۇر دەريا قاشىغە كېلىب.
كى قىلسا دىڭىزنىڭ سۇيىغە نەزەر،
ئۇرۇب مەۋج قاتتىق بولۇر شور - شەر②.
چىقار ساندۇق ئاندىن مۇئەللەق ئۇرۇب،
نىگىندار قولىغە مۇنى كەلتۇرۇب،
ئاچىب باقسا ئاندىن كەبوتەر چىقار،
مىنىڭ جانىم ئولدۇر دىدى ئەسلى زار".
دىدىم يانە: "ھەر كىم كەبوتەرنى بەس
يوق ئەتسە بولۇرسىزمۇ قەتئى نەپەس؟③"
دىدى: "بولسا ھەركى كەبوتەر مامات،

① پەزلى ــ خىسلىتى، ئارتۇقچىلىغى.
② شور - شەر ــ شارىلداش.
③ قەتئى نەپەس ــ نەپەس ئۈزۈلۈش.

كېتەر مەندىن ئۇلدەم ئۆمىدى هايات".
يەنە دېدىم ئاندىن: "بۇ يەر قايسى جاي؟"
دېدى: "ئاتى ئىسپەندى باش ئەي هۇماي".
دېدىمكى، "سەرەندىبنى قىلسام خىيال،
بارىب كەلمەكىمگە ئېرورمۇ مەهال؟"①
دېدىكىم، "پەرىلەر بىر ئايدا يېتەر،
كى ئىنسان بۇ يولغە نە چارە تاپار؟
ئەگەر يۈرسە بىر يىل لەيلو-ناهار②،
سەپەر مېهنەتىدە بولۇب خاكسار③.
يېتەر ئېهتىمالى هەمول شەهرىگە،
ۋە لېكىن ياۋوقتۇر ئەجەل زەهرىگە.
نە كىم يوللارىدا دېڭىز، تاغ ئېرور،
گەهى چول-بايابان، توپراغ ئېرور.
گەهى سۇلارى بار ئۇزاقتىن ئۇزاق،
ئىگىزدە قاراساڭ كورۇنمەس قىراق".
قىز ئەتتىكى تەقرىر بۇ ئەفسانەنى،
قىلىب پەهم مەسئود بۇ هەققانەنى.
دېدىكىم، "قىلالى دېڭىز سارى ئەزم④،
بىهەمدوللا⑤ بولدۇق خالاس ئەمدى جەزم!"
بۇ دەريا لەبىگە كېلىب شاهزاد،

---

① مەهال ــ مۇمكىن بولماسلىق.
② لەيلو-ناهار ــ كېچە-كۈندۈز.
③ خاكسار ــ ئاياق-ئاستى بولۇش، خارلىق.
④ ئەزم ــ نىيەت ــ قەتئى نىيەتكە كېلىش، سەپەر.
⑤ بىهەمدوللا ــ خۇداغا شۈكرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەززەررولار① ئەتتى، قىلىپ ھەققە داد.
بۇ سائەتدە دەريا سۈيى ئۇردى مەۋج،
كى ساندۇقنى تاشلاب يەنە تۇردى مەۋج.
بۇ ساندۇقنى مەسئۇد ئالىب شۇلزامان،
كى بولدى پەرىنىڭ ئۆيىگە راۋان.
كىرىب ئۆيگە فىلھال ئىتىب رەۋزەنىن②،
قىلىب قەسد تۇكمەك پەرىنىڭ خۇنىن.
كەبوتەرنىڭ ئۇردى باشىغە قىلىچ،
ئاقىب قان تەنىدە قىلىب ئۇردى پىچ③.
كى سائەت ئۇلماي ئۆتۈب ۋاقىئە،
بولۇب ئاسماندىن ئۇلۇغ سائىقە④.
كى باد مۇخالىپدەك ئۇرلەب غۇبار،
يىقىلدى پەرىنىڭ تەنى چۇن مۇنار.
دىدى: "ئۇشبۇ پەرى ئېرور!" كوردى قىز،
ھەزىن دىل⑤ قولىغە يۇزىن سۇردى قىز.
ياغىب قان ھاۋادىنكى باران⑥ كەبى،
ئىكى كۇنغىچە خۇن رىزان⑦ كەبى.
دىدىكىم، "بۇ يەردىن فىرار⑧ ئەيلەيىن،

① تەززەررو — يىغى - زارە.
② رەۋزەن — تۇشۇك.
③ پىچ — تولغىنىش.
④ سائىقە — گۈلدۈرماما.
⑤ ھەزىن دىل — مەسئۇد كوزدە تۇتۇلمدۇ.
⑥ باران — يامغۇر.
⑦ خۇن رىزان — قان تۆكۈلۈش، قىرغىن.
⑧ فىرار — قېچىش.

يەنە بىر ماكانغە قارار ئەيلەيىن".
چۇ شاھزادە ئاھەڭ ئېتىپ① مىسلى باد②،
پەرى ئۇلگەنىدىن بولۇپ ئانچە شاد.
يېتىپ كەلدى دەريا لەبىگە ئىتاۋ،
ئالىپ قوللارىغە بىرەردىن كىپاۋ.
كېسىپ شاخ، تەييار ئېتىپ سالنى،
ئىچىگە سالىپ بارچە ئەمۋالنى③.
خۇدايى جاھانغە تەۋەككۇل قىلىپ،
كى ئانى نىشانە تەئەممۇل④ قىلىپ.
قولى بىرلە سالنى قىلىپ تەھرىگە⑤،
يۇرۇر ئېردى، تۇزدى شامال مەرىكە.
يۇرۇتتى چاقىندەك قىلىپ ئىزدىھام⑥،
يەنەكى جەزىرە سارى ئۇردى گام⑦.
قىراقغە ئىكولان چىقىپ سالدىن،
دىدى شۇكرى ھەقغە بۇ ئەھۋالدىن.
ھىكايەت قىلىپ دەھرى ئاسارىنى⑧،
ئىكولان دىبان قەۋلى ئەخبارىنى.

---

① ئاھەڭ ئېتىپ — نىيەت قىلىپ.
② مىسلى باد — شامالدەك.
③ ئەمۋال — مال - مۈلۈك.
④ تەئەممۇل — چوڭقۇر ئويلاش.
⑤ تەھرىگە — ھەركەتلەندۈرۈش.
⑥ ئىزدىھام — توپلىنىش.
⑦ گام — قەدەم.
⑧ ئاسار — ھادىسە.

كىرىپ بىشە ئىچرە يىدىلەر غىزا،
ئىدى خورما ئاندا ئەدەدسىز تولا.
تىرىپ خورمالارنى سالىب ساىغە،
يەنە تۇردىلەر سەير ئىشغالغە.
مەئەل قىسسە يۈردى دېڭىزدا ئۈچ ئاي،
بۇ مۇددەت كورۈنمەس ئىدى ھېچ جاي.
ھېراسان① ئىدىلەر نەچە كۈن يۈرۈب،
ئۆزىن ئالدىلار ياخشى بىشە كورۈب.
بەناگاھ يەتتىكى ئىنسان ئۈنى،
دىدىلىكىم تۇغۇبدۇر سائادەت كۈنى.
كىلىب كورسەلەر بارچە تۇججارلار،
بىرى - بىرسىدىن نەقلى ئاسارلار②.
چۇ شەھزادە قىلدى بۇلارغە سالام،
ئەلەيك ئالدى سوڭرا دىدى: "ئەي بالام!
نە يەردىن كېلۇرسەن، بارۇرسەن قايان؟
نەدىن رەڭگى — رويۇڭ ئېرور زەپىران؟
بايان ئەتتى مەسئۇد ھەمە ھالىنى،
داغى ھەم دىدى قىزنىڭ ئەھۋالىنى.
ئىشىتتى بۇ سوزلەرنى تۇججار ئىلى،
تەلەتتوپلار ئەيلەب بەسارەت ئىلى③.
دىدى: "بىزگە شەھرى ئېرور "رابىتە"،

① ھېراسان — قورقۇش.
② نەقلى ئاسار — ھېكايە سوزلىگۈچى.
③ بەسارەت ئىلى — زىرەكلەر، دانىشمەنلەر.

قەدىمدىن ئاتابدۇر مۇنى "ۋاستە".
قىلىمىز بۇ يەردىن سەرەندىبغە ئەزم،
يۇرۇڭ بىرلە ئەيلەب بۇ يوللاردا جەزم».
دېدى شاھزادە: "قايودۇر يىقىن؟
بارالىكى ئاندا قىلىب مۇئتەمىن①.
بۇلار دېدى: "ۋاستە ياۋوقراق ئېرور،
ھاۋاسى نە ئانچەكى خوبراق ئېرور.
ئېرور شاھىمىز ئىسمى تاجۇل مۇلۇك،
ئۇزى پەقرپەرۋەر تۇرۇر خۇش سۇلۇك»②.
بۇ بىچارەلەركىم تابىب خوش خەبەر،
قوپۇب قىلدى "ۋاستە" سارىغە گوزەر.
بايان ئەتتى قىزغە نە كىم ئاڭلادى،
يىغى باشلادى چۇن سوزىن تىڭلادى.
"كى 'ۋاستە' غە تاجۇلمۇلۇك باش ئېرور،
بىلىڭكى ئانامغە قارىنداش ئېرور".
يېتىشتى شەھەرگە قىلىب يولنى سەير،
كىرىب شەھر ئىچىگە ئىشى بولدى خەير.
قىلىب قىزنى بىر ئوي ئىچىدە نەھان،
ئۇزى بولدى شەھنىڭ قاشىغە راۋان.
كىرىب شەھرىنى كىردى دىۋانىغە،
مۇلاقات بولدى جاھان بانىغە.
كى تەگرى سالامىن كېتۇردى بەجا،
ئەلەيك ئالدى سوزگە قىلىب ئىبتىدا.

---

① مۇئتەمىن — كوڭلى ئىمىن بولۇش.

② سۇلۇك — مۇئامىلە.

دېدى: "قاي سارىدىن كېلۇرسەن غەرىب،
نەدىن مۇنچە مېھنەتكە بولدۇڭ قەرىب؟"
كى شەھزادە قىلدى سوزىنى بايان،
يەنە قىزنىڭ ھەم زىكرىنى ئەتتى ئايان.
قۇلاق سالدى بىر-بىر ھېكايەتكە شاھ،
ئاقىب ياش كوزىدىن ئۇرۇب قاتتىق ئاھ.
قوپۇب چوست① بولدى ئاتىغە سۇۋار،
كورۇشمەككە قىلدى قىزىن ئىختىيار.
يېتىب باردى تاجۇل مۇلۇك يول يۇرۇب،
توشۇب ئاتىدىن شەھ بۇ قىزنى كورۇب.
كى پېشانەسىگە سويۇب يىغلادى،
بۇ قىز ھەم ئانىڭدەك ئويۇب يىغلادى.
ئاقىب كوزلەرىدىن چۇ خۇنابەئى،
يىقىلدى ئۇزىدىن كىتىب شابەئى②.
باشىدىن يولەب شاھى تاجۇلمۇلۇك،
ئاتا ماتەمىدەك بەسى قىلدى سۇك③.
كى قىلغال ئىبەردى سەرەندىبغە كەس④،
بۇلارنى ئويىگە قىلىب مولتەمەس⑤.
ئالىب كەلدى قىزغە مەھاپە بەلەند،
كى مەسئۇدنى توتتى بەسى ئەرجۇمەند⑥.

---

① چوست ـــ چاققانلىق.

② شابە ـــ قىز، چوكان.

③ سۇك ـــ ھەسرەت، غەم-قايغۇ.

④ كەس ـــ كىشى.

⑤ مولتەمەس ـــ تەكلىپ، ئىلتىماس قىلىش.

⑥ ئەرجۇمەند ـــ ئېزىز، قىممەتلىك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىب ئات، قىممەت باھا جامەلار①،
كى دىۋان ئارا تۈزدى ھەنگامەلەر②.
سەرەفراز ئېتىپ ناز ـ نىئمەت بىلە،
ئۆتتۈپ نەچچە كۈن ئەيش ـ ئىشرەت بىلە.
دىدى خەستە دىلغە③ شاھى "ۋاستە":
"قىلالى سەرەندىب سارى رابىتە.
بۇ قىزنى قىلالى ئاتاسىغە ۋەسل④،
كى خونابە يۇتقان ئاناسىغە ۋەسل.
دىدى كوڭلى غەمكىن خوشھال ئېرور،
پەقىر مۇستەمەندغە بۇ ئىقبال ئېرور".
قىلىب مەشۋەرەتنى⑤ كى تاجۇلمۇلۇك،
ئەدەدسىز ئارابە ئۆزە قويدى يۈك.
چىقىب نەچچە خادىم ئۇنى ئەرگەشىب،
قىلىب تەي⑥ يولىن كوب داۋاننى ئاشىب.
چۇ شەھزادە بىرلە شاھى "ۋاستە"،
ئاغا ۋە ئىنىدەك قىلىب رابىتە.
بىر ئايدىن زىيادە يۈرۈپ ئېردى يول،
كى شەھرى سەرەندىبغە بولدى ۋەسۇل⑦.

① جامە ـــ كىيىم ـ كېچەك.
② ھەنگامە ـــ بەزمە.
③ خەستە دىلغە ـــ مەيئۇسقا.
④ ۋەسل ـــ يەتكۈزۈش.
⑤ مەشۋەرەت ـــ مەسلىھەت.
⑥ تەي قىلماق ـــ يول باسماق.
⑦ ۋەسۇل ـــ يېتىپ كەلمەك.

ئاڭا يىغلار ئېردى سەرەندىب شەھى،
ئاناسىنىڭ ئۇلغان ئىدى چوڭ بەھى①.
قىزى كەلگەنىنى قىلىب ئىستىما②،
بولۇب غەم تاغى كوڭلىدىن ئېرتىفا③.
ئىكولان قىزىنىڭ چىقىب ئالىغە،
نەچە مىڭ كىشى كەلدى ئىستىقبالىغە.
سەبىل④ ئۇزرە مەمنۇن بولۇب ئىككى خىل،
سەرەندىبغە ئانداغ يۈرۈب مىسلى سىل.
كى تاجۇلمۇلۇك بىرلە شاھزادەنى،
ئەسىر ئەيلەگەن ئەبر مىھزادەنى.
تەكەللۇف قىلىب شاھى دىۋانىغە،
ئالىب كىردىلەر قەسرى ئايۋانىغە.
تۈزۈب بەزم چەكتى رىۋايەتكە تىل،
جاھان ۋاقىئاتىن قىلىب قال ـ قىل⑤.
قىلىب شاھى تاجۇلمۇلۇك ئانچە راز⑥،
كى مەسئۇد ھىكاياتىغە كەلدى باز⑦.
نە ئىشلار كېلىبدۇر ئانىڭ باشىغە،

---

① بەھى — ياخشىلىق، خوش پېيىل.

② ئىستىما — ئاڭلاش.

③ ئېرتىفا — كوتىرىلىش.

④ سەبىل — يول.

⑤ قال ـ قىل — پاراڭ.

⑥ راز — سىردىشىش.

⑦ باز — يەنە.

ھەدەف① بولغانىنى پەلەك قاشىغە.
نە جەڭلەرنى قىلدى پەرى بىرلە ئول،
ئون ئۈچ يىلدىن ئەفزۇن② قىلىب سەير يول.
نە خىزمەتلەر ئەتتى شەكەرخەندىغە③،
كى شاھى سەرەندىب جىگەربەندىغە④.
بۇ مەجلىسدە ئانداغ تۈزۈب داستان،
ئىشىتكەننى قىلدى سەراسەر⑤ بايان.
ئەمىرى سەرەندىب ئىشىتتى سوزىن،
قىلىب چەشمە ياغلىغ كى ئىككى كوزىن.
دىدى: "كەلتۈرۈڭلار مەسئۇدنى،
موھەييا قىلىڭ مەي بىلەن ئۇدنى⑥.
قىلاي تەختىم ئۇزرە زىياپەت ئاڭا،
كى زەر يىبتىن تونلار ئىنايەت ئاڭا!"
ئالىب كىردى چىرلاب ئۇنى شۇل زامان،
سالام قىلدى شەھنى كورۇب نەۋجۇۋان.
كى تاجۇلمۇلۇكدىن بىلىب ئەرجۇمەند،
قويۇب بەردى فىلھال سەردىرى بەلەند.
چىقىپ تەخت ئۇزرە ھەم ئولدى جەلىس⑦،

---

① ھەدەف — نىشان.
② ئەفزۇن — ئارتۇق.
③ شەكەرخەندە — شىرىن كۈلكە.
④ جىگەر بەند — بالا، پەرزەنت.
⑤ سەراسەر — باشتىن - ئاياق.
⑥ ئۇد — بىر خىل ساز قورالى.
⑦ جەلىس — سوھبەتداش.

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى شاھى سەرەندىب بىلە ھەم ئۇنىس①.
مەتائى ھەردىردىن بىرىب جامەئى،
ئۇچۇيلەن ئەجەب تۈزدى ھەنگامەئى.
تەكەللۇملار ئەيلەب چۇقەندىن نابات،
دىدى: "بولسام گەر دەھر ئىچرە ھايات،
ئەگەر بولسا كوڭلۇڭ ھەزىن ئىشتىباھ②،
باشىڭنى سىلاب ھەم بولايىن پاناھ.
قوبۇل ئەيلەسەڭ بەلكى پەرزەند ئىتەي،
كى نەۋرەس نىھالىمغە پەيۋەند ئىتەي.
مېنىڭ تابىئىمدا ئېرور نەچچە شەھر،
بىرەي تاپسا كوڭلۇڭ ئانىڭ بىرلە بەھر».
دىدى: "شاھزادە دىلىم خەس ئېرور،
بۇ قىلغان كىرامىڭ ماڭا بەس ئېرور.
قىلۇر ئېردى سۇلتان نەسىھەت ئاڭا،
قىلىڭ سەبر ـ تاقەت، باقىڭ دەپ ماڭا.
كى پەرزەند ئەيزون قىلىب پەرۋەرىش،
دىمەڭ يات ھونەرنى بىلىڭ بەلكى خىش.
نە ئىشنى قىلۇرغە قىلۇرسىز خىيال،
قىلىڭ بى تەۋەھھوم كى بولماڭ خىلال"③.
ۋەلى شاھزادە يۈرۈب باشى مەست،
بۇ ئىززەتكە بولماس ئىدى پاي بەست④.

---

① ئۇنىس ــ ئۇلپەت.
② ئىشتىباھ ــ گۇمان، كوڭلى غەشلىك.
③ خىلال ــ ئىككىلەنمەك.
④ پاي بەست ــ چۈشەلمەك، باغلىنىپ قالماق.

تۇرۇپ مۇندا ئۇل ھوكمى ئالى بىلە،
مەگەر دىلبەرنىڭ خىيالى بىلەن.
كەل ئەي ساقى ساغەر ماڭا تۇت مۇدام!
سېنىڭ بىرلە مەجلىس تۈزەي سۇبھ — شام.
ئىچىپ مەسلىكدىن تاپىپ ۋەھد ھال،
كى مەھبۇبۇم ئىلە قىلاي قىلو ـ قال.

**شاھزادە (مەسئۇد) دىلئارا فىراقىدا گىريان ۋە پەرىشان ھال بولغانى، پادىشاھى سەرەندىب تەسكىن خاتىرە ئۈچۈن شاھزادەنى شىكارغە ئاتىپ چىقىپ، يانىپ كەلگەنىدە سابىتنى سەرەندىبنىڭ گۈزەرگاھىدا كورۇپ، ئىككولان مۇلاقات بولغانى**

رەقەمكەشكى پىكرىن قىلىپ كاۋىشى①،
بۇ ياڭلىغ بىرۇر سوزگە ئارايىشى②.
چۇ مەسئۇدنى خەيلى غەم③ئەتتى زەبۇن،
تۇزۇك④ قەددى كوكدىن بولوپ سەرنىگۇن⑤.
قىلۇر ئېردى دايىم دىلئارا سوزىن،
كى خوناب غەمدىن قۇرۇتماي كوزىن.
دىدى شاھ: "قىلما دىلىڭنى مەلال،

① كاۋىش — قېزىش، كولاش.
② ئارايىش — زىننەت.
③ خەيلى غەم — غەم لەشكىرى.
④ تۇزۇك — تۈپ ـ تۈز، كېلىشكەن.
⑤ سەرنىگۇن — بېشىنى تۆۋەن قىلىش.

بۇگۈن ـ ئەرتە مەھبۇب كېلۇر ئېھتىمال“.
كى شاھزادە ئەيلەب ئىدى ئىزتىراب،
ئەكىچە ـ نە كۈندۈز يېۇلغە قاراب.
تەسەللى خاتىر دىبان شەھرىيار①،
دىدىدىكىم، ”قىلالى شىكار ئىختىيار“.
ئالىب كەلدى مىنمەك ئۈچۈن ياخشى ئات،
كى زەررىنە②، زىن پوش③ ئىدى قاتمۇ ـ قات.
چۇ شەھزادە مەيلى شىكار ئەيلەدى،
چاپىب ھەر تەرەپكە شىتار ئەيلەدى.
يانىب كەلدى ئاۋدىن خالايىق تامام،
بىرىسى بىرىدىن قىلىب ئىزدىھام④.
كى بىچارە غەمكىن يۈرۈب مىسلى تەير،
ھەممە كوچىلاردا قىلۇر ئېردى سەير.
مۇلاقات بولدى ئاڭا بىر كىشى،
ئۇزى خاكسارو گادايلىق ئىشى.
كىيىب جىسمىغە بىر دەرىدە⑤ چاپان،
ساچىدۇر پەتىلە⑥، يۈزىدۇر سامان.
باشى ھەم بەرەھنە⑦، ئاياغى ياياق،

---

① شەھرىيار — پادىشا.
② زەررىنە — ئالتۇندىن تىكىلگەن.
③ زىن پوش — يوپۇق.
④ ئىزدىھام — تىقىن، تىقىلىش.
⑤ دەرىدە — يىرتىق.
⑥ پەتىلە — تۇگۈن ـ تۇگۈن.
⑦ بەرەھنە — يالىڭاچ.

بىلدە تانايو قولىدا تاياق.
ئاقار ياش كوزىدىن ئۇنىڭ دەمبەدەم،
بىرىب روزە① كورگەن كىشلەر دەرەم.
گۇمان قىلدى شەھزادە كورگەن زامان،
مەگەر سابىت ئولغاي مەكنو ماكان②.
دىدى بىر كىشگە: "ئالىب بار مۇنى،
قاچۇرماي نىگەھبانلىق③ ئەت ھەر كۈنى".
كى شەھزادە ئەمرىن ئاۋان④ بىلمەدى،
ئىشارەت سوزىنى قىياس قىلمادى.
دىدىلكىم، "بۇ سايىل⑤ گۇناھكاردۇر،
ۋە كوچىلاردا دىلئازاردۇر".
ئالىب باردى زىندان ئارا قىلدى بەند،
كى سابىت بۇ ئىشغە قىلۇر ئىردى خەند.
يانىب تۈشتى مەسئود ئۇنۇتتى ئۇنى،
ئوتۇب كەتتى ئۈچ كۈن دىمەدى قەنى.
كى تورتۇنچى كۈندە كېلىب يادىغە،
كى بىچارەنىڭ يەتتى فەريادىغە.
دىدى: "كەلتۈرۈڭلەر مۇساپىرنى تېز،
نەيەردىن كېلىبدۇر ئۇنى بىلگەمىز".

---

① روزە — ئۇلۇش.
② مەكنو ماكان — بىر جايدا تۇرۇپ قېلىش.
③ نىگەھبانلىق — قاراۋۇللۇق.
④ ئاۋان — شۇ مىنۇتتا.
⑤ سايىل — تىلەمچى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى

ئالىپ كەلدى فىلھال سىپاھى① بارىپ،
يىتىپ كەلدى سابىت يۈزى سارغارىپ.
دېدى شاھزادە: "نەدۇر ھالىڭىز؟
موغەييەر② بولۇبدۇركى ئەھۋالىڭىز.
دېدى: "سالدى زىندان ئىچىگە مېنى،
دېبان ھوكم قىلدى بۇ ئىشغە سېنى".
غەزەپ قىلدى مەسئۇد نىگەھبانىغە كوپ،
قىساسىغە ئاندىن تۇتۇپ ئۇردى چوب③.
كى قوغلاب چىقاردى ئۇنى تاشقارى،
كى سابىتنى باشلاب كىرىب ئىچكەرى.
دېدى شەھزادە: "بايان قىل ماڭا،
سوزۇڭنىكى بىر-بىر ئايان قىل ماڭا".
مۇساپىر كوزىدىن ئاقىزدۇردى ياش،
بارى ئوتكەن ئىشنى ئاڭا قىلدى پاش.
سوزىن قىلدى مەسئۇد دىلو جاندا پەھم،
يىقىلدى بۇ ياڭلىغ تىگەر قوشغە سەھم④.
گۇمان ئەتتى تۇرغان مەخادىملارى⑤،
دېدى دۇشمەنىدۇر مولازىملارى.
كورۇب توشتى كوڭلى ئارا ۋەھشەتى،
كى بىھۇش بولدى يىتىپ ھەيبەتى.

---

① سىپاھى — بىر ئەسكەر.
② موغەييەر — ئۆزگەرگەن.
③ چوب — تاياق.
④ سەھم — ئوق.
⑤ مەخادىم — خىزمەتچى.

چىقاردى ، غەرىبنى بۇ يەردىن سوقۇپ،
زەغەن، چۈغزى① ياڭلىغ باشىغە چوقۇپ،
ئوزىن قىلدى پىنھان تاپىپ بىر خالا،
دىدىكىم، باشىمغە كىلىبدۇر بالا.
كى مەسئۇدنىڭ ئەقلى بولۇپ ئېردى مەھۇ②،
ياتىپ سائەتىدە يەنە بولدى سەھۇ③.
كوكولداش سوردى باقىپ ھەر قايان،
دىدى: "قايدا باردى ھەمول مىھرىبان؟"
دىدى ئەل: "چىقاردۇق ئانى تاشقارى،
تاياق بىرلە ئۇردۇق كېتىبدۇرنارى".
كى شەھزادە قاتتىق چىكىپ ئاھ سەرد④.
دىدى: "دۇشمەن ئېرمەس، ئېرور شىرمەرد.
گۇنەھسىز قىلىبمەن بۇ يەردىن يىراغ،
ئانى مەن تاپارغە كوڭۇل ئېردى داغ.
تاپىب يەتكۇرۇڭلەر قاشىمغە ئانى،
ئېرور ئاز پىر ئەتسەم باشىمغە ئانى".
چۇ شەھزادە ئەمرى تاپىپ ئېردى ئەۋج،
چىقىپ خەلق ئىستەب ئۇنى مەۋج-مەۋج.
بەناگاكى تاپتى ئانى بىر كىشى،
ياتىپ ئېردى مەخپى بولۇپ دەرۋىشى.
ئالىب يۇردى مەسئود قاشىغە راۋان،

① زەغەن — قاغا، چۈغىز — ھۇقۇش.
② مەھۇ — يوقلىش.
③ سەھۇ — تىتىك، ھۇشيار.
④ ئاھ سەرد — سوغۇق ئاھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

دېدى: بولدۇڭ ئەمدى بۇ يەردە ئامان.
ھاماناكى كوردى كوكولداشنى،
قۇچاقىغا ئالدى توكۇب ياشنى.
دېدى، قىلما ۋەھشەت①، ۋاپادارىغە،
كى ئىسمىنى ئىزھار ئېتىب يارىغە.
يىراق ئۇچتى ھۇشى ئىشتكەن زامان،
يىقىلدى ئەتتى كى، ئولدى، گۇمان.
كورۇب شاھزادە قىلىب ئىزتىراب،
ساچىب ھەمدەمىنىڭ يۇزىگە گۇلاب.
كېلىب ھۇشىغە ئول كوتەردى باشىن،
كى سەيلاب② ياڭلىغ ئاقىزدى ياشىن.
كى مەيخارەلەردەك ئىكاۋىيىردى مەست،
تەسەللى خاتىر بىرىب بولدى پەست.
كىيەرگە كېتۇردىكى ئول دەم لىباس،
كىيىب تونىنى ئالدى چۇشاھى ئاساس.
ئالىب كىردى قەسرى ئارا ئىچكەرى،
تۇرۇب نەچچە خادىم چۇ كۇك ئەختەرى③،
قىلىب ئەيش - ئىشرەت بىلە بولدى سىر،
بەسى كوردى دولەت بۇ ئىككى ئەسىر.
خۇدا پەزل قىلدىكى سابىتغە ۋەھ،
ئۇنىڭ ھالىدىن ھەم خەبەر تاپتى شەھ.

---

① قىلما ۋەھشەت ــ قورقما.

② سەيلاپ ــ كەلكۈن، تاشقىن.

③ چۇكۇك ئەختەرى ــ ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.

كېلىپ كوردى تۇتتى بەسا① ئەرجۇمەند،
بولۇپ شاد خۇررەم ئىككى مۇستەمەند.
قىلىپ جەمئ بارچە ئاكابىرلارىن②،
ئالىپ كەلدى ساقى سىمەنبەرلەرىن③.
موغەننىلار ئەيلەپ نەۋا سازلىق.
بولۇپ ئوي ئىچرە نەغمە پەردازلىق.
تۇتار ئېردى ساقى دەمادەم④ ئاياق⑤،
بولۇپ مەست، ھېچكىم ئەمەس ئاندا ساق.
ئەدەم بولدى پەرتەۋ بولۇب كۈن فرود⑥،
سىيە جۇرمى باشتىن كوتەردى سەئود⑦.
كى سابىتنى ئانچە قىلىپ سەرفەراز،
دىدىكىم، بايان قىل ماڭا ئانچە راز⑧
قويۇب ئورنىدىن ئول تاۋازو بىلە،
دىدى ئوتكەن ئىشنى قىلىپ سىلسىلە⑨،
چۇ شاھى سەرەندىب ئىشتكەن ھامان،
بۇ كۈنلەرىن كورمەس دىدى ھېچ جان.

---

① بەسا — كوپ، تولىمۇ.
② ئاكابىر — ئۇلۇغلار، مەنسەپدارلار.
③ سىمەنبەر — كۈمۈش بەدەن.
④ دەمادەم — توختىماستىن، ئۈزلۈكسىز.
⑤ ئاياق — كاسا، قەدەھ.
⑥ فرود — تۈۋەنلەش.
⑦ سەئود — كوتىرىلىش.
⑧ راز — ئىچكى سىر.
⑨ سىلسىلە — زەنجىر، رەتلىك، سىپتىلىق.

نەكىم كوردى مەسئود ئانى كوردى ئول،
نە يوللار كەزدى كىرىب يۇردى ئول.
مەئەل قىسسە مەسئود ئىدى غەم بىلە،
كىچە ـ كۇندۇز ئانىڭ كوزى نەم بىلە.
سورار ئېردى هەر كۇن دىلئارانى ئول،
كوكۇل مۇلكىن ئالغان سۇمەنسانى① ئول.
كىرىب باغ ئىچىگە ئىكى خەستە دىل،
مەي ئىچمەككە ئوزنى قىلىب مۇشتەغىل②.
تۇرۇب ئېردى سائەت هاۋا بولدى گەرد.
شىتا③ پەسلى ياغلىغ زامان بولدى سەرد④.
بولۇب چۇن سامانىڭ يۇزى قىپقىزىل،
قاراۋو سارىغو هەم ئاقو ياشىل.
چۇ بىر لەمهە⑤ قەۋسى ـ قەزەھ⑥ چەكتى ياي،
تولۇئ⑦ ئەيلەدى كەينىدىن تولۇن ئاي.
نۇزۇل⑧ ئەيلەدى باغ ئارا نىك بەخت،
كى چەتر ئارا قۇردى زەررىنە تەخت،
چىقىب تەخت ئوزرەكى تابان كەبى،

① سۇ مەنسا ـــ گۇلبەدەن.
② مۇشتەغىل ـــ شۇغۇللىنىش.
③ شىتا ـــ قىش.
④ سەرد ـــ سوغۇق.
⑤ لەمهە ـــ بىر دەقىقە، پەيت، ئان.
⑥ قەۋسى ـ قەزەھ ـــ هەسەن ـ هۇسەن.
⑦ تولۇئ ـــ چىقماق.
⑧ نۇزۇل ـــ چۈشۈش.

نەماھكى، خۇرشىد رەخشان① كەبى.
چۇ بەرپا قىلىپ خىمە② ۋە بارگاھ،
پەرىلەر قىلىپ باغنى جايگاھ.
دىلئارا چىقىپ تەختكە ناز ئىلە،
پەرىلەر تۇرۇپ بارچە ئەئزاز ئىلە.
مەلىكە كىرىبان سالام ئەيلەدى،
تۇرۇپ يەر ئۆپۈپ ئىھتىرام ئەيلەدى.
دىلئارا كورۇپ بولدى ھەيرەتتە لال،
دىدى: "ئەي مەلىكە بايان ئەيلە ھال!"
چىقىپ ئالدىغە مەرھەبا ئەيلەدى،
رەفاقەت③ رۇسۇمىن ئادا ئەيلەدى.
دىدى: "قايدا ئېردىڭ ماڭا قىل بايان،
نەئىش ئۆتكەنىن ئەيلە بىر-بىر ئايان.
قايۇ زالىمغە گىرىپتار ئىدىڭ،
قايۇ جايدا رەنجى بىمار ئىدىڭ،
ئاتا جانىغە سالىپ ئېردىڭ فىراق،
ئاناڭ كوڭلۈگە يۈز تۈمەن ئىشتىياق".
دىدى ئۇل: "ئايا خوبلار سەرۋەرى،
مېنى قەيد قىلغان ئىدى بىر پەرى.
نەچە يىل يۈرۈپ ئىلكىدە ئىنتىزار،
كى يىغلار ئىدىم ئەيلەبان ئاھ-زار.
خۇدا رەھىم ئېتىپ ئەيلەدى ئىلتىپات،

① رەخشان — پارلاق.
② خىمە — چېدىر.
③ رەفاقەت — يولداشلىق.



AltunOq

كىلىپ ئاندا بىر شەخس بەردى نىجات.
چۇ قەتىل ئەتتى ئۇلدەم پەرىزادنى،
ئۇنىڭ جانىغە قىلدى بىدادنى.
تۈمەن رەنج ئىلە قىلدى ئاندىن خالاس.
بەرەيى خۇدا① قىلدى جانىمغە خاس.
ئاڭا نام شەھزادە مەسئۇد ئېرۇر،
ئانىڭ زاتىدا پەزل مەئبۇد ئېرۇر.
ئەجەب دىلرەبا، شوخ بەرنا يىگىت،
ئۇزى سەرۋ قەد تۇرپە دەنا يىگىت.
ۋەپا بەھرىدە ئۇلكى دۇررى يىتىم،
قىلىب پاك تىنەت② خۇدايى كەرىم.
بەشەر جىنسىدە ماھ تاباندۇر ئۇل،
شاھىنشاھلىق تەختىدە خاندۇر ئۇل.
بىراۋ سورەتىگە كىرىپتار ئىمىش،
ئانىڭ ئەسلىدىن بى خەبەردار ئىمىش.
جاھانغە كىلىبان كورۇبتۇر مىسال،
ھەمول مىسلىدىن زاھىر ئولماي ۋىسال.
ئۇن ئۇچ يىل يورۇب تابىمامىش بىر نىشان،
بۇ ھەسرەت بىلە بولمىش ئازوردە③ جان".
دىلئارا دىدى: "قايىدادۇر ئۇل جۇۋان،
ناھاندىن④ نازارە قىلاي بىر زامان".

---

① بەرەيى خۇدا ـــ خۇدانىڭ رەيى بىلەن.

② تىنەت ـــ مىجەز، تەبىەت.

③ ئازوردە ـــ قايغۇ ـ ئەلەم.

④ ناھاندىن ـــ يوشۇرۇن جايدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىدىكىم، "مەلىكە، بۇ مەئۋادادۇر،
خىيالى ئۇنىڭ سەرۋ ئازادەدۇر①".
دىلئارا قىلىپ كورگەلى ئىزتىراب،
كىلىپ كوردى چۇن روزەنە② دىن ماراب.
يەدى بىر نەزەردە پەرى تىرى ئىشق③،
شىكار ئەتتى ئولدەم ئۇنى شىر ئىشق.
كويۇب ئىشق ئوتىغە نىستان④ كەبى،
بۇ ئوتدا بولۇب مار بىجان⑤ كەبى.
تەھەممۇل⑥ قىلىپ تۇردى بىر دەم قاراب،
چىكەر ئېردى مەسئۇد سەرۇدى⑦رەباب.
ئوقۇب ئېردى ئوز ھالىغە بىر غەزەل،
دىلئارا ئىشىتتى تۇرۇب ئول مەھەل.
چۇ مەزمۇنىدۇر بويى دەردو فىراق،
مىسالى يېقىندۇر ۋىسالى يىراق.
تەرەننۇم⑧ قىلۇر ئېردى ئەيلەب نەۋا،
نەۋاسىدا بۇ مەئنى ئېردى ئادا.

---

① سەرۋ ئازاد — كېلىشكەن، خۇش قامەت.
② روزەنە — توشۇك، كاما.
③ تىرى ئىشق — ئىشقنىڭ ئوقى.
④ نىستان — قومۇشلۇق.
⑤ ماربىجان — جانسىز يىلان.
⑥ تەھەممۇل — سەۋرى - تاقەت.
⑦ سەرۇد — كۈي، ناخشا.
⑧ تەرەننۇم — كۈيلەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غەزەلى مەسئود

خىلئەتى① جانغا مۇنەققەش بولدى جانان سۇرەتى،
بولدى جانان سۇرەتى بۇ جىسمىم ئارا جان سۇرەتى.
جاننى جانانغە نىسار ئەتتىم پەرىمۇ، ھۇرمۇ،
قالمادى ئەي دوستلار كىم مەندە ئىنسان سۇرەتى.
ئىزدىبان كەزدىم جاھاننى تابمادىم سالىب سوراغ،
زارنى سەرگەشتە② ئەيلەب قىلدى ھەيران سۇرەتى.
ئوتغە توشكەن قىل كەبى جانىمنى ئەتتى پىچ - پىچ③،
ھەلقە - ھەلقە ئەيلەدى زۇلپى پەرىشان سۇرەتى.
خەنجەرى ھىجران ھۇجۇمى ئەيلەدى باغرىمنى چاك،
بىر قىيا باقماق بىلە ئول غۇنچە خەندان سۇرەتى.
تىرە كوڭلۇمنى مۇنەۋۋەر ئەيلەسە يوقتۇر ئەجەب،
نەييىرى④ ئەزەم بولۇب خۇرشىد رەخشان سۇرەتى.
تەلبەراي ئەتتى كوڭۇل يادى بىلە مەجنۇن كەبى،
ئەيلەدى ئالەم ئىلىدىن بىزنى پىنھان سۇرەتى.
رەھم ئىتىب مەن تەلبەگە قىلسا ئوزىنى ئاشكار،
زاھىر ئولغاي ئول پەرىدىن لۇتپى ئىھسان سۇرەتى.
ئولگۇچە قىلسام تەلەب ۋەسلى مۇيەسسەرمۇ ئىكەن،

---

① خىلئەت — تون.

② سەرگەشتە — ھەيران، ئازغۇن.

③ پىچ - پىچ — تولغانماق.

④ نەييىر — يورۇق، نۇر.

ئەسلىنى تابماق بەسى مۈشكۈلكى ئاسان سورەتى.
دانە ـ دانە ئەيلەسەم ئەشكىمنى① ئەبرى② چۈن باھار،
كوزدىن ئاقغان سۇ بولادۇر لەئلى رومان③ سورەتى.
ئەيتىب ـ ئەيتىب يىغلاساڭ مەسئود يوقتۇر ھەمدەمىڭ،
بىداۋا دەردىڭگە بولماي سىھھەت ئىمكان سورەتى.

دىلئارا ئىشىتتى بۇ ياڭلىغ ماقال،
تۇشۇب ئول زامان جانىغە ئوزگە ھال.
زامانى كېتىب ھۇشىدىن ئول پەرى،
بۇ قىز ھەم بولۇب ئول پەرى ياۋەرى④.
سېپىپ يۈزىگە بويى ئەنبەر گۇلاب،
پەرى ئول زامان ئەيلەدى تەركى خاب⑤.
بۇ ھەم ئاشقانە سەرود ئەيلەدى،
قولىغە ئالىب ساز ئود ئەيلەدى.
دىبان ئىشقى ھەرپى بىلە نەچچە سوز،
پەرى ھەم بەشەرغە ناھان تىكتى كوز.

## غەزەلى دىلئارا

تۇتاشتى بىر كورۇب ئوتلۇغ يۈزۈڭنى شوئلەئى ھىجران،
ۋوجۇدۇمنى كۆل ئەيلەب، ئەيلەدىڭ توپراق بىلە يەكسان.

---

① ئەشك ــ كوز يېشى.
② ئەبر ــ بولۇت.
③ رومان ــ ئانار.
④ ياۋەر ــ ياردەمچى.
⑤ تەرك خاپ ــ ئۇيقىنى تاشلاش.

كېلىپ مەن قافتىن① تائىشقىنىڭ قافىغە بولدۇم بەند،
تىلسىماتى مۇھەببەتدىن خالاس ئولماق ئەمەس ئىمكان.
ھەدەڧ② قىلدى قاشىڭ يايى خەدەڭى③ خەستە كوڭلۇمنى،
ئورۇن تاپتى كوڭۇلدا جاندەك ئول شىرئىلەلىق پەيكان.
كوڭۇل پەرۋاز ئەيلەب بۇ زامان شىرىن كالامىڭدىن،
چىكەر يادىڭ بىلە بۇلبۇل مەسەللىك ھەر زامان ئەفغان.
نەچە يىل چەكسەڭ ھىجران ئىچرە كىم رەنج ئۇقۇبەتنى،
كورۇبمەن مىڭ ئۇقۇبەت ئاھكىم ھەجرىڭ ئارا پىنھان.
ھۇمايۇن ئېردىم ئەمما دامى ئىشقىڭغا بولۇبمەن قەيد،
چىگىلمىش رىشتەسى جانغە قۇتۇلماغلىق ئەمەس ئاسان.
قىلىب بىتاب جىسمىمنى نىتەيكىم ئىشقى تىرەڭكى،
جاھاندا بارمىدۇر مەندەك بالا دەشتى ئارا قالغان.
نەۋا ئەيلەب مۇھەببەت بىرلە بىزنى بىنەۋا قىلدى،
كى قوزغاب جان قۇشىنى داغكىم بۇ سەۋت④ ئىلە ئەلھان⑤.
جامالى پەرتەۋىدىن⑥ روشەن ئەتتى تىرە كوڭلۇمنى،
ئانىڭدەك كىم مونەۋۋەر قىلدى چاھنى⑦ يوسۇپى كەنئان⑧.

---

① قاف — كويىقاپ تېغى.

② ھەدەڧ — نىشان.

③ خەدەڭ — ئوق، ئوق - يا ئوقى.

④ سەۋت — ئاۋاز.

⑤ ئەلھان — كۈي، كۈيلەش.

⑥ پەرتەۋ — نۇر، يورۇق.

⑦ چاھ — قۇدۇق، زىندان.

⑧ يۇسۇپى كەنئان — كەنئانلىق يۇسۇپ (يۇسۇپ پەيغەمبەر).

ۋەفا مەۋجۇد ئەمەس جىنسى بەشەردىن مەن گۇمان قىلسام،
سەرىشتىدۇر① تاغافۇل② لايىدىن مۇشتەق③ ئېرور نىسيان④.
غەمى ئىشقىڭ كوڭۇلدا باغلانىب ئانداغكى توبەرتو⑤،
بولۇبدۇر كوڭلۇم ئىچرە بەستە-بەستە غۇنچە ياڭلىغ قان.
دىلئارانىڭ دىلىنى ئالدى دىلبەرلىكىم نەۋا ئەيلەپ،
ئانىڭ يادى بولۇبدۇر بۇ كوڭۇل تەختى ئۇزە سۇلتان.

دىلئارا نەۋا چەكتى مۇنداغ كالام،
چۇ مەسئۇد دىماغىغە يەتتى مەشام⑥.
چىقىب ئول زامان خانەدىن تاشقارى،
نە كوردى يانىدا تۇرۇبدۇر پەرى.
كى مەھبۇب كورەرنى قىلىب ئارزۇ،
تۇرۇب ئېردى بولدى ئىكاۋ روبەرۇ.
چۇ مەسئۇد كوردى سالام ئەيلەدى،
پەرى ھەم يىگىتكە قىيام ئەيلەدى⑦.

---

① سەرىشت — يارىلىش؛ ئارىلاشما.

② تاغافۇل — كورۇشنى خالىماسلىق، مەنسىتمەسلىك.

③ مۇشتەق — ئىشلەنگەن، ياسالغان.

④ نىسيان — ئۇنتۇش، ئەستىن چىقىرىش.

⑤ توبەرتو — ئىچ-ئىچىگە.

⑥ مەشام — پۇراق، ھىدلاش.

⑦ قىيام ئەيلەدى — قوپتى، ئورنىدىن تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# رۇبائى مەسئۇد

شۇكرى لىللا يارنى كوردۇم ئىنايەت باغىدا،
ئۆيلەدۈركىم غۇنچە ئاچىلدى گۈل ياپراغىدا.
ئۆزىدەك سەرگەشتە ئەيلەب دەھر ئارا چەرخى نىگۈن①،
ۋەھشى قىلغان ئېردى كوڭلۈمنى بەلىيەت تاغىدا.

مۇلاقات ئولۇب ئول كىچە سەرۋ گۈل،
تۇتۇب جام زەررىندە② بىر-بىرگە مول③.
كورۇب دىلبەرنى بۇ شەۋكەت بىلە،
قالىب ئاندا مەسئۇدكى ھەيرەت بىلە.
"ئايا مەھۋەشا!④ يار جانىمۇسەن،
بۇ ئەفسۇردەگى تەن ئارا جانمۇ سەن؟
نەچە يىل چېكىب سەن ئۇچۇن رەنجنى،
زاماندىن كورۇب تۇرپە ئىشكەنجنى⑤.
بولۇب رەھنەمون⑥ بەخت كوردۇم جامال،
تاپىب بۇ كېچە تۇشمۇ ياخود خىيال".
دىلئارا دىدى: "ئىشقىلىك ئەتتى خاراب،

---

① چەرخى نىگۈن — تەتۈر پەلەك.
② جام زەررىن — ئالتۇن قەدەھ.
③ مول — شاراب.
④ ئايا مەھۋەشا — ئەي مەھۋەش!.
⑤ ئىشكەنج — ئازاپ، قىيناق.
⑥ رەھنەمون — يول باشلىغۇچى.

ئۆتۈك قىلدى جان دىلىمى كاباب.
كۆڭۈلنى سالىپ ئىشق زىندانىغا،
بەدەننى تىقىپ ھەجر خۇمدانىغا.
كىشى مەن كەبى مۇبتەلامۇ ئىكەن،
كى ھىجران ئارا بىنەۋامۇ ئىكەن".
ۋەساقىغا① باشلاپ خىرام ئەيلەدى،
كى ئۆيگۈنى كۆزدىن ھارام ئەيلەدى.
ماكانىغا تۈشتى يانىپ ئول پەرى،
قارار ئەتتى مەنزىل ئارا ھەربىرى.
ياتىپ كەلمەس ئەمما بۇلار ئۇيقۇسى،
كى ئاشىق، مەشۇق بولۇپ قايغۇسى.
پەرىزاد ئانچە پەرىشان ئىدى،
ئۇنى كۆرگەنگە پۇشايمان ئىدى.
مەلىكە پەرىنىڭ كىرىپ قاشىغا،
كۆرەر غەم ياغىپدۇر مۇنىڭ باشىغا،
دېدىكىم دىلئارا يۈزىگە قاراپ،
"نە بولدۇڭ بولۇپدۇركى چەھرىڭ خاراب؟"
دېدى كۆزلەرىنى قىلىپ ئەشكبار②:
"ئۆزۈڭىزنى مەندىن تۇتارسىزمۇ ئار.
راۋا كۆرسەڭىز گەر ئۇلۇمنى ماڭا،
قىلاي جان تەسەددۇق رىزامەن ئاڭا.
ئەگەر ئالىڭىزدا بولۇرمەن ئەدەم③،

① ۋەساق — ئۆي، تۇرار جاي.
② ئەشكبار — ياش تۆكۈش، كۆزگە ياش ئېلىش.
③ ئەدەم — يوقىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى قىلماسمەن ھەرگىز ئاڭا ھىچ نەدەم"①.
دىلئاراغە تەسىر قىلىب بۇ سوزى،
كى سارغاردى زەپەر كەبى گۇل يۈزى.
دىدىكىم، "ئىلاجىن قىلاي ئاڭا ھەم،
بۇ يول مىھنەتىدىن يىمە ئەسلى غەم.
مېنىڭ بىرلە ھەمراھ ئېرور نەچچە دىۋ،
قىلالماس ئىشىمغە ئۇلار پىكرى رەۋ②.
بۇدىۋلار بىرىگە قوشاي سىزنى مەن،
يېتەرسىزكى ئاندىن يۈرۈب بى مىھەن"③.
كى شەھزادە بولدى بۇ ئىشغە رىزا،
قوپۇب قىلدى تەزىم دىدى: مەرھەبا!
يەنە نۇكتە④ سۇردى دىلئارا ئاڭا:
"بۇ سوزلەرنى مەخپى دىدىم مەن ساڭا.
قاچان تۇت ئىچىڭدە يەنە قىلما پاش،
مەگەر پاش قىلساڭ ئۆزەڭ بىل ئاداش".
چۇ باغ ئىچرە سوزنى قىلىب ئول تامام،
ئۆزىنىڭ مەقامى سارى ئۇردى گام.
كىرىب كورسە خىمە⑤ ئارا نەچچە قەۋم،
سىكىن ماڭدى، قىلدى دىلئاراغە نەۋم⑥.

---

① نەدەم — پۇشايمان قىلىش.
② رەۋ — توساق.
③ بى مىھەن — قىيىنچىلىق تارتماستىن، ئوڭايلا.
④ نۇكتە — چوڭقۇر مەنىلىك سوز.
⑤ خىمە — چېدىر.
⑥ نەۋم — ئۇيقۇ.

ياتتى سائەتتە يەنە ئاتتى تاڭ،
پەرى خەيلى سالدى ئۇي ئىچرە پاراڭ.
نە پەرى، نەدىۋە مۇنى تۇيمادى،
مەگەر كىم دىلئارا كوزى ئۇيمادى①.
مەلىكە ئۇيىدىن كېلىپ ئەرتەگان،
دىلئاراغە قىلدى كالامى ناھان②.
دىدىكىم، "بۇياڭلىغ ئىرور ئىختىيار،
ئىرور خوب بولغاي مەگەر ئاشكار".
دىدى قىز: "بۇ سىرنى كىشى بىلمەسۇن،
پەرى - يۇ بەشەرگە خەبەر قىلماسۇن.
تاپايىنكى باغدا ماكانى خالا،
بۇ سوز بولماغاي ھىچ كىشىگە مەلا"③.
دىلئارا دىدىكىم، "بارىب چىرلاڭىز،
دەگىز كورسەتۇر يۈزىنى گۈل مەگىز!"
سويۈندى مەلىكە بويۈن قىلدى خەم،
بۇ سائەتنى گويا بىلىپ موغتەنەم④.
كى مەسئۇدغە قىلھال ئىبەردى كىشى،
ئۇزىگە بىرىپ ئانچە ئارايىشى.
"كېلىپ داخىل ئولسۇن پالان جايىغە،
مۇلاقات ئەيلەي ئۇنى ئايىغە".
چۇ شەھزادە ئاڭلاب قىلىپ خەندەئى،

① ئۇيمادى ــ ئۇخلىمىدى.
② كالامى ناھان ــ يوشۇرۇن سوز.
③ مەلا ــ ئاشكار.
④ موغتەنەم ــ غەنىمەت، مۇھىم پۇرسەت.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىيىپ قاتمۇ ـ قات جامە زىندەئى.
كەمەر بەندە زەررىن چۇ ئىقلىم خىراج،
ياساندى باشىغە قويۇب دۇررى تاج.
كېلىب چۇن كىرىب خانەئى خاس ئارا،
نەۋا باشلادى مىسلى داستان سارا.
ئۇتۇب نەچچە سوزلەر دىدى سوزنى ئەسل،
چۇ شەھزادە قىلدى ئايان كار ۋەسل.
ئىشىتتى دىلئارا بۇ تەقرىرنى،
قىلايىن بۇ ئىشنىڭكى تەدبىرنى،
دىدى دىۋ كەلسۇن ھەمىن پۇرسەتى،
يىتىب كەلدى بىر دىۋ قىلىب سۇرئەتى.
دىلئاراكى ئالدى قولىغە قەلەم،
يازىب نامە دىۋگە دىدى قوي قەدەم.
دىدى يانە بىر دىۋگە تۇتقىل مۇنى،
مامامىنىڭ قاشىغە يىتكۈرگىل مۇنى.
قاچان يەتسە سەندىن ئاڭا بىر شىكەنج،
ئىشىتسەم قىلۇرمەن ساڭا تۇرپە رەنج.
كېلىب دىۋ ئىشتىن قارار ئەيلەدى،
بۇ ياڭلىغكى مەركەب① سۇۋار ئەيلەدى.
كى بوينىنى ئانداغ تۇتۇب قۇچتى ئول،
ھاۋا جانىبىغە ئىتىك ئۇچتى ئول.
قاراسە كورۇنمەس ئىدى ھىچنىمە،
دىدى دىۋ ۋەھشەت قىلىب غەم يىمە.

① مەركەب ــ ئات ـ ئۇلاق.

يۇرۇپ بەئزى ھالەت بۇلۇتتىن ئىگىز،
كى يانىڭ ئوقتىن ئىدى بەلكى تىز.
ئىكى-ئۈچ كۈن ئۆتتى چۇ دىۋلار كېلىپ،
پەرى شەھرى ئوزرە ئوزىنى ئالىپ.
دىدى: "تۇشىگىل ئەمدى قارارىڭ بۇدۇر،
كورۇشكىل كىرىپ غەمگۈزارىڭ بۇدۇر.
كورەركىم شەھەرنىڭ ھەمە قەلئەسى،
زەر ئەندۇ① قىلغانكى شۇ بەسى.
جاۋاھىردا قىلغان ئىمارەتلارى،
ئېرور رەۋزە② ياڭلىغ تەراۋەتلارى.
ئاقار سۇلارى ئاب كەۋسەر كەبى،
گۈلىنىڭ بويى مۇشك ئەنبەر كەبى.
دىلئاراكى چەكمىش ئىدى خامەنى،
يىتۇرگىل دىبان دىۋگە ئول نامەنى.
بەسى سورئەت ئەيلەب كېلىپ ئىلگەرى،
بارىپ ئېردى كورمىش ئىدى ئول پەرى.
چۇ شەھزادە ئول يان سىكىن ئۇردى گام③،
كېرىپ قىلدى سەرۋى پەرىغە سالام.
كوزىدۇر كۈمۈش رەڭ، لىباسى قىزىل،
كويەر ئوتتا ئوخشا يۈزىدۇر قىزىل.
دىدى: "مۇندا كەلدىڭ نەۋەجھى بىلە،

---

① زەر ئەندود — ئالتۇن قاپلانغان.

② رەۋزە — جەننەت.

③ گام — قەدەم.

سوزۈگنى ماڭا قىل قىلايىن سىلە"①.
چۇ شەھزادە بىر-بىر دىبان سوزلەرىن،
تاۋازودا يەرگە قويۇب يۈزلەرىن.
بىلىب سەرۋ بانو مۇنىڭ ھالىنى،
كېلىب رەھمى سوردىكى ئەھۋالىنى.
دىدى: "ئادەمىزاد باشىڭنى كوتەر،
خۇدا خاھىش ئەتسە ئىشىڭىڭ پۈتەر.
بۇگۈن كەچكە قويماي ئەرەم باغىغە،
بارايىن ئىشىڭ سەئيى قىلماقىغە.
قىلاي سوزلەرىڭنى ئاناسىغە ئەرز،
قوبۇل ئەتسە ئەيلەي ئاتاسىغە ئەرز.
دىگەيمەنكى ئانداغ دەلىللار ئاڭا،
گۇمان يوق قىزىنى بىرۇر ئول ساڭا".
پەرى سەرۋبانو بۇ ياڭلىغ كالام،
كى قىلدى گۇلۇستانغە ئەيلەب خىرام.
چۇ مەسئۇدنى ئالدى كېلىب بىر پەرى،
يۇرۇب ئالدىدا يەل كەبى ئول قېرى.
يىتىب باردى ئول كۇن ئەرەم باغىغە،
ئەرەم يوقكى، تۇشتى سەنەم باغىغە.
دىدى سەرۋ: "تۇرغىل بۇ مەسكەن ئارا②،
ۋەلى ھازىر ئول بۇ نەشمەن، ئارا③

① سىلە ــ سوغات.

② مەسكەن ــ تۇرار جاي.

③ نەشمەن ــ ئولتۇراق جاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كى شەھبالغە ئەيلەي بۇ سوزنى بايان،
چىقىپ ئاندىن ئەيتاي ساڭا ھەم ناھان“.
چۇ مەسئۇدغە قىلدى بۇ يەرنى قارار،
ئوزى بولدى شەھبال سارىغە مەرار①.
تۇرۇپ قالدى ئاندا بەسى غەم بىلە،
شەجەرنىڭ تۇبىدە كوزى نەم بىلە.
كى دەپئىمالال② ئول قىلۇر ئىردى سەير،
كى باغ ئىچرە سايرار ئىدى نەچچە تەير③.
ئىرور تەرزى ئانداغكى جەننەت نەما④،
تەۋەسسۇپ بىلە ئەسلى كەلمەس بەجا.
كېلىپ خاتىرىغە پەدەر، ۋالىدە،
يوق ئىردى كوكولداشى ھەم ئالىدە.
يەنە ياد ئەيلەپ دىلئارانى ھەم،
توكۇپ خۇن ئالۇد⑤ ياشىن دەمبەدەم.
دەر ئىردىكى، ”مۇنداغ جاپانى پەلەك،
قىلۇرسەنمۇ جازانى سەن ئەي پەلەك.
ماڭا مۇنچە رەنجۇ ئەلەم قىلغۇچە،
تۇمۇغدىن⑥ فۇزۇنراق سىتەم قىلغۇچە.
راۋادۇركى مۇنداغ باشىمغە ئولۇم،

---

① مەرار — يۈرۈش، ئۆتۈش.
② دەپئى مەلال — خاپىچىلىقنى ساقايتىش.
③ تەير - قۇش.
④ جەننەت نەما — جەننەت كورۇنۇشلۇك.
⑤ خۇن ئالۇد — قان ئارىلاش.
⑥ تومۇغ — دوزاق.

كويۇب ئاسمانغە ساۋورسا كۈلۈم".
يۈرۈر ئېردى يىغلاب تەۋەھھۇم قىلىب،
يىتىب كەلدى جىنلار تەكەللۇم قىلىب.
نەزەر قىلدى مەسئۇد شەجەر شاخىغە،
قونۇبتۇر پەرىلەر سەمەر شاخىغە.
دىدى: "ئەي مۇساپىر ئاتىڭدۇر نىمە،
ماكانىڭ نەيەر، نىسبەتىڭدۇر نىمە؟
بۇ يەرلەرگە كەلدىڭ قىلۇرسەن نە ئىش؟
بەشەر مۇندا كەلمىش، ئېرورمۇ رەۋىش؟"
كى مەسئۇد دىدى سوزنى باشتىن ئاياغ،
ئىشىتتى بۇلار، بولدى خامۇش دىماغ.
تۈشۈب ئول شەجەردىن بارىسى ئۈچۈپ،
كى مەسئۇدنى ئالدى قولدىن قۇچۇب.
دىدى: "شاھ پەرى ئېردى سۇلتانىمىز،
كى دەريايى قۇلزەم ئارا خانىمىز.
بار ئېردى بىر ئوغلى ئانىڭ خوب دەلىر①،
قىلىب پەندە بىرلە ئۇنى سەن ئەسىر،
ئۇرۇب تىز شەمشەر ئۇنىڭ جانىغە،
بويابسەن ئۇيىنى قىزىل قانىغە.
بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇدۇر مۇددىئا،
سىنى تابتۇق، ئولدى، ھەمە ئىش ئادا".
قىلىب ئېردى مەسئۇد بۇ ياڭلىغ كالام،
كى شەھبال خەيلى② ئەلەل ئىھتمال.

① دەلىر — باتۇر.
② خەيل — گۇرۇھ.

بۇلار شاھ پەرىنىڭ گۇرۇھى ئىدى،
ئاداۋەت بىلە پۇرشۇگوھى① ئىدى.
يۇرۇپ ئىستەبان بارچە ئەتراپنى،
كىزىپ دەھرىنىڭ ھەممە ئەكناپىنى②.
تاپىپ ئالدى مۇندا ئۇنى قىلدى بەند،
سالىپ قول - پۇتىغە ئۇزۇلمەس كەمەند.
ئالىپ يۇردى قۇلزەم سارى تىز - تىز،
بۇ غەم بىرلە مەسئۇد بولۇپ ئەشك رىز③.
كېلىۇر ئىردى جىنلار قىلىپ ماجرا،
نۇزۇل ئەيلەدى④ شەھرى قۇلزەم ئارا.
كورۇپ شاھ پەرى قىلدى ئاندىن سوئال،
جاۋابىغە دىدى پەرىلەر ماقال:
"يۇرۇبمىز جەزىرە، داۋانىنى كىزىپ،
يەمەنۇ يەسەرو⑤ جاھانىنى كىزىپ.
نە مەشرىق، نە مەغرىب، نە شەھرو نە راغ⑥،
كى بىر سائەت ئولماي بۇ ئىشتىن فەراغ⑦.
كېلىپ تەپتىش ئەتدۇك ئەرەم باغىنى،
نە گەشتى⑧، نە گۇل بىرلە ياپراغىنى.

---

① پۇرشۇگوھ — تولغان.
② ئەكناپ — ئۇپ - چورە.
③ ئەشك رىز — ياش تۆكۈش.
④ نۇزۇل — پەسكە چۈشمەك.
⑤ يەمەن - يەسەر — ئوڭ - سول.
⑥ راغ — چىمەن، دالا.
⑦ فەراغ بوشىماق — خالاس تاپماق.
⑧ گەشت — ئەتراپ، ئايلانما يول.

يۈرۈپ ئېردوق ئانداغ قىلىپ باغنى سەير،
كى قاتىلنى تاپتۇق خۇدا قىلدى خەير①.
كى ئوغلۇڭنى ئۇلتۇرگەننگە ئۇزى،
جەۋابىن دېدى، راست ئېركەن سوزى".
دېدى شاھ پەرى: "ئۇلتۇرۇڭلەر مۇنى،
كى ئوغلۇمغە ئوخشا توكۇلسۇن خۇنى!"
بار ئېردى ۋەزىرى بۇ مەجلىس ئارا،
دېدى: "قەتىل قىلماق بولۇبدۇر راۋا.
كىشى نى يىرىق ئەتمەك ئەگەرچە يەسىر②،
ۋەلى زىندە③ قىلماق ئېرور كوپ بەسىر.
يېتۇرمىش پەرىلەر ئەرەم باغدىن،
ئاگا شاھ شەھبال بۇرۇن چاغدىن.
ئىكاۋ دۇركى تاپسا مۇنىڭدىن خەبەر،
گۇمانسىز قىلۇر بىزنى زىرور-زەبەر"④.
دېدى شاھى قۇلزەم: "سوزۇڭ خوب ئېرور،
قىياس ئەيلەسەم ئانچە مەرغۇب ئېرور،
بۇ ئىنسانغە زىندان بىلەن كوب ئازاپ،
قىلالىكى بولسۇن مەجالى خاراپ".
چۇ مەسئۇدنى زىندان ئارا قىلدى بەند،
گىرىپتار بولدى پەقىر، مۇستەمەند.

① خەير — ياخشىلىق.
② يەسىر — ئوڭاي، ئاسان.
③ زىندە قىلماق — تىرىلدۈرمەك.
④ زىرو-زەبەر — ئاستىن-ئۈستۈن.

مەئەل قىسسە شەھبال سارايىغە سەرۋ،
سۆزىن ئەيغالى كىردى جايىغە سەرۋ.
يانىب كەلگەن ئېردى دىلئارام ھەم،
سوزىن ئاڭلاغۇنچە يىدى تۇرپە غەم
كى شەھبالغە لەپزىن دىدى ئاشكار،
سوزىن زەيلى① ئانداغ ئېرور بىشۇمار②.
ئىشىتتىكى شەھبال، ئىچى ئاغرىدى،
"بۇ يەرگە ئانى كەلتۇرۇڭلەر!" — دىدى.
كى مەسئۇد قاشىغە پەرىلەر بارىب،
يانىب كەلدى ئاندىن تاپالماي بارىب.
دىدى: "تەپتىش ئەتكىل، كىتىبدۇر قايان؟"
يەنە باردى ئىستەب يەنە شۇل زامان.
سورار ئېردى جىنلار يۇرۇب دەربەدەر،
كېلىب بىر پەرى دىدى مۇنداق خەبەر:
"كېلىب شاھ پەرىنىڭ مولازىملارى،
ئالىب كەتتىلەر بەھرى قۇلزەم سارى".
قىلىب سەرۋبانو بۇ يەردىن خىرام،
دىلئارا قاشىغە قىلىب ئىزدىھام.
كى تەقدىر ئەتتى بۇ ئەفسانەنى،
يوق ئولمىش دىبان كوڭلى مەستانەنى.
دىلئارا بۇ سوزنى ئىشىتكەن زامان،
يىقىلدىكى ئولدەم دىدى: "ئاھ جان!......"

---

① سوزىن زەيلى — سوزنىڭ ئورامى.

② بىشۇمار — سانسىز.

قالىپ تەھرىكەدىن① ياتسا مۇردەدەك،
كوزىن ھەر بىرىگە چاتسا مۇردەدەك.
كورۇپ سەرۋىبانۇ قىلىپ ئىزتىراپ،
ئالىپ كىردى، ساچتى يۈزىگە گۈلاپ.
تۇرۇپ سائەتى كوڭلى تاپتى زىيا،
كەنارە ئالىپ سوردى ھالىن مۇما.
دىلئارا دىدى ئەرز ھالىن ئاڭا،
"ئاتامغە دىگىل ھەرنە دەرمەن ساڭا.
ئەگەر بولسا مەسئۇد قاشىمدا تىرىك،
يانىم ئاستىدا گەرچە خارا يىرىك②.
يىمەكلىككە زوقۇم③، سۇمۇرمەككە زەھر،
ئەگەر سالسا يۈز مىڭ بالالارغە دەھر④.
بۇ مىھنەتدە ئۆمرۈم ئۆتەر روز-شەپ،
ئىرور جانغە راھەت ئەمەستۇر تەئەپ.
ئەگەر مىڭ يىل ئولسام جاھان ئىچرە شاھ،
ئەدەم بولسا⑤ ئاشىق بۇ شاھلىققە ئاھ!"
چىقىپ سەرۋىبانۇ ئانىڭ قاشىدىن،
بولۇپ جەيبى⑥ مەبلول⑦ كوزى ياشىدىن.

---

① تەھرىكەدىن — ھەركەتتىن.
② خارا يىرىك — يىرىك تىكەن.
③ زوقۇم — زەھەر.
④ دەھر — زامان، جاھان.
⑤ ئەدەم — يوقلىش.
⑥ جەيپ — كوزنىڭ چانىغى.
⑦ مەبلول — نەم.

دىدى سوزنى بىر ـ بىر ئاتاسىغە ئول،
ئەچى ئاغرىبان كوب بالاسىغە ئول.
چۈ ئەمر ئەتتى قاتىغ پەرى خەيلىغە،
يىغىل دەبكى بەھرى ـ بەرى خەيلىغە.
بولۇب تورت يۈز مىڭ پەرى تۈردى جەزم،
كى دەريايى قۇلزەم سارى قىلدى ئەزم.
يىتىب باردى قۇلزەم ئارا بىر گۈرۈھ،
بۇ لەشكەرلەر ئىردى ئەجەب پۇرشۇكۇھ①.
چىقىب شاھ پەرى ھەم تۈزۈب تۈردى سەپ،
قىلۇرغە بۇلار بىر ـ بىرىنى تەلەب.
كورۇب لەشكەرىنى گۆزەر ئەيلەدى،
ئىكۇلان تۈرۈب كەرروفەر② ئەيلەدى.
بۇ مەجمۇئ③ ئانداق قىلىب سەخت④ جەڭ،
بولۇب شاھ پەرى چىنان مورلەڭ⑤.
قويۇب جەڭنى ئاندىن قاچا باشلادى،
ئۆزىن بەھرى قۇلزەم ئارا تاشلادى.
كى شەھبال جونۇدى⑥ پەيىدىن يۈرۈب،
نەچە لەشكەرىنى تۇتۇب ئولتۇرۇب.
كىرىب ئارقاسىدىن بۇلار دەمبەدەم،

① پۇرشۇكۇھ — ئۇلۇغۋار.
② كەرروفەر — ھۇجۇم.
③ مەجمۇئ — توپلانغانلار.
④ سەخت — قاتتىق.
⑤ مورلەڭ — توكۇر چۇمۇلە.
⑥ جونۇد — قوشۇن، لەشكەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسىر ئەيلەدى شاھى قۇزەمنى ھەم.
ئالىب كەلدى شەھبال قاشىغە راۋان،
بولۇب شاھ پەرىنىڭ يۈزى زەئفىران.
چۇ تىترەب تەنى بىدىل زان كەبى،
باشى ئايلانىب چەرخى گەردان كەبى①.
دىدى شاھى شەھبال، كى "ئەي بىخىرەد②،
بۇ ئىشلەرنى قىلماق ساڭا نىدۇر ھەد؟"③
دىدى: "ھەرنە قىلساڭ قىلۇرسەن مىنى،
ۋە لىكىن تاپالماس سەن ھەرگىز ئۇنى".
دىدى شاھى شەھبال كى، "مەسئۇدنى تاب!
ۋە گەرنە كورەرسەن تۇمەن مىڭ ئازاب!"
دىدى شاھ پەرى: "قەتل قىلغان غەلەت④،
كى جىسمىغە توپراغ ياپىلغان غەلەت.
قىلىب ئېردىم ئانى كى زىندانغە بەند،
خەبەر ئالغانىم يوق ئۆتۈب روزچەند⑤.
قىلىڭ قەيدلارنى⑥ پۇتۇمدىن كۇشاد،
ئۇنى كەلتۈرۈرگە قىلاي ئىجتىھاد.
مىنىڭ بىرلە چەندان پەرىنى قوشۇڭ،
تاپائالماسام مەن يەنە كەلتۈرۈڭ".

---

① چەرخى گەردان — پەلەك چاقى.

② بىخىرەد — ئەقىلسىز.

③ نىدۇرھەد — نىمە ھەددىڭ بار.

④ غەلەت — خاتا، يالغان.

⑤ روزچەند — نەچچە كۈن.

⑥ قەيد — كىشەن - زەنجىر.

دېدى: ”پۈت ـ قولنى قىلىڭلار رەھا①،
كى ئەمردىنى قىلھال كېتۈرسۈن بەجا“.
يازىپ قويدىلار، ئول كىرىپ راھىغە②،
پەرىلەرنى باشلاب كىرىپ چاھىغە③.
ئالىپ ئاغزىدىن تاش، كىرىپ ئىچكەرى،
كى مەسئود قولىدىن تۇتۇپ بىر پەرى.
ئالىپ باردى شەھبال قاشىغە راۋان،
كورۇپ بولدى ئانداغ ئاڭا مېھرىبان.
يەنە شاھ پەرىغە قىلىپ شەپقەتى،
روجۇئ④ ئەيلەمەككە بىرىپ رۇخسەتى.
دېدى: ”خەلقىڭ ئىلە ماكانىڭغە يان.
كى تەختىڭدە ئولتۇر بولۇپ ھۆكمىران!“
قوپۇپ تەئزىم ئەتتى تاۋازۇ بىلە،
يانىپ كەتتى بارچە تاۋابىئ بىلە.
كەل ئەي ساقىيا ساغەر ئەتكىل ئاتا،
ئوكۇش ھاجەتىم بولسۇن ئاندىن راۋا.
كى دىلبەر ئېسىدىن تاپاي بىر نەسىم⑤،
ۋەتەن ئەسلىنىڭ گۈللەرىدىن شەمىم⑥.

---

① رەھا ــ بوشىتىش.

② راھ ــ يول.

③ چاھ ــ قۇدۇق، زىندان.

④ روجۇئ ــ قايتىش.

⑤ نەسىم ــ يۇمشاق.

⑥ شەمىم ــ خۇش پۇراق.

www.uyghurkitap.com

## شەھبال پەرى مەسئۇدنى گۈلۇستان ئەرەمگە ئالىپ كېلىپ بەش مەسئەلە سوئال قىلغانى، شەھزادە ئاڭا بىرىن-بىرىن جاۋابى ساۋاب ئەيتقاندا، قىزى دىلئارانى ئاڭا نىكاھ قىلىپ، پەرىزاد لەشكەرى بىرلە ئاتاسى پادىشاھ مىرزەبان قاشىغە ئىبەرگەنى

چۈناقىل بۇ ياڭلىغ ئېرۇر شوخ شەڭ①،
قىلۇر پىكرى خەيلى بىلە سەخت جەڭ.
كى شەھبال تۈزدى بۇ ياڭلىغ ماقال:
"بۇ ئىنساندىن ئەيلەي بەش ئىشنى سوئال،
ئەگەر بەرسە بىر-بىر سوزۇمگە جاۋاب،
قىزىمنى بىرۈرگە قىلاي ئىزتىراب".
دېدىكىم، "بەشەرگە نە ئىشدۇر قەرىب؟"②
"ئۇلۇمدۇر يېقىنراق" دېدى ئۇلغەرىب"،
دېدى: "دەھر ئىچىدە نەدۇر ياخشىراق؟"
دېدىكىم، "تىرىكلىكدە زوق، ئىشتىياق"③.
دېدىكىم، "جاھاندا نەدۇر بىشۇمار؟"
دېدىكىم، "ئۇلۇكدۇر زىمىن ئىچرە بار".
دېدى: "زەن④ ئېرۇر كوب ۋە ياخەيلى مەرد⑤؟"
"كى خاتۇن ئېرۇر كوب" — دېدى ئەھلى دەرد.

---

① شەڭ — گۈزەل، نەپىس.
② قەرىب — يېقىن.
③ زوق-ئىشتىياق — ئىشق-مۇھەببەت مەنىسىدە.
④ زەن — ئايال.
⑤ مەرد — ئەر كىشى.

دېدىكىم، ”سۆزۈڭنىڭ دەلىلى نېمە؟
سۆز ئەيتۇرسەن ھەرگىز دەلىلسىز دېمە“.
دېدى: ”ئەر دېگەيلەر ئۆزىنى ئەر كىشى،
ئەمەس ئەركى خاتۇن سۆزىنى دەر كىشى“.
دېدىكىم، ”قىيامەت قاچان بولغۇسى؟“
دېدى: ”ئول كۈننى خۇدا بىلگۈسى.
كىشىكىم قىيامەتنى تەخسىس① ئېتەر،
ئۆزىنى كۇپىر ئىلىگە تەشخىس② ئېتەر“.
كى شەھبالغە كەلدى بۇ ئەلپاز خوش،
دىلىدە مۇھەببەت مەيى ئۇردى جۇش.
دېدى: ”بارىكاللا، مۇرادىڭغا يەت،
نە ئىش خاتىرەڭگە يېتەر قىل ئەبەت“.
يىغىپ ئۆز سىپاھىن قىلىپ دەبدەبە،
كى شەھزادە بىرلە تۈزۈپ دەمدەمە③.
ئالىپ يۈردى ئاندىن ئەرەم باغىغە،
قىزىنى ئاگا ئەقد ④ قىلماقىغە.
بۇلاردىن تاپىپ سەرۋىبانۇ خەبەر،
كى ئالدىغە چىقتى تۇتۇپ مۇئتەبەر.
يەنە نەچچە پەرى تاۋا زو بىلە،
ئىسەنلىك سوراپ چىقتى تابىئ بىلە.
كېلىپ تۈشتىلەر شان-شەۋكەت بىلە،

---

① تەخسىس — خاسلاش، بېكىتىش.
② تەشخىس — بەلگىلەش، خىلغا ئايرىش.
③ دەمدەمە — پاراڭ.
④ ئەقد — نىكا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆز ئۆرداسىغە تورپە ئىززەت بىلەن.
دىلئارانىڭ ئېردى دىلى كوب مەلال،
فىراقىدا يىغلاب زەبۇن بولغان ھال.
چۇ مەسئۇدنى كوردى تىرىلدى مامات،
ئانىڭدىن ئىچەر كىمسە ئابى ھايات.
كى شەھبال ئەھلى قىلىب مەشۋەرەت①،
قىلىب بىنەۋاغە، نەۋا مەرھەمەت.
دىدىكىم، "كورۇبسەنكى ھىجراندا رەنج②،
پەلەك روسىيە③ دىن يىتىب كوب شىكەنج④
ئەگەر قىلماسام مەن سوزۇڭنى قوبۇل،
راۋا كورمەس ھەرگىز خۇدا ۋە رەسۇل.
كى مەسئۇدغە ئەيدى بۇ گۇفتارنى⑤،
كى بەرمەك ئۇچۇن ماھى رۇخسارنى⑥.
قىلىب تويغە جابدۇق ئۇچ ئايدىن زىياد،
كى تەييار بولدى قىلىب ئىجتىھاد.
زىياپەت ئىشىغە قىلىب ئىبتىدا،
كى قىرىق نەچچە كۇن ئىچرە بولدى ئادا.
كى مەسئۇدغە قىلدى دىلئارانى قەيد،

---

① مەشۋەرەت — مەسلىھەت.

② رەنج — مۇشەققەت.

③ روسىيە — قارا يۈز، شەرمەندە.

④ شىكەنج — ئازاپ.

⑤ گوفتار — سوز.

⑥ ماھى رۇخسار — بۇ يەردە دىلئارا كوزدە تۇتۇلدۇ.

كوڭۇل كامى① ئەتتى ئۇشۇل كىچە سەيد②.
بولۇپ بىر يىل ئاندا بۇلار مەسكەنى،
مۇدام③ ئىردى ئىشرەت بىلە مەئمەنى④.
كى شەھبال چىرلاب پەرىزادنى،
دىدى بىرلە كەلگەيكى دامادنى⑤.
يىتىب كەلدى فىلھال قۇياش بىرلە ئاي،
تاۋازولار ئەتتى ئىكى نىكۇراي⑥.
چۇ دامادغە قىلدى بۇ ياڭلىغ خىتاب:
”بۇ يوللاردا كوردۇڭ تۇمەن مىڭ ئازاب.
كى ئىشق نامەسىدىن ئوقۇبسەن سەبەق،
بىھەمدوللا بەردى مۇرادىڭنى ھەق.
كېتىب شام رەنجۇر⑦، ئىتىب ساڭا تاڭ،
دىلى تىرەدىلدۇر⑧ ئاتا ۋە ئاناڭ.
نەكىم داغ پەرزەند ئىرور كار سەخت،
فىراقىن كوتەرمەك زەھى بار سەخت“.
دىدى شاھزادە: ”سوزۇڭ توز ئىرور،
كى سەندىن ئويۇرمەك نىچۇك يوز ئىرور!“

---

① كام ــ مەقسەت.
② سەيد ــ ئوۋ.
③ مۇدام ــ داۋاملىق، دائىم.
④ مەئمەن ــ جايى.
⑤ داماد ــ كۈيوغۇل.
⑥ نىكوراي ــ خۇش پىكىرلىك، گۈزەل تەبىئەت.
⑦ شام رەنجۇر ــ ئازاپ كېچىسى.
⑧ تىرەدىل ــ كوڭلى خاپا، دىلى غەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۇ شەھبال بولدى بۇ سوزلەغە شاد،
كۈلۈب لەپز ئەيلەب ھەمىل خۇش نەھاد①.
دىدى: ”سەن يانۇرغە ئەمەسمەن رىزا،
ۋەلى يەتسە ھەقتىن ئاتاڭغە قازا.
كىتەر بۇ جاھاندىن ئانىڭ كوڭلى داغ،
داغى روھى بولماس ئانىڭدىن فەراغ②.
ئەگەرچە بەشەرغە بۇ يولدۇر بەئىد③،
بايابان تاغ بىرلە چۆلدۇر بەئىد.
ئەگەر بەرمەسە ھەق ئاڭا نۇسرەتى،
يىتەلمەسكى مىلىڭ يىل ئوتەر مۇددەتى.
مەگەر قىلسا ئاھەڭ پەرىزادلار،
كى سەير سەبوكرەۋ④ راۋان بادلار.
ئوتەر ئىككى ئون كۈن ۋە ياكىم بىر ئاي،
يىتىب شەھرىڭىزگە تاپار ئاندا جاي.
بارىڭلاركى، ھالا تۇرۇب ئازغىنە،
خۇدا خاھىش ئەتسە كېلىڭلار يەنە“.
مەئەل قىسسە يانماق ئىشىن قىلدى ئول،
نەدىسە بىجان دىل ئەتتى قوبۇل.
ھەمە لازىماتىن قىلىب شاھبال،
ئاقىزدى سۈلار كوزدىن ئەبر مىسال.
كى خاتىر مەلول باقتى پەرزەندىغە،

---

① نەھاد — تەبىئەت، خۇلق ـ مىجەز.
② فەراغ — ئارام تېپىش.
③ بەئىد — يىراق.
④ سەبوكرەۋ — تېز يۈرىدىغان، چاققان.

تەسەللى بىرىپ تۇر پەيۋەندىغە.
"سەن ئېردىك ماڭا مىسلى روشەن سىراج①،
تاپالماسمەن ئەمما قەدەرگە② ئىلاج.
ئىبارماسقە سىزنى ماڭا چارە يوق،
ئەمەستۇر ماڭا، ھەم ساڭا چارە يوق.
دىدىكىم، دىلئارا قىلىب ئەشكىبار:
"نە دەرسەن قىلۇرمەن ئانى ئىختىيار".
چۇ شەھبال ئېتىب ئەمرى ئىرشادنى③،
يىغىلسۇن دىبان دىۋ پەرىزادنى.
بولۇب يەتتە مىڭ جەمئ دىۋ، پەرى،
سەپەرگە مۇقەييەد بولۇب ھەر بىرى.
مۇلاقات ④ بولدىكى شەھبالغە،
تۇرۇب ئالدىدا قەۋل - ئەقۋالغە⑤.
ۋەزىرىغە قىلدى بۇ ياڭلىغ خىتاب.
ھەمە پەرىلەردىن بىلىب ئىنتىخاب⑥،
سەپەر مۇددەتچە ئېلىب زادنى⑦.
بىلادىغە⑧ يەتكۈر بۇ دامادنى⑨.

---

① سىراج — چىراق.
② قەدەر — تەقدىر، قىسمەت.
③ ئىرشاد — يولىيورۇق.
④ مۇلاقات — يولۇقۇش.
⑤ قەۋىل - ئەقۋال — گەپ - سوز.
⑥ ئىنتىخاپ — تاللاش.
⑦ زاد — يول ئوزۇغى.
⑧ بىلاد — مەملىكەت.
⑨ داماد — كۈيوغۇل.

باربب ۋاسىل ئۇلاغاي ئاتاسىغە ئۇل،
كى مەجرۇھ بولغان ئاناسىغە ئۇل،
چۇ تەزىم قىلدى ۋەزىرىغە خوش،
بۇ خىزمەتنى بارچە پەرى بىلدى خوش.
ئىكۇلان كېتەرنى قىلىب ئىختىيار،
بولۇب دىۋ بوينىغە مەسئۇد سۇۋار ①.
بۇ مەجمۇئ بىرلە يۈرۈر بولدى جەزم،
قىلىب ۋالىدەينى ② بۇلار بىرلە ئەزم.
يۈرۈب بىر ئۈچ كۈن دىدى: "مەرھەبا،
شەھى مىرزەبانغە دەگىزلار دۇئا".
ئۈزاتتى ۋە ياندى ئەرەم سارىغە،
كېلىب تۈشتى تۈردى يىغى - زارىغە.
قىزى پۈرقەتىدە يانىپ ئېردى مەست،
نەچە كۈنلەر ئۆتتى، يىغى بولدى پەست.
دىلئارا ۋە مەسئۇد بىلە كوب پەرى،
يەنە نەچچە دىۋلار يۈزى بەد تەرى.
سەرەندىبغە تۈشتى يۈرۈب تورت كۈن،
سويۈندىكى سابىت ئەدەددىن پۈزۈن.
چىقىب ئالدىغە چۈن مەلىكە كورۈب،
دىلئارا كەپىنى③ كوزىگە سۈرۈب.
دىدىكى، "ساغىنسام يوق ئېردى ئىلاج،
بەھەمدۇللا تابتىم باشىم ئوزرە تاج".

① سۇۋار — مىنمەك.
② ۋالىدەين — ئاتا - ئانا.
③ كەپ — ئالقان، قول.



ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەئەل قىسسە سابىت بىلە ھەم بۇ قىز،
قىلۇر ئېردى ھىجران بىلە ئەشك رىز.
ئىكولان بولۇب ئاشىقى بىقارار،
ۋىسالىغە بولغان ئىدى زار-زار.
ئەمرى سەرەندىب بىلە مەسلىھەت،
قىلىب چۇن مۇھىم كارىغە مەشۋەرەت.
كى بەزم ئالالا قىلىب يەتتە كۈن،
ئوتۇب ئەيش-ئىشرەت بىلە نەچچە كۈن.
چۇ سابىتغە قىلدى بۇ قىزنى نىكاھ،
ۋىسالى خۇمىدىن① ئاگا تۇتتى راھ②.
راۋان بولدى ئاندىن چىقىب بەسرىغە،
كېلىب تۇشتى بىر ئاي ئوتۇب ھەسرىغە③.
شەھەر ئىچرە تۇشتى قىلىب غۇلغۇلە،
كورۇشتى خالايىق ئىتىب ۋولۋولە.④
چۇ شەھزادە كوردى ئاتاسىنى ھەم،
ئوزىن يەرگە تاشلاب ئاناسىنى ھەم.
چۇ سابىت كورۇب ھەم پەدەر مادەرىن⑤،
قىلۇر ئېردى گىريە كورۇب ھەربىرىن.
دىلئارانى ئانداغ تۇتۇب ئەرجۇمەندە،

① خۇم — كوزا.
② راھ — شاراپ.
③ ھەسر — قەلئە - شەھەر.
④ ۋولۋولە - چۇقان - سۈرەن.
⑤ پەدەر - مادەر — ئاتا - ئانا.


AltunOq

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەھەرنى تامام ئەتتى ئائىنە بەند①،
تۇزۇپ بەزم ئىشرەت ئىشىنى ئۇچ ئاي،
نەپەرى، نەدىۋە، نە مىسكىن، نە باي.
بولۇپ مەرىكەنىڭ ئىشى ھەم تامام،
دېدىكىم، پەرىلەر قىلۇرمىز خىرام②.
بۇلارغە ئىنايەت قىلىپ مىرزەبان،
دېدى: "ئەجرى بەرسۇن خۇدايى جاھان.
كورۇبسىز مۇشەققەت، بولۇڭلار رىزا،
كى شەھبالغە ئەيتىڭ مېنىڭدىن دۇئا".
دىلئاراكى يازدى ئاتاسىغە خەت،
ئاناسىغە، بەلكى موماسىغە خەت.
پەرىلەرغە بەردى ئامانەت دېبان،
كى بەسرىغە تۇشتۇك سالامەت دېبان.
ئالىپ قالدى نەچچە پەرىزادنى،
دېمان يەتتە-سەككىز مىئادنى.
بۇ مەجمۇئ تۇشتى ھاۋا سارىغە،
ئۇلۇس قالدى ھەيران بۇلار ھالىغە.
شەھى مىرزەبانكىم بىھوكمى ئىلاھ③.
كى مەسئۇدنى قىلدى ئۇز ئورنىدا شاھ.
بولۇپ سابىت ئانىڭ قاشىدا ۋەزىر،

---

① ئائىنە بەند — زىننەتلەش.

② خىرام — قايتىپ كېتىش.

③ بىھوكمى ئىلاھ — خۇدانىڭ ھوكمى بىلەن.

كى پەرۋانە ياڭلىغ ئىدى مۇستەدىر①.
تۇرۇپ نەچچە كۈندىن كېيىن مىرزەبان،
قازا يەتتى، بولدى باقاغە راۋان②.
كى شەھزادە ئەلگە بىرىپ ئەدل-داد،
كىچىك-چوڭ خالايىق بەسى ئىردى شاد.
يۈز ئەللىك يىل ئىچرە بولۇپ شاھى بەسر،
كى ئەمنۇ ئامانلىق بىلە ئۆتتى ئەسر③.
دىلئاراكى تابتى ھەرەملىقتە ئەۋج،
بۇ مۇددەتدە مەسئۇد ئاگا بولدى زەۋج④.
ئەقايىم⑤ ئىچىدە ئاتى بولدى پۈر،
ئانىڭدىن پەيدىدار⑥ بولۇپ ئىككى دۇر،
شۇ ئائى⑦ جاھانغە سالىب پەرتەۋىن⑧،
كورەر ئىردى ئەھلى يەسەرو يەمەن.
چۇ مەسئۇد بولدى جاھاندىن فەنا⑨،
باقا ئەرزىن ئەتتى دەپ ھەمدۇ سەنا.
قۇشىكىم دىلئارا قولىدىن قاچىپ،
فىراقىدا توپراق باشىغە ساچىپ.

---

① مۇستەدىر — چەمبەرسىمان.
② باقاغە راۋان — ئاخىرەتكە سەپەر قىلىش.
③ ئەسر — ۋاقت، زامان.
④ زەۋج — ئەر.
⑤ ئەقايىم — خالايىق.
⑥ پەيدىدار — پەيدا بولۇش.
⑦ شۇ ئائ — نۇر، جىلا.
⑧ پەرتەۋ — پارقىراش.
⑨ فەنا — يوقىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توكۇب كوزلەردىن چۇ دۇردانەنى،
ئوقۇب ئومرى ئىچرە بۇ ئەفسانەنى.
قازا ئوقى قىلدى كوبىنى ھەدەپ①،
ماكانىدا بولدى دىلئارا خەلەپ②.
قىلىپ ئەدل، بولدى رەئىيەت نەۋاز،
كى بولدى ئەسرو③ زەلىل سەرفەراز.
ئاڭا ھەم ۋەفاسىزلىغىنى ئەتتى دەھر④،
قازا ساقى تۇتتى ئاڭا جامى زەھر.
سۇمۇردى ئەمارى⑤ تەن ئۇلدى شىكەست،
قاراڭغۇ ئوي ئىچرە ئول ئەتتى نەشەست⑥.
كەل ئەي ساقى تۇتغىل زىيايىغە راھ⑦،
مۇرادىم ئىشىگىن قىلىب ئىفتىتاھ⑧.
ئىچىپ يانە سوزنى ئاغاز ئىتەي⑨،
غەرىب بىنەۋا ئەھلىن ھەمراز ئىتەي⑩.

تامام

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ر. جارى**

① ھەدەپ — نىشان.

② خەلەپ — ئورنىدا ئولتۇرۇش (تەختكە ۋارىس بولۇش).

③ ئەسرو — ناھايىتى.

④ دەھر — زامان.

⑤ ئەمارى — جىنازا.

⑥ نەشەست — ئولتۇرماق.

⑦ راھ — شاراپ.

⑧ ئىفتىتاھ — ئاچماق.

⑨ ئاغاز ئەتمەك — باشلىماق.

⑩ ھەمراز — سىرداش دوست.

# موللامەھەممەت نىيازى

شائىر موللامەھەممەت نىيازى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قەشقەر يېڭىسار - قوناساق كەنتىدە ياشاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن. موللامەھەممەت نىيازىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى مەلۇم ئەمەس. ئەمما موللامەھەممەت نىيازىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن پۈتكەن «مەنسۇر» ناملىق داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھىجرى 1273 - يىلى (ملادى 1855-يىلى) بولۇپ، بۇ داستان دەۋرىمىزگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن.

داستان ئەسلى نەسرى قىسسە بولۇپ، شائىر ئۇنىڭغا قىزىقىپ پارس تىلىدىن تۈركى تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەزم بىلەن داستان قىلىپ ئىشلىگەن.

موللامەھەممەت نىيازىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە بىزگە ئاز مەلۇمات يېتىپ كەلگەن. كۆزىتىشىمىزچە، كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان شائىرنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ بىزگە پەقەت بۇندىن 125 يىل ئىلگىرى يازغان مۇشۇ داستانلا يېتىپ كەلگەن. بۇندىن باشقا شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەلق قولىدا ساقلىنىۋاتقانلىرى بار بولۇشى ياكى ئىگىسىز تاشلىنىپ قالغان بولۇشى، ھەتتا بەزىلىرى يوقالغان بولۇشى كېرەك. ھازىرقى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئاتلىنىپ ئىلمىي ئىزلىنىشكە يۈرۈش قىلىۋات-

قان مەزگىلدە شائىر مۇللامەھەممەت نىيازىنىڭ بىرەر پارچە ئىجادىيىتىنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر بايلىق قوشۇلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارنىڭ شائىر مۇللامەھەممەت نىيازىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىزلىنىش، توپلاش خىزمىتىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

مۇللامەھەممەت نىيازىنىڭ ياشىغان دەۋرى ئەڭ جاھىل، ئەڭ قەبىھ فېئودالىزم دەۋرى ئىدى. شائىر بەگ، ئاخۇن مولدىلار ۋە مۇشتۇمزور بايلارنىڭ ئادالەتسىزلىك، جاھالەتچىلىك، قەلالاپلىق قىلىشىدەك جىنايەتلىرىگە غەزەپلىنىدۇ. بۇ غەزىۋىنى ئۇز داستانىدا مەنسۇر ۋە نەسىمى ئارقىلىق بايان قىلىپ، فېئودالىزم جەمىيىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ۋە جەمىيەتنى شەپقەتسىز قارىلايدۇ.

داستاندا خەلقنىڭ ئەركىن تۇرمۇشنى كۆيلەيدۇ ۋە جەمىيەتتىكى ئەڭ يامان پەسكەشلىك، ئوغرىلىق، يالغانچىلىق، بۇزۇقچىلىق، ھەسەتخورلۇق......قاتارلىق يامان ئىشلارغا قارىتا لەنەت كۆزى بىلەن قاراپ، خەلققە پەندى-نەسىھەت قىلىپ، توغرا يولدا مېڭىشنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتتە بولۇشنى دەۋەت قىلىدۇ.

داستاندا موللىلارنىڭ قەلاپلىق، خوشامەتكويلۇق، چېقىمچىلىق بىلەن مەنسۇرغا بوھتان چاپلاپ، شاھقا يامانلاپ سۇيىقەستلىك قىلغىنىنى كۆرسىتىپ:

قازىلار پەتىۋاسى بىرىبان ھەقنى باتىل① قىلدىلار،
كۆپۈر② ئېيتىپ ئىمانە كەلمەس كەلىماتىكا ئار③ ئەيتىدىلار......
ئۇلۇغ كىچىك ئاخۇنلار، شاھ ئالدىغا باردىلار،
سوزنى بايان قىلدىلار، شەيخ مەنسۇرنى ئىدىيا......
قازى مۇپتى بولغانلار، ھارام شۆبھە④ يىكانلار،
ۋاللا كاپىر دىدىلار، شىھادەتنى⑤ بەردىيا.

موللىلارنى كورگەندە تاشى ئاق، ئىچى قارا دەرئاندە،
ئىشتىپ موللالار ئاندە، يامان كورۈر ئىدىيا......
رىۋايەتلەر پۈتۈلدى "دىنىدىن چىقتى" دەپ ئىدى،
ئىشلىتىپ پادىشاغە سۇندى، شاھى قوبۇل قىلدىيا.

پادىشامۇ قارغۇلارچە، ھەققە باتىللىق قىلىپ، خەلق ئۈستىدىن قارا ھۆكۈم چىقىرىدۇ:

ئانداق بولسا تۇتىڭىز، قول پۇتىنى باغلاڭىز،
دار ئالدىغا ئىلتىڭىز — دىبان ھوكۇم قىلدىيا.

شاھدىن ئىنئام ئالدىلار، نەسىمىنى تۇتدىلار،
كاپىر بولدۇك دىدىلار، ھوكۇم بۇدۇر دىدىيا......
بەش يۈز موللا يىغلىدى، ئىلتىبان دارغا تاتدى،
دار ھەم نالەلار قىلدى، پەريات ئېيتىپ تۇردىيا......

---

① باتىل — يوققا چىقىرىش.
② كۆپۈر — يالغان.
③ كەلىماتىكا ئار — نومۇس.
④ شۆبھە — گۇمانلىق نەرسە (ھارام نەرسە).
⑤ شىھادەت — گۇۋالىق.

شۇندىن كېيىن زالىملارنىڭ دەھشەتلىك قانلىق پاجىئەسىنى كورگەن ئاممىنىڭ نەپرىتىنى ئىزھار قىلدۇ:

مەنسۇرنىڭ يارەنلىرى، يىغلاشىپ بارچەلارى،
ئەيا مەنسۇر باغرىلارى، ئوتقا كويۇپ پىشتىيا.
ئانال ھەق دەپ ئوت كويار، مەنام ھەق دەپ يانار،
بەزى خەلقلەر ئىشتار، بەزى يىغلاپ ياندىيا.
سويدىلار خەنجار بىلان، ئولدەم نەسىمدىن تىرەسىن،
باش قويۇپ جۇملە مالايىك كوكدا پەريات ئەيتىلار.

شائىر مەنسۇر ۋە نەسىمى سوزى بىلەن ھوكۇمرانلارنى ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغان قارا مەلئۇنلار ۋە بۇ دۇنيادىكى مۇنكىرلار-دۇر دەپ شىكايەت قىلدۇ:

قازى يۇ، موللا يۇ، مۇپتى بارچەسى قەللاپلار،
قوي تىرەسىنى سويىسۇن، بوناداں جاللاتلار......
بى تاھارەت سۇپى پىلان ھەم ئانىڭ ھوكمى پىلان،
ناھەق سويدىلار تېنىمنى، كېلىپ كورگىل سەييىدا......
ھەم شەرىئەت، ھەم تەرىقەت، ھەم ھەقىقەت ئولمىسام،
مۇنكىرىدۇر موللالار، كېلىپ كورگىل سەييىدا......
تاشى ئاق سوزنىڭ مەنىسىن پىلمادىلار موللالار،
تاشى ئاق ئىچى قارا دىكان سوز ئەردىيا.

شائىر يەنە داستاندا جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى، ئەركىنلىگى، تۇرمۇشىنى قوغداپ، ئىنسانىي ھوقۇقىنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەپ، مەنسۇر بىلەن ئانالنىڭ ئەركىن مۇھەببىتىنى ھىمايە قىلدۇ.

مەنسۇر: ئانال ھەقنىڭ ئاتىنى، تىلدا ئەيتۇر پاكىنى،
كېچە - كۈندۈز دادىنى، ھەققە قىلۇر ئەردىيا......
ئەيتۇر سوزى ئانال ھەق، يەنە ئەيتۇر مىنىم ھەق،
موللالار ئىشتىپ ناھەق، بۇ نە سوزدۇر دىدىيا......

ئانال: توبىدا قالدى بىر بوغۇم① مەنسۇرغا ھەم بىر يۇتۇم،
كىلىبان تۇتدى ئولدەم، مۇنى ئىچكىل دىدىيا.
مەنسۇر ئىچتى بىر ئورۇت② ئىچىگە چۇشتى بىر غلوت③،
توپىسىز دەريادە ئول ئوت، توشۇپ ھەيران بولدىيا.

ئۇ يەنە روھانىلار ھايات - ئەركىنلىككە قارشى دەپ كورسىتىدۇ.

قازى، موپتى بارچەسى، بولدى مەنسۇرغا ئىشى،
مۇنداق دىسە ھەر كىشى كاپىر بولۇر دىدىيا......

دىمەك شائىر مەنسۇرنىڭ ھەققانى ئەركىنلىك ئىزلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ.

شائىر بۇ داستانىدا كىشلەرنىڭ ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇشى، يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ:

گۇناھلارنىڭ يىمانى ھەم زىنا، ھەم غەييەت، يالغانچى،
خۇدانىڭ نەھىنى④ قىلغان ئىدانلار⑤ كورى⑥ دە مارى⑦.

---

① بوغۇم — يۇتۇم.
② ئورۇت — يۇتۇم.
③ غلوت — ئوت.
④ نەھىنى — مەنئى قىلغان ئىش.
⑤ ئىدانلار — كىشلەر.
⑥ كورى — گىر.
⑦ مارى — ئىلان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يورۇپ پىسقى پۈچۈر ئىچرە، خۇدانىڭ يادىنى تاشلاپ،
بۇ شەيتان يولىغە باشلاپ كىرىدۇر ھەممىنى دوستىيارى.

داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا پادىشا ئۆزىنىڭ ھوكمى بىلەن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان پاك بىر زات نەسىمنىڭ جەسىدىدىن چىققان دات - پەريات، نالە - زارىنى بىۋاستە ئاڭلىغاندىن كېيىن، پادىشا ئۆزىنى ئورىۋالغان ئەمەلدار، روھانىلار، باي ۋە پومىششكلار دائىرىسىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ جان دوستى بولغان نەسىمگە ناھەق ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغىنىغا چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىپ، ئېچىنىپ نەسىمى جەسىدىنى قۇچاقلاپ، كوزلىرىدىن قان ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئەپۇ سوراپ، نەسىمىنىڭ تەزىيىسىنى تەنتەنىلىك ئوتكۈزۈپ ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىدۇ.

ئەي نەسىمى غەمدا كويدۇڭ، چۈنكە بولدۇڭ سەن شەھىت،
ھەق پىلۇر ئەينەن يىقىن كېلىپ كورگىل سەييىمدا.
شاھ بۇ سوزنى ئاڭلادى، قۇلاق تۇتۇپ يىغلادى،
رەۋان پەريات ئەيلادى، ئەمدى ئىسكا توشتىيا.
دات ـ پەريات ئەيلادى، ئەمدى، ۋا! باغرىما دەپ ئىدى.
ئاجايىپ ھەرياد قىلدى، يىگۈرۈپ ئاتتىن چۈشتىيا ......
پارە قىلدى ياقاسىن، بىر - بىر يۇلدى ساقالىن،
دەريا قىلدى كوز ياشىن، ئاياغىنى قۇجتىيا(1)......
شاھى ئەمىر ئولدەمدە، يىغلاپ ئەيتۇر ئول ھالدە،
ئەيا باغرىم مەن ساڭا، يۈزۈم قارا دىدىيا.
ئەيتمادى ھەرگىز ماڭا ۋە ئىزە بۇ ھالىڭ سىرىنىڭ،
شۇم رەقىبلار سوزى بىرلە نىلايىن ۋاسەييىدا ......

---

(1) قۇجتىيا ــ قۇچاقلاش.

ئىززەت ئىگىران قىلدى، جىنازەسىن كۆتەردى،
ئىلتىپ سىپانە① ئىچرە باردى، تەگىبىر ئەيتىپ قويدىيا.

شائىر مۇللامەھەممەت نىيازنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبىدىن سۆز ئاچقىنىمىزدا، داستانىنىڭ ھېكايىسى قىزىقارلىق، پىكرى روشەن، تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بۇ ئەسەردە رېئالىزىم بىلەن رومانتىزىم ئۆزئارا بىرلەشكەن. شائىر بۇ داستاندا ئۆز كۆزقارىشى، مەقسىدى ۋە غايىسىنى ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرى — مەنسۇر ۋە نەسىملەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. بۇمۇ داستاننىڭ بىر بەدىي ئالاھىدىلىكى.

قىسقىسى شائىر ياشىغان دەۋر ئەڭ بوغۇق ۋە ئەڭ سىبىق جاھالەت دەۋرى ئىدى. شائىر شۇنداق قەبىھ قارا دەۋردە ئىستىبدات روھانىلار ئۈستىدىن ئۇچۇق شىكايەت قىلىپ ئۆز كۆز قاراش ۋە غايىسىنى چوڭ يۈرەك بىلەن مەردانىلارچە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مانا بۇ شائىر مۇللامەھەممەت نىيازنىڭ ئىلغار پىكىرلىك ئەدىب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## مەمتىمىن خۇداۋەردى

---

① سىپانە — مازار، كەڭ ساراي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# داستانى «مەنسۇر»

## داستاننىڭ كىرىش سۆزى

كەرمىك ئىككى يۈز يەتمىش ئۈچ تارمىغدۇر تەنبە،
خىركوش① يىلى ھېيت قۇربانىنىڭ ئون تۆتى كۈنگە دۈشەنبە.
كوڭۇلگە مۇتەتپىق كەلگەچ يۈرۈبمىز نەچچە كۈن يايلاپ،
بۇ موللامەھەممەت نىياز پوتۇردى ھەممىنى شايلاپ②.
يىگىسار مەۋزەئىدەيىنە قوناساق كەنتىدە بىزلەر،
بۇ مولامەھەممەت نىيازنى ھەردەم دۇئادە ياد ئىتىگىزلەر.
بولۇپمەن ئەي بۇرادەر دەھرىدە③ غەمنىڭ كىرىپتارى،
جاھان ئىشقالىدىن④ ھەردەم يېتار جانىمغە ئازارى.
غەرىۋ بىناۋا⑤ ئاجىز قولۇڭغا رەھىم قىل يار دەپ،
ئۈممەت تۇتقۇم دۇئالاردىن مەنۇ بىچارەئى زارى.
كەسوبەھى شام⑥ گۇناھىمغە ئەلەددەدام⑦ يىغلارمەن،

① خىركوش ــ توشقان.
② شايلاپ ــ تاللاپ.
③ دەھرىدە ــ زاماندا.
④ ئىشقالىدىن ــ مەشغۇلات.
⑤ بى ناۋا ــ كەمبەغەل.
⑥ كەسو بىھى شام ــ كېچە ـ كۈندۈز.
⑦ ئەلەددەدام ــ ھەمىشە.

دۇئا ئىچرە پارامۇش قىلمىغىز ئەي دوستلار خالى①،
كە تاشلابمەن ئۆزەمنى دەرگاھىڭغە بولماغاي ھېچكىم،
شكەستەر② ناتىۋان③ كاتىپغا قىلغايكىم خويدارى.
كەيىغلاپ كەلسە دەرگاھىڭغە يارەپ قويماغىل نومىد④،
كەيىغلاڭ دوسلار كىم كېچە ـ كۈندۈز قىلىشىپ زارى.
كەتىرە⑤ ئىشقىنى دەرگاھ قۇشىدىن ئانداغ ئەيتمىش كىم،
ئىرۇر دائىم رەقەم يازماق كىتاپ قىلماق بۇدۇر كارى⑥.
كەمەن بىچارە ئاجىز بەندەمنىڭ ھالىغا رەھىم ئەتكىن،
سېنىڭ يادىڭدا داد ئەيلەپ كېچە يىغلارمەن ھەر بارى⑦.
ئايا دوسلار خۇدانىڭ يادىدىن ھېچ بولماغىل غاپىل⑧،
خۇدايارى پىلە⑨ بولغىن بۇ دۇنيا ئىشى بىكارى.
گۇنالارنىڭ يامانى ھەم زىنا ھەم غەيبەت، يالغانچى،
خۇدانىڭ نېھىنى⑩ قىلغان ئى يرانلار كورىدە مارى،
يۇرۇپ پىسقى ـ پۇچۇر ئىچرە خۇدانىڭ يادىنى تاشلاپ،
بۇ شەيتان يولىغا باشلاپ كىرىپتۇر ھەممىنى دوستىيارى.

---

① خالى — ئېسىدىن چىقارماسلىق.
② شكەستەر — سۇنۇق.
③ ناتىۋان — بىچارە.
④ نومىد — نائۇمىت.
⑤ كەتىرە — قاراڭغۇ.
⑥ كارى — ئىش.
⑦ بارى — ھەر ۋاقىت.
⑧ غاپىل — بىخۇت، بىخۇتلۇق
⑨ پىلە — بىللە.
⑩ نېھىنى — مەنى قىلغان ئىش.

ھېيت قۇربانىنىڭ ئون تۆتىنچى دۈشەنبە كۈن بۇ خەت تامام بولدى.

دۇئادە ياد قىلغاي دەپ كىتاپ قىلماق بۇدۇر كارى.
كى ئار ئەتمەك يارانلار مولالامەھەممەت نىياز بۇ پەقىر قۇلنى،
بۇ مولالامەھەممەت نىيازنىڭ كوڭلىگە بەرمەك ھەرگىز ئازارى.

## داستانى «مەنسۇر»

ئەۋۋەلادىن ھەم باشلايىن،
بۇ ھىكايەت ئىشلايىن،
كوڭۇل كىردىن تاشلايىن،
ئۆتكان قىسسە ئەردىيا.
ئۇشبۇ قىسسە نەسرى ئەردى،
چۈن① ماڭا بىشارەت قىلدى،
نەزىم قىل دەپ ھەم ئىدى،
تۈركى تىلگا دىدىيا.
سەۋەپ قىسسە بۇ ئېرور،
ھىكايىتى مەنسۇردۇر،
ئىچى تولا لائەل② دۇر،
تاڭسۇق قىسسە ئەردىيا.
شەھرى مىسىر ئىچىندە،

---

① چۈن — ۋەقتىكى.

② لائەل — ياقۇت، گوھەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زوق دەرياسى بار ئاندە،
مەنسۇر ئاتلىق بىر بەندە،
قارار قىلۇر ئەردىيا.
ئۆزى ئىزدور ياش يىگىت،
ياش ھەم بولسا تاش يىگىت،
كوزى تولا ياش يىگىت،
يىغلاپ يۇرۇر ئەردىيا.
يىغلار ھەقنىڭ خۇپىدىن،
كوڭۇل دۇنيا سۇپىدىن.
دايىم كەبە① توپىدىن،
خالى بولماس ئەردىيا.
ئانال ھەقنىڭ ئاتىنى،
تىلىدا ئەيتۇر پاكىنى،
كېچە - كۇندۇز دارىنى،
ھەققە قىلۇر ئەردىيا.
بوركلوك② يۇرگان قىز ئەردى،
ئۆزىنى خەلقتىن ئۆزار ئەردى.
ئاغزىدە غەم سوز ئەردى،
ئاللا دەپ يۇرۇر ئەردىيا.
ئۆزى مىسلى بىھىشت ھورىدۇر،
چىلتەن③ لاركا قوشۇلۇر.

---

① كەبە — تاۋاپ.
② بوركلوك — ئۇراقلىق، يوگەكلىك.
③ چىلتەن — قىرىق ئەۋلىيا.

www.uyghurkitap.com

ئىچار شاراپ ئەنتەھۇر①،
خاس ئەۋلىيا ئەردىيا②.
كىچە بولسە شامدىن سۈك،
ئەل بارىسى ياتقان سۈك،
چىقار ئەردى ئاندىن سۈك،
تاڭ ئاتقۇنچە ئەردىيا.
چىلتەنلەرگە قوشۇلۇپ،
غار ئىچىندە يىغىلىپ،
شاراپ ئىچەر سۇنۇشۇپ،
بارچە ۋەلى ئەردىيا.
ساچ بىغىشلىك ئۈچىنى،
باغلاپ مەھكەم ساچىنى،
باشىغە مۇنساكىنى③،
سالىپ يۈرۈر ئەردىيا.
بۇ سىرلارنى ئاڭلابان،
بارچە خەلقلەر تىڭلابان،
ئانال نىلار قىلۇر دىبان،
بارى تەنە قىلدىيا.
ئىدى ناكە مالامەت،
تەممەت④ ئايەت قىيامەت،

---

① ئەنتەھۇر — پاك شاراپ.
② ئەردىيا — ئەۋلىيا.
③ مۇنساكىنى — لىچەك.
④ تەممەت — قىرى خوتۇن.

ئانال سىرى ئاھانەت،
ئوقۇشۇرلار ئەردىيا.
ۋەقتى خۇپتەن كىتادۇر،
تاك ئاتقۇنچە ياتادۇر،
ئۇزكا ئىشلار قىلادۇر،
دىبان خەلقلار ئىدىيا.
بارى ئەردى بىر ئەجۇزە①،
مەنسۇرغا ئىدى بىر سۇزە،
بىلىڭىز ياخشى قىزە،
ئىشى يامان ئەردىيا.
ئىدى سوزىنى بىر - بىر،
قىلدى مەنسۇرغا تەسىر،
كوڭلىگە قىلدى داستىكىر②،
ئانال ئىشىن ئىدىيا.
پارە - پارە يىگىتلار،
ئاشىق ئويناپ يۇرۇرلار،
مەنسۇر ئاندا باردىلار،
زامان قارار قىلدىيا.
بىر بەچچە③ نىك ئاشۇقى،
كەلدى مەنسۇرغا ياۋقى④.

① ئەجۇزە — بالا.
② داستىكىر — چىك تۇتۇش.
③ بەچچە — بالا.
④ ياۋقى — دوستى.

ئېسىگە چۈشتى مەشۇقى،
ئاتى قولغا ئالدىيا.
مۈنىڭ ئاتى ئاشىقتۇر،
ئىزدىگانىم مەشۇقدۇر،
مەنسۇر ھەققە ئاشىقدۇر،
ياشى ئادا ئاقتىيا.
بەچچە تىلار ئاشۇقتىن،
مەنسۇر ئەيتۇر مەشۇقتىن،
ھىچ بىلمىدى نە ئىشتىن،
كورنە ئىشلار بولدىيا.
بارغىل سىڭلىڭنى كورگىل،
ئانال سىرىن تۇيغىل،
نە ئىش قىلۇرىن پىلگىل،
كۈچلۈك يىگىت دىدىيا.
مەنسۇر بۇ سوزنى ئىشتتى،
يۈراكىگا داغ ئۆتتى،
سىرىنى كوڭلىدە تۇتدى،
ئارام قارار قىلدىيا.
سوڭرە بەچچە ئاھانەت،
كوپ ئىشتتى نادامەت①،
ئانال سىرى مالامەت②،
بارچە قىلۇر ئەردىيا.

---

① نادامەت — پۇشايمان.

② مالامەت — كوڭۇل ئاغرىماق.

مەنسۇر ئانال سىرىنى،
بىلۇر ئەردى تۇرۇرنى،
بۇ خەلقلەرنىڭ جەۋرىنى①،
كۆتىرالماس ئەردىيا.
سىڭلى يۇلى ھەق ئەردى،
بەغرى ھەققە داغ ئەردى،
تەنە قىلغان خەلق ئەردى،
بارى نادان ئەردىيا.
ئەۋلىيالار سۇلائىن،
ئەيتا بەرمەس كورگاندىن،
ئالتۇن تاپقا ئالتۇندىن،
قاچان ئەيتۇر ئەردىيا.
خەلقلەر مۇنى ئىشىتتى،
مەنسۇر قوبۇل قىلمادى،
ئانال يۇلىن ئاڭلادى،
ئاڭا ھازىر بولدىيا.
بىر كۇن ئىدى شامدىن سۇڭ،
ئەل بارىسى ياتقان سۇڭ،
ئانال قوپدى ئاندىن سۇڭ،
مەنسۇر ئاڭلاپ تۇردىيا.
ساچ باغ ئۇچىنى بارىسىپ②،
مۇنساكىنى يۇرگانىپ،
يولغا كىردى تەبرانىپ،

① جەۋرىنى — جەۋرى - جاپا.
② بارىسىپ — سىلكىپ، ئويىنىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتلىرى
www.uyghurkitap.com

يۈگۈرۈپ يۈرۈي بەردىيا.
مەنسۇر كەينىگە تۇشۇر،
ئانال قاراسىن كورۇر،
بىر دوبەنىڭ ئاراسىغا بارۇر،
ئانال بىرىپ كىردىيا.
دوبە① ئولدەم يارۇدى،
ئانال قاراسىن كوردى،
كېيىندىن مەنسۇر يۈگۈردى،
ئانال پىلماس ئەردىيا.
پىلماس ئانال يۈرگانىن،
مەنسۇر كەيىندىن كەلگەنىن،
مەنسۇر بۇ يەردە يۈرگانىن،
تاڭ ئاجايىپ قالدىيا.
ئاناڭ ئىلگارى يۈردى،
مەنسۇر كەيىنگە چۈشتى.
غار ئىشىككە يېتىشتى،
راۋان② ئانى كوردىيا.
ئانال ئىشىك كا يەتدى،
دەرىجەدۇن③ ئاچىلدى،
دەرھال غار ئىچرە كىردى،
ئىكىلىپ سالام قىلدىيا.

---

① دوبە — دۆۋە.

② راۋان — ئوچۇق ئېنىق.

③ دەرىجەدۇن — دەرىزە ئىشىك

قايتىپ دارنى① بىركىتتى②،
مەنسۇر تاشقىرى قالدى،
ئىشىگىدە ساقلادى،
چىلتەن③ لارنى كوردىيا.
ئۇل غار ئىچرە چىلتەندۇر،
ئىچكەنلىرى تەھۇر④ دۇر
كاسەلىرى دۇردۇر⑤،
شاراپ ئىچەر ئەردىيا.
ئانال قىلدى سالامى،
ئەلەيكە ئالدى تامامى،
نە كەچ قالدىڭ دەپ ئانى،
ئاڭا كالام⑥ ئىدىيا.
ئانال ئىدى ئاھانەت،
خەلقىم قىلۇر مالامەت⑦،
كوپ ئىشىتتىم نادامەت،
نە قىلايىن دىدىيا.
چىلتەن ئىدى ئاھانەت،
خەلقنىڭ قىلسە مالامەت،

① دارنى — دەرۋاز.
② بىركىتتى — بېكىتتى.
③ چىلتەن — ئەۋلىيا، ماشايىخ.
④ تەھۇر — پاك شاراپ.
⑤ دوردۇر — گوھەر، ئىسىل پىيالە.
⑥ كالام — سوز.
⑦ مالامەت — تەنى - تاپە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

ئاخىر بولغۇڭ سالامەت،
دىبان① كالام ئىدىيا.
چىلتەن ئىدى ئاتاكىچ،
كەلدىلىڭ ئىرسە قىلدىلىڭ ئاچ،
بۇ شاراپنى تويە② ئىچ،
قولغە ئاياغ بەردىيا.
ئىچكىل ئاياغچى③ بولغىل،
بىر - بىرىمىز كايىتكورىكىل،
ئاياق تۇتۇبان سۇنغىل،
پىز ئىچالى دىدىيا.
چىلتەن ئىدى ئۇشبۇ دەم،
ئىسكا كىلۇر نامەھرەم،
ئانال كوڭلى بولدى غەم،
بۇنە نەسوزدۇر دىدىيا.
چىلتەن ئىدى④ جانانە⑤،
بارمۇ ھەمرا ھەمخانە،
يولۇقتىمۇ بىگانە⑥،
يولىڭىزدە دىدىيا.
ئانال ئىدى يۇلۇم راس،

① دىبان ــ دەپ.
② تويە ــ تويغىچە.
③ ئاياغچى ــ ساقى (شاراپ قۇيغۇچى).
④ ئىدى ــ ئېيتتىدى.
⑤ جانانە ــ سۆيۈملۈك.
⑨ بىگانە ــ يات كىشى.

سوپلىمادىم تېنىم راس،
قايتىپ ئىشىكنى دەرخاس①،
ئېچىپ ئانى باقتىيا.
كوردى مەنسۇرنى ئولدەم،
ئىشىك ئارقىسىدا ھەم،
ئانالىنىڭ كوڭلى بولدى غەم،
بىلىپ قايتىپ كەلدىيا.

ئانال ئىدى يا ھەبىب②،
تاشقارىدە بىر غەرىپ،
تۇرۇرمۇندە سارغايىپ،
كىرالمايدۇ دىدىيا.

چىلتەن ئىدى ھەببە،
بەرگىل ئاگا نەسىبە،
بارچە ئەرۋاھ تەيىببە③
ئاندا ھازىر ئەردىيا.

ئۇل شارابى توكانسە④،
قالغان ئەردى بىر كاسە،

---

① دەرخاس — دەرھال، شۇ ھامان.
② ھەبىب — دوست.
③ تەيىببە — پاك ئەرۋاھ.
④ توكانسە — تۈگىسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانال قولىدا ئەردى كاسە،
تۇتۇپ تۇرۇر ئەردىيا.

ئانال ئىدى ئۇشۇل كەس①،
بارىن ئىچسە كوتەرماس،
ئۇزدى دەم تارتى بىر پەس،
بىر يۇتۇمى قالدىيا.

تۇبىدا قالدى بىر بوغۇم②،
مەنسۇرغا ھەم بىر يۇتۇم،
كىلىبان تۇتدى ئولدەم،
مۇنى ئىچكىل دىدىيا.

مەنسۇر ئىچتى بىر ئورۇت③،
ئىچگا چۇشتى بىر خلىت④،
تۇپسىز دەريادا ئول ئوت،
توشۇپ ھەيران قالدىيا.

مەنسۇر ئولدەم بولدى مەس،
ئوزىن ئول بىلمەي - كەس،

---

① كەس — شەخس.
② بوغۇم — تۇۋىدە قالغان بىر يۇتۇم.
③ ئورۇت — يۇتۇم.
④ خلوت — كويۇك ئوت.

نە سوزلار ئەيتۇر ئول مەس،
دىۋانە دار بولدىيا.

قايتىپ قويدى قەدەمنى،
ئۆزىن قىلدى ئەدەم① نى،
ئانال كورۇپ بۇ دەمنى،
يىغلاپ مۇنكىن②قالدىيا.

ئانال كوردى بۇ ئىشنى،
هەڭغە قىلىپ نالەشنى③،
قىلىپ نەچچە ساغىشنى،
ئىچى كويۇپ ياندىيا.

ئاكام يۈزىن كورمسام،
كاشكى شاراپ بەرمسام،
كوتەرماسىن مەن بىلسام،
بەرمەس ئەردىم دىدىيا.

مەنسۇر ئولدەم هەق دىدى،
سىڭلىم ئانال هەق دىدى،
يىنەمىنىم هەق دىدى،
مەست④ هەيران بولدىيا.

① ئەدەم — ئۆزىنى يوقىتىش.
② مۇنكىن — مۇڭلۇق.
③ نالەشنى — نالە قىلىش.
④ مەست — مەسلىك.

كوزى ئانىڭ قىزاردى،
قىزىل يۈزى سارغاردى،
تەن مۈلكى بۇزۇلدى،
قارار قىلماس ئەردىيا.

ئانال ھەققۇ مەن ھەم ھەق،
ئالدى ئىشقدىن ئول سىبىق①،
ھەققە قىلىپ باغرىن داق،
ئىچى كويۇپ ياندىيا.

ھەق دەپ كوكسىكا ئۇرۇپ،
كوزىنى كوككا تىكىپ،
ئاغزىدىن كوپۇك ئاقىپ،
پام سەرگەردان بولدىيا.

ئەيتۇر سوزى ئانال ھەق،
يىنە ئەيتۇر مىنىم ھەق،
مۇللالار ئىشتىپ ناھەق،
بۇ نە سوزدۇر دىدىيا.

كاھى شەھەردە يۈرۈر،
كاھى چۆللەردە يۈرۈر،
دائىم ئىشى بۇ ئىرور،
قارارى يوق ئەردىيا.

① سىبىق — ئۆزىنى يوقىتىش.

مۇللالار ئىشتىپ مۇنى،
قۇلاق سالىپ ئۇننى،
ئەيتۇر مەنسۇر بۇ سوزنى،
خاتا قىلدىڭ دىدىيا.

مەنسۇر سوزنى ئاڭلاماس،
مۇللا سوزىن تىڭلاماس،
ئانال ھەق دىرىن قويماس،
پەرۋا قىلماس ئەردىيا.

مەنسۇر ئىرۇر ھەق پەرەس،
ئاللا بىرلە قەۋلى راست،
ئۆزىنى قىلىپ بەندەئى خاس،
ئەقىل ھەيران ئەردىيا.

يىغا پىلماي ئۆزىنى،
قان ياشارتىپ كوزىنى،
نەسىھەتنىڭ سوزىنى،
قۇلاق سالماس ئەردىيا.

كۆنلەردە بىر كۈن ئەردى،
ئۈچ يۈز مۇللا يىغىلدى،
مەنسۇر قىيشىغا كەلدى،
ئايا مەنسۇر دىدىيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەيتماغىل ئانال يىرىق دەپ،
كاپىر بولدۇڭ مەنسۇردەپ،
ئايەت ئىچرە بۇرۇر دەپ،
نەسىھەتلەر قىلدىيا.

پىلمادىلار ئۇزلىرىن،
ئانال ھەقنىڭ مەنىسىن،
بارچە ئادەم ئىشتكانىن،
بۇ نە سوزدۇر دىدىيا.

مەنسۇر خەلقتىن قىلماي ئار①،
بولما سابىر سوز تەييار،
موللالارنىڭ كوڭلى تار،
باقىپ كىتاپ ئاچتىيا.

راۋايەتلەر تىپۇدى،
سوزمەناسىن پىلمادى،
بارىپ پادىشاغە سۇندى،
سوزىن قوبۇل قىلدىيا.

قازى، مۇپتى بارچىسى،
بولدى مەنسۇرغا ئىشى،

① ئار — نومۇس.

مۇنداق دىسە ھەر كىشى،
كاپىر بولۇر دىدىيا.

پادىشا ئاڭا ھۆكۈم ئەيتدى،
بارىپ مەنسۇرنى تۇتدى،
بوينىغا غەل① بەركەتتى②،
باغلاپ ئېلىپ كەلدىيا.

پادىشا ئالدىغا كەلدى،
پادىشا مەنسۇرنى كوردى،
مەنسۇر ئانال ھەق دىدى،
تىلىدىن قويماس ئەردىيا.

پادىشا ئىشتىپ سوزنى،
تىكىپ ئاڭا كوزىنى،
قىياپىلماي③ ئوزىنى،
ئولدەم يىغلاپ ياندىيا.

زاماندىن سوڭ ئاچتى تىل،
بۇ ھەقىقەتەن ئاشىق پىل،
ئوزىنى مۇنداق كىشى پىل،
قىلماس كاپىر دىدىيا.

① غەل — شال زەنجىر.
② بەركەتتى — بېكىتتىدى.
③ قىيا پىلماي — ئوزىنى تۇتالماي.

سوز مەناسىن ئىدىلار،
كاپىر بولدى دىدىلار،
ئۇزى گۇۋا بىرەدۇر دىدىلار،
ئۇز تىلىدىن دىدىيا.

قازى مۇپتى بولغانلار،
هارام شۇبھە يىگانلار،
ۋاللا كاپىر دىدىلار،
شىهادەت① نى بەردىيا.

ئانداق بولسا قەستىڭىز،
ئېلىپ دارغا ئاسىڭىز،
تىل باشىنى كېسىڭىز،
ھوكۇم ئانداق بولدىيا.

ئىسىز② مەنسۇرنى ئالىپ،
دارنىڭ ئالدىغا بارىپ،
دار باشىغا سالىپ،
بارچە باقىپ تۇردىيا.

دارنىڭ باشى ئىلكىدى③،
دار ھەم ئانال ھەق دىدى،

① شىهادەت — گۇۋالىق.
② ئىسىز — ئىسىت.
③ ئىلكىدى — ئىگىلدى.

ھرا ئۇل① مەنسۇرغا قوشۇلدى،
ئاۋازىنى بەردىيا.

تارتدى مەنسۇرنى دارغە،
دار يىغلادى زارىغە،
نادا② كەلدى ئۇل دارغە،
كوپ بوغما غىل دىدىيا.

يەتتە كېچە كۇن تۇردى،
ئانال ھەق دەپ دەم ئۇردى،
بارچە خالايىق كوردى،
تاڭ ئاجايىپ قالدىيا.

يەتتە كۇندىن سۇڭ موللالار،
شەيخ مەنسۇرنى كوردىلار،
ئانال دەپ ئەيتۇرلار،
قادىر قۇدرەت دىدىيا.

پادىشاغە بېرىپ داد ئەيتتى،
كاپىر مەنسۇر ئولمىدى،
پادىشا ئولدەمدا دىدى،
نەۋاقىئە بولدىيا.

---

① ھرا ئۇل ـــ ساقچى.
② نادا ـــ ئاۋاز.

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇندىن ئىلىپ باردىڭلار،
دەرۋازىغا ئاسىڭلار،
كورۇپ هەيران قالدىڭلار،
ئەي زالىملار، دىدىيا.

پادىشا هوكۇملار ئەيتىدى،
بارىپ مەنسۇرنى تۇتىدى،
مەنسۇرغا بىر ئىش يەتدى،
كوڭلى هەيران قالدىيا.

دار باشىدىن چۇشۇرۇپ،
دەرۋازىغا ئاستۇرۇپ،
تۇرلۇك ئازاپ قىلدۇرۇپ،
هوكۇم ئانداغ بولدىيا.

دەرۋازىغا كىم يەتسە،
هەر كىم كىرىبان چىقسا،
قولىدا نە بار ئىرىسە
ئۇرۇپ ئوتسۇن دىدىيا.

هەركىم مۇندىن ئوتادۇر،
مەنسۇرنى ئول ئۇرادۇر،
ئەسانى پەرۋان① پۇترۇر،
زەرەر قىلماس ئەردىيا.

① پەرۋان — پەرمان.

بىر ئىش قىلدى سىرايەت①،
داۋى② قىلۇر رىۋايەت،
بى رەھ③ لارغا ھىدايەت④،
بىر سوز يېتىپ كەلدىيا.

ئۇشۇل ۋاقتى دەر ئەردى،
مەنسۇر پىرى بار ئەردى،
شەيخ زۇلنۇن دەر ئەردى،
قۇتبۇل ئەقتاپ⑤ ئەردىيا.

شەيخ زۇلنۇن مىسىر يول،
باغ ئىچىندە تۇشتى ئول،
ئېچىلىپ ئەردى قىزىل گۇل،
سەيرى قىلۇر ئەردىيا.

شەھرى سىرى⑥ شەيخ ياندى،
دەرۋازىغا ئۇل يەتدى،
دەرزابان⑦ دەم⑧ ئەيتىدى،
ئەيا شەيخىم دىدىيا.

---

① سىرايەت — تەسىر.
② داۋى — رىۋايەت قىلغۇچى.
③ بى رەھ — يولدىن ئازغانلار.
④ ھىدايەت — توغرا يول.
⑤ ئەقتاپ — پىرى ئۇستاز.
⑥ سىرى — بويلاپ.
⑦ دەرزابان — دەرۋازىۋەن.
⑧ دەم — شۇل زامان.

ھوكۇم پادىشا بۇ ئىرۇر،
ھەركىم كىربان چىقابان① كىدۇر،
قولىدا نە بار ئىرۇر،
ئۇرۇپ ئۇتسۇن دىدىيا.

زۇلنۇن مىسرى دەر ئەردى،
ئۇرماس ئەردى ھىچ كىشى،
ئانداغ بولسا ئۇرالى②،
ھوكۇم شاھدۇر دىدىيا.

كوردى مەنسۇر پىرىنى،
پىرى بىلۇر سىرىنى،
ئىككىلاسى ئەيتۇر ھال تىلىنى،
ياشىرۇپ پىنھان③ ئىدىيا.
پىرى ئىدى ئايا يار،
قۇتلۇق بولسۇن ساڭا دار،
ساقلىغۇچى كەر دىكار④،
مەردانە بول دىدىيا.

ئارىپ ئاشىق ئىرانلار⑤،

---

① چىقابان — كىرىپ چىقىش.
② ئۇرالى — ئۇرايلى.
③ پىنھان — يوشۇرۇن.
④ كەردىكار — تەڭرى.
⑤ ئىرانلار — دانا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلقغە ئېيتماس پۇشىد① لار،
گەنج② تاپقان ئىرانلار،
سىرىن قاچان ئەيتۇر دىدىيا.

شەيخ زۇلنۇن مىسىر ئۇل،
قولىدە ئەردى بىر گۇل،
گۇلى بىرلە كوردى بىر يول،
ھۆكۈم شاھ بولسە دىدىيا.

مەنسۇر ئولدەم دادىنى،
چىقاردى پەريادىنى،
تىلىدىن قويماي سىنانى③،
ئايا پىرىم دىدىيا.

يىغلاپ ئىدى ياپىرىم،
پىلۇر ئەردىڭ سەن سىرىم،
بۇ گۇل بىرلە ئۇرغانىڭ ياپىرىم،
ئەجەپ ئۇتتى دىدىيا.

بۇ جاھىللار ھالىمنى،
پىلماس ئەردى سىرىمنى،

---

① پوشىد — سىر.
② گەنج — خەزنە.
③ سىنانى — تەگرىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

پىلە تۇرۇپ ھالىمنى،
نە ئۇردو كۆز دىدىيا.

پىرى ئاڭلادى سوزىنى،
يىنە چىلماي ئوزىنى،
يىغلاي - يىغلاي كوزىنى،
ئۇتۇپ يۇرۇي بەردىيا.

يىنە يەتتە كۈن تۇردى،
ئانال ھەق دەپ دەم ئۇردى،
بارچە خالايىق ئانى كوردى،
پەرۋا قىلماس ئەردىيا.

يول پىلمگان ئالىملار،
سىر تۇيمىغان زالىملار،
ئەرۇ - خاتۇن ئاملار①،
بارى خاران ئەردىيا.

ئۇلۇغ كىچىك ئاخۇنلار.
شاھ ئالدىغا باردىلار،
سوزىنى بايان قىلدىلار،
شەيخ مەنسۇرنى ئىدىيا.

پاشاھ ئىدى كەلتۇرۇڭ،
ئوتقا سالىپ كويدۇرۇڭ،

① ئاملار ـــ ھەممە، ئومۇمى.

كۆل قىلىپان سورۇك،
ئولماس بولسا دېدىيا.

پەرمان بولدى بويرۇك،
يىغىپ ئوتۇن كەلتۈرۈك،
ئوت قويغىل چىقسۇن تۈتۈنۈك،
مەنسۇر ئوتنى كوردىيا.

كورگاچ ئوتنى يىغلادى،
ئىچى باغرىن داغلادى،
دادىن خۇداغە ئىدى،
كويارىنى بىلدىيا.

مەنسۇر كوردى بۇ ئىشنى،
كويۇپ چىققان ئاتەشنى،
پەركا① قىلدى ساغىشنى،
نالە زارى قىلدىيا.

باغلادى قول ئاياغىن،
ھىچكىم بىلماس ئىچى داغىن،
پىرىمكا سوز ئەيتايىن،
خەۋەر قىلىك دېدىيا.

پىرى نىلك قولاقىغا ئاغزىن،
قويدى ئىدى سىر سوزىن.

---

① پەركا — ئورلەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرىسى

پىرشار① تىپ ئۈل كوزىن،
سوزىن قوبۇل قىلدىيا.

مەنسۇر ئىدى كويەرمەن،
كۆل بولۇبان ئوچەرمەن،
پىرىم ساڭا سوز ئەيتۇرمەن،
كۆلۈم ئالغىل دىدىيا.

سۈڭاكلارىمنى يىققىل،
ئارىخ② قولۇڭغا ئالغىل،
ئىلتىپ دەرياغە سالغىل،
ئەزەل③ ئولدۇر دىدىيا.

ئۈچ كۈندىن سۈڭ دەريانى،
كوركىل خۇدا قەھرىنى،
باسىپ كىلۇر شەھرىنى،
ۋەيران قىلۇر دىدىيا.

ئۇلۇق ياشلىغ كەپىرە④،
ئەسىن⑤ پىلماس سەغىرە⑥،

---

① پىرشار ــ ياش ئاققۇزۇش.

② ئارىخ ــ پاك.

③ ئەزەل ــ ئەملى.

④ كەپىرە ــ چوڭ كىشلەر.

⑤ ئەسىن ــ ئىسمى.

⑥ سەغىرە ــ كىچىك باللار.

غەرق بولماسۇن بۇ يەردە،
مۇسۇلمانلار دىدىيا.

مىنى موللالار كويدۇركاچ،
كولدىن ئالغىل بىر ئەۋج①،
ئىلتىپ سۇ ئالدىغا ساچ،
قايتىپ ئاقار دىدىيا.

ئىست ئىران مەنسۇرنى،
ئوتقە ياقتىلار ئانى،
مەنسۇرنىڭ يارانلىرى،
يىغلاشبان قالدىيا.

موللالار كىم قىلدى خىشىن②،
قويۇپ ياندىلار ئاتەش،
ئوت ئىچىدە كويۇپ باش،
سەجدە قىلۇر ئەردىيا.

مەنسۇرنىڭ يارانلىرى،
يىغلاشىپ بارچەلىرى،
ئايا مەنسۇر باغرىلارى،
ئوتغە كويۇپ پىشتىيا.

---

① ئەۋج ــ ئوچۇم.
② خىشىن ــ ھىلە، ئالداش.

ئىسسىز① ئاشىق مەنسۇرنى،
ئوتقا ياقتىلار ئانى،
مەنسۇر ئانال ھەق دىرنى②،
تىلدىن قويماس ئەردىيا.

ئانال ھەق دەپ ئوت كويار،
مەنام يوق دەپ يانار،
بەزى خەلقلەر ئىشتار،
بەزى يىغلاپ ياندىيا.

نەچچە كۈندە ئوت ئوچتى،
زۇلنۇن قەدىمى تۇشتى،
كۈل سوڭاكىنى يىغدى،
ئانال ھەقنى ئىدىيا.

كۈل سوڭاكلارىن قولغا ئالدى،
ئىلتىپ دەرياغا سالدى،
زوق دەرياسى مەۋج③ ئۇردى،
خىروش④ قىلۇر ئەردىيا.

---

① ئىسسىز — ئىست.

② ھەق دىرنى — دىگىنىنى.

③ مەۋج — دولقۇن.

④ خىروش — غەۋغا چىقىرىش.

ئۈچ كۈندىن سوڭ ئول دەريا،
بولدى شەھرىدا پەيدا،
خەلقلەر قىلدى دادىلا①،
باستى دەريا دىدىيا.

شەيخ زۇلنۇن يېرى بارىپ،
كويكان يەردىن كۈل ئالىپ،
دەريا ئالدىغا ساچىپ
قايتىپ يەنە ئاقتىيا.

ئۇلۇغ دەريا قىيامەت،
شەھەر بولدى سالامەت،
شەيخ مەنسۇر كارامەت،
ئۇشبۇ تىرۇر ئەردىيا.

قايتىپ ئاقتى ئول دەريا،
قىلدى ئەپغان② دادىلا،
ئاشىقلارغا خۇدايا،
كورگۈز دىدار④ دىدىيا.

نىل دەرياسى جۇش ئۇردى،
بىر پارە كوپۇك بولدى،

① دادىلا — چۇقان. دات - پەريات.

② ئەپغان — يىغى - زار.

④ دىدار — جامال، يۈزي.

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانالھەق دەپ ئەيتۇر ئەردى،
پەرۋاز قىلۇر ئەردىيا.

نەچچە كۈنلەر قۇيىغە①،
ئىقىپ چىقتى بىر جۇيىغە②،
شەھرى ھەلىپ سارىغە③،
ئاقىپ راۋان بولدىيا.

جۇيدىن چىقتى ئارىغى،
ئاقىپ كىردى چار باغى،
خاسەلىق ئەردى ئول باغى،
ھەۋز④ ئىچگا توشتىيا.

شەھرى ھەلىپنىڭ شاھى،
ئانىڭ باردۇر بىر قىزى،
بويىغا يەتكان ئەزىزى،
كوپ تائەتلىك ئەردىيا.

شۇل ۋاقتىدا قىز باردى،
سەبرى⑤ چارباققە كىردى،

① قۇيىغە — تۇۋەنگە.
② جۇيىغە — سەيلە.
③ سارىغە — ساراي.
④ ھەۋز — كول.
⑤ سەبرى — سەيلە.

جەرباغ ئىچىنى كوردى،
سۇغا مەيىل① قىلدىيا.

كىنىزەكلارغە ئىدى②،
سۇ كەلتۈرۈڭ دىدى،
بىر دوختەر③نى بىيۇردى،
هەۋز باشىغە كەلدىيا.

هەۋز يۈزىدە نەئىرور④،
بىر پارە كويۈك يۈرۈر،
ئانالھەق دەپ سوز ئەيتۇر،
ئانى تۇتاي دىدىيا.

كوپۈك دوختەردىن قاچتى،
تۇتايىن دەپ ئەركەشتى،
يىغلاپ ياشىنى ساچتى،
خانىكا⑤ گە كەلدىيا.

ئىدى بارىپ ئول راۋان،
خانىكەكا بۇ ئايان،

---

① مەيىل — قاراش.
② ئىدى — ئىبىتتدى.
③ دوختەر — قىز.
④ نەئىرور — نىمە ئۇ.
⑤ خانىكا — هاكىم، خان.

www.uyghurkitap.com

بارىپ قالىڭ سىز ھەيران،
بىر سىر كوردۇم دىدىيا.

قوپتى راۋان شا قىزى،
راۋان بولدى ئۇل ئۈزى،
تۈشتى كوپۆككا كوزى،
ئولدەم قولىن سۈندىيا.

دوختۇرلارى كوپ ياندىن،
سۈندى قولىن ھەرياندىن،
جەھلىيەك① رۇختەر يۈتتى،
ئۇل كوپۆكدىن،
تاڭ ئاجايىپ قالدىيا.

قىرىق بىر رۇختەر ئىچدىلار،
بارچە مەستان② بولدىلار،
شول دەمدە بىلدىلار،
بارى ھامىلدار بولدىيا.

سۇلتان قىزى ھامىلدار بولغانىن،
بىلدى بويىدا قالغانىن،
ھامىلەدار بولغانىن،
قىز ئاناسى بىلدىيا.

① جەھلىيەك — بىلمەستىن.
② مەستان — ھۇشىدىن كېتىش.

قىز يىغلاپ بولدى خاراپ،
ئىدى بولۇپمەن كاۋاپ،
كاشكى مەن تىراپ①،
ئايا ئانام دىدىيا.

بىر كۈن ئىدىيول② باردىم،
كىنىزاكىمگا ئىدىم،
سەبرى③ چارباققا كىردىم،
تىڭلا ئانام دىدىيا.

كوردۇم ھەۋىز يۈزىدە يۈرىدۇر،
بىر پارە كۆپۈك يۈرۈر.
ئاناالھەق دەپ سوز ئەيتۇر،
ئەقلىم ھەيران قالدىيا.

كوڭلۇم ئاڭا مەيىل③ قىلدى،
تېنىم ئاڭا قول سۇندى،
ئاقىپ ئالدىمغە كەلدى،
ئالىپ يۇتدۇم دىدىيا.

ئۇشۇل كۈندىن تا بۇگۈن.
تۇغدى ماڭا شىبۇ كۈن.

---

① تىراپ — تۇپراق.
② ئىد يول — ئىدى ئول.
③ سەبرى — سەيلە قىلىش.
③ مەيىل — مايىل بولۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالىمدى بەغرىمدە پۇتۇن،
كەبەم① ئانام دىدىيا.

قىزىن سوزىن ئاڭلادى،
ئىچى باغرىن داغلادى،
بىر پارەخۇن② يىغلادى،
شاھى بالام دىدىيا.

شەيخ مەنسۇر ھەللاجى③،
ئەۋلىيالارنىڭ تاجى،
ئاخىر بۇدۇر ئىلاجى،
تەقدىر ئەزەل دىدىيا.

ئۇشۇل ھەمرا قىرىق دوختەر،
بولدى بارى ھامىلەدار،
ئاي كۈنى يېتىشىپ دىر،
بارى ھەيران بولدىيا.

قىزلارغا بولدى توققۇز ئاي،
ئىچكا چۈشتى قىلدى ۋاي،
نالە قىلۇر ئەي خۇداي،
مېنى ئالغىل دىدىيا.

① كەبەم — قىبلە ئانام.
② پارەخۇن — قان.
③ ھەللاجى — چىغرىقچى.

ھەيران ئەردى① ئاناسى،
گىريان② ئىدى بالاسى،
تاپالمايىن چارەسى،
شاغە خەۋەر قىلدىيا.

شاھ خانىكە يىغلاشتى،
خەلۋەت③ ئويىدا كىڭاشتى،
خەلق مۇنى ئىششىنتى،
نە ئايغۇ مىز④دىدىيا.

بىر كۈن بىلۇبان⑤ تۇغسا،
خالايىقلار ئىشتسا،
بىزنى مالامەت قىلسا،
نە ھەسرەتدۇر دىدىيا.

ياشۇرۇپ پىنھان⑥ ئولتۇرسەك،
خۇنى پىزكا ئول ناھەق،
مىكىر ساندۇقغە سالساق،
كىشى پىلماس دىدىيا.

---

① ئەردى — ئىدى.
② گىريان — يىغلاش.
③ خەلۋەت — خالە.
④ ئايغۇمىز — قانداق قىلىش.
⑤ بىلۇبان — گۈزەل ھەيۋەت.
⑥ پىنھان — مەخپى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

بۇ كىڭاشنى خوپ كوردى،
ساندۇقچىلارنى يىغدى،
ئۇلۇق ساندۇق بۇيۇردى،
تاشىن مولاندۇردىيا.

ئىچىن ئالتۇندىن قىلدى،
تاشىن ياغاچتىن قىلدى،
ئۇستىن يەنە مولاندى،
نىمەتكار① قىلدىيا.

كەچ ھەم بول كۈن پاتتى،
قىزى ئالىپ تۈن قاتتى②،
دەريا لىبغە يەتدى،
خۇنخار③ قاينار ئەردىيا.

قىزى ساندۇققە سالدى،
ئاغزىن مەھكەم قۇلۇپلادى،
ساندۇقنى سۇغا سالدى،
خوپلاشبان④ قالدىيا.

---

① نىمەتكار — گۈزەل.

② قاتتى — تۈن بويى.

③ خۇنخار — دولقۇن.

④ خوپلاشبان — خوشلىشىپ.

ئاتا ـ ئانا يىغلادى،
كۆندۈزىدە ياشۇندى①.
ئەل كوزىنى باغلادى،
كېچە ئويىگا كەلدىيا.

ئۇشبۇ پىللە قىرىق دوختەرنى،
ھەيداپ ئانى، چىقاردى ئانى،
قىر باشىدا بۇلارنى،
تۇن يارىمدا قويدىيا.

بۇ قىرىقدۇر ئاناسى،
قىرىق قىزنىڭ بالاسى،
مەنسۇر ئانىڭ ئاتاسى،
ئىشت ساگىز دىدىيا.

قىلسە ھەركىم مالامەت،
قىرغىزدىبان ئاھانەت،
لەنەي قىلغاي شۇل سائەت،
ئەۋلىيالار دىدىيا.

بۇ ھىكمەتنى ئەيتىدىلار راۋى②،
خوجە ئەھمەت ياسوۋى،

---

① ياشۇندى ـــ يوشۇرۇندى.

② راۋى ـــ نەقىل، رىۋايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەۋلىيالار مىسراسى①،
ئىشتىنگىز ئۇلار بىيان قىلدىيا.

ھىچكىم پىلماس بۇلارنى
خەيرى ئاز خۇدا ئۇلارنى،
قىز ئەيلادى بۇ سوزنى،
تىلدىن قويماس ئەردىيا.

ساندۇق ئاقتى تۇن - كۇن،
ئارام قىلماي ھىچ بىر كۇن،
كاھى ئاستىن كاھى ئۇستۇن،
تىنماي ئاقار ئەردىيا.

پىلماس ئول قىز ئاقانى،
ئاپتاپ چىقىپ پاتقانى،
گوھەر شەمئى② يارۇغى،
روشەن قىلۇر ئەردىيا.

كوپ كۇن ئوتدى بىخۇنغە③،
يېقىن يەتتى بىر يەرگە،
بىغداد ئاتلىق شەھرىگە،
ياۋق④ يېتىپ كەلدىيا.

① مىسراسى — باشلىق.
② شەمئى — چىراق.
③ بىخۇنغە — دەريا.
④ ياۋق — نىشانلىق.

بىر بالىغ جى دەريادا،
قارماق سالۇر بىر يەردە،
قارار قىلىپ بەس ئاندە،
بالىغ ئالدى ئەردىيا.

ساندۇق يېقىن يېتىشتى،
بالىغ جى نىڭ كوزى تۈشتى،
ئىچكا ئوت ياپۇشتى،
ئۈزۈپ بارىپ ئالدىيا.

سۇدىن ئانى چىقاردى،
ئول ساندۇقنى كوتاردى،
يۈرەك باغرى ئورتاندى،
ئويىكا ئالىپ بارديا.

ئويىداكى خاتۇنى،
پەرزەنت ئوغلى يوق ئەردى،
ئوغۇل تاپتى ئول تۈنى،
ھەم كىرىبان كەلدىيا.

ساندۇق ئىچىدە قىز ئۇل،
تاپىپ ئەردى بىر ئوغۇل،
تەڭرى قۇدرىتى غول①،

---

① غول — كوپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەلەق① كۈشادە② تۈشتىيا.

كوركاچ ساندۇقنى مەردى③،
ئاچىپ ئانى باقتى،
ئوغۇل قىزنى كوردى،
ئول شادمان④ بولدىيا.

ئىككى ئوغۇل كىركاچكا،
كەلادى دولەت ئول ئاجغا⑤،
ئىچى ئانىڭ ھىچ ئاشغا،
تويغانى يوق ئەردىيا.

تۇتقان ئوزى زاتىنى،
ئوز ئوغلىنىڭ ئاتىنى،
ئەمىر قويدى خاتۇنى،
ئات ئاسمانى ئەردىيا⑥.

شاھ پەرزەندى تۇققان زات،
نىسبى دەپ قويدى ئات،

---

① قەلەق — ھەيران.
② كۈشادە — خوشاللىق.
③ مەردى — يىگىت.
④ شادمان — خوشال.
⑤ ئاجغا — ئاسماندىن چۈشكەن.
⑥ ئەردىيا — جىسىم.

كىچە ـ كۈندۈز بىنىيان①،
دۇئا قىلۇر ئەردىيا.

ئىككىلاسى سەراسەر②،
پىللە يۇرۇر بەرابەر،
ئەمىر بولدى بىر ئادىر③،
باشىغا كال ④ تۇشتىيا.

ياشلىرى يەتتاكى يەتتى،
تۇتۇپ موللاغا بەردى،
قىرىق بەچچە⑤ ساۋاق ئالدى،
بىر موللادا ئەردىيا.

خوجائەخمەت قىلدى راۋايەت،
يەنە بىر سوز ھىكايەت،
دەرۋىش⑥كە ھىدايەت⑦،
ئۇشبۇ تۇرۇر ئەردىيا.

ئىككىلاسى مەكتەپتە،
ئوقۇپ يۇرۇرلار ئاندە،

---

① بىنىيان ــ توختاۋسىز.
② سەراسەرە ــ بالا.
③ ئادىر ــ يىتىم بالا.
④ كال ــ يارا، تاز.
⑤ بەچچە ــ بالا.
⑥ دەرۋىش ــ موللا.
⑦ ھىدايەت ــ توغرا يول.

www.uyghurkitap.com

ئەمىر كالكا① ئولدەمدە،
ئەجەپ سوزلەر ئەردىيا.

نەسىم ئىدى ئەي ئاكا،
قۇدرىتى يوق تائالا،
بىغدات شەھرىگە پادىشا،
سەن بولۇرسەن دىدىيا.

مەن دىۋانە بولۇرمەن،
ھوكمۇڭ بىرلە ئولۇرمەن،
ئۇشبۇ سوزنى مەن دەرمەن،
خاتا بولماس دىدىيا.

قويدەك مىنى سويارسەن،
پوستۇمغا تىقارسەن،
ئىلىتىپ دارغا ئاسارسەن.
ئاكام مىنى دىدىيا.

ئەمىر ئولدەم ۋاھ دىدى،
پادىشا بولسام مەن دىدى،
ئەگەر بولسام شاھ دىدى،
ئولتۇرماسمەن دىدىيا.

---

① كالكا ــ تاز.

تەختدە ئىكور① تۇرالى②
نەكىم③ كەلسە كۇرالى④،
ھوكۇم ئىكو⑤ قىلالى،
دىبان⑥ ۋەدە قىلدىيا.

نەچچە ئەھد⑦لار قىلدى،
ئەھە پەيمانلار قىلدى،
ئىنىم ماڭا نە بولدى،
ئۇلتۇركالى دىدىيا.

ئويدا بولسا مۇنداق دەر،
تۈزدە بولسا ئانداق دەر،
ئاخىر ئۇلۇم سەندىن دەر،
بۇ سوزنى دەر ئەردىيا.

ئەمىر ئاندا ئانت⑧ ئىچار،
كاالامۇللا⑨نى قۇچار⑩،

---

① ئىكور ــ ئىككىيلەن.
② تۇرالى ــ ئولتۇرايلى.
③ نەكىم ــ نىمە كەلسە.
④ كۇرالى ــ كورەيلى.
⑤ ئىكو ــ ئىككىيلەن قىلايلى.
⑥ دىبان ــ دەپ.
⑦ ئەھد ــ ۋەدە.
⑧ ئانت ــ قەسەم.
⑨ كاالامۇللا ــ قۇرئان.
⑩ قۇچار ــ قۇچاقلاپ.

مەلىكە تاغدىن ئۇچار،
تىتراپ يىغلاپ يۇردىيا.

كۇنلاردە بىر كۇن ئەردى،
بىر يەردىن بىر دىۋانە كەلدى،
مەكتەپتە ئوقۇر ئەردى،
بەچچەلارنى كوردىيا.

دىۋانە ئىدى ئولدەم،
ئايا مۇللام ئۇشبۇ دەم،
بىر ئەۋلىيا ئەر ئوقۇر ئەردەم،
بۇ مەكتەپتە دىدىيا.

مۇللا ئۇنى سىناي دەپ،
سىرىن ئانىڭ كوراي دەپ،
باللارنى پىلاي دەپ،
ئويىكا راۋان بولدىيا.

قىرىق بەچچەكا قىرىق پىچاق،
يەنە بەردى قىرىق تاۋۇق①،
خۇدا كورماس يەر تاۋۇپ،
بوغۇزلاغىن دىدىيا.

بىرى تامنىڭ تۇۋىدا،

---

① تاۋۇق — توخۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرى چاھ①نىڭ ئىچىدا،
بىرى يارنىڭ تىكىدا،
بوغۇزلايان② كەلدىيا.

قىرىق بەچچەلار ئولدەمدە،
يىغىلدىلار بىر دەمدە،
تاۋۇقلارنى بوغۇزلار ئاندە،
بارى ھازىر بولدىيا.

موللار ئۇل زامان دىدى،
نەسىم كەلمىدى دىدى،
بەچچەلار راۋان③ ئىدى،
ئول دىۋانە دىدىيا.

بىر قولىدە پىچاق بار،
بىر قولىدە تاۋۇق بار،
كوجەلەردە يۈرۈر زار،
ئول دىۋانە دىدىيا.

يېتىپ كەلدى ئۇل زامان،
تاۋۇق ئولمەيدۇر ئامان،
موللا ئىدى ئەي ئوغلان،
تاۋۇق تىرىك دىدىيا.

---

① چاھ — قۇدۇق.

② بوغۇزلايان — بوغۇزلىغىلى.

③ راۋان — جارى قىلىشى، تەييار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئەدى رۋان ئول نەسىم،
خۇدا كورماس يەرنى كىم،
مەخلۇقاتتىن بەركەتدىم①،
تەڭرى هازىر دىدىيا.

موللا بولدى دەر كۇمان،
بىلا ئالمادى كۇمان②،
ئول دىۋانە دىر زامان،
يىنە هازىر بولدىيا.

ئەدى نىدايى③ موللا،
قىلدىم ساغا تەۋەللا④،
ئول بەچچەنى خوپ سىنا،
هازىر بولغىل دىدىيا.

موللا يىنە بىلاي دەپ،
بالالارنى سىناي دەپ،
ئوتسىز ئوتۇن يانسۇن دەپ،
بۇ پىكىرنى قىلدىيا.

قىرىق بەچچەگا قىرىق قۇچاق،
ئوتۇن سالغىن ئوت ئوچاق،

---

① بەركەتدىم ــ يوشۇرۇش.
② كۇمان ــ گۇمان.
③ نىدايى ــ دانا بىلىملىك.
④ تەۋەللا ــ دوستلۇق.

ئۇتسىز كويسۇن شۇل ئۇچاق،
ئەيا ئۇغلان دىدىيا.

بەچچەلارنىڭ ئۇتۇنى،
ھىچ چىقمادى تۇتۇنى،
نەسىم يىنە كەلمىدى،
موللا ئانى سۇردىيا.

يىنە ئىدى بەچچەلار،
ئول يۇرىدۇ كوجەلار①،
ئۇتۇنلارىن لايلار،
سودراپ يۇرۇر ئەردىيا.

نەسىم ئولدەمدا كەلدى،
ئۇتۇن قولغە ئالدى،
فى ئەلھال② تونۇرغا سالدى،
ئوت بولۇبان چىقتىيا.

موللا ئاندىن سۇئ پىلدى،
ئۇ نەسىمى ئەر ئەردى،
ئەي نەسىمى دەر ئەردى،
نەسلى سەييىدا③ ئەردىيا.

① كوجەلار ـــ كوچا.
② فى ئەلھال ـــ دەرھال.
③ سەييىدا ـــ ئەۋلىيا.

ئەۋۋەل ئاتى نەسبى،
سوكرا ئاتى نەسمى،
ئەزەلدە بولغان ئىسمى،
كېيىن نەسىم ئەردىيا.

نەچچە كۈنلار موللادە،
نەسىم ئەردى ئاندە،
سۈرەئى پەتەھتا① ئاندە،
نەسىم ئوقۇر ئەردىيا.

موللا ساباقنى بەردى،
ئوقۇ نەسىم دەپ ئىدى،
نەسىم ئاندە نەئىدى،
ئەيا موللام دىدىيا.

ئەۋۋەل ئېيتقىل مەنى سىن،
ئوزىن سوكرا ئوقۇيىن،
موللانىڭ ئاچچىغى كەلدى ئاندىن،
يۈزكا شەپەت② ئۇردىيا.

ئەۋۋەل ئوقۇ سورەسىن،
ئاخىر قىلاي مەنىسىن،
ئەۋۋەل سوراپ مەنىسىن،
نە قىلارسەن دىدىيا.

① پەتەھتا ـــ قۇرئان ئىچىدىكى بىر سۈرە.
② شەپەت ـــ شالاق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەسىم شەپەقنى يىدى،
كوز ياشنى ئاقىزدى،
مۇللا يۈزىكا باقتى،
ئەيا كورۈڭ مۇللام دىدىيا.

بۇ پەتەھنا سۈرەسى،
ئايان تۇرۇر مەنىسى،
باشدىن ئاياغ مەنىسى،
بىر بىر ئېيتىپ بەردىيا.

نەسىم قاراپ تىك تۇردى،
مۇللا يۈزىگە باقتى،
ئۇل ھەم تىپانچە تەپتى،
ھۇ! دەپ ئۇيدىن چىقتىيا.

ھۇ! دەپ يۈگۈرۈپ چىقتى،
سەھرالارغا يۈزلاندى،
چول بايابان يۈزلاندى،
مەجنۇن سۈپەت بولدىيا.

سەبرە① قىلۇر جوللاردە،
سەرمەست② يۈرۈر يوللاردا،

---

① سەنرە — ئىككىلەن.

② سەرمەست — دوست، چول - جەزرە.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

كاھ ـ كاھ ئۇلۇغ كۈنلاردە،
ۋەتەن قىلۇر ئەردىيا.

داشت① بايابانده يۈردى،
كىيىكلار كارام② بولدى،
نەسىمنى ئىمىزدى،
خۇدا قۇۋۋەت بەردىيا.

قۇلان كىيىك كورت لاسە،
تۈلكى قارساق③ ئاقساسە،
ھەرنەمە ئىيىپ④ يولۇقسە،
قوشۇلۇپ يۈرۈر ئەردىيا.

يالاڭ ئاياق، يالاڭ باش،
كوزلارىن ئاقىپ ياش،
كەبە سىرى قويۇپ باش،
سەجدە، قىلۇر ئەردىيا.

كاھى كىتار ھۇشىدىن،
كاھى كىلار ئۆزىدىن،

① داشت — بىھۇش.
② كارام — دوست.
③ قارساق — بورە.
④ ئىيوپ — ئاقساق، چولاق.

كاھى ئايغان① سوزىدىن،
كۆپىر② كېلۈر ئەردىيا.

ئاشىق دايىم مەست يۈرۈر،
تىلكا كۆپۈر كېلۈر،
ھەرنە دىسە ئەپۈدۈر،
ئەقلى سەردان③ ئەردىيا.

تۈن - كۈن تىنماي قىل ئاشىق،
ئىكاسكا④ ھۈلايىق⑤،
ئۆزكەنجىدىن⑥ سالىپ ئوق،
ھىكمەت غەزەل ئىدىيا.

نەچچە يىللار كوپ ئوتتى،
ياشى كوپ ياشقە يەتتى،
چۈللارنى ۋەتەن ئەتتى،
ساقال بۈرۈت چىقتىيا.

---

① ئايغان — ئېيتقان.

② كۆپىر — كاپىر.

③ سەردان — ئەقلىدىن ئازغان.

④ ئىكاسكا — ئىككىسى.

⑤ ھۈلايىق — ئىزلەپ يۈرۈش.

⑥ كەنجىدىن — غەزنىسىدىن.

قايىدە بولسا چوقۇر①نى،
تاغلاردە تاش ئۆنكۈرنى،
سۈلار بۇزغان يەرلارنى،
ۋەتەن قىلۇر ئەردىيا.

ئاچتى رىۋان كوزىنى،
كال ئەمرنىڭ سوزىنى،
ئەر يەتكۈزۈپ ئۆزىنى،
نە ئىش قىلۇر دىدىيا.

بىر ئىشكى بار ئەردى،
ئوتۇنچىلىق قىلۇر ئەردى،
يازىدە ساتۇر ئەردى،
ئۆستۈ يۇرتۇق ئەردىيا.

شەھرى بىغدا دەر ئەردى،
پادىشا بىر كۈن ئولدى،
رەسىم ئانداق خەلق ئەردى،
ئوغلىن قىلماس ئەردىيا.

ئەسراغ② قۇشى بار ئەردى،
دولەت قۇشى دەر ئەردى،

---

① چوقۇر — چوڭقۇر.

② ئەسراغ — باققان قۇش.

خەلقنى مىنادى[1] قىلدى،
بارچە كەلسۇن دىدىيا.

ئۇلۇغ كىچىك يىغىلدى،
بارچە ياسانىپ كەلدى،
داش باياباندا تۇردى،
بارى ئۇمىت ئەردىيا.

كال ئەمىر مىنىپ ئىشاكىكا،
ئارتىپ پۇتىن ئۇستىكا،
شور ئاقتۇزۇپ باشىغا،
كېلىپ تۇرۇر ئەردىيا.

كاتتە - كاتتە ئەمىرلار،
ئۇلۇغ كىچىك، چوڭ بەكلار،
ئالدىدا ياساۋۇللار[2]،
قۇشنى ئالىپ چىقتىيا.

بىسمىللا دەپ ئۇچۇردى،
خەلق ئىچىدىن قاچۇردى،
قايان كەتتى، يىتۇردى،
كال ئەمىركا كەلدىيا.

---

① مىنادى — جاكا - بۇيرۇق.
② ياساۋۇللار — قاراۋۇللار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىنارە① دەكال② ئەمىر،
تورۇر ئىدى قارا يەر③،
ئوتۇنۇمنى كىم ئالۇر،
خىيالى يۇ ئەردىيا.

ئۇل دەم قۇش باشغا قوندى،
كال ئەمىر قول سۇندى،
قايداغ قۇش دۇر بۇ دىدى،
باغدىن مەھكەم تۇتتىيا.

ئۇشۇل دەمدا ئىردىلار،
بەگلار يېتىپ كەلدىلار،
ئۇچقان قۇشنى كوردىلار،
كال ئەمىردىن ئالدىيا.

بەگلار مىنادىن قىلدى،
تاڭلا كېلىڭلار دىدى،
ئاندا راۋان ئۇجۇردى،
يىنە كال ئەمىركا قوندىيا.

كەلدى بەگلەر چاپىشىپ،
يۇرەك باغرى ئالىشىپ،

---

① كىنارە — چېتىدە.
② دەكال — تاز.
③ قارا يەر — يەرگە قاراپ تۇرۇش.

كىمكا قوندى دىيىشىپ،
ئەمىر كالغە قونديا.

تارتىپ ئالدى بۇ قۇشنى،
قوبۇل كورەي بۇ ئىشنى،
كال ئەمىر كارۋىشنى،
تاڭلاتقى① كەلديا.

قۇشنى يەنە ئۇچۇرۇر،
كال باشغە قۇنۇر،
ھەقدىن كەلكان ئولۇش ئىرۇر،
كال نى قوبۇل قىلديا.

بۇرادەر - بۇرادەر قىلدىلار،
ئېلىپ يۇرۇي بەردىلار،
رىۋان ھامال② ئەيتىدىلار،
بەگلار بارى ئەرديا.

باشىن قىلدى سەرتىراش،
بويىن قىلدى شەك③ پاش،
يۈزى بولدى كۈن قۇياش،
كوركان ھەيران قالديا.

① تاڭلاتقى ـــ ئەتىسى يەنە.
② ھامال ـــ كوتىرىش، يۆرۈش.
③ شەك ـــ ئەترە، ئىپار سېپىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېپىت نەسىم نە ئېيتۇر،
چوللاردە ھوكمەت① ئەيتۇر،
گاھى شەھەركا بارۇر،
دەشتدا يۇرۇر ئەردىيا.

موللالارنى كوركاندە،
تاشى ئاق، ئىچى قارا دەر ئاندە،
ئىشتىپ موللالار ئاندە،
يامان كورۇر ئەردىيا.

كۇنلاردە بىر كۇن ئەردى،
ئىككى دىۋانە كەلدى،
نەسىمى كا قوشۇلدى،
ئۇچ دىۋانە بولدىيا.

ئۇۋچى شەھەركا كىردى،
بارىپ پىرلارىن كوردى،
نەچچە كۇن خىزمەتىن قىلدى.
داشتكا چىقار بولدىيا.

پىردىن رۇخسەت ئالدى،
پىرى قولىن چىقاردى،
دىۋان قويىنغە سالدى،
بىر پېتىر نان ئالدىيا.

---

① ھوكمەت — مۇناجەت، نالە قىلىش.

نانىنى ئۇلۇغ يانغا بىر شىپىت①،
تۇس يانىغا بىر شىپىت،
دىۋانەنىڭ بىرىنە،
ئۇشۇل نانىنى بەردىيا.

يىنە قوينىغا سالدى،
بىر قىزىل ئالمە ئالدى،
پىچاقنى چىقاردى،
ئالما پوستىن سويدىيا.

ئالما باغىن تۇتتى،
رۋان② قۇلىغە ئالدى،
سەيد نەسىمغە بەردى،
تازىم قىلىپ ئالدىيا.

پىر دۇئا قىلدىلار،
بولار تەقسىر دىدىلار،
رۇخسىتىنى ئالدىلار،
سەھراغە تۇرۇي بەردىيا.

ۋەتەنلارىغە باردى،
تۇرۇپ دەملارنى ئالدى،

① شىپىت — ئاشىق دىۋانە.
② رۋان — مىڭمش، دەرھال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

بۇ سىرغە ھەيران قالدى،
بىر - بىردىن سوردىيا.

نەسىم ئەيتۇر ئۇلدەمدە،
بىزنى تۇتۇپ بارۇر ئەندە،
ئۇل ئالمەنى بەركەندە،
پىلدىڭىزلارمۇ دىدىيا.

يەتتە كېچە كۈن بولۇر،
بىزنى پادىشا تۇتادۇر،
پىلىڭىزدىنى كومادۇر،
نان بەركانى دىدىيا.

قويدەك مېنى سويادۇر،
پوستىمىكا تىقادۇر،
ئىلتىپ دارغا ئاسادۇر،
پىلىڭىزلار دىدىيا.

ئالمە بەركان سېنى قىلۇر يار،
تىنىڭنى باردار①،
مېنىڭ ھالىمنى تىڭلاڭلار،
بىر - بىر ئەيتابەر دىدىيا.

تېپىپ ئوتار ئوتكانلار،
ئورۇپ ئوتار كىركانلار،

① باردار — دارغا تارتىش.

نانى بەرگان بۇ سىرلار،
تەيىن پىلىك دىدىيا.

پادىشا مېنى تۇتادۇر،
قويدەك ئاتىپ سويادۇر،
تىرىمكا تىقادۇر،
دارغا ئاسارۇ دىدىيا.

مۇڭلارىنى ئەيتۇشتى،
كوز ياشارتىپ يىغلاشتى،
تەقدىر ئەزەل دېيىشتى،
بويۇنلارىن سۇندىيا.

يىغلاشپان سوزلاندى،
شەھرى سىرى يۇزلاندى.
روھى كورۇپ ئەزەل دىدى،
بۇ غەزەلنى ئىدىيا.

**غەزەل:** "ئەھلى ئىمان ئىشلار،
ئالەمدە ئىنكار ئەيتىشلار،
جۇن① نەسىمى بۇدەم بىغداددە،
بىر دار ئەيتىشلار.

قازىلار پەتىۋايى بىر يان،

① جۇن — ۋاقتىنىكى.

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىگى ئادرىسى

ھەقتى باتىل① قىلدىلار،
كۆپۈر ئېتىپ ئىمانە كەلمەس،
كالماكىكا② ئار③ ئەيتدىلار،

سويدىلار خەنجەر بىلەن،
ئۇلدەم نەسىمىدىن تىرەسىن،
باش قويۇپ جۇملە مالائىك،
كوكدا پەريات ئەيتتىلار.

ئەي نەسىمى ۋاسىل ئۇلدۇڭ،
خالىقۇ رەھمانى④ غەسىن،
جەننەت ئىلمائىۋانى⑤ كوردۇم،
يەرنى كولزار ئەيتتىلار."

نەچچە كۈنلار بولۇبدۇر،
بىر دىۋانە كىلىبدۇر،
ئاھانەتلەر قىلىپدۇر،
ئالىملاركا دىدىيا.

بىزنى كورسە نە دەيدۇر،
تاشنى ئاق مۇللا دەپ ئەيتۇر،

① باتىل — رەت قىلىش، بىكار قىلىش، بىھۇدە، يوق ئىش.
② كالماكىكا — كەلمەسلىك.
③ ئار — نومۇس.
④ رەھمانى — خۇدا، تەڭرى.
⑤ جەننەت ئىلمائىۋانى — 8 جەننەتنىڭ بىرى.

جان يېرىغا ئۇلجايدۇر،
بىزنى شاھىم دىدىيا.

بىزدە باردۇر بۇ ئىلملار،
پەيغەمبەر مىراسلار.
قۇرئان، ھەدىس① كىتاپلار،
كوڭلىمىزدە دىدىيا.

ئانچە قۇرئان ئوقۇدى،
ھەدىس بايان قىلدى،
دەلىل ھىكايەن ئىدى،
كاپىر بولدى دىدىيا.

رىۋايەتلەر پۈتۈدى،
دىندىن چىقتى دەپ ئىدى،
ئىلتىپ پادىشاغا سۈندى،
شاھى قوبۇل قىلدىيا.

ئانداغ بولسا تۇتۇڭىز،
قول پۇتىنى باغلىڭىز،
دار ئالدىغا ئىلتىڭىز،
دىبان ھوكۇم قىلدىيا.

شاھىدىن ئىنئام ئالدىلار.
نەسىمىنى تۇتتىلار،

① ھەدىس — پەيغەمبەر سوزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كاپىر بولدۇڭ دىدىلار،
ھوكۇم بۇدۇر دىدىيا.

سەتد سوزىن تىنمادى،
تامشى ئاق دىرىن① قويمىدى.
ئولدەم مواللار ئىدى،
ينە قويماس دىدىيا.

تاشى ئاق، سوزنىڭ مەنىسىن،
پىلمادىلار مواللار،
تاشى ئاق، ئىچى قارا،
دىكان سوز ئەردىيا.

بەشيۈز موللا يىغىلدى،
ئىلتىبان② دارغا تارتى،
دار ھەم نالەلار قىلدى،
پەريات ئىتىپ تۇردىيا.

دار ئۇشۇلدەم زار قىلدى،
بارخۇدايا دەپ ئىدى،
ئاشىقلارغا نەسىپ قىل دىدى،
دىدارىڭنى دىدىيا.

يەتتە كىچە كۈن تۇردى،
دار ئاستىدا دەم ئۇردى،

---

① ئاق دىرىن — دەيدىغىنى.
② ئىلتىبان — ئىپپكىلىپ.

قۇدرىتى ھەق بۇ ئەردى،
جۇملە مەخلۇق ئەردىيا.

پەرۋايى يوق بۇ داردىن،
پەرمان كېلۇر ھەرياندىن،
زەرەر قىلما بۇ ئاشىقدىن،
كوپ بوغماغىل دىدىيا.

كوردى بۇ سىرنى مۇللالار،
شاھ غەيىنە خەۋەر بىردىلار،
دىۋانە ئۇلمادى دىدىلار،
شاھغە بايان قىلدىيا.

پادىشاھ ئىدى تۇشۇرۇك،
پوستىن تېنىدىن ئايرىلىك،
تىرەسكا سامان تىقىلىك،
دارغا ئاسىلىك دىدىيا.

ئەسىز① ئاشىق نەسەنى،
داردىن تۇشۇرۇپ ئانى،
كەلتۇرۇپ جەللاتلارنى،
پوستىن نىچۇك سويدىيا.

---

① ئەسىز — ئىسسىت.

www.uyghurkitap.com

ئەسكى ياغاچ سالدىلار،
يۇزىن قۇيى① قىلدىلار،
قول ئاياغىن تاڭدىلار،
راۋان② پىچاق ئۇردىيا.

پىچاق ئۇردى ئوتمىدى،
ھىچ يىرىدكا كىرمىدى،
ئەسكى زەرەر قىلمىدى،
نەسىم كوزىن ئاچتىيا.

ئولدەم كۆزىن ئاچتى،
كوردى نۇر تەجەللى③،
غەرق مەستى بولدى،
ھۇشى كىتىپ قالدىيا.

دىدى مىنى سويدۈرۈك،
تاپانىمدىن تىغ ئۇرۈك،
تىزرەك پوستۇمنى سويدۈرۈك،
دوستۇمغە باراي دىدىيا.

① قۇيى — توۋەن.
② راۋان — ئوتكۈر.
③ تەجەللى — خۇدانىڭ نۇرى.

سورسام تالىپ ۋە سالىن①،
كورسام ھەقنىڭ جامالىن،
بورۇھۇمنىڭ كامالىن②،
بەرجا③ قىلاي دىدىيا.

تاپاندىن ياردىلار،
پوستىن رۋان سويدىلار،
پوستىغا سامان تىقتىلار،
يىنە دارغا ئاستىيا.

دار باشىدا پوستىنى،
ئەيتىپ قويماس دوستىنى،
مەشۇقىنىڭ تەلىپنى،
غەزەل ئەيتۇر ئەردىيا.

ئۈچ كۈن ئەردى بۇ ئىشكا،
نەسىم كىردى نالەشكا④،
ئەمىر ئۇلدەم شىكاركا،
مۇندىن ئوتار ئەردىيا.

---

① سالىن —
② كامالىن — بەركەت.
③ بەرجا — ئورۇنلاشتۇرۇش.
④ نالەشكا — يىغلاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

ئەمىر ئوتار ياندىن،
نەسىم يىغلار قاندىن①.
غەزەل ئەيتىپ قىلىدىن،
ئۇ ھالەتدا ئەردىيا.

**غەزەل:** "كوزلارىمەدىن ياش ئاقادۇر، دادلارى دادلار،
تىغنى ئىككىدكا ئالىپ، قەللاتلار، جەللاتلار،
تپانىمەدىن ياردىلار، كوكسۇمغىچە ھەم سويدىلار،
دادىمىزنى بەردىلار، شەدداتلار② بىدارلار③
جۇن پىچاق سىنىمگا④ يەتتى، يۇراگىم كىر ⑤ئەيلادى،
نالە جانىم ئاندا قىلدى، تەندە پەريادلار،
قازىيۇ، مۇللايۇ مۇپتى، بارچەسى قەللەپلار،

قوي تىرەسىنى سويسۇن بونادانۇ جاللاتلار،
ئەي نەسىمى سەجدە قىل، ئىمان كەلتۇر تەڭرىدكا،
سەبىردىسەر⑥ باشنى قويارلار جۇملەئى ئۇستازلار".

سەيد سوزىن ئەيتدى،
پادىشاھ تىڭلا ماي كەتدى،

① يىغلار قاندىن — ئاھ ئۇرۇپ يىغلاش.
② شەدداتلار — زالىملار.
③ بىدارلار — ئادالەتسىز.
④ سىنىمگا — كوكسى.
⑤ يۇراگىم كىر — قادىلىش، سانجىلىش، قاتتىق ئاغرىش.
⑥ سەبىردىسەر — كەينى - كەينىدىن.

شىكاردىن يەنە ياندى،
دار ياندىن ئوتدىيا.

پادىشا ئوتۇپ بارادۇر،
ئول پوستىدىن ئۇن چىقادۇر،
پادىشا بۇدادنى ئىشتادۇر،
ئات باشىنى تارتدىيا.

ئۇلۇغ كىچىك بەگلارى،
ياندا ئەردى بارى،
پادىشا سوزىنى ئىشتتى بارى،
بارچە بىقىپ تۇردىيا.

پوستى ئاندا نە دىدى،
ئەيا ئەمىردار دىدى،
تىڭلا سوزۇمنى دىدى،
بۇ غەزەلنى ئىدىيا.

**غەزەل:** "ھەق غە ۋاسلۇ① كىلىپ كور ئەمدى سەيىىدا،
سىزگە بەغدات ئەمىرى كىلۇر، ئەمدى كورگىل سەيىىدا،
سىر ھالىمنى ساڭا مەن ئەيتىپ ئەردىم ئەۋۋەلا،
ئاندا قوبۇل قىلمادىڭ، كىلىپ كوركىل سەيىىدا.
بى تاھارەت سوپى پىلان ھەم ئانىڭ ھوكمى پىلان،
ناھەق سويدىلار تىنىمنى كىلىپ كوركىل سەيىىدا.

① ۋاسلۇ ـــ تەگىردىگە يەتكەن.

ئەسلى جەددىم① ئەۋۋەل ئاكا شاھى ئەلىمۇرتازا②،
جۈن ئەزىم③ مەھشەر كونىدا كېلىپ كوركىل سەييىدا.
ھەم شەرىئەت ھەم تەرىقەت ھەم ھەقىقەت ئۇلمسام،
مۇنكەرىدۇر مۇللالار، كېلىپ كوركىل سەييىدا.
ئەي نەسمى غەمدا كويدۇك چۇنكە بولدۇك سەن شەھىد،
ھەق بىلۇر ئەينەل يېقىن④ كېلىپ كوركىن سەييىدا".

شاھ بۇ سوزنى ئاڭلادى،
قۇلاق تۇتۇپ يىغلادى،
رەۋان پەرياد ئەيلادى،
ئەمدى ئىسكا توشتىيا.

دات پەريات ئەيلادى،
ۋاھ! باغرىما دەپ ئىدى،
ئاجايىپ پەرياد قىلدى،
يۈگۈرۈپ ئاتدىن چۈشتىيا.

پارە قىلدى ياقاسىن،
بىر - بىر يۇلدى ساقالىن،
دەريا قىلدى كوز ياشىن،
ئاياغىنى قۇچتىيا

① جەددىم ــ بوۋام.
② ئەلى مۇرتازا ــ ئەلى شاھ مەردان پىرلەر.
③ جۈن ئەزىم ــ سىرىپلار يولى.
④ ئەينەل يېقىن ــ ئۆز كوزى بىلەن كورۈش.

شاھ قاشىغا باردىلار،
بەگلارى بارى تۇشتىلار،
بارچەسى يىغلاشتىلار،
ماتىمىنى تۇتدىيا.

ئىككى ئاياغىنى قۇجۇپ،
تاپانىغا يۇز قويۇپ،
تاقەت قىلالمايتۇرۇپ،
پەرياد ئەيتىپ يىغلادىيا.

شاھى ئەمىر ئۇلدەمدە،
يىغلاپ ئەيتۇر ئول ھالدە،
ئەيا باغرىم مەن ساڭا،
يۇزۇم قارا دىدىيا.

سېنىڭ سەيىد ئاكاڭ بار،
ھەق رەسۇلدەك باباڭ بار،
ئەلى ئارسلاندەك ئاكاڭ بار،
مىنى تۇتار دىدىيا.

ئۇزۇڭ سەن شەھىد بولساڭ،
قىيامەت يۇز كورسەڭ،
دىيەت① بەردەپ قەست قىلساڭ،
نە ئەيتۇرمەن دىدىيا.

---

① دىيەت — قان قەرز.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

نەچچە لالەلار قىلدى،
يۈراكى قان يىغلادى،
ئاخىر سوزى بۇ ئەردى،
بۇ غەزەلنى ئىدىيا.

**غەزەل:** ”ۋاھ! خاتا قىلدىم مەن ئاخىر ئىلايىن ۋاسەيىيدا،
ئاخىرەتتىنىڭ مەھشەرىدا ئىلايىن ۋاسەيىيدا.
سىر ھالىڭنى ماڭا سەن ئەيتىپ ئەردىڭ ئەۋۋەلا،
قەۋلى① قىلدىم يەتمىدىم، مەن ئىلايىن سەيىيدا.
ئەيتمادى ھەرگىز ماڭا ۋەئىزە بۇ ھالىڭ سىنىڭ،
شۇم رەقىبلار سوزى بىرلە، ئىلايىن ۋاسەيىيدا.
ئول كارامەت ۋە شاپائەت تاڭلا مەھشەر كونىدا،
ھەم خۇدا قازى بولۇر، ئىلايىن ۋاسەيىيدا.
يىغلادى ئول پادىشاھ ياشىن توكۇپ،
خۇنخۇۋار② بولدۇم ئەلەي غەئىلايىن ۋاسەيىيدا“.

رەۋان پوتىسىن چۇشۇردى،
سوڭاكلاردىن يىغدى،
پوتىسىن قويۇپ ئۇ يەردە،
جىنازەسىن قىلدىيا.

ئىززەت ئىكرام قىلدى،
جىنازەسىن كوتەردى،

① قەۋلى — سوز.
② خۇنخۇۋار — قان ئىچكۇچ زالىم.

ئىلتىپ سىپانە① ئىچرە باردى،
تەكبىر ئەيتىپ قويدىيا.

نەسىمغە ئۇشبۇ رەۋىش،
ئەزەلدە بولغان بۇ ئىش،
ئۇ قۇتۇپ ئىشتىك بوكوشىش②،
ئۇشبۇ قىسسە ئەردىيا.

ئۇشبۇ قىسسەنى كوردۇم،
جانىم بىلەن ئوقۇدۇم،
نەسر ئەردى پارسى ھەم،
كوڭلۇمگا خوش كەلدىيا.

ئۇشبۇ كۇندىن تا بۇگۇن،
چۇشتى كوڭلۇمگا تۇن، كۇن،
نەزىم قىلدى تورككا،
ئەجەپ بولۇر دىدىيا.

بۇ كوڭلۇمگا كەلدى،
جۇمە ئاخشىمى ئەردى،
ئىستىخارا③ نىيەتىن،
بۇگۇن قىلاي دىدىيا.

---

① سىپانە — مازار.
② بوكوشىش — ۋەقە.
③ ئىستىخارا — مۇۋەپپەقىيەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىرىغلاندىم بۇ كېچە،
نىيەت قىلدىم سۈك كېچە،
خەۋەر بولسا كېچە،
نەزىم قىلاي دىدىيا،

مۇستەئەد① ئىرۇر ئەردى،
پىلماسمەن نەۋەقت ئەردى،
مەنسۇر تۈشۈمگا كىردى،
گۈلدەك سۇنۇپ بەردىيا،

ئۇزى ئىرۇر ياش يىگىت ئاندە،
ئىكمىندا② بار ۋەندە③،
كورۇنۇبان ئۈشبۇ هالدە،
ئەيا تالىپ دىدىيا.

ئىدى مېنى ئول مەنسۇر،
كوڭلۈگنى قىلما رەنجۇر،
ئوقۇپ قەلەم كاغەز ئۇر،
بىزنىڭ ئۈچۈن دىدىيا.

خوجە ئەهمەت رادى④ قىلۇر راۋايەت،
مەنسۇر بولۇر هىدايەت⑤،

① مۇستەئەد — تەييارلىنىش.
② ئىكمىندا — ئىگىندە، كىيىمدە.
③ ۋەندە — ئاشىق كىيىم، دىۋانە كىيىمى، جەندە، **جۇلا**.
④ رادى — دەرىجە.
⑤ هىدايەت — يولباشچى.

ئاللا بىزگە ئىنايەت①،
قىلغۇر دائىم دىدىيا.

قىرىق قىزلاردىن قىرىق بەچچە،
تۇغۇلۇپتۇر ئول كېچە،
تۇشۇپ ئەردى بۇ كېچە،
تەقدىر ئانداغ ئەردىيا.

ئوتتۇز قىزدىن ئوتتۇز ئوغۇل،
بولدى ئول نىبتىغە يول،
تاپتى كارامىتىغە يول،
يۇگى ئانداغ ئەردىيا.

ئوندىن②بولغان بۇ ئەردى،
ئاتى ئىچكىلىك③ ئەردى،
بۇ مۇسۇلمانلار ئىچىندە،
خاس ئەۋلىيا ئەردىيا.

بىشكا نەسىپ ئولدۇر،
نايمان، قىپچاق ئوشۇلدۇر،
كىرامەت بولغان چاغدۇر،
مۇنى بىلساڭ دىدىيا.

---

① ئىنايەت ـــ مەدەتكار.
② ئوندىن ـــ ئۇنىڭدىن.
③ ئىچكىلىك ـــ ئىسىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىشكا① نەسىپ قويدى،
تەيىەت كىسەك② دەپ ئىدى،
كىسەك تەيىەت بىلساڭىز،
ئەۋلىيادىن ئەردىيا.

ئابا مۇسلىم ۋاقتىدا،
كەلدى لەشكەر جاغىدا،
ئىنابەتنىڭ قاشىدا،
ئىتائەتلار قىلدىيا.

مەلىكەزات خاقانى،
قىلدى ئۇلۇغلاپ ئانى،
چىرىكنىڭ باشچىسى،
ئانى قىلىپ قويدىيا.

مەلىكەزات بالاسى،
قىلىچ خاقان ئاكاسى،
قىزىل ئارسلان باباسى،
قىپچاقنىڭ بولۇر ئەردىيا.

يارلىغ بولدى خەلقغە،
ئىناۋەت قىل خاقلە.

---

① بىشكا ــ بەشكە (سان ھىساۋى).

②كىسەك ــ ئەۋلىيالار، ئۇلۇغلار، سەيدلەر.

كامال ساغداق قۇرجانە،
ئىشتىڭلار دىدىيا.

ھۆكۈمەتلىك خاقىلە،
شەرىئەتتە قاقىلە،
ساغداقلىرى ھامىلە،
نىشانە بۇ ئەردىيا.

خان ساغداتى نايماندە،
نىسبەت بولدى مۇسلىمغە،
ئابا مۇسلىم ۋاقتىدە،
ھوكۇم قىلۇر ئەردىيا.

خاس نايماننىڭ ئاكاسى
نايمان ئانىڭ بوكاسى،
سىپاھنىڭ بوكاسى،
شۇندىن قالىپ ئەردىيا.

تەقدىر ئەزەل ياراتقان،
ئەۋلىيادىن تاراتقان،
مەنسۇر كارامەت ئەيتىكان،
بۇلار ئاندىن ئەردىيا.

شەيخىم ئەھمەت ياسۇۋى،
بايان قىلدى بۇ سوزنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەھقىقى ئۇشبۇ سوزنى،
ئۇلار بايان قىلدىيا.

خاقىلەرنىڭ باباسى،
مەلىكەزاتىنىڭ ئاكاسى،
بۇ ئىككىسىنىڭ ئاتاسى،
بىر تۇغۇشقان ئەردىيا.

ئاندىن بىرى نەسەبلار،
نايمان، قىپچاقغە قالدىلار.
بۇ كارامەتنى ئاڭلىساڭلار،
ئەۋلىيادىن ئەردىيا.

بۇ ئىككى نەسەپ بار بولۇر،
خۇدا ئاڭا يار بولۇر،
ئەۋلىيالار مەدەتكار بولۇر،
ئىشىت ساڭىز دىدىيا.

# «زەپەرنامە» داستانى توغرىسىدا

«زەپەر نامە» داستانى 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى. بۇ ئەسەرنى شۇ دەۋردە ياشىغان ئاقسۇلۇق شائىر موللا شاكىر يېزىپ چىققان. شائىر بۇ ئەسەردە ئاقسۇ خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرى زۇلمىغا قارشى كوتىرىلىشىنى تەسۋىرلەيدۇ. موللا شاكىر ئۆز ئەسىرىدە سايىت ھېكىم بەككە ئوخشاش سەلبى تىپ ئارقىلىق خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ جىنايەتكارانە ئىشلىرىنى پاش قىلىدۇ، شۇنىڭدەك، مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلاردىن پايدىلىنىپ ئاددى خەلقنى پاجىەلىك رەۋىشتە ئەزگەنلىكىنى ۋە خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقانلىقىنى ھەقىقى پاكىتلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەر تارىخىي ۋەقەلەرنى ھەقىقى رەۋىشتە بايان قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، گۈزەل ئەدەبىياتىنىڭ ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىلغان. ئەسەر خەلق تىلى بىلەن گۈزەل، ساددا ئۇسلۇپتا يېزىلغان.

بىز بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئۇيغۇر شائىرى موللا شاكىرنىڭ قىسمەن تەرجىمھالىنى بىلىۋالالايمىز. شائىرنىڭ مۇشۇ ئەسىردىن ئالغان مەلۇماتلار بويىچە ۋە ئۇنىڭ ئاقسۇدا بولغان سوقۇشنى يېزىشتا ھەر بىر يۇرت ۋە ھەر بىر مەھەللىنىڭ نامىنى ئۇچۇق ئاتىغىنىغا قارىغاندا، شائىرنىڭ ئاقسۇدا تۇغۇلۇپ، ئاقسۇدا ياشىغانلىقىدا شەك يوق.

موللا شاكىر 1802 - يىلى تۇغۇلغان. شائىر بۇ «زەپەر-نامە»نى 61 يېشىدا يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. شائىر ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى ئۈچتۇرپاندا غېرىپلىقتا ئۆتكۈزگەنلىكىنى يازىدۇ. ئاپتور بەك پېقىر-لىقتا ھايات كەچۈرگىنىگە قارىماي، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان. موللا شاكىر «زەپەرنامە»نىڭ بىر يېرىدە ئۆزىنىڭ 40 يىل سوز ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، يەنە بىر يېرىدە «زەپەر نامە»نى پەقەت 5 ئايدا يېزىپ پۈتتۈرگەنلىكىنى ئوچۇق يازىدۇ. بۇنىڭغا قارىغان-دا، شائىرنىڭ يەنە باشقا نۇرغۇن ئەسەرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

«زەپەرنامە»نىڭ قوليازمىسى 110 بەت بولۇپ، 4380 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئىچىدىن تاللانما سۈپىتىدە بىرمۇنچە جايلىرى بېرىلدى. بەزى جايلىرىدا چۈشەنچە ئورنىدا شۇ قالدۇرۇلغان يەرنىڭ مەزمۇنى قىسقارتىپ بېرىلدى.



www.uyghurkitap.com

# زەپەر نامە

(داستان)

## موللا شاكىر

موللا شاكىر ئۆز زامانىسىدىكى مۇئەللىپلەر ھەم ئۆتكەن شەرق يازغۇ-
چىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە «زەپەرنامە» داستانىنى باشلاشتىن ئىلگىرى «ھەمد»
ۋە «نەئىتلەر»نى يازغاندىن كېيىن داستانىنىڭ بىر بولۇمىنى قوزغىلاڭ-
غا باشچىلىق قىلغان خوجىلارنىڭ تارىخىغا بېغىشلاپ شۇنداق يازىدۇ:

مۇبارەك ئاتى خۇا جەسەيىيد جامال،
ئۇلار قۇتبى ئەقتاب① ساھىپ كامال.
بەشارەت بىرىپ ئەردى خەيرى بەشەر②،
دىدى چىنى ماچىنغا ئەيلەڭ سەپەر.
بار ئەمىش بۇ ماچىندا شەھرى كېتەك،
قىرىق شەھەردى بەزىلەر قىرىق يەك.
دۇئا بىرلە ئەيلەڭ ئۇلارنى ھالاك،
ھەممە قەۋمى بەد قاغۇسى زىرى خاك③.

---

① قۇتبى ئەقتاب — ئۇلۇغ كىشى مەنىسىدە.

② خەيرى بەشەر — ئادەمنىڭ ياخشىسى.

③ زىرى خاك — توپا ئاستىدا.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارۇرسىز مازار تاغ بىلە ئەردەۋىل①،
ئۆتەر ئۆمرىڭىز دەۋرى ئۈن ئىككى يىل.
كى ئاباد ئېتىپ ئەيلەڭىز خانىقاھ،
بولۇر ئول زەمىن مەنزىلى تەكيە گاھ.
..................

ئاتا ئەيلەگەي ھەق ساڭا بىر ئوغۇل،
كۆڭۈل بولماغاي شادلىقتىن مولۇل.
مۇبارەك ئاتى مەۋلەۋى ئەرشىدىن،
ئۆزى قۇتبىدۇر مۇرشىدى راھىدىن②.
مۇسۇلمان بولۇر تاغدا تۇغلۇق تومۇر،
بولۇپ ئەھلى ئىسلامدا ئۆتكەي ئۆمۈر.
ئىلە شەھرىنى دىنىنى ئىسلام ئاچىپ،
جاھان سەپھەسىغە جاۋاھەر ساچىپ.
ئىلەنىڭ ئاتى ئەردىكى بولغۇسۇن،
بايان ئەيلەيىن مەخپى سوز قالماسۇن،
ئۇلار مەنزىلى بولدى شەھرى كوسەند،
بولۇپ مەخپى سوزلەردىن ئاگاھسەن.
كوسەندىنىڭ ئاتى بولدى ئاندىن كۇچا
كۇچادا بولۇر مەنزىلى تەكيە گاھ③.
كۇچا شەھرىنىڭ چۆرەسى تاغدۇر،
خۇجام مەنزىلى كىم چاھار باغدۇر.
كۇچا شەھرىدە شاھى ئالى جاناپ،

① ئەردەۋىل — ئاقسۇنىڭ بۇرۇنقى نامى.
② مۇرشىدى راھىدىن — دىن يولىغا باشلىغۇچى
③ تەكيەگاھ — تايانچ بازا، قورغان، قەلئە.

تولۇق قىلدى مەشرىقدا ئۇل ئاپتاپ.
گەھى ئەيتۇر ئەردى خالايىققا دەرس،
مۇرىد تەربىيەت ئەيلەدى ئەلغەرەز①.
بۇگۇر، كورلا ۋو شەھرى تۇرپان، قۇمۇل،
قىلىپ جانۇدىل بەيەتنى قوبۇل.
كۇچا شەھرىنى ئەيلەدى پايتەخت،
قىلىپ پادىشاھلىقنى ئۇل نىك بەخت.
يانا كاشغەر، ياركەندۇ، خوتەن،
تۇتۇپ يارلىقنى ھەمە جانۇ تەن.
يانا شەھرى بەر-بەر② بىلەن ئەۋدەۋدىل،
تۇرۇپ خىزمەتىدە ھەمە جانۇ دىل.

بۇ مىسرالاردىن كېيىن بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ئۇستىدە توۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

كەل ئى ۋە ئىزىگۇي بىر سۇخەن ساز قىل،
قىلىپ قىسسە كوتە③ سوزۇك ئاز قىل.
كى يۇز يەتمىش ئۇچ يىل سەككىز شەھەر،
خەلق ئۇستىدە مەنچىلىك تاپتى زەپەر.
بۇ مۇددەتتە مەنچىڭلار، قالماق سوراپ،
رەئىيەتنى④ قىلدى ئۇلار بەك خاراپ.

---

① ئەلغەرەز — سوزنىڭ قىسقىسى.
② بەر-بەر — خەلق رىۋايەتلىرى بويىچە ئۇچتۇرپاننىڭ ئەرەپچە ئىسمى.
③ كوتە — قىسقا.
④ رەئىيەت — پۇقرا، خەلق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كېتىپ ئىلىگىدىن شۇنچە مۇددەت ئۆتۈپ،
خوجاملارغا كەلدى پەلەك چۆرگۈلۈپ.
كېتىپ ئاتمىش بەشتە قالماق تامام،
كى يۈز سەككىزىدە بۇ مەنچىلىك مۇدام.
جاھانگىر كېلىپ ئەيلەدى جەڭگى سەخت①،
بۇ كاشغەردە قالدى ھەمە تاجۇ تەخت.
يانا قىلدۇرۇپ كاللا بىرلە مۇنار،
بۇ كاشغەر زىمىنغا كېلىپ ئۈچ قاتار.
قاچىپ كەتتىلەر يايداغ ئاتقا مىنىپ،
بۇ ئالتۇن كۈمۈشنى مەنچىڭغا بېرىپ.

موللا شاكىر سەككىز شەھەر ئۈستىدە ئەنە شۇ مىسرالارنى ياز- غاندىن كېيىن بۇ كىتاپنى نەزىم قىلغانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىدىگە توختىلىدۇ.

پەقىرغا دىدى بىرنەچچە يارى خاس،
نەچە ئەھلى بەزمى جاۋاھەر شۇناس.
قىلىنسا بۇ جەڭنامەنى بىر كىتاپ،
ئوقۇغان ئىشتكەنلەر تاپقاي ساۋاپ،
ئومۇردە باقا يوق، بۇ پانى جاھان،
قالۇر دەھرىدە② ئۈشبۇ نامۇ نىشان،
ئۆزۈم ھەم قىبرى ئاجىزۇبىقوبۇل،
مىزاجىم زەئىپ ئەردى تەبئىم مولۇل.
بۇ سوز نەزم قىلغۇنچە يوقتۇر ماجال،

---

① جەڭگى سەخت ــ قاتتىق جەڭ.

② دەھر ــ دۇنيا.

بۇ زېھنىم پارامۇش① ئۆزۈم كەنگ② لال③،
سۆزۈمدە ئەگەر بولسا سەھۋۇ، خاتا،
بولۇپتۇ كەرەم بىرلە قىلغىل ئاتا،
كىتابىمغا قويدۇم «زەپەرنامە» ئات،
تىزىپ نەزمىگە سۆزنى با ئىئتىقات.

شائىر بۇ ئەسەرنى يېزىش ۋاقتىدىكى ئۆز ئەھۋالىنى يۇقۇرقىدەك شىكەستەلىك بىلەن ئېيتقاندىن كېيىن يېزىشقا باشلايدۇ:.

كەل ئى ۋەئىزىگۇي④ ئەيلىگىل راۋىيان⑤،
قىلىپ ئاقسۇدىن ئەمدى بىر داستان،
بۇزۇلمىش بىر ۋاقتىدا شەھيار كۇچا،
كۇچادىن خۇرۇج⑥ ئەيلەدى بىر خوجا.
بۇ ئامبان⑦ ئىشتتى بۇ يەكلىغ خەبەر،
ئىچىگە ئۇنىڭ توشتى بىر شۇرى شەر⑧،
ھېكىم بەگنى قىچقىر، دىدى شۇل زامان،
قاراڭغۇ كوزىگە بۇ رۇشەن جاھان.
دىدى ئى سايىد بەگ ئىلاجىنى قىل،
بايان ئەيلە بىزلەرگە رۇشەن دەلىل.

---

① پارامۇش — ئۇنۇتقاق.
② كەنگ — گاچا.
③ لال — تىل كالۋالاشماق.
④ ۋەئىزگۇي — نەسىھەت قىلغۇچى.
⑤ راۋىيان — رىۋايەت قىلغۇچى.
⑥ خۇرۇج — قارشى چىقماق.
⑦ بۇ ئامبان — شۇ چاغدىكى مەنچىڭنىڭ بىر ئامبىلى.
⑧ شۇرى شەر — تەشۋىش.

چىقىپدۇر شۇ كۈنلەردە بىر شىرى نەر①،
بارابەر بولۇرغا قېنى ياخشى ئەر.
مابادا چىقىپ باي ۋە سايرامغا،
كېلۇر ئاقسۇغا سۈبھىدىن شامغا،
يىغىلدى ھەمە ئەملى سەردارى چىن،
كېڭەش، مەسلىھەت قىلدىلەر ئانچۈنىن.
كى دارىن، غالداي، دالۇ يەسى،
فىيە چىڭشايۈن، زۇڭياۋۇ، شۇيەسى،
ھە كىم، ئىشكاغا، غەزنىچى، شاڭ بېگى،
بۇ ئىشىغۇلۇ دىۋان، مىراپ، مىڭ بېگى.
كېلىپ بىر تەرەپتىن چېرىك ئامبانى،
بۇ سوز چىن مۇدۇر، بارمۇدۇر ئىلغاسى.
بۇ ئامبان، دالۇيە چېرىك خىمەس،
بۇ تاشلاڭ بولۇپتۇر ھىلى نان يىمەس.
كېلىپ باي، سايرامدا چېرىك ژىغار،
ئۇلار پاشا ئەردى بولۇپ ئەمدى مار.
بۇ، ئۇن باش بىلەن قوشتاي، يانجىدىن،
بۇ نەيپۇت، دابانچى، شاختۇرا كانچىدىن.
دىدى خونرىزلەر كەلسە لەشكەر ژىغىپ،
بارابەر بولۇر ئالدىغا كىم چىقىپ.
دىدى ئى سايىد بەگ ئىلاجى نەدۇر؟
بۇ ئەيغان سوزۇڭنىڭ جاۋابى نەدەر؟
بۇ قۇربان بىلە ئەيۋاڭ - ئەييۇپ قېنى؟
بۇ زىۋازەلەر يىق قىلىپتۇر ئېنى.

① شىرى نەر — ئەركەك شىر، باتۇر مەنىسىدە.

بۇ تۇنگان بىلەن چانتۇ بولدى شېرىك،
بۇلار ئەمدى قويمايدۇ بىزنى تىرىك.
ئەگەر ئاقسۇدا بولسا ئەيۋاڭ هايات،
قىلۇر ئەردى بىزلەرنى غەمدىن نەجات.
بۇ نەنلۇ① ۋە باچىڭدا② جۇڭۋاڭ ئىدى،
بىلىشلىك ئەجەپ تۇرپە③ دانا ئىدى.
بېجىڭگە بېرىپ خاننى كورگەن ئۇزى،
كى تۇپراققە ئاغۇشتە④ ئايدەك يۈزى.
ئۇلۇغ خاننىڭ ئالدىدا كوپ ئېتىبار،
كى چىن كوڭلى بىرلە ئىدى بىزگە يار.
بېجىندە بولۇپ جۇڭشى خان قىلدى ياد،
كى دوۋاڭ ئاڭا ئەيلەگەن ئىلتىپات.
كى شاڭيۇڭ ئەنى تۇتقان ئەردى ئەزىز.
ئىدى ساھىبۇل ئەقىل⑤ ساھىپ تەمىز⑥.
كى خاندىن كېلىپ خالتە ۋە ساۋغاسى،
كېلىپ يانبۇدىن ئوتتۇزۇ ئالتىسى.
كىيىملىك كىلۇرخانغا كۇچۇك تاۋار،
كى جۇڭ ۋاڭلىغى پىسسە ۋوتاجىدار.
بۇ تۇڭچى ئونىڭ قەددىنى بىلمەدى،

---

① نەنلۇ — جەنۇپتىكى ئالتە شەھەر.
② باچىڭ — سەككىز شەھەر.
③ تۇرپە — ئاجايىپ.
④ ئاغۇشتە — بۇلغانماق.
⑤ ساھىبۇل ئەقىل — ئەقىل ئىگىسى.
⑥ ساھىپ تەمىز — پەرق قىلغۇچى، دانا.

www.uyghurkitap.com

بۇ چانتۇ دىدى، كوزىگە ئىلمادى،
كى.. خان قاشىدا ئەردى دانا ۋەزىر،
بۇ مەنسەپ بېگىگە ئىدى دەستىگىر،
بۇ كەلگەن خەتىنى ئوقۇپ ئاشكار،
بۇلار ھەممەسى يىغلاشىپ زار - زار.
بولۇپ جەمئ ئۇلار باردى بۇتخانەگە،
سىرىن ئەيتمادى، بەلكى ھەمخانەگە.
ھەمە ئۇشبۇ ماتەمدە تۇتتى ئازا،
بۇ غەم، قايغۇ، ئەندىشە بولدى غىزا.
ھەمە بوز ئىگىن بىرلە ماتەم تۇتۇپ،
ساما سالدى گوياكى ئىتدەك ھۇلۇپ.
بۇ ئولگەنلەر ھەققىگە پوجاك ئاتىپ،
بۇ دارىنلارنىڭ ئەمدى باشى قاتىپ،
ئېزىزخان بىلە چاڭلۇك، جانىن قېنى،
بىز دوۋاك بىلە شاڭفۇك، توكچى قېنى①.
بۇ ئوتكەنلەرنى يىغلاشىپ قىلدى ياد،
مىسالى بۇ كونا جاھاندۇر رابات.
ئەزەلدىن دىدى بۇ جاھان بىۋاپا،
بۇ ئومرۇمدە، دولەتدە يوقتۇر ۋاپا.
نەدۇر يىغلىماقتىن كى بىزلەرگە سۇد②،
جاھاندا ھەمە بولدىيۇ ھەم نەبۇد③.
كى ئەيۋاك قىلىپ ئەردى ئادەم سىنى،

---

① 18 - ئەسىردىكى مانجۇ ھاكىملىرى.
② سۇد — پايدا.
③ نەبۇد — بولمىدى.

تاپسپ تاجلىق ئالدىڭىز تەختىنى.
بولۇپ ئەردى كاشغەرگە قۇتلۇق ھەكىم،
بۇ يەڭلىغ بولالىغان ئەمەس ھىچكىم.
بۇ دەۋلەتنى ئەيۋاڭغا خىزمەت قىلىپ،
دىدى تاپدىڭىز ماڭا ئىززەت قىلىپ.
ئۇلۇغلارغا خىزمەتنى قىلغان كىشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇبدۇر ئىنىڭ كاج ئىشى،
بۇ ئامبان ھېكىم بەككە قىلدى سوئال،
سورايمەن دىدى ئەيتىڭىز بى مالال.
دىدى ئى ھېكىم بەگ ئاتاڭ كىم ئىدى،
نە يەردىن بۇ مەنسەپنى تاپقان دىدى.
ھېكىم بەگ ئاتاسىن قىلالماي بايان،
جاۋابىن بېرەلمەي باقىپ ھەرقايان.
باشىن ئىرغاتىپ، قاشىن تەبرەتىپ،
بۇ ئامبان كۈلۈپ ئول زامان سوز قاتىپ،
دىدى ئى سايىد راستىنى ئاڭلادىم،
ھېكىملىقىنى باشتىن ساڭا شاڭلادىم.
دىدى ئى ھېكىم بەگ خۇدانىڭ ئىشى،
ئەجەپ كاجگۇندۇر پەلەك گەردىشى.
بۇدارىن ھېكىمنى قىلىپ ئىمتىھان،
بىلۇرمەن دىدى راستىنى قىل ئايان.

ئاپتور بۇ يەرگە كەلگەندە ئەسەرنىڭ سەلبى قەھرىمانى سايىد بەگنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پاش قىلىش ئالدىدا، ئۇنىڭ كەمبەغەللىكىنى باشتىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق ئەزگۈچىلەر تەرىپىگە ئوتۇۋالغانلىقىنى قاتتىق

نەپرەت بىلەن ئىپادىلەپ سايىد بەگنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۇزىگە ئېيتقۇزىدۇ.

كۇچادا ئاتام ئەردى شەيخى مازار،
قەلەندەرچىلىكتە يۇرۇپ خار - زار.
ۋە لېكىن سەھەرلەردە بىدار ئىدى،
ھەمىشە مازارلاردا يىغلار ئىدى.
ھۇنەر يوق ئاتام ئەردى بىر نامۇراد①،
مېنەرگە تاپالماي ئىشەك بىرلە ئات.
تىرىلغۇ قىلۇرغە قېنى يەر ۋە سۇ،
كۇلانى كىيىپ دەر ئىدى ھۇيى ھۇ.
كى ئارام ئالالماس ئىدى بىر سەلىم،
قولىدا ھاساسى، يانىدا چىلىم.
ئىشى دايىما بەڭ، تاماكۇ چېكىپ،
قولىدا راۋابىنى ناخۇن چېكىپ②.
ئوقۇر ئەردىلەر ئاشىقانە غەزەل،
بۇ يەڭلىغ ياراتمىش ئانى لەم يەزەل③.
باشىدا كۇلاھى، قولىدا سوتا،
كوڭۇلدە خۇداغا قىلىپ ئاھۇ - ۋاھ.
بۇ دارىغا ئەيدى ئاتامدا يوق ئىش،
كى مېھنەت بىلەن ئوتكۇزۇپ يازۇ - قىش.
سايىد بەگ قىلىپ سوزنىڭ راستىنى،
يارشۇرماي كورۇپ ئەردى چان دوستىنى،

---

① نامۇراد — بەختسىز.
② ناخۇن چېكىپ — تىرناق بىلەن چېكىپ.
③ لەم يەزەل — خۇدا.

بۇ ئامىان كۆلۈپ بارچە تۇرغان خىتاي،
تىزىغە قاقىپ ئەيدىلار ھاي ـ ھاي.
كى بىزلەرگە قىلدى ھېكىم راستلىق،
دىدى راستلىق مەردى شەھبازلىق①.
خۇدايىم قىلىپ پادىشاھىنى گادا،
گادا گاھىدا ئەيلىگەي پادىشا.

شائىر بۇ جايغا كېلىپ سايىد بەگنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، ئۇنىڭ پەس، يامان ئەخلاقىنى، مەنچىلىك ئەزگۈچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ خەلقنى زۇلۇم قامچىسى ئاستىغا ئالغانلىقىنى توۋەندىكىچە يازىدۇ:

كەل ئى نۇكتەدان② بىر سۇخەن③ سازقىل
قىلىپ داستان قىسسە ئاغاز④ قىل.
ئاتاسى سايىدنىڭ ئىدى توختى شاھ،
مەمەت تاجى بەككە ئىدى ئول تاغا.
كۆلارنى قويۇپ، كەيدىلەر موزانى،
كورۇڭكىم بۇ بەد ئەسلى مەي گوزانى.
ئاناسىنىڭ ئاتى بى بى رابەدۇر،
تەلەپدان ئوزى، مەخسىدى كەئبەدۇر.
ئوزى پەنج ۋەقت⑤ دايىما سەۋم⑥ ئىدى،

---

① شەھباز — يۈرەكلىك باتۇر.
② نوكتەدان — زىرەك، ئەقىللىق.
③ سۇخەن — سوز.
④ ئاغاز — باشلىماق.
⑤ پەنج ۋەقت — بەش ۋاقت نامازدىن كىنايە.
⑥ سەۋم — روزا.



Altun Oq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنچاق ئادرېسى

كېچەلەردە بىدارو بىنەۋم① ئىدى.
ئانانىڭ دۇئاسىنى قىلدى قوبۇل،
خۇدايىم ئاتا قىلدى ئىككى ئوغۇل.
قۇتلۇق بەگ، سايىد بەگ بۇ ئىككى ھېكىم،
بولۇپ شاھلىق تەختىدە مۇستەقىم،
ئاتاسى بولۇپ كاشغەردە ۋاپات،
ئاناسى يۇرۇپ ئەردى ئولمەي ھايات.
كى ھاكىم بولۇپ ئاقسۇغا شاھ سايىد،
خۇدادىن بولۇپ بىخەبەر شۇم پەلىد.
ئىچىپ ھەر كۈنى ئوردا ئىچرە ئاراق،
كى مەيخارەلىق② بىرلە تۈم - تۈم تاراق.
زىناۋۇ زالالەتدە③ پىسقۇ پۇجۇر④،
يېتىشتى ئاخىر دەۋلەتىگە پۇتۇر⑤.
تاپىپ ھەر كۈنى ئوردا ئىچرە جالاپ،
جالاپ بىرلە يەيدۇر تائامۇ كاباب.
نامازۇ نىياز بىرلە يوقتۇر ئىشى،
بولۇپ زۇلمى ناھەق ئىنىڭ قىلمىشى،
قىلىپ ئاشكارە بۇپىسقۇ پاساد⑥،
ماتائى شەرىئەتنى قىلدى كاساد.

---

① نەۋم — ئۇيقۇ.
② مەيخارەلىق — ھاراقكەشلىك.
③ زالالەت — ئازغۇنلۇق.
④ پىسقۇ پۇجۇر — ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقلۇق.
⑤ پۇتۇر — زىيان.
⑥ پاساد — بۇزۇلۇش.

بۇ شەرئى شەرىبگە بويۇن تولغادى،
ئەزىزانە ئاقسۇ ئۇنى قوغلادى.
ئاناسى نەسىھەت قىلىپ يىغلادى،
دىگەن سوزلىرىنى قوبۇل تۇتمادى.
يوق ئەردى ھېكىم بەگدە دەستۇرخان،
رىزادۇر ئەگەر نان ئۇچۇن چىقسا جان.
ئوزى تۇند خۇي① پاسقۇ ھەم بېخىل،
خۇيى، پەيلى مانەندى② ئوبىر جەھىل③.
نەسىھەت قوبۇل قىلمادى شاھ سايىد،
بولۇپ ئالى مەرۋان، ئالى يەزىد④.
ئېتىپ بى ھاياسەگ⑤ خوجاملارغا ئوق،
بۇ تەھقىق بىلىڭ دىن -- ئىمانى يوق.
كەل ئى نوكتەدان ئوگە سوزلەرنى قوي،
كېڭەش — مەسلىھەتكە قىلىپ جۇستۇجۇي،
دىدى جۇڭشى بولدى ئىلاجى نەدۇر،
قىلۇر ئىشلىرىڭ، كار - بارىڭ نەدۇر،
ئەگەر خوجا كەلسە ئۇرۇشماق كېرەك،
بۇ جانىڭ بارىچە تۇرۇشماق كېرەك.
ھېكىم بەگ دىدى مەن ئوزەم جەڭچىمەن،

---

① تۇند خۇي — خۇيى يامان.
② مانەند — ئوخشاش.
③ ئوبىر جەھىل — يامانلىق بىلەن نام چىقارغان ئادەم.
④ ئالى مەرۋان، ئالى يەزىد — يامانلىق بىلەن ئات چىقارغان ئىككى سۇلالە.
⑤ سەگ — ئىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېغى① بولسا رۇستەم ۋە يا تەھمتەن.
قاراپ ئەيدى ئامبانغا سىز غەم يېمەڭ،
ئالۇر ئاقسۇنى، ئۇشبۇ شىڭىزدىن دېمەڭ.
بۇ شەھيار كۇچا بىر كىچىك قەلئەدۇر،
ئېنگدىن نە ئەندىشە نەۋھەمىدۇر.
بۇ ئاز خەلقىنىكى جۇغى قانچەدۇر،
كېلەدۇر بۇ يەرگە جانى نەچچەدۇر.
ئاغام كاشغەر تەختىدە ھۆكمىران،
ئۇزۇم ئاقسۇغا پادىشاھى زامان.
تاپىپ خوجانى مەن ئۇزۇم جەڭ قىلاي،
جاۋابىن بېرىپ مەن ئۇنى تەڭ قىلاي.
ھەمە كاشغەر، ياركەندۇ، خوتەن.
بۇ خان يارلىغىنى تۇتار جانۇ - تەن.
ئۇلار يارلاشىپ بەرسە بىزگە چېرىك،
بۇ دۇشمەنلەرنىڭ بىرسى قالماس تىرىك.
ئىلەدىن يېتىپ كەلسە قالماق، سۇلۇن،
سۇ ئۇستىدە بولغاي ئۇلار بىر قۇيۇن.
بېجىنگە يېتىپ بارسا ئۇشبۇ خەبەر،
ئۇ يەردىن يېتىپ كەلسە چېرىك ئەگەر،
ئەگەر كەلسە چېرىك بۇلەنجۇ، شىجۇ،
دىدىلەر يېغى بىر تەرەپكە قاچۇ.
يېغىلسا ئەگەر لەشكىرى بى گاران②،
قۇتۇلماس بۇلاردىن قاچىپ ھېچقاچان.

---

① يېغى — دۇشمەن.

② بى گاران — ناھايىتى كوپ.

بۇ تۇرپان، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى، ماناس،
بۇ يەردە چېرىك ھەددىدىن بىقىياس①.
خەبەر ئاڭلاسا بىزگە لەشكەر كىلۇر،
بۇ شەھيار، كۇچالىق نەيەرگە بارۇر.
سايىد بەگ دىدى ھوددەنى مەن ئالاي،
بۇ دۈشمەنلەرنىڭ جانىغا ئوت قالاي.
بۇ دارىن تىزىگە سوقۇپ شۇل زامان،
بولۇپ مانجۇرلار خۇررەمۇ شادمان،
دىدى ئۇ ھېكىم بەككە تۇتقىل ھاراق،
ئىچىپ بادە مەست بولدى تومتۇم تاراق.
بۇ ماتەم ئىشىن ئارقىغا تاشلادى،
بۇلار قايتا باشىدىن ئويۇن باشلادى.
بۇلار ئامبان قولىغا ئالىپ بادەنى②،
كى تانلاپ ھېكىم بەگ دىگەن سادەنى.
بۇ دارىن ھېكىم بەككە تۇتتى ھاراق،
سايىد بەگ ماڭا دىدى كوزۇ قاراق.
سىنىڭ بار ئىكەن مۇنچىلىك ھىممەتىڭ،
شۇجائەت بىلەن بار ئىكەن غەيرەتىڭ.
ئوزۇڭ سەن ئۇلۇغ خانغا لايىق كىشى،
بارابەر بولالماس ساڭا ھىچ كىشى.
بۇ ئامبان قىلىپ دەمبەدەم ئىلتىپات،
بېتىپ خىزمەتىڭ، خانغا ھەم خانەزات.
ھېكىم بەگ قوپۇپ ئانچىنان مۇركىدى،

① بىقىياس — سان، ساناقسىز.
② بادە — ھاراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاياغىن قۇچۇپ خوش بولۇپ يىغلادى.
ھېكىم بەگ ئۆزى مەردى شەھبازدۇر،
چېرىك نەيسىسىگە كۇمۇش ئازدۇر.
بۇ ساغلاردا ئاشلىق قالىبدۇر ساسىپ،
يېغىي كەلسە بىزنى مۇبادا باسىپ.
كوكەردى، بۇ ئاشلىقىقا تۇشدى مىتە،
بۇ كەلگەن چېرىكلەرگە قانداق يېتە.
ساسىپ كاردىن چىقتى ئاشلىق ئەرىق،
يېمەك توھمە بولغاي قىرىقتىن ـ قىرىق.
ھېكىم بەگ دىدى يۇرتدا ئاشلىق تولا،
تولادۇر بۇ ئاقسۇدا قوي ۋە كالا.
چېرىك جەلبەسى يامبۇدىن يەك ھازار①،
ئېنىڭ كورلاگى بولسۇن ئون مىڭ تاغار.
بېرەي ئىككى مىڭ ئات، بەش مىڭ كالا،
بۇ جۇڭشى دىگەن يۇرتقا كەلگەن بالا.
كى مىڭ مىلتىقۇ يەتتە يۈز ئوق يانا،
توكۇپ خاندانىنى ئول بىي ھايا.
كى بىرمىڭ قىلىچ، ئالتە يۈز نەيزەسى،
پەقىرنىڭ ئۇلۇغ خانغادۇرجۇڭلەسى②.
بۇ تەيپۇ③ بىلەن ئالتمىش زەمبىرەك،
خەزىنەمدەدۇر ھەرنە بولسا كىرەك.

---

① يەك ھازار ــ بىر مىڭ.
② جۇڭ ــ ساداقەتلىك.
③ تەيپۇ ــ توپ، زەمبىرەك.

بىرەي يەتتە مىڭ مال، بەش يۈز شۈتۈر[1]،
كى بىرمىڭ ئىشەك، تاپقانىم ئۈشبۇدۇر.
چىرىك نىڭ ئەگەر بواسا هەر كەم كۈسى،
بىرەر سايىد هاكىم دوزەخ گۈندىسى.
هېكىم بەگ بۇ سوزلەرنى ئېيتقان زامان،
بۇ ئامبان بولۇپ خۇررەمۇ شادمان.
خەت ئەيلەپ سىنى ئاقسۇغا ۋاڭ قىلاي،
يەنە بەيسەۋۇ تاجلىق شاڭ قىلاي.
ساڭا ئاقسۇنىڭ مۈلكى بولسۇن جاساق[2]،
قىلالماي ئوتۇپ ئەردى ئەهمەد ئىزاق.
قىسارسەن لەئەل جۇڭسى مەرجانىدىن،
كى كەيشەك تاپارسەن ئۇلۇغ خانىدىن،
قىلىشتى بۇلار ئانچۇنان گۇپتىگۇي،
هېكىم بەگ دىدى ئاقسۇنىڭ شەهرى ئوي.
شەهەر پەستەدۇر ئۈشبۇ دەريا ئېگىز،
نۇچۇكتۇر بۇ ئىشنى خىيال ئەتسەڭىز.
قۇيارلار يىغى كەلسە سۇنى ئاچىپ،
قۇتۇلماس بۇ توپاندا هىچكىم قاچىپ.
شەهەردە تۇرۇپ بەرسە قىلغاي قەبەل[3]،
چىرىكنى ئالىپ مەن چىقاي دەر مەهەل.
چىرىك بىرلە سايرام، قىزىلدا ياتاي،

[1] شۈتۈر — توگە.
[2] جاساق — بىرەر شەهەر ياكى رايوننى بىر كىشىنىڭ نامىغا ئۇتكۇزۇپ بېرىش.
[3] قەبەل — قامال.

كى تاغشىن قىلىپ يوللارنى باغلاتاي.
بېقىپ خۆيزانى باي، سايرامدىن،
توسۇپ ئالدىنى شالدىراڭ تاغدىن.
يىغنى ئالۇرمىز سۇنى بەرمەسەك،
كى تاغشىن قويۇپ ئارقىدىن ئەيلەسەك.
قىلۇرمىز ئانى تەشنەلىكدە هالاك،
تومۇز كۈنلىرى بولغۇسى سىنە چاك.
هېكىم بەگ قىلىپ سوزلارىنى ئادا،
بۇ تەئىزىم تاۋازۇئىنى قىلدى بىجا.
بۇ ئامبان تۇرۇپ ئىرغىتىپ باشىنى،
توكۇپ ئەبىر باران كوز ياشىنى.
سېنىڭدىن كىلۇر بىزگە كوپ ياخشىلىق،
دىگەن سوزلىرىدىك ياغۇ سۇتتىن ئىلىق.
بۇ ئامبان دىدى بارما مەندىن يىراق،
جۇدالىق ئوتىدا چېكىپ ئىشتىياق.
بۇ بەگلەردە يوق سەندىكى ئېتىقاد،
بۇ تۇڭگان خونرىزى① بى ئىئتىماد②.
چېرىكنى ئالىپ بارما سايرام سىيان،
ۋە لېكىن ئارامىزدا تۇڭگان يامان.
ئىرۇرسەن مېنىڭ تەن ئارا قۇۋۋەتىم،
كى غەم كۈنلىرى مۇنسىم، ئۇلپەتىم.
ئىرۇرسەن تېنىم ئىچدە ئارام جان،

① خونرىز — قان توككۇچى.
② بى ئىئتىماد — ئىشەنچسىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇزۇق كۆلبەم① ئىچرە يېڭى مېھمان.
جاھان باغى ئىچرە ئاچىلغان گۈلۈم،
قەپەس ئىچرە سەن سايرىغان بۇلبۇلۇم.

ئاپتور بۇ جايغا كەلگەندە مەنچىلىك ئامبىلىنىڭ سايىد ھېكىم بەگدىن رازى بولۇپ ئۇنى ماختات پۇلەۋاتقانلىغىنى تولىمۇ كۆلكىلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەندىن كېيىن، ئامبالنىڭ ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنى تۆۋەندىكىچە يازىدۇ:

دىدى سىز بارلىق ئەمدى ئىشلەنچى خام،
تۇرۇبدۇر قىلۇر ئىشلىرىڭ ناتامام.
ئىككى يول توغامدا يولدا ياتىپ،
توسۇپ ئالدىنى كەلگەننى ئاتىپ.
سايىد بەگ ئۇرۇپ ئانچۇنان لاپۇ قاپ،
بۇ ئامبان قىلىپ چەشمە② سىنى سىراپ،
بۇ ئامبان دىدى شەھەردە تۆڭگانى بار،
ئەگەر بولسا شۇ خېيزە تۆڭگانغا يار.
بۇزۇلسا شەھەر بىزگە دىشۋار سەخت③،
كېتۇر ئىلگىمىزدىن دىدى تاجۇ-تەخت.
بۇلار ئەيلەدىلار چىرىكنى شۇمار④،
بۇ قالماق، مەنچىلىك دۇسەد يەكھازار⑤.
مۇساپىر، مۇجاۋىر ئىدى يەتتە يۈز،
بۇ خەيلى سۇپاھ ئەردىلەر ئىككى يۈز.

---

① كۆلبە — كىچىككىنە ئۆي.
② چەشمە — بۇلاق.
③ دىشۋار سەخت — بەك قىيىن.
④ شۇمار — ساناق.
⑤ دۇسەد يەكھازار — ئىككى يۈزمىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىراخور①، بەكاۋۇل②، بۇرچى③، ئويچىسى④،
يانا ناغرا، كاناي، سۇرنايچىسى.
كوتەرتىپ بۇ كۆڭلۈك توغ ۋە ئەلەم،
چالىپ ئالدىدا ناغرا ناققارا ھەم.
بۇ پەرراش⑤ ئوتۇنچى بىلەن چايچىسى،
ھاپىزلار كېلىپ بىر توققۇز نەغمىسى.
ھەمە ھۈرپەگەر⑥ خەلقى ئەھلى بازار،
بولۇپ مانجۇ، يەرلىك بازى سەھازار⑦.
چېرىكى ئانىڭ ئىككى مىڭدىن ئوشۇق،
ئانىڭ ئارقىسىدىن توشۇبدۇر توشۇق.
بۇ سوكۇ قىمار بازنى يىغدى تامام،
كىيەرگە ئىگىن جابدۇقى ئەردى كام.
تومۇرچىگە نەيزە - قىلىچ ئەپتۇرۇپ،
ئەگەر ئەتمىسە باشغە تەپتۇرۇپ.
ھەركوم قىلدى بەرگىل تومۇر يا كومۇر،
دىدى ئۇستالار زايە ئەتتى ئومۇر.
قازانچىغا قۇيدۇردى قىرلىق چۇماق،
ھەمە جابدۇغى پۇتتى يوق ئات، ئۇلاق.

---

① مىراخور — ئات باقار.
② بەكاۋۇل — زىياپەتتە تاماق باشقۇرغۇچى.
③ بۇرچى — ئاشپەز.
④ ئويچى — ئوي باقىدىغان.
⑤ پەرراش — كورپەچى.
⑥ ھۈرپەگەر — ھۈنەرۋەن.
⑦ سەھازار — ئۈچ مىڭ.

ھېكىم بەگ دىۋانغا دىدى ئات چاپىڭ،
ئەگەر بەرمەسەگەر دەنغە پاپىڭ.
نە يەردىكى ئات بولسا ئالدى تالاپ،
يۈرۈپ دوغىلار ئۆيمۇ - ئۆينى بۇلاپ.
شەھەر ئىچرە ھېچ كىمدە ئات قويمادى،
هارامزادە سەگ پۇل ئېلىپ تويمادى.
قىمار بازارلارغا بەردى ئاتنى ئالىپ،
خالايىقلارنى ژىغلاتىپ قاخشاتىپ.
يامانلارنى يىغدۇردى، كەتتى يامان،
يامانلار كېتىپ بولدى ئاقسۇ ئامان.
دىدى ئاقسۇنى بەرمەگەيمەن قويۇپ،
تۇرۇپمەن بۇ ۋاختىلاردا جاندىن تويۇپ.
ئەگەر بۇ بولۇق كەلسە شەھيار، كۇچار،
مېنىڭ لەشكىرىم باردۇر سەد ھازار①.
بۇ ئامبان دىدى شەھەردە تۇڭگان تولا،
بىركىپ يوق ئەتسەك مۇنى ئەۋۋەلا.
بۇ خۇي - خۇيلارنىڭ ھەر بىرى شىرى نەر،
بىرى قانچە خەلقىنى قىلۇر زىر - زەبەر②.
دىدى شەھەر ئىچىنى سەرەنجام ئېتىپ،
چېرىك بىرلە جامغا يۈرۈك ئەزم③ ئېتىپ،
سايىد بەگ بۇ ئىشقا نە تەدبىردۇر،
بىلالمام نە چارە، نە تەقدىردۇر.

① سەدھازار — يۈزمىڭ.
② زىر - زەبەر — ئاستىن - ئۈستۈن.
③ ئەزم — قەست.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېكىمغا دىدى كورسەتىلىك مەسلىھەت،
قايۇ ئىشتا بولغاي ماڭا ئەمنىيەت①.
بۇ ئامبان دىدى ئايلانىبدۇر باشىم،
خىيال ئەيلەسەم كوزدە تۇرماس ياشىم.
كىچە بولسا ئەمدى ماڭا ئۇيقۇ يوق،
بۇ سىنچاي، تاماكۇ، بولەك توھمە يوق.
كىكىرتەكتىن ئوتمەيدۇ ئەمدى غىزا،
تىرىك يۇرگەنىمگە بولۇپ نارىزا.
كوڭۇل خوشلۇغى ئۇچ بالام تەتەيىم،
كى مۇنداق كېلىبدۇر مېنىڭ تەلەيىم.
بۇدارىن بۇ سوزنى دىدى يىغلادى،
ئۇلۇمگە ئوزىنىك بىلىن باغلادى.
ھېكىم بەگ دىدى ئەيلىدىم بىر خىيال،
بۇ خۇي - خۇينى ئەمدى يوق ئەتمەك ھامان.
بۇ ۋاختىدا چېرىك بىزدە بەك ئازدۇر،
بۇ تۇڭگانلار مەردى شەھبازدۇر.
ھېكىم بەگ دىدى نەچچە كۈن سەبىر ئېتىڭ،
جاھان تېچلىقتۇر شەھەردە ياتىڭ.
دىدى ئەيلەگەيمەن بۇ ئىشقا ئىلاج،
مۇڭا سەرەپ ئېتەي قانچە بولسا خىراج.
سانايلى بۇ تۇڭگانلار قانچە بار،
بۇ مەنچىڭلىنى ئەيلىگەيلەر شۇمار.
بۇلاردىن ئالىپ ھىلە بىرلە ئەدەد،
كى بىزلەر تۇرۇپ سىزگە قورقماق نەھەد.

---

① ئەمنىيەت ــــ تېچلىق.

بۇ شاڭلۇ ئىمامىغا قىلدى جاكا،
ياشنى ئۇكام دەپ قىبرىنى ئاكا.
ساناپ ئۆتكۈزدۈك خەلقىڭىز نەچچە بار،
كى بىر - بىر ئانى ئەيلەدىلەر شۇمار①.
ئىمام خەلقىنى ئەيلەدىلەر ئەدەد،
ئىدى يەتتە يۈز يەتمىش جەمئى مەرد.
بۇ مەي - مەيچىنى، ئەيلەدىلەر شۇمار،
بۇ تىرققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتە ئەردى كۈبار②.
هيكىم بەگ دىدى ئامبانغا سىز شۇك تۇرۇڭ،
كى ھىممەت قىلىپ، بوشۇماي بەك تۇرۇڭ،
دىدى بۇ شەھەردە ئۇرۇشماق يامان،
بىلۇرمىز دىدى يا ئۇيان، يا بۇيان.
دىدى مۇندا باردۇر بالا - بارقامىز،
ئۇرۇشساق ئۇرۇكتۇر يانا ئارقامىز.
بۇ تۇڭگان بىلەن سۇلھى قىلساق بولۇر،
ئاڭا ياخشى ئەيتىپ ياراشساق بولۇر.
دىدى ئۇشبۇ نەۋبەت سوزۇمگە كىرىڭ،
بۇ تۇڭگان بىلەن ئەھدى پەيمان قىلىڭ.
دىدى سۇلھ قىلساق بولۇرسىز هامان،
بۇ ئىشدا دىدى يوقتۇر هېچبىر زىيان.
ئىلەدىن يېتۇر بىزگە نۇرغۇن كومەك،
نەچچە كۈن دىدى سەبىر قىلماق كېرەك.
غەنىمەت تۇرۇر نەچچە كۈن بىزگە جان،

① شۇمار — ساناماق.
② ئەردى كۈبار — چوڭ ئەر كىشى.

تاپىلغاي ھايات بولسا يۈز مىڭ جاھان.
بۇ دارىن دىدى سەن ئاتا، مەن بالا،
كى بولغىل دىدى مەن ئىنە، سەن ئاغا.
ئىشىتتى بۇ ئامباندىن ئۇشبۇ جاۋاپ،
كېلىپ قاش ئاتىپ تۇردى باشىن سىلاپ.
ھەر ئىشنى قىلۇرسەن ئۆزۈڭ بىل دىدى،
ئۆزۈڭنىڭ خىيالىچە قىلغىل دىدى.
بۇ شاڭلۇ ئىماەغا بۇ سوز دىدى،
بۇ سۇلھى قىلىشماقىنى مەقبۇل دىدى.
بۇدارىن قويۇپ بەرسە سىزلەگە چاي،
دىدى سۇلھى قىلساق بولۇر ھاي - ھاي.
كېڭەشتى بۇ تۇڭگانى بەردى جاۋاپ،
ئۇرۇشسا ئىككۈ سۇلھى قىلماق ساۋاپ.
بېجىن خەلقى خۇيخۇيلار بولسا ياراش،
ئەزەلدىن ئىكۈلان ئىرۇرمىز قاياش.
شەھەر ئەتراسىدا دىدى بۇ مازا،
بۇ شىگىردىن ئۇزى ئەيلەگەن خانىقا.
كى سىزنىڭ ئۇچۇن نەزرىنى مەن بېرەي،
تۇنەي بىر كېچە خانىقاغا كىرەي.
ئانامدىن قىرىق مالۇ سەككىز كالا،
دىدى رەد بولۇر باشقا كەلگەن بالا.
كى مىڭ جىڭ گۇرۇنىچ، جەمى يۈز جىڭچە ياغ،
قالارخا ئوتۇنى يىگىرمە ئۇلاغ.
نانى ئىككى مىڭ، بەش تاغار سەبزەسى،
پەقىرنىڭ بۇدۇر ئاتاغان نەزرەسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىسكىنى
www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ داشقا سالسۇن كالا بىرلە قوي،
بۇ پوشكالۇ قۇيماق بىلە يىدى بوي،
يىغىلدى بۇ تۇڭگانىلار خاسۇ ئام،
بۇ شاڭلۇمۇ ئەززىنلەرى ھەم ئىمام.
بۇ ئەئلەم بىلەن مۇپتىيۇ ھەم خەتىپ،
بۇ قازى مۇدەررىس بىلەن مۇھتەسىپ.
بۇ ئىشان خەلىپەمۇ ئەززىن، ئىمام،
ھەمە چوڭ - كىچىك ئەھلى قەۋمى تەمام.
يىغىلىپ ھەمە جەمئى خەيلى سۇ ياھ،
بۇ سۇلھى ئىشىغا دىدى مەرھەبا.
كى سورۇن قىلىپ تارتىلار ئابۇ — ئان،
ئۇ دۇخەيلى① بىر بىرگە بولدى ياراش.
سىپارە ئوقۇشتى ھەمە قارىلار،
ھەمە پازىلۇ② مۇتتەقى③ ھاجىلار.
تىلاۋەت قىلىپ، بەئدى خەتمە دۇئا④،
تۇتۇپ ئەھدى قىلدى كالامى خۇدا.
بۇ تۇڭگانلار مانجۇ بىلەن قىلدى ئەھد،
قۇتۇلدى بۇ غەمدىن ھەمە ئەھلى دەرد.
بۇ قارى ئالىب نەزر يۈز سەر كۈمۈش،
كۈمۈشنى ئالىب خۇش بولۇپ قىلدى جۇش.
بۇ ئامبان يۈرۈپ ئەمدى بۇتخانەگە،

① ئۇ دۇخەيلى — دۇشمەن گۇرۇھى.
② پازىلۇ — بىلىمدان.
③ مۇتتەقى — ئوزىنى پاك تۇتقۇچى.
④ بەئدى خەتمە دۇئا — دۇئانى تۈگەتكەندىن كىيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتىپ باردى يەرلىك سەنەمخانەگە①،
بۇ غالدا يودالۇيە بىرلە نىيۇن،
پىچىرچى، پىيە، زۇڭياۋۇ چىڭشايۇن.
چېرىك ئامبانى بىرلە دالۇياسى،
يانا باشقا شۇيا ۋە مالۇياسى.
بارىپ بۇتىلك ئالدىدا تۇردى قاتار،
دىدى ئەپۇ ئېتىلك بىزدىن ئۇتسە خاتا.
كى بىر بۇت ئىرۇر ھەممە بۇتدىن ئەزىز،
يىكەن ئۇستىگە چاپلاغان بىر سىغىز.
بۇ تەخت ئۇستىدە ھەممەسىدىن بەلەند،
ئىدى قەددى سۇرەتدە ھەم سەر بەلەند②،
باشى ئەردى گۇنبەز، ئانىڭ ئاغزى غار،
ئىككى بازۇسى③ ئەردى شاخى چىنار.
سالىنغان قورساقى ئانىڭ يامىدەك،
مىسالى ئىككى كوزلىرى جامىدەك.
تاۋانا ئوزى يۇزلارىدۇر قىزىل،
قىزىللىق ئىرۇر سىرلاغان ئا بۇ گىل.
باشىغا قويۇق ئەردى زەررىنە④ تاج،
بۇ بۇت بى ماجال⑤ ئولتۇرۇپ نائىلاج.
ئاڭا تەبەت ئەيلەگەن بىر ساقال،

---

① سەنەمخانە — بۇتخانا.
② بەلەند — بېشى ئىگىز.
③ بازۇ — بىلەك.
④ زەررىنە — ئالتۇن.
⑤ بى جامال — كۇچسىز.

تۇرار نەچچە بۇت ئالدىدا پايمال.
بۇ بۇتلار تۇرۇبدۇر بۇ ئۆيلەردە زىچ،
تېگىدە ئانىڭ تىزغا لى پۇختە خىش.
مۇنى سىرلاغان ئوگزەسىدۇر ئىگىز،
بۇ ئۆيلەردە يوق زىلچە ياكى كىگىز.
بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئىگىز - پەس سۇپا،
يانا تۆرت تەرەپتە ئىگىز كۇرسى با.
قويۇبدۇر سۇپا ئۇستىدە كاتتا تەخت،
تۇرۇبدۇر بۇ تەخت ئۇستىدە يىرىم تەخت.
ئوشۇل بۇت ئىرۇر ھەممە بۇتدىن يوغان،
بۇ كۇنبەزمە سەللىك ئىرۇر نەۋ جاۋان①،
نەچەسى ئانىڭ ئولتۇرۇپ كۇرسىدا،
نەچەسى يانا يانداشىپ يانىدا،
بىرىگە بىرى ئوخشاماس ياڭزاسى،
قولىدا تاماكۇ بىلەن غاڭزاسى.
بەرەھمەن② قويۇبتۇر، بۇ بۇتنى باقار،
قېنى باققانى ئاچ قويۇپتۇر باكار.
تۇرۇپ ئالدىدا، بەئزىسىدۇر ئورە،
بۇ چوڭ بۇت دىدىم ھەممەسىگە تورە.
ھەممە بۇت دىدىم قانچە دۇر ئى تاغا،
دىدى سى شى چى ③ يا دىدى سى شى با④.

① نەۋجاۋان — ياش.
② بەرەھمەن — بۇت شەيخى.
③ سى شى چى — 47.
④ سى شى با — 48.

بۇ بۇتلار تۇرۇبدۇر ھەمە تەشنە، ئاچ.
بەرھنە ئىگىن يوق ھەمە يالاڭاچ.
كى ھىچ توھمە يوق ساڭزا، جىلك مۇماسى،
كى يوقتۇر كىگىز، يوتقانى، كورپەسى،
كورۇنمەس ئويىدە چاگۇن يا قازان،
بۇ ئاچلىق بىلان رەڭگى بولمىش خازان.
يوق ئىركەن ئۇنى، ياغۇ ئاشلىق ـ تۇلۇك،
ھەمە قوشنىدۇر يوق ئۇزىدە مۇلۇك.
زىمىستان سوغۇق بۇتلار قانداق قىلۇر،
نەچەسى ئوز ئورنىدا توڭلاپ قالۇر.
بۇلار چوڭ ـ كىچىك بۇتقا يىغلار ئىكەن،
باقالماي بۇ بۇتلارنى قىينار ئىكەن.
پۇتىدا ئانىڭ ئەردى زەررىن كەپىش،
قويۇپ ئالدىغا نەچچە تۇرلۇك يىمىش.
بۇ نۇقلى پاتازا① بۇ قەندى گىزەك،
تۇرار كورسى ئۇستىدە ئۇ بىركىسەك.
بىرسى زىمىستاندا يالغۇپ ياتار،
بىرسى قوپالماي تالغۇپ تۇرار.
بولۇبدۇر دىدىم ئۇشبۇ بۇت نان يىمەس،
بۇ مانجۇلىغا تىش يارىپ سوزلىمەس.
يىمىشكە قاراپ باقمادى بىر قىيا،
ئۇياتچانمىكىن قىلدى ئىلدىن ھايا.
بۇ قاتتىق يىمىشكە تىشى ئوتمەدى،
دىدىم بۇ جەھەتتىن قاراپ باقمادى،

① نۇقلى پاتازا ـــ شىكەردىن ياسالغان يىمەكلەر، مەنپەسلەر.

بۇ نۇقلى نابات بىرلە قويدى ئۇرۇك،
ئانى ھەم يىمەي ئولتۇرار بۇ ئولۇك.
ئولۇك دۇر دىسە ئولتۇرادۇر قاراپ،
يانا بىر قولىدا يۇزىنى سىلاپ.
ئانىڭدىن بولەك باردۇر نەچچەسى،
بۇ بۇتنىڭ ئىرۇر ئەبرى ۋە نەبرەسى.
بۇ بۇتدىن يىراق ئولتۇرۇبدۇر بىرى،
بۇ دەججالدەك زىشتى رۇيدۇر① تۇرى.
قۇچاغىدادۇر سۇت ئىمىتكەن بالا،
مۇنىڭدىن بولەك ئوزگە بۇتلار تولا.
بىلى خەم② بولۇپ ھەم ئاقارمىش باشى،
كى يىغلاپ تۇرادۇر ئاقادۇر ياشى.
بۇ بۇت خاتۇنىدۇر ۋە يا دەللەسى،
قىرىنىڭ يانىدا تۇرار پەللەسى.
بۇ چۇك بۇت ئاڭا ئولتۇرۇبدۇر قاراپ،
قولىدا بالاسى باشىنى سىلاپ.
بىكاردىن بىكار يىغلاماس بۇ خاتۇن،
سالارغا كىگىز يوق، قالارغا ئوتۇن.
دىدىم ئۇشبۇ بۇت نامۇراد بۇت ئىكەن،
مۇڭا گور كىبەنلىك ئىككى ئات ئىكەن.
ئاتىغا تاپالمايدۇ ئارپا — بىدە،
كى تۇڭلاپ قالىبدۇر تۇرار ئورنىدا.
يىمەيدۇ بۇ ئات ئوت، سامان يا بوغۇز،

① زىشتى رۇي — يۇزى سەت.
② خەم — پۇكۇلۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ۋە يا ئورنىدىن تەۋرەمەيدۇ ھۇنۇز.
بۇ بۇتىنىڭ يېمەككە يېقى ئەركەن ئاشى،
ئۇلۇبتۇر بۇ خىزمەتتە تۇرغان كىشى.
بۇ بۇتدا كورۇنمەيدۇر بويى ساپا،
قىلالماس دىدىم ھىچكىشگە ۋاپا.
جۇلۇسىدا تۇرغان بۇ ئىككى سىيىز،
كىيەرگە ئىگىن يېق، سالارغا كىيىز،
ئانىڭ رەڭگىدىن ئاش يېگەن تەرى يېق،
تۇرادۇر ئورە، مۇردە① بار، قەبرى يېق.
بىراۋ ئەيتادۇر ئۇشبۇ بۇت رىنجىدۇر،
پۇتى مۇنجى لەقۋا ۋۇ پالەنجىدۇر.
قۇلاغى ئىشتىمەيدۇ كوزى بەسىر②،
تەبىبكە ھېلى ئولتۇرۇر مۇنتەزىر.
كى ئىشدە بولۇبدۇر ھېلى بۇكىبسەل،
كە بۇ تەر كابابى، بۇ يۇردى ئەسەل.
تەبىبنىڭ ئوزى مەردى دانا كېرەك،
دىدى مۇللا سىدىق تاۋازۇ كېرەك.
كېلىپ شەربەتى كى مۇكاسىن بىرۇر،
بۇ بۇتنىڭ ئوشۇللار جازاسىن بىرۇر.
ئېغىز بۇرنىغا ئورمۇچۇك تۇ كىرىپ،
بۇرۇن ئاغزىدىن جانۇ-جانىۋار كىرىپ.
تۇتۇپ باشىدا قارلىغاچ ئاشيان③،

① مۇردە — ئۇلۇك.
② بەسىر — قارغۇ.
③ ئاشيان — ئۇۋا.

ھايا قىلمايىن باشقا ساۋقاغان.
بولۇپ باش كوزى جانۇ - جانۋار يوقى،
بۇ ئاجىزلىقى، قۇۋۋەتىنىڭ يوقى.
تۇرار داۋزاسىدا ئىككى ياساۋۇل①،
بۇ ھەيبەت بىلەن چاغلاماڭ سىز ئۇسۇل.
كورەرسىز ئۇمۇدىنى تەڭلەپ تۇرار،
سورابىراق كىرىڭ باشىڭىزغا ئۇرار.

★

كەل ئى ئوكتەدان دەي بۇ ئەپسانەنى،
بۇ ئامبانلارنىڭ ئەھدۇ پەيمانەنى.
قويۇپ جوزانى جوزا ئۇستىدە كات،
ئاڭا نەچە قۇر تىزدى نۇقلە - نابات.
نەچە ئاتۇ قويلارنى كەلدى تاپىپ،
سويۇپ چاۋاسىن قوي باشقا يايىپ.
بەرەھمەن تۇرۇپ قىچقىرىپ ۋاڭ - ۋاڭ،
ياغاچنى بۇ چاڭغا ئۇرۇپ جاڭ - جاڭ.
ئوقۇدى ئۇزى رەسمىچە بىر غەزەل،
كى يىغلاپ بۇ ئامبان دىگەن لاي غەزەل،
بۇ چاڭدىن چىقىپ نەچچە تۇرلۇك سادا،
بۇ مەنچىڭلار كوپ يىغلاشىپ بى ئىبا②.

---

① ياساۋۇل — خىزمەتكار.

② بى ئىبا — تارتىنماي.



AltunOq

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قويۇپ پىگزانى① جوزا ئۈزره قاتار،
تىزىپ جوگزانى② قويدى نەچچە قاتار.
قويۇپ پىگزانى جوگزاسىغا شاراپ،
تىزىپ جوزاغا قويدى نوقله كاباپ.
بۇ كاغەزنى كويدۇردى پوجاڭ ئاتىپ،
بۇ بۇت ئالدىدا يىغلادى دۇم ياتىپ.
ھەمە تۇردى باشىدىن جۇلاسىن ئالىپ،
قاراپ تۇردى سائەتچە باشىن سالىپ.
ئالىپ بۇتنىڭ ئالدىدىن ئىچتى ئاراق،
ئانىڭ ئەھدۇ پەيمانى بۇدۇر ساياق.
بۇ غەم قايغۇدىن كوڭلى دىلجەمئ بولۇپ،
تاۋازۇ بىلەن گەردەنى خەم③ بولۇپ،
بۇلار بولدىلار خۇرره ھۇشادىمان،
نەچە كۈن بولار ياتتى ئەمنۇ ئامان.
بۇ ئامبان ھېكىم بەككە سوز باشلادى،
دىدى ھالىنى، كوزىنى ياشلادى.
دىدى ئى سايىد بەگ قىلاي سىزگە ئەرز،
تۇرۇپتۇ ماڭا يەتتە يۈز يامبۇ قەرز.
ھەر ئايدا ئىككى يامبۇدۇر لى چېنى④،
نۇچۇك ئەيلەيىن كەلسە مەي ـ مەي چېنى.
بۇ مەنسەپ ئۈچۈن پۇل ئالىپ خەرجلەدىم،

① پىگزا ــ كوزا.
② جوڭزا ــ رومكا.
③ خەم ــ بولۇپ ئېگىلىپ.
④ لى چېەن ــ ئۇسۇمى.

بۇ جىڭشى بولارنى مەن بىلمەدىم.
مېنى ھەر كۈنى يامبۇنى دەپ تۇتۇپ،
خىيالى مېنى كەتكۈسى خام يۇتۇپ.
پۇل ئالدىم ئانى بولمادى سوققانى،
كى ئامبان قويۇبدۇر ئانى باققانى.
بۇ تاپقان پۇلۇم يامبۇنىڭ لېچىسى،
تېخىچە تۇرۇپتۇ ئانىڭ بىگچىنى①.
ئۇرۇق - تۇققانىم ماڭا بورۇن بولۇپ،
بۇ مەي مەيچى ئالدىدا كورىن② بولۇپ،
كوڭۇل خوشلۇغى تەتەيىم، ئۈچ بالا،
بالا ئۈستىدە ئەمدى كەلدى بالا.
بۇ دەردىمنى كىملەرگە ئىزھار ئېتەي،
دىسەم باش ئالىپ بىر تەرەپكە كېتەي.
سايىد بەگ دىدى قەرزدىن غەم يىمەڭ،
ماڭا دىدىڭىز، ھېچ كىشىگە دىمەڭ.
ھاكىملىققا مىڭ يامبۇ بەردىم پاقىر،
كى سىزگە بولۇرمەن يانا دەستىگىر③.
بېرۈرمەن بۇ شەھيار، كۆچادىن ئالىپ،
بېرۈرمەن دىدى ئاقسۇلۇققا سالىپ.
يېغىنى يىرىق ئەتسەڭ بولۇر ئەۋۋەلا،
كۆچادا خەزىنەم، دەپىنەم تولا.
ئەدەددىن تولا ۋاڭ بېگىمنىڭ پۇلى،

---

① بىگچەن — دەسمايىسى.

② كورىن — مېھمان.

③ دەستىگىر — ياردەمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىرۇر شاھ ئۇل، مەن ئانىڭ بىر قۇلى.
بۇ غەم قايغۇ ئەندىشە قىلغان بىكار،
دىدى قەرزىڭىز بىر بۇلۇڭدىن چىقار.
بۇ ئىشتىن يىمەڭ زەررە ئەندىشە غەم،
ماڭا ئەيتۈرۈڭ بولسا بىر نەرسە كەم.
قىلالى بۇ شىكرىن بىلەن ئەمدى جەڭ،
كى ھەر نەرسە تاپساق ئارامىزدا تەڭ.
بۇ ئامبانىنىڭ ئاغزى قۇلاقىغا يېتىپ،
يانا بۇرنى ماڭلايىدىن ئاشىپ.
ئۇلۇغ خانىنىڭ ئالدىدا بار ئابروي،
بۇ جۇڭشى ئىشىغە قىلىپ جۇستۇ جوي①.
بۇ جامدىن ئىرىنمەي خەت ئەيلەپ تۇرۇڭ،
بۇ تاڭشىنىدا تۇتقانى باغلاپ تۇرۇڭ.
بۇ دالويە بولدى ساڭا ھەم سەپەر،
زىرىكمەي بارۇرسىز بۇ نارى سەقەر②.
دىيىشمەي ئىكرۇ ھىچ سوز قالمادى،
باشىدىن جۇلاسى ئالىپ مۇڭگۇدى.
قىلىشتى بۇ ئامبان بىلەن خەيرىباد،
بۇ يامۇن ئىچىدىن چىقىپ خەيرىباد③.
چالىبان تەبەل ناغرا نەققارەنى،
بەجا كەلتۈرۈپ رەسمى شاھانەنى.
تۇشۇپ ئالدىغا مەنچىلىڭ لەشكىرى،

① جۇستۇ جوي — ئىستەك، سوراق.
② نارى سەقەر — دوۋزاق ئوتى.
③ خەيرىباد — ياخشى بولسۇن .

ئۆزىدىن چاغلاشىپ شىردەك ھەر بىرى.
بۇلار كەينىدىن ژۇردى قالماق، سولۇن.
ئاتىشماق، چاپىشماق ئاڭا بىر ئويۇن.
يۇرۇپ كەينىدىن ئەندىجان، كاشغىرى،
بۇ قىلغان ئىشى شەرئىدىن تاشقىرى.
مۇسۇلمان ئەگەر بولسا دۇشمەنگە يار،
جەھەننەمدە بولغاي ئانىڭ ئورنى نار.
بۇ ئاخۇنۇ ئەشرەپ، خەلىپە، ئىمام،
ھەممە بەگ بىلەن جۇملە ئەھلى كرام.
قىلىپ نەغمىچى نەغمىنى ئۈچ قاتار،
بۇ نەخشى غەزەلنى ئوقۇپ نەچچە بار.
چىقىپ يار باشىغا ھەممە ئامۇ خاس.
شەھەردە كىشى قالماي ھازەلقىياس①.
ئەلەم، تۇغۇ، بايراقۇ، كۆنلۈك تۇتۇپ،
سايىدا بەگ بارۇر غەم بىلەن قان تۇتۇپ،
بۇ شاھىنىڭ باشىغا يېتىپ بۇ ئەلەم②.
ئەلەمدىن پۇلەم ئەلىگ ئەلتى ئەلەم③،
بۇ يەڭلىغ قىلىپ دەپدەبە ئەسئەسە④.
مۇرادى ئانىڭ ئاقسۇنى خام يېسە،
چىقىپ يار باشىغا ھەممە دوستۇر يار.
قولىدا تۇتۇپ يارىنى كەتتى يار.

① ھازەلقىياس — شۇ يوسۇندا، شۇنداق قىلىپ.
② ئەلەم — دەرت.
③ ئەلەم — بايراق.
④ ئەسئەسە — داغدۇغا.

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئەلۋىدا جايىغا ياندى يار،
پىراقىدا ئەيتۇر ئىدى يار - يار،
”كوڭۇل ئۈز مەيىن ياردىن كەتتى يار،
سەپەرگە بارىپ كەلمەدى يار - يار،
كوڭۇلدە پىراقۇ ئۆتۈك بار - بار،
كويۇڭدا نىتەي ژىغلاماي زار - زار“.
چىقىپ ئاقسۇدىن يەتتىلەر جامغا،
تۇرۇشتى ئويۇن - كۇلكى ھەڭگامغا①.
بۇ جاڭپاڭ قويۇپ چورەسىن قاڭ سوقۇپ،
جىسەكچى جىسەپ جىڭ بىلەن جاڭ سوقۇپ،
بۇ تۇشكۇن، قونالغۇ ئانىڭ غەۋغاسى.
بىر ئادەمنى ھەيدەپ ئىككى دوغاسى.
يىغىپ ھەر پەگەرلەرنى قىلدى بازار،
ئىككى داۋزانىڭ ئالدىدا ئىككى دار.
بۇ سوكو قىمارباز يۇرۇيدۇر سۇلاپ،
يۇرۇپ ئويمۇ - ئوي كەلدى ئەلنى بۇلاپ.
ئىغىللاپ كالانى قوتان بىرلە قوي،
قىمارباز جالاپلارغا ھەر كۇندە توي.
كى تاڭشىن قىلىپ بارغانى ھەر قايان،
كى باسقۇنچىلىق بولسا قىزۇ جۇۋان.
قويۇپ ئارپا بۇغدايغا لەشكەرلە ئات،
ئانىڭ ئەرزىگە يەتمەدى قىلسا دات.
سۇرۇك بىلە ئىلقىنى كەلدى سۇرۇپ.
تالاشسا ئانى باغلاتىپ ئولتۇرۇپ.

① ھەڭگام — بىر ئىشنى باشلاشماق، سوقۇشماق.

کی داد ئەيلەگەننى ئاسىپ دارغا،
ئانى يەم قىلىپ قارغاۋۇ سارغا.
بوغۇم تۇتماغان مايسىلارنى ئۈزۈپ،
ئاتىغا بىرىپ، ئاتنى باغلاتتۇرۇپ.
ئانىڭ ئويناشى ھەر كۈنىدۇر قىمار،
كېچە ـ كۈندۈز ئالدىغا نەغمە نىگار.
ئەگەر بولسا ھەرجايدا لولى جالاپ،
ئانى كەلتۈرۈپ ئىچتى جامى شاراپ.
بۇ تاڭشىن مۇسۇلمانىنى كەلسە تۇتۇپ،
بۇ مەنچىڭلىغا باغلاتىپ ئولتۇرۇپ.
ھەم ئەيىۇن چىكىپ بەگ بىلەن بوزەنى،
جالاپنى قويۇپ تاپتى مەيگۈزەنى.
بۇ بەد بەخت لەئىن شەرئىنى تۇتمادى،
چاقىلغان تۇشۇك ياكى يەر يۇتمادى.
بۇ تاڭشىن قىلىپ ئىككى يولغا باشلاپ،
سايىد بەگ بۇ جاڭپاڭدا ياتىدۇ ماراپ.

شائىر سايىد ھېكىم بەگنىڭ قىمارۋاز، ئوغرى، لوكچەكلەردىن چېرىك توپلاپ، خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقى ۋە تېچ ئاھالىنى خانىۋەيران ـ چىلىققا ئۇچراتقانلىقىنى ئەنە شۇ يوسۇندا پاش قىلغاندىن كېيىن، خەلق قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۆتۈپ يازىدۇ:

يىلى مار① ئەردى ماھى ئۇشۇر②،
دىدى ئەمدى پەيمانە تولسا تاشۇر،
خوجامغا بەشارەت بولۇپ ئول زامان،

① يىلى مار — يىلان يىلى.
② ماھى ئۇشۇر — ھوشۇر ئېيى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇپ چوڭ ـ كىچىك خۇررەمۇ شادىمان.
كى يارلىغ تۇشۇپ راشىدىن خاندىن،
كۇچادىن چىقىپ سەيىد بۇرھانىدىن.
بەشارەت خوجاملارغا مەغرىپ سارى،
ئۇلۇق پىشەنىڭ شىھرلىرى ھەر بىرى.
بۇ شەھيار، كۇچاردىن يىغىلسۇن تامام،
غازاتقا بارادۇر ھەمە خاسۇ ئام.
بۇ نەۋبەت ئۇيىدە كىشى قالماسۇن،
كىشى نەۋبىتىگە كىشى بارماسۇن.
يىغىلدى بۇ لەشكەرلەر ھەددىن پۇزۇن،
ھەمە زەۋ قۇشەۋق بىرلە مەستى جۇنۇن①.
مازارغا يىغىلدى ھەمە چوڭ ـ كىچىك،
ھىساپلاپ ئانى قىلدىلار بىر پىتىك.
سەيىدا راشىدىن خانغا ھەم تاجۇ ـ تەخت،
كۇچا شەھرى بولدى ئاڭا پايتەخت.
بۇلار مەشۋەرەت قىلدىلار ئانچۇنىن،
كى پىكىر ئەيلەدىلەر يەسۇرۇ ـ يەمىن②.
قاراشەھەر، تۇرپاندا مەنچىلىك تولا،
بۇ ئاقسۇ تەرەپتە مۇسۇلمان تولا.
دىدى ئاقسۇنى دەستىگىر③ ئەيلەسەك،
مۇزتتىن بۇ مەنچىككە يول بەرمەسەك.
دىدى ئاقسۇنى بىز ئالۇرمىز ئاسان،

① مەستى جۇنۇن — بۇ يەردە كۇچكە تولۇپ مەنىسىدە.
② يەسەر يەمىن — ئوڭ ـ سول.
③ دەستىگىر — تايانچ، پاناھ، بازا.

دىدى يۈزگەلەر بارغۇسىدۇر قايان،
بۇ لەشكەر بولۇندى بولۇپ سۈلسىگىر①،
ئىككى كوھنا تۈرپان، بىرى ئەردەۋىل،
ھېسابىدا لەشكەرنى قىلدى ئەرەد،
يانامىلىك باشى پانسەد.
بۇ پىنجاھ بىلەن ئونبېشى قۇر باشى،
مىراخۇر، دىۋان، دورغا ۋە توپ باشى.
ئانىڭ ئۈستىگە دادخاھ خەلپەسى،
جاھاننى ئالىبدۇر ئانىڭ غەلبەسى.
يەنە پادى شەپ قويدى ئاندىن تۈرە،
سەپەرگە بارىپ تالەئىدىن كورە.
بولۇندى كۆچا لەشكىرى ئىككى توپ،
بۈگۈر، كورلا ۋە تاكى سەرھەددى② لوپ،
ئالىپ بىر تۈمەن لەشكەرى بىگاران،
باھادۇر سەيىد غازى ئىسھاق خان.
بۇ تاھىر خوجام خوجائى ۋاھىدىن،
سەيىد ۋالىدىن، خوجا باھا ئىدىن.
بۇلۇپ ھەم سەپەر خوجائى دانىيال،
ئۇزاتتى ھەمەخشۇ ئەھلى ئايال.
بېرىپ غەزنەدىن نەچچە بايراق ۋە تۇغ،
بۇ لەشكەر ئوز ئىخلاسىدىن قىل قۇيرۇغ.
بۇلارغە بېرىپ نەچچە تۇرلۇك ئەلەم،
ياراق جابدۇغى قالمادى ھېچ كەم.

① سۈلسىگىر — 3 تىن بىرى.
② سەرھەددى — چېگرا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىپ غەزنىدىن چىپۇۋو زەنبەرەك،
نەچچە تىۋەگە ئوق دورى غەم مەرگ①.
قىلىچ، نەيزە بىرلە مىلتىق، ئوقيا،
ئۇلۇغلارغا ھەم كەيدۈرۈپ سەرۇپا.
پەقىر، نامراتلارغا ھەم بەردى ئات،
ئاق ئۆي چادىرۇ بارگاھ بىرلە كات.
بۇ لەشكەر بولۇپ مىسلى بىر كوك تۇمۇر،
نەدۆلەت غازات بىرلە ئۆتسە ئۆمۈر.
خوجام ئالدىدا نەچچە خەلپە تۇرە،
دوبۇلغا كىيىپ ئولپاقۇ ھەم زىرە.
چالىپ نەچچە جۈپ ناغرا نەققارانى،
سەپىد مۇھرى كارناي سۇرنايىنى.
بارۇ يادى ھەق بىرلە ئاللا سالىپ،
بۇلار يۈردىلار تەبىل شادى چالىپ،
ئۇزاتتى ھەمەخشۇ قەۋمى قاياش،
مازار باغدا بەردىلەر ئابۇ-ئاش.
قىلىپ بەردى بەئداز② خەتمى قۇرئان،
سەيىد راشىدىن خان ساھىپ قىران.
بۇ لەشكەر ئىشنى قىلىپ جا-بەجا،
دۇئا قىلدىلار خان خوجام پادىشا.
ئۆزى سەيھە تارتىپ مۇناجات ئوقۇپ،
ھەمە يىغلاشىپ نەۋھە پەرياد ئۇرۇپ.
يىغى-زار بولدى جۇ ئەبرى باھار③.

---

① مەرگ — ئۆلۈم.
② بەئداز .— كېيىن.
③ ئەبرى باھار — باھار يامغۇرى.

قىيامەت بولۇپ ئۇل كۈنى ئاشكار.
ئاتاۋۇ ئاناسى ئوغۇلدىن جۇدا،
يانا ئايرىلىپ مېھرىبان گەد خۇدا①.
بۇ قەۋمى قېرىنداش، ئىگچە ـ سىڭىل،
رىزالىق ئالىپ بىر بىرىدىن بەھىل.
ھەمە يارۇ ـ دوست قىلدىلار ئەلۋىدا،
دىدىلار خۇدا يولدا جان پىدا.
كى ئاخىر ئولەرمىز، شەھىد ئولمەسەك،
يىگەي قارغا ـ قۇزغۇن ئەگەر كوممەسەك.
ئەگەر تاپسا ئىمانىنى باكدۇرۇر،
دىدى ئەسلىمىز تودەئى خاكدۇرۇر.
شەھىدنى دىدى مۇردە ئەمەس ھايات،
بىرىلگەي جاۋاھىردىن ئىككى قانات.
كەل ئى ۋە ئىزىگۈي ئەيلەگىل راۋىيان،
بۇ خاتىپ خوجامدىنكى بىر داستان.
ھەمە لاۋۇ ـ لەشكەر بۇ خەيلى سىپاھ②،
كېلىپ قۇتلۇق ئوردا تىكىپ بارىگاھ،
چالىپ شادى تەبلى نەققارەنى،
سەپىد مودى، كاناي، سۇنايىنى.
چىكىپ دۇمبا ـ دۇمباقغا سەۋتى ـ سادا،
ھەمە چوڭ ـ كىچىك دىدىلەر مەرھەبا.
بۇ سەۋتو ـ ساداسى پەلەكتىن ئاشىپ،

---

① گەد خۇدا ـــ يېقى ئويلەنگەنلەر.

② سىپاھ ـــ لەشكەر، ئارمىيە.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇبارىز ئىرانلار① يىغانى تاشىپ.
بۇ لەشكەرلەرنىڭ يانسەيمىن تاپشۇرۇپ،
بۇلار كام-كۈسىن راستلاتىپ، تاپتۇرۇپ.
بۇلارغا بېرىپ نەچچە تۇغلۇق ئەلەم،
بۇلارنى ئەدەد قىلدى سوردى قەلەم.
بۇ لەشكەر ئىدى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز،
ئۆزىدىن ئىشتىپ دىدىم ئۇشبۇ سوز.
چىقىپ خان خوجام پادىشا،
باقىپ قىبلىگە قىلدى ئاندىن دۇئا.
ھەمە چوڭ-كىچىك يىغلاشىپ زار-زار،
مۇسىبەتتە بولغان كەبى ھازادار.
ئۇلار قىلدى بەئداز خەتمە دۇئا،
ھەمە چوڭ-كىچىك يىغلاشىپ ئەلۋىدا.
دۇبۇلغا قوياق، جۇببە ھەم ئوق-ياراق،
بۇلار كوك تومۇر بولدى باشتىن-ئاياق.
بۇ لەشكەرگە مەنسەبنى تەيىنلادى،
كى ھەر كۈن ھىسابىنى ئالغىن دىدى.
بۇ لەشكەرگە خاتىپ خوجامدۇر ئىمىر،
كى شاھىغا ئوسمان ئاخۇندۇر ۋەزىر.
بوتالى مىراپ بولدىلار داد خاھ،
ھەمەلاۋۇ-لەشكەر قىلىپ ئەزمى راھ②.
موھۇر موللا مۇسا قارانى ئاسىپ،
بۇلار ئارقادىن كەلدى بىر-بىر باسىپ.

---

① مۇبارىز ئىرانلار — كۆرەشچى ئەرلەر.
② راھ — يول.

بولۇپ پېشى لەشكەر① بۇرۇزى تورە،
شەھىد بولدى ئەجدىنى ئاندىن كورە.
كېيىپ جۇببە-جەۋشەن② بۇرۇزى قىمار،
بۇلۇپ كوك تومۇر يولدا دىگما بۇلار.
بو سايرامدىن موللا مۇسا خاتىپ،
بېرۇر يول خېتى خەلقنى باجلاتىپ.
كېلۇر ئارقادىن خەلقنىڭ ئاۋازەسى،
كى ئاللا رىبان قىچقىدۇر بارچاسى.
قاتىلدى بۇ لەشكەر خوجامغا كېلىپ،
سوراپ ھالۇ ئەھۋال پورسىش③ قىلىپ.
بۇ شەھيار، كۇچانىڭ سەھراسىدىن،
كېلىمىز دىدى سىرقى ئىخلاسىدىن.
بۇلار ئەزىم ئېتىپ يۇردىلەر شالدىراڭ،
يۇرۇڭ يول ئوزرە تېز بولۇڭ، ئالدىراڭ.
كۇچادىن چىقىپ يۇردىلار چاشتىگاھ،
بۇ سۇرئەت بىلەن ئەيلەدى ئەزىم راھ.
قۇياشقا بولۇپ بۇ قۇياش راھبەر،
قۇياش كەينىدىن يۇردى ئەھلى سەپەر.
قۇياش بولدى مەغرىپ سارىغا ناھان،
قىزىلغا يېتىپ باردىلەر ئول زامان.
كۇن ئولتۇردى، مەغرىپ سارىدا قىزىل،
قىزىللىق ئىچىدىن كورۇندى قىزىل.

---

① پېشى لەشكەر — لەشكەر ئالدىدا.
② جۇببە-جەۋشەن — ساۋۇت، تومۇر كىيىم.
③ پورسىش — ئىسەنلەشمەك.

دىدىلەر بۇ يۇرتنىڭ ئاتىدۇر قىزىل،
ئىماراتنىڭ تۇپراغىدۇر قىزىل.
كى دەريا ئاقادۇر، ئاتىدۇر قىزىل،
يانا ئابۇ جارى ئاقادۇر قىزىل.
بۇ قىز ھەم جۇۋانلار سالاھى① قىزىل،
بۇ قىزلار قارادۇر، ئىچىدۇر قىزىل.
قىزىلنىڭ ئىچىدىن چىقىبدۇر قىزىل،
قىزىلنىڭ بۇ تۇرغان يېرىدۇر قىزىل.
ئانى يەرگۇدۇم بىر ماتائى قىزىل،
قىزىلغا بۇ ۋەقتتە كورۇندى قىزىل،
قىزىل كەتتى ئالەم كوزۇمگە قىزىل،
ئانىڭ ھىجرىدە كوزدە ياشىم قىزىل.
قىزىل ئاۋتى ئەتراپى بولدى قىزىل،
قىزىللىق قىزىلدۇر سەرەشكىم قىزىل.
قىزىلغا تۇشۇپ، تىكدىلەر بارىگاھ،
ھەمە لاۋۇ ـ لەشكەر بۇ خەيلى سىپاھ.
بۇ سايرامغا ئاڭلاندى ئاۋازەسى،
بۇ سايرام ئېرۇر ئاقسۇ دەرۋازەسى.
قىزىلدا بار ئەركەن ئۇلۇغ بىز رۇگۋار،
قىلىچ بۇغراخان غازى ئاتلىق مازار.
قوشۇلدى قىزىل كەنتىنىڭ جەمئىسى،
بۇ شەيخۇ ئىمام باشلىغىن مەھەللىسى.
يانا نان ـ تۇقاچ، سۇت، قېتىغ، ئوت، ئوتۇن،
بالا ـ بارقاسى، ھەمە ئەرۇ ـ خوتۇن.

① سالاھ — كىيىم ـ كېچەك مەنىسىدە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالىپ كەلدى نەزرى كالا بىرلە قوي،
ئانى داشقا سالدى قىلىپ يىدى-بوي.
سالىپ سەھنىگە زىلچە بىرلە كىگىز،
ئالىپ كەلدى نەزرى يەنە نەچچە قىز.
دۇئا قىلدىلەر قىزلارغا باقمادى،
سەپەر ئۈستىدە قىزلار خۇشياقمادى.
قىرمىس بۇلاق① خەلقى ھەم پىش باز②،
ئالىپ كەلدى ھالىچە نەزرۇ-نىياز.
يايلاقلارغا نەزرى ئالىپ كەلگەن ئات،
بۇ جابدۇق بىلە ئەيلەدى ئىلتىپات.
خالايىقلار قىلدى خوجامنى تاۋاپ،
بولۇپ بى گۇنا، تاپتى بولغاي ساۋاپ.
تاۋابىدىن كېيىن بەئىداز خەتمى قۇرئان،
خوجام ئىختىيار ئەتتى سايرام سىيان.
بار ئەردى شەھەر ئالدىدا لەنگەرى③،
ھېكىم بەگ ئىشىگە يۇرت سەردارلىرى.
بۇ ئاخۇنۇ ئەشرەپ، خەلىپە ئىمام،
ھەمە چوڭ-كىچىك يۇرت خەلقى تامام.
كېلۇر ھەر تەرەپتىن بۇ نەزرى-نىياز،
باشى ئات، كالا، قوي، چامغۇر، پىياز.
زىيارەت قىلىپ دەستى بەيئەت④ بېرىپ،

① قىرمىس بۇلاق — جاينىڭ ئىسمى.
② پىش باز — ئالدىغا چىقماق، قارشى ئالماق.
③ لەنگەر — بېكەت.
④ دەستى بەيئەت — ئىتتىپاقىغا كىرمەك، تابە بولماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى www.uyghurkitap.com

قىلىپ ھال پۇرسىش، نەسىھەت قىلىپ.
چالىپ ناغرا، نەققارە شادىيانەنى،
نەچچە داشتىلارغا دۇملەدى شادەنى.
ھەممە چوڭ-كىچىككە بېرىپ ئابۇ ئاش،
ۋىدا قىلدى مەغرىپ سارىغا قۇياش.
بۇ مېھمانلارغا تۇتتىلەر سىن چاي،
دىدى بارىكاللا بىلەن ھاي-ھاي.
نەچچە تويپ بولۇپ قىلدى نەغمە نىگار،
بۇ سۇرناي، قالۇن، راۋابى ساتار.
ھەممە مەست بولۇپ قىلدى رەقسى ساما،
نە ياش قېرى بىرلە باباۋۇ ماما.

موللا شاكىر قوزغىلاڭغا خەلقنىڭ جان پىدالىق بىلەن قاتناشقاند-لىغىنى، ئۇزلىرىنىڭ بار-يوقىنى ئازاتلىق يولىغا بېرىۋاتقانلىغىنى ئوتلۇق مىسرالار بىلەن يازغاندىن كېيىن، مەنچىڭلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئەھۋالىغا ئوتىدۇ:

بۇ دۇشمەن كۇچادىن خەبەر ئاڭلاشىپ،
بۇ زىخۇيۇ① مەيمەيچى② كەتتى قاچىپ.
بۇ قالغانلىرى ئىككى يۇزدىن ئوشۇق،
كوچۇپ ئويدىن-ئويگە توشۇيدۇر توشۇق③.
كېلىپ ئالدىدا پەھلىۋانلار ئاتىپ،
چوماق نەيزەچى كەلدى ئەمدى يېتىپ.
يېتىپ كەلدىلەر زەمبىرەك بىرلە پور،

---

① زىخۇي — قوماندان.
② مەيمەيچى — سودىگەر.
③ توشۇق — يۇك.

بۇ مانچىڭلارغا لازىم بولۇپ ئەمدى گۆر.
بۇزۇپ ئوت قويۇپ داڭ بىلەن جاڭزانى،
تامام ئولتۇرۇپ ئالدى كاللاڭزانى.
.................
بۇ بابى شەھەرنى قىلدىلەر جابەجا،
بۇ ئاقسۇ سارىغا قىلىپ ئەزمى راھ.
قويۇپ دادى خاھ بىرلە قازى كالان،
دىدى قىلماسۇن بىر-بىرىنى تالاڭ.
كىشىنىڭ مالىنى كىشى ئالماسۇن،
كىشىنىڭ دىلىنى كىشى چىگمەسۇن.
بولار ئەزىم ئېتىپ يۈددى ئاقسۇسىيان،
باھادۇر سەيىد غازى ساھىپ قىران.
..............
خوجام ئاتلانىپ قوش تامدىن يۈرۈپ،
كېلىپ مار ئاقچى لەبىگە تۇشۇپ.
ئاقىب ئابى دەرياۋۇ ئابى مۇز ئات،
تىكىڭلار دىدى بارىگاھ بىرلە كات.
بۇ يايلاق ئېرۇركىم چۇمەنزارلىق،
كى بۇابۇالار سايراپ خۇش ئاۋازلىق.
بۇ چەشمى زۇلالىغا① ھەريان ئاقىپ،
كوكۇلەرگە تۇرپە ئەجەپ خوش ياقىپ.
بۇ دەريا سۇيى ئەردى مۇزدىن ساۋۇق،
ئانىڭ رەڭگى ئاق ۋە ئەسەلدىن چۇچۇك.
يۈرۈر ئويناشىپ قويلارنىڭ قوزەسى،

① چەشمى زۇلال — سۇپ-سۇزۇك بۇلاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئامبىرى

يۈرۈر تۆلەر بوزەلەر تورەسى.
سىپىل ئۈستىنى قىلدى ناغراخانە.
بۇ دەريا لەبىنى قىلىپ چايخانە.
مۇزات دىمىگىل، بەلكى ئابى هايات،
تومۇز كۈنلىرى تەشنەلەرگە ناجات.
هارىپ تەشنەلەپ كەلسەلەر ئات، ئۇلاق،
قونۇپ يايلاسا بولغۇسىدۇر، ىىراق.
بۇ يەردە تۇرۇپ ئەمدى بەش ـ ئالتە كۈن،
هەمە دەم ئالىپ، ئات، ئۇلاق تىنجىسۇن.
دىدى مۇزداۋانغا كىشى ماڭغۇزۇك،
بۇ ئورتەك قاراۋۇلنى قويماي بۇزۇك.
ئىلەدىن ئەگەر كەلسە نۇرغۇن چېرىك،
ئاراغا ئالىپ بىزنى قويماس تىرىك.
كى يول توسقالى قويدى بەش يۈز كىشى،
نەيەرگە يېتەدۇر پەلەك گەردىشى.

شائىر موللا شاكىر خەلق قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەندىن ساقلىنىش تۇغرىسىدىكى مەسلىهەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ يازىدۇ:

كەل ئى خوشەچىن① ئەيلەگىل راۋىيان،
قىلىپ ئاقسۇدىن شەمئى سوزى بايان②.
خوجاملار قىلىپ مەسلىهەت ئانچۇنىن،
خىيال ئەيلەدىلەر بەسەرۇ ـ يەمىن.
دىدى نەچچە كۈن مۇندا بولساق هايال،
دۈشمەن لەشكەرى كەلگۈسى ئېهتىمال.

---

① خوشەچىن ــ باش تەرگۈچى (يازغۇچىدىن كىنايە).
② شەمئى سوزى بايان ــ بايان شامىنى ياندۇرماق.

ئانىڭ بىرلە بىز ئەيلەسەك كار-زار،
ئەگەر بەرسە نۇسرەتنى پەرۋەردىگار.
بۇ دۇشمەن قولىدىن بولۇرمىز ئامان،
يېغى كۈچ كېلىپ ئالسا بىزگە يامان.
بۇ تاغ دامىنى بولغۇسى شورى شەر،
مۇسۇلمانلارنى ئەيلگەي دەربەدەر①.
ئىلە يولىنى ئالسا بىزدىن توسۇپ،
كېتۇر باي، سايرام سارى قول قويۇپ.
بۇ مەنچىڭ كېلۇر مۇزدابانىنى ئاچىپ،
دىدى بىز بارۇرمىز قايەرگە قاچىپ.
يېغى لەشكەرى مۇندا كەلمەستەراق،
بارالى ئانىڭ ئالدىغا تېزراق.
كى ئىلدام بارالى، كىشى تۇيماسۇن،
تۇيۇقسىزلا دۇشمەن كېلىپ قالماسۇن.
يېغى لەشكىرى مۇزدابانىدىن تۇشۇپ،
ۋە يا ئالسا يولغۇن راباتتىن توسۇپ.
دىدىلەر بو ۋەقتدە تومۇزدا ھاۋا،
بولۇر تاغ ئىچى سانئى كەربالا②.
بۇ مەنچىڭ ئالۇر بىزنى چۆلگە قاۋاپ،
بولۇرمىز دىدى تەشنەلىكتىن خاراپ.

ئاپتور خەلق قوشۇنلىرىنىڭ مەسلىھەتلىرى توغرىسىدا بىرمۇنچە توختالغاندىن كېيىن دۇشمەن تەرەپكە چارلىغۇچىلار ئەۋەتكەنلىكىنى تو-ۋەندىكىچە تەسۋىرلەيدۇ:

---

① دەربەدەر — ئىشىكمۇ-ئىشىك.

② سانئى كەربالا — ئىككىنچى كەربالا.

پېشىندىن كېيىنرەك نامازىدىگەر،
بۇ چارلامچىلار يولغا كىردى بەدەر.
ئەدى نىسبى شەب قارا يۇلغۇن يېتىپ،
ھەممە ئۇيقۇدا مۇردا بەگلىغ يېتىپ.
بولەگگەردە دۇشمەندىن يوق ھېچ ئەسەر،
بۇلاردىن ئالالماي بۇ يەردىن خەبەر.
تىرەكنىڭ تۈبىدە ياتۇر ئون كىشى،
دىدىلەر بۇ تاڭشىنغا كەلگەن كىشى.
تۇرار ھەربىرىنىڭ يېنىدا چوماق،
بولۇپ تەكيە ئورنىدا ئىككى قۇلاق.
پۇتىدا چورۇق، خالتىسىدا خورەك①،
خورەك تارتىشىپ مىسلى بىر زەمبىرەك.
دىدىلەر بۇ پاۋانلار ئوڭدا ياتۇر،
توشىدە كورۇپ ئەمدى بىزنى تۇتۇر.
ئىنىگدىن ئوتۇپ بىر خالەنى،
بۇ موللا پۇتۇپ پارچە بىر نامەنى.
دىدى: چارلىدۇق بىز بۇ يۇلغۇن قارا
بۇ يەر تىنچلىق، يوقتۇر ھېچ ماجارا.
بۇ يەرگە غەلەتتۇر يېغى كەلگەنى،
ئامانلىق دىدى كورسۇتۇك بەلگەنى.
ئىكۇلەن يانىپ شاختورا② ئەزىم ئېيتىپ،
بۇ سەككىز كىشى جامغا كەلدى يېتىپ.

---

① خورەك — ئوزۇق.

② شاختورا — جاينىڭ ئىسمى.

ياۋۇق يەتتى مەھەللىگىچە ئۇل زامان،
بۇ ئۇرتەك ئىچىدە ھەم تىنچ ـ ئامان.
كى بىر ـ بىر باسىپ كەلدىلەر ۋەھىمناك①،
بۇ ئۈچ جىگغا جىگچى② ئۇرار تاك ـ تاك.
بۇ ئات تاۋۇشىدىن ئىت خەبەر ئاڭلىشىپ،
ئىشەك ھاڭراشىپ ھەم قاچىر ماڭلاشىپ.
بۇ ئىتلار قاباشىپ سالىشتى غۇرۇ.
خەبەر ئالماسۇن دىدى بىزدىن بىرۇ.
بۇ جاڭگال سارىغا بولار ئەزم ئىتىپ،
تۇپۇرلەپ بۇلار كەلدى سۇغا يىتىپ،
دۇبە ئۇستىگە چىقتىلار قاراشىپ،
تاۋۇش قىلمايىن بىر ـ بىرىن ماراشىپ.
كورەركىم بۇ يىگپاگدا③ ئۇتلار كويۇپ،
سىپىل ئۇستىدىن تۇغ ـ ئەلەم بەلگۇرۇپ.
ئاق ئوي ئالدىدا شەمئە پانۇسلارى،
يۇرۇپتۇر جىسەپ نەچچە جاسۇسلارى.
ئانىڭ بەزىسى كىباك بىلەن جاك سوقۇپ،
يۇرۇر بەئزىسى تەبىل④ دۇمباق سوقۇپ.
كى تاك ـ تاك قىلىپ لەشكىرىنى جىساپ،
قىلىپ بەئزىسى ياتقانىنى ھىساپ.
بۇ يىگپاك ئويۇپ چۇرەسى لاي سىپىل،
قارا ۋە قىزىل سىرلانغان نەچچە خىل.

---

① ۋەھىمناك ــ قورقۇنچ بىلەن.

② جىگچى ــ جاك ئۇرىدىغان جىسەكچى.

③ يىگپاك ــ ئەسكەرخانە، گازارما.

④ تەبىل ــ ناغرا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇگۈن ئەرتىگە بويىغى تەبرەمەس.
كى مۇندىن تولا تۇرماقىم خوپ ئەمەس.
بۇ ئات يۇر توشۇپ يولغا كەتتى بەدەر،
مابادا بولۇر ئەمدى خەۋپۇ خەتەر.
بولۇپ بارى سەرسەر① مەسەللىك ئاتى،
قاباشىپ تۇرار جورغا تىڭىنىڭ ئېتى.
كېلىپ جورغادىن ئىچتىلەر ئابى پاك،
بۇ سۇ جورغادىن جورقىراپ سۇيى خاك②.
بۇ مەشرىق سارى سۇبھى بەردى نىشان،
مۇنەۋۋەر بولۇپ ئەمدى روشەن جاھان
بۇ سۇدا تاھارەت قىلىپ تىز ـ تىز،
قويۇپ يولغا كىردى قىلىپ رەستاخىز.
كېلۇر مەھەللەدىن سەۋتى بانگى ناماز،
ئوقۇشتى بۇلار تاغ ئۇزە تاك ناماز.
نامازدىن يانىپ يولغا بولدى راۋان،
جاناپ سەيدۇغازى ساھىپ قىران.
كېلىپ بارىگاھ ئىچرە بەردى سالام،
خوجام بەردى ئاندىن جاۋابى سالام.
بۇ مەنچىلىك دىدى بۇ مەھەل قايدادۇر،
بۇلار ئەيدىلەر جامدا يىڭپاڭدادۇر.

موللا شاكىر ئەلچىلەرنىڭ كورگەنلىرىنى يازغاندىن كېيىن، سايىد هېكىم بەگنىڭ خەلق قوشۇنلىرىغا قارشى ھەركەتلىرى ئۈستىدە توۋەندىكىچە توختىلىدۇ:

---

① بارى سەرسەر ـــ ئىتتىك شامال.

② سۇيى خاك ـــ تۇپراققا.

كەل ئى ۋەئىزىگۈي ئەيلەگىل راۋىيان،
بۇ سايىد ھېكىمدىن كى بىر دەستان.
بار ئەردى بۇ ئاقسۇدا بىر نابىكار،
ئىتاچى دىگەن كەنتدە جايى بار.
ئانىڭ ئاتىدۇر ئەندىجانلىق قوزى،
كى داڭداردۇر پىشەنىڭ توڭگۇزى.
ئىدى ئىككى يۈز ئەندىجان لەشكەرى،
كى تەييار ئىسلامغا ئوق ئاتقالى.
بۇ لەشكەر باشى باي مۇھەممەت ئىدى،
قوزى ھەم ئانىڭ بىرلە بارغان ئىدى.
قالىپ داغولى، زەرقىدىن① بىر ئۇرۇغ،
كېتىپ دىنىمۇ ئىمانى قالدى قۇرۇغ.
سۇ كەيىندىن توشۇپ خاماپاسىدىن پۈتۈن،
ئانىڭ ئاغزىدىن ئوت مەقئەدىدىن② تۈتۈن،
ئۇزى سوزگە بۇرراۋەردى ھەرىپ③،
شاياتىن④ ئاڭا كۆن ئالۇر يالبادىپ.
بۇ شەيتان قوزى قاشغا كەلمىگەي،
مابادا ئانىڭدىن زىيان يەتمىگەي.
بۇ ئاخۇن ئەشەرەپكە ھەم يارو دوست،
بۇ ئىشان خەلىپە ئاڭا مەغىزى پوست.
بۇ ئەھلى سىپاھ چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ بىگەت،

---

① داغولى، زەرقى — ئابامۇسلىم داستانىدىكى ھەييارلارنىڭ نامى.
② مەقئەد — ئولتۇرىدىغان جاي.
③ ھەرىپ — دۈشمەن، رەقىپ.
④ شاياتىن — شەيتانلار.

كېلىك قوزى باي، دىمايىن نارى كەت.
بۇ سوكۇ قىمار بازغا ئۇلپەت ئىدى،
بۇ لولى سەتەڭلەرگە چىپقەت ئىدى.
ئاڭا يوق ئىدى ھىچ ئۆيى بارماغان،
ئاڭا قالمادى ھىچ ھۈنەر قىلماغان.
يالاپ تەشمىگەن قالمادى مىس ـ تاباق،
تالاڭغا كېتىپ قالمادى ئات ـ ئۇلاق.
تۇغۇلغان يېرى يار باشى يول ئېرىق،
يامانلىق قىلىپ ئېلىگە بولدى قېرىق.
ئارارا بولۇپ ئەل ئۇنى خاھلاماي.
كى بولماس مۇنى بىر سيان① پالاماي.
ياتىپ تىڭزادا قالمادى نەرسەسى،
يانا بەڭ، تاماكو، چولاق غاڭزاسى.
ئانىڭ باشغا كەلمەگەن يوق ھىچ ئىش،
بۇغۇربەت بىلەن ئوتكۇزۇپ يازۇ قىش.
كىلىشەڭگۇ ھەم ئوزى كالتەك ئىدى،
بۇ قىلغان ئىشى بەلكى تەمتەك ئىدى.
بىلۇر ئەردى بۇ كىمسە ئىلمى مائاش②،
بۇ خۇشخۇيلىقتىدىن ئىدى ھال سوراش.
ئاتاسى ئانىڭ ئەردى شاھ سالى باي،
بايان ئەيلەيىن، مەخپى سوز قالماغاي.
ئېغىلدا كالاسى، قوتان بىرلە قوي،
يانا يەرۇ ـ سۇ ئەردى با ئابروي.

---

① سيان ـــ تەرەپ.
② ئىلمى مائاش ـــ تىرىكلىك ئىلمى.

بىردىپ پۇل ـ مالىدىن ئۆشرە ھەم زاكات،
ئىشىگىدە تۇرغان نەچچە ئاختا ئات.
ئۆزى پەنج ۋەقت ئەردى داخىل تەرىق،
ئاتاسى ئۆلۈپ گورغا قويدى ئەرىق.
يامانغا نەمۈلكۈ، نەپال، نەمال،
نە ئەھلى ئايال، نە ھارام، نە ھالال.
ئوغۇل كىم ئەگەر بولسا بەركاردۇر①،
دىمەنكىم بۇ ئوغلۇمغا دەر كاردۇر.
يىگىل، ئىچكىلۇ ئەيلە خەيرۇ ساخا،
بۇ ئۆمرىيۇ دولەتتە يوقتۇر ۋاپا.
زىمىن بولسا قويماي ئانى ۋەقىپ قىل،
قوبۇل قىلسا شايەد خۇدايى جەلىل.
بۇ قوزى ئىدىكىم يېتىم سوداگەر،
بۇرۇر تاغمۇ ـ تاغ، كەنتمۇ ـ كەنت دەربەدەر.
ماتائى خاتۇنلارغا ئەڭلىك ئۇپپا،
كىچە خالى قالسا چىقىپ شەسۇپا.
بۇ تاغ خەلقىغە ئەردىلەر ئاشنا،
كىشى يوق ئىدى ئاڭا نا ئاشنا.
ئەگەر ھەر كىشى كورسىلەر قوزىنى،
قىلىپ باش ئۇچا، قوزىغا قوزىنى.
تېخىن ۋاقتىدا بارسا تاقىقا ھارىپ،
كىيۇسىغا ئەيتۇر قالىپ مەن ھارىپ.
بۇ مېھمان ھارىپ كەلدى ئويدە ياتۇر،
بۇ ئوي ئىگىسى خىرمانىغا كېتۇر.

---

① بەركار — يامانلىق قىلغۇچى.

قوزى باي بوگۇن كىچە ئوي ساقلاسۇن،
ئاتىنى بىدە، ئارپاغا باغلاسۇن.
بۇ مېھمانغا ئورۇن توشەكنى سالىپ،
دىدى ئەندەكى ئىستىراھەت قىلىپ.
قوزىغا يىغىپ ھەم سالىپ كورپەنى،
كوڭۈل خۇش قىلىپ قىلدى ئەل ھورپەنى①،
نەچە كۈن بۇلار ياتتىلار جامدا،
كى ھەر كۈن ئويۇن كۈلكۇ ھەڭگا مەدا.
بۇ تاڭشىنغا ھەر كۈن كىشى ماڭغۇزۇپ،
كى قويماي بارادۇر ئارانى بۇزۇپ.
بۇ ھەر كۈندە تاڭشىنچى بارىپ كېلۇر،
قاراسىنى كوردىلا قاچىپ كېلۇر.
كىشى بولسا ئانىڭ ئىچىگە كىرۇر،
خىيالى ئىچۈكدۇر ئانى ھەم بىلۇر.
يىغلىغان چېرىكى ئانىڭ قانچەدۇر،
بۇ تاڭشىنچىلار تولا يالغانچىدۇر.
بارىپ كەلگەنى لاپ ئۇرۇپ داڭلاشىپ،
كوزى بىرلە كورسۇن ئانى چاغلاشىپ.
قوزى ئەردى سايىد ھېكىمگە ئىناغ،
غۇ ئىشقا دىدى مەن باراي، مەن سىناغ.
قوزى ئەيدى تاڭشىن بارۇرمەن دىدى،
بۇ ئىشنى قىلىپ ئوخشاتۇر مەن دىدى.
يانا بارماغىم، كەلمەگىم ئىككى كۈن،
خوجامنىڭ قاشىدا تۇراي ئىككى كۈن.

---

① ھورپە — ھۈنەر.

بۇ مۇھلەت بىلەن قوزى كەتتى بەدەر،
بارىپ ئاق بۇلۇڭغا سەگى بى پەدەر①.
بىراۋدىن سورادى خوجام قايدادۇر،
زىيارەت قىلۇرمەن جانىم تەندەدۇر.
بۇ كۈندە خوجام مەنزىلى چارقچى،
كىشەشتۇك بۇ يۇرت خەلقى بارماقچى.
بارىشىپ ئىدۇك ئالدىغا پىش باز،
دىدى قىلمادۇق ھىچ نەزرۇ - نىياز.
بارادۇر بۇ يۇرت خەلقى نەزرى ئالىپ،
خوجام پادشاھنى زىيارەت قىلىپ.
دىدى تاپقانى ئات، قويۇ، كالا،
دىدى نان - توقاچ، سۈتۇ قايماق تولا.
قىلىپ ھەر كىشى قوۋەتچە نىياز،
باشى تۆەدۇر، ئاخىرىدۇر خوراز.
ئانى تاپماغان بوداسىدىن ئۇتۇن،
كىشى قالمايىن ماڭدىلەر ئەر - خوتۇن.
قوزى ھەم سىمىز قوينى قىلدى ئۇچا،
ئۇ چانان — توقاچ بىرلە باردى دۇچا.
كىيىپ ئەڭىگە ئەندىچانچە لىباس،
قوتانچە قىلىپ سەللەسىنى ئاساس.
پۇتىغا كىيىپ مۇزەئى ھەككەدار②،
بىلىگە ئاسىپ خەنجەرى ئابىدار③.

① سەگى بى پەدەر — ئاتمىسىز ئىت.
② ھەككەدار — گۈللۈك، گۈل چەككەن.
③ ئابىدار — ئۆتكۈر، پارقىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدىكە كىيىپ ئىمچەئى بەقەسسەم،
قىلىپ بىر تەرەپ ۋەھىمى ئەندىشە ھەم.
تىزىپ خونخە كەلدى ئۇچا بىرلە نان،
جانابى سەيىد غازى ساھىپ قىران.
كېلىپ بارىگاھ ئىچرە بەردى سالام،
خوجام بەردى ئاندىن جاۋابى سالام.
سوراپ ئىستەردى، قىلدى ئاندىن دۇئا،
قوزى گىريە①ئەيلەپ قىلىپ ئاھ-ۋاھ.
كېلىپسىز بۇ يەرگە نەيەردىن دىدى،
دىدى زاتىڭىز قايسى شەھەردىن دىدى.
دادىمىز كېلىپ ئەردى شەھىرى بۇخار،
ئۇزى سوداگەر ئەردى ئەھلى تۇجار.
كى بولغان ئىكەن ئاقسۇدا جايىدار،
مېنىڭدىن بولەك ئىككى پەرزەندى بار.
دادام ئالتە يىل بولدى قىلدى ۋاپات،
ئانامىز بۇ ۋەقتلەردە باردۇر ھايات.
بۇ ئويدە نەچە ئەبرەۋۋ نەبرەسى،
ئۇزۇمنىڭ بەش-ئالتە بالا بارقەسى.
دىدى تاقتا كەلدىم تىجارەت ئۇچۇن،
كېلىپ ھەزرەتىڭغە زىيارەت ئۇچۇن.
كوچادىن خوجام چىقتى ئىسلام ئاچىپ،
جاھاندىن ھەمە كۇپرۇ زۇلمەت قاچىپ.
كېلىپ باي ۋە سايرامنى ئالدى تامام،

① گىريە — يىغا.

تۇرۇپ خىزمىتىدە ھەمە خاسۇ ئام.
دىدى خۇش خەبەرنى پەقىر ئاڭلادىم،
غازانغا پەقىر ئەمدى بەل باغلادىم.
جانابىڭغا كەلدىم پەقىر قۇللارى،
باقۇرمەن ئەگەر بولسا دۇلدۇللارى.
مىنىڭكى مۇرادىم ئىرۇر سۇبھى-شام،
بەھەم① بولسا، خىزمەتتە تۇرسام مادام②.
مۇسۇلمانى كامىل ئىكەن قوزى باي،
مۇڭا ئاش قويۇلۇق بەئزازان سىن چاي.
يۇرۇپ ئىككى كۈن باردى ئۇ ھەرقايان،
بۇ لەشكەر بىلەن خۇررەمۇ-شادىمان.
تامام ئۇقتى ئۇسرى ئەسرارىنى،
دىيىشتى بۇلار رازى پىنھانىنى.
ئاردا دىمەي ھىچ سوز قالمادى،
بۇ جاسۇسلىغىن ھىچ كىشى بىلمەدى.
ئىرادە قاچان ئاقسۇغا ماڭغالى،
ھەمىشە مۇسۇلمانلار كوز تۇتقالى.
ھىكىم بەگ چىرىك بىرلە جامدا ياتۇر،
بۇ جامدىن بۇيان مىدىرغاننى تۇتۇر.
بۇ يىڭىپاڭنىڭ ئالدىدا قۇردۇردى دار،
ئاسىغلىق ئولۇكلەر تۇرادۇر قاتار.
ئولۇبدۇر دىدى يۇزدىن ئارتۇق كىشى،
قەپەسدە تۇرادۇر كېسىلگەن باشى.

① بەھەم — بىرلىكتە.
② مادام — ھەمىشەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىلەپ ھەزرەتىڭنى ھەمە چوڭ ـ كىچىك،
ئۆتەرگە يولى يوق، كىچەرگە كېچىك.
بۇ يەردىن ھايال بولمايىن ماڭسالار،
خوجام بىر بارىپ ئاتسۇنى ئالسالار.
ھەمە چوڭ ـ كىچىك ئەيلەشىپ ئارزۇ،
كى ھەزرەتلىرىنىڭ دىدى ئاقسۇ.
قاراپ يولغا بولدى ھەمە مۇنتەزىر،
يېقىندۇر كوزى ئەمدى بولغاي بەسىر①،
خوجامغا بۇ سوزلەرنى بىر ـ بىر دىدى،
بۇ تەدبىرنى ھەرگىز كىشى بىلمەدى.
نامازشام بىلەن بۇ سەگى بىپەدەر،
كېلىپ ئاق بولۇك يولغا كەتتى بەدەر،
ئۆتۈپ ئۇشبۇ قوچقار پاتماسىدىن،
يۈرۈپ سائەتى ئوتدى ئوغراقىدىن②.
ناماز ۋاقتىدا قارا يۇلغۇن كېلىپ،
ياتىپ سائەتى ئەندەك ئارام ئالىپ.
بۇ تورتۇنچى كۇن تۇش بىلەن جامغا،
يېتىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ يىڭىپاڭغا.
چادىردا ھېكىم بەككە تەئزىم قىلىپ،
بۇ ھارماك دىدى قوزىغا سوز قاتىپ.
دىدى قىلدىڭىزمۇ خوجامنى تاۋاپ،
كېلىپسىز قاراردا كايىپ ـ جاۋاپ.
بۇ ۋاقتتا دىدى خوجالا قاندادۇر،

① بەسىر — كورمەس، قارغۇ.
② ئوغراق — يۈرت ئاتلىرى.

چىرىگى دىدى قانچىلىك باردۇر.
ئىككى مىڭدىن ئازدۇر ـ مىڭدىن ئوشۇق،
بۇ چىرىكنىڭ ئالدىدا ئول بىر قوشۇق.
ئانىڭ ئاتلىغى ئاز، تولاسى ياياق،
يانا بىر تولۇم ئازۇقى، بىر تاياق.
بۇ ئەل ئەكسەرى باي سايرامدىن،
كېلىپدۇر بۇلار جاڭگالۇ تاغدىن.
بۇ شەھيار، كۇچا كەتدى كورلا، بۇگۇر،
ئانىڭ ئازراقى بۇ تەرەپكە كېلۇر.
بۇ مىلتىقۇ ئوقىياسى بەش يۈزچە بار،
ئانىڭدىن بولەك كەلگەندۇر ھاشار.
يانار مەنزىلدۇر ھېلى شاختۇرا،
بۇگۇن يا كېلۇر ئەرتە بۇلغۇن قارا.

شائىر سايىد ھېكىمنىڭ خەلق قوشۇنلىرى ئىچىگە ئۇستىلىق بىلەن كىرگۈزگەن جاسۇسى قوزىنىڭ قىلغان ھىلە ـ نەيرەڭلىرىنى مانا شۇنداق ئېيتىپ ئوتكەندىن كېيىن، قوزىنىڭ يادا قىلدۇرۇپ يامغۇر بىلەن خەلق قوشۇنلىرىنى سۇغا چىلاش توغرىلىق سايىد ھېكىمگە بەرگەن مەسلىھەتىنى يازىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا نۇشقا دىگەن تاغدا،
يادا قىلدۇرۇپ ئوت قورۇر چاغدا.
بۇ قۇربان دىگەن ھەممىنىڭ ئۇستاسى،
ھەممە مالچىلارنىڭكى گۇل دەستىسى.
يادا قىلدۇرۇر مالچىلار مال بېرىپ،
ئانى ھەم ئالۇر ئوز مالىنى باقىپ.
ئوزى ئەھلى دولەت ئېرۇر ئەغنىيا،


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىيالىم ئالىپ كەلسە قىلغاي يادا.
ھاۋانى تۇتۇپ قىلسا ناگاھ جۇدۇن،
سۇ ئۈستىدە بولغاي بۇلار بىر قۇيۇن.
ئۇلارنىڭ ئىگىن ئاياغى ھول بولۇر،
قىيانلار كېلىپ، چوللەر ھەم كول بولۇر.
چىقۇر كاردىن ھەممە جابدۇق - ياراق،
ئۇلار ھول بولۇر ھەممە باشتىن - ئاياق.
ياناقاپ كىرەر ھەممىسى دالداغا،
شەبىخۇن① ئورالى سالىپ كاللاغا.
بۇ سوزنى ئىشتىپ سايىد بەگ كۈلۈپ،
يانا قايتا باشتىن تىرىلدى ئولۇپ.
كېڭەشلىك ئىكەندۇق دىدى باي قوزى،
دىدى زەرقى، داغۇلىنىڭ نەق ئوزى.
يېغى كەلمەدى ئورتادى ۋەھمەسى،
بۇ تاغنىڭ ئۇزاقىراق دىدى پەللەسى.
ئىبەرسە بېگىم دورغا ياكاھ سىنى،
سۇرۇپ كەلتۇرۇر ئۇشبۇ غەممازەنى②،
بۇ ماگغان كىشى نىسپى شەبدە بارۇر،
ھايال بولماسا تۇش پېشىنگە كېلۇر.
ھېكىم بەگ ئىبەردى ئاگا كاھ سىنى،
كى تەيىن قىلىپ بەردى دىگماسىنى.
ئۇچار قۇش كەبى يۇردىلەر تېز - تېز،
تاڭ ئاتقۇنچە باردى قىلىپ رەستا خىز.

① شەبى خۇن — قانلىق كېچە، كېچىلىك ھۇجۇم.
② غەمماز — چېقىمچى.

ياداچىغا يەتكۈزدى كاھىسى ھوكۈم،
توقۇلۇك ئاتىڭىزنى بارۇرسىز چوقۇم.
كى ئانداغ يۈرۈپ تېز سۈرئەت بىلە،
بۇ جامغا يېتىپ تۈشتى پېشىن بىلە.
كىرىپ كاھ بىلەن تۈردى تەئىزىم ئېتىپ،
ئەجەپ كەلدىڭىز ياخشى ۋاقىتتا يېتىپ.
دىدى قىل ھۈنەرنى ئىشىڭ ئوخشاسۇن،
مابادا قىلىپ ئوخشاماي قالماسۇن.
قىلۇرمەن دىدى ساڭا كوپ ئىلتىپات،
بۇ شۇڭقار، لاچىن، سېمىز يورغا ئات.
كېلىپ غۇسىل ئەۋۋەل تاھارەت قىلىپ،
ياداچى① چۈقۇر سۇغا كىردى بارىپ،
قولىغا ياراچى ئالىپ تاشنى،
مۇناجات ئوقۇپ توكتى كوز ياشنى.
ياداچى يادا تاشنى چۈرۈپ تۈرۈپ،
ئوقۇپ ئايەتى ئاسمانغا ھۈرۈپ.
كى بىر سائەت ئىچرە تۇتۇلدى ھاۋا،
بۇلۇت گۈكىرەپ بولدى سۈيى ساما②.
كوكەردى ھاۋا ھەم بۇلۇپ نىل گۈن③،
كى كۈندۈز كى كۈن گويا تىرە تۈن④.

---

① ياداچى — يامغۇر ياققۇزىدىغان سېھىرچى.

② سۈيى ساما — ئاسمان تەرەپ.

③ نىل گۈن — نىل رەڭ.

④ تىرە تۈن — قاراڭغۇ كېچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

ھاۋا ئۇزرە جاتماق چاقادۇر چاقىن،
كى دەريايى شوردۇر گويا ھەر ئاقىن.
خەجام ئۇلكۈنى چۈلگە كىرگەن ئىدى،
ھاۋا بولدى سورۇن كېتەرمىز دىدى.
خەجام پادىشا ئول كۈنى مەھپەدە،
ھەمە لاۋۇ ـ لەشكەر ئۇزۇن ۋەقپەدە①.
بۇ باشتىن ـ ئاياغى ھەمە بولدى ھۆل،
ھەمە دەشتى چۆل سۇ تۇرۇپ كولۇ ـ كول،
نامازشام بىلەن تۈشتى يولغا رابات،
ئۇز ھالىچە قالدى قايان قالدى ئات.
بۇلار ھەربىرى تاپدى بىر خالەنى،
ئانى تاپماغان تاپدى بىر خالەنى.
بۇ كېچە مۇسۇلمانلار ئارام ئالىپ،
تۇرادۇر تاڭ ئاتقۇنچە يامغۇر سالىپ.
بۇ چالغۇنـچىلار جامغا بارسۇن دىدى،
بۇ يەرگە تاڭ ئاتقۇنچە كەلسۇن دىدى
تاڭ ئاتقۇنچە چالغۇنچە جامغا بارىپ،
تاڭ ئاتتى بۇ يۇلغۇن راباتقا كېلىپ.
بۇ چالغۇنچىلار دىدىلەر يول ئامان،
جاھان تىنچلىق ھىچ يوقدۇر يامان.
بۇ سايىد ھېكىم دىدى لەگگەرچىنى،
قىلاي ئىلتىپات ھەم بىرەي خەرجىنى.
كۆچا لەشكىرى مۇندا كەلسە يېتىپ،

① ۋەقپە — جاي ئىسمى.

خەبەر ئەيلەگىن جامغا ئىلدام بارىپ.
مابادا بارىپ بەرمەسەڭ سەن خەبەر،
يامانلىق كورەرسەن جانىڭغا خەتەر.
سايىد بەگ باشىڭنى كىسەرمەن دىدى،
گۇمانسىز قولۇمدا ئولۇرسەن دىدى.
هەمىشە بۇ مەلئۇن خوجامنى ماراپ،
يۇرۇر مۇنتەزىر كۇندە يولغا قاراپ.
بۇ لەڭگەرگە كەلدى خوجام ۋاقتى شام،
خەبەر ئەيتقالى يۇردى ئول سۇيى① جام.
هېكىم بەگ چادىردا تۇرادۇر ئىدى،
خەبەر بەردى لەڭگەرچى كەلدى دىدى.
ئانى چاغلايالماي تولا ئازلىغىن،
تۇتۇپ مەن كىلىپ هەزەتىڭ يارلىغىن.
رابات ئورتەگۇ، مەسجىدۇ خانىقاھ،
بۇ بۇتخانە گۇنبەز بىلە قەبرىگاھ.
راباتقا چىرىككە تاپىىلمايدۇ ئوي،
تالاشىپ، ئۇرۇشۇپ قىلىپ گۇپتۇگوي.
كى هول بولماغان هىچ ئەر قالمادى،
قىيان ئاقماغان هىچ يەر قالمادى.
ئوتۇپ ئوگزەدىن تامچىيۇ سۇ ئاقىپ،
هەمە باشغا تەرلىك ئەشمەك يايىپ.
كىلىپ مەهەللىگە تاغ ـ تاغدىن قىيان،
خەبەر بەرگەلى كىلىپمەن بۇيان.

---

① سۇيى — تەرەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

بۇ سوزلەرنى بىر-بىر دىدى ئول پەلىد①،
بولۇپ سامىئى② ھاكىمى سايىد.
ھىكىم بەگ بولۇپ خۇرەرمۇ شادىمان،
شەبىخۇن ئۇراي ئاتا بەرمەي ئامان.
پىچىرچى بىلەن كىردى دالۇ يەغە،
يانا چىڭشايۇن، زۇڭياۋۇ شۇيەغە.
بۇ سوزنى ئاتا قىلدى بىر-بىر بايان.
بۇ مەنچىلىك تىزىغا قاقىپ ئول زامان.
تەئەججۇپ قىلىپ ھەممە سەردارچىن،
سايىدنى دىدى خەنزە خوخەي رىن.
خوجام دىدى لەڭگەرگە كەلگەن ئىمىش،
ئانىڭ لەشكەرى بى سەرەنجام ئىمىش.
بۇگۇن كىچە لەڭگەرگە بارساق بولۇر،
بۇ توت جىڭدا بىز ئاندا يەتسەك بولۇر.
دىدى يولغا كىرمەي، بۇ سۇيى شىمالى③،
بىرالى ئۇدۇ④ خەيلدگە گۇ شىمال⑤.
بۇ جام ئوستەگى بىرلە ئاباد سۇنى،
تاۋۇش ئۇن چىقارماي تۇتايلى ئۇنى.
بۇلاردىن خەبەر تاپمادى ھىچكىم،
بۇ تەدبىرنى كورسەتتى سايىد ھىكىم.

---

① پەلىد — ئىپلاس.
② سامىئى — ئاڭلىغۇچى.
③ سۇيى شىمال — شىمال تەرەپ.
④ ئۇدۇ — دۇشمەن.
⑤ گۇ شىمال — ئەدۇۋنى بەرمەك.

بولۇپ سۇبھىنىڭ سىنەسى ئەمدى چاك،
ھەممە مەستى خاب ئەردىلەر رويى خاك①.
ئىككى يەردىن ئاڭلاندى سەۋتى ئازان②،
بۇ لەڭگەرنى قورشاپ يېغى بەئىدازان③.
قىلىپ ئەھلى ئىسلامنى ئۆي مۇڭگۈزى،
بۇلار ھەربىرى پىشەنىڭ تۇڭگۇزى.
تولاسى بۇ ئىل ئىدىلەر ئۇيقۇلۇق،
بۇ ئىشدىن ھەممە بىخەبەر، بىتۇيۇق.
ئاتىشقا تۇرۇپ پو بىلەن زەمبىرەك،
چوماق نەيزەدىن ئۆزگەسى بى كېرەك.
ئاتاي دىسە مىلتىقغە ئوت ئالمادى،
كى ھول بولماغان نەرسە ھەم قالمادى.
ئاتىپ يا ئوقىنى بۇ قالماق، سۇلۇن،
بۇ ئەتراپىدىن چىققانى بولدى خۇن.
ئاتانىڭ ئوغۇل بىرلە قالماي ئىشى،
ئەجەپ كاجگۇندۇر پەلەك گەردىشى.
يۇرۇدى مۇسۇلمانلار بوزغا قاچىپ،
بۇ قالماق، سۇلۇن ئارقاسىدىن ئاتىپ.
يېغى ئوسمان ئاخۇننى ئالدى تۇتۇپ،
بۇ خۇننا بە ھەسرەت بىلەن قان يۇتۇپ.
يېغى چېرىگى يۇردى بوزغا قاراپ،
تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئات-ئۇلاقنى تالاپ.

---

① رويى خاك — يۈزى توپا.
② سەۋتى ئازان — ئەزان ئاۋازى.
③ بەئىدازان — ئاندىن كېيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوقۇشتى خوجام ئالتە يەدە يانىپ،
بۇ مەنچىلىك قاچىپ كەينىگە ئايلانىپ.
ياياقلارنى سالدى ئۇرۇپ ئالدىغا،
ۋە بەئىزى بوكۇپ ئالدى بىر دالداغا.
ۋە بەئىزى قالىپ ئارقاسىدا ھارىپ،
بۇ سوكۇ قىمارۋازلار تۇتدى بارىپ.
نەچەسى ئۇلۇبدۇر، نەچە نىمجان①،
ۋەبەئىزەن ياتار، بەزىسى نەزئى جان②.
ۋەبەئىزەن ئۇلۇكنىڭ يانىدا بوكۇپ،
كى بىر ـ بىر تىنىپ ياتتى قانغا چوكۇپ.
قاچىپ بەئىزىسى بوز ئىدىرگە كىرىپ،
يۇرۇر بەئىزىسى دەشتى چولدە ھارىپ.
بۇ مانجۇ سۇرۇپ باردى ئوي ئاغزىغا،
بۇ لەشكەر قاچىپ توغرادىن ـ توغراغا.
بۇ قالماق، سۇلۇن تاغۇ ـ تاقتا كىرىپ،
تۇتۇپ كەلدىلەر قاچقاننى بارىپ.
مۇسۇلمانلارنىڭ باشىغا تۇشتى كۇن،
تۇتۇلدى ھاۋا ھەم بولۇپ تىرە تۇن.
يانا قوپتىلار كۇن چىقىشتىن بوران،
يىغى چىردىگى ياندىلار ئول زامان.
بۇ مەنچىڭلار يانىپ تۇشتى يۇلغۇن رابات،

① نىمجان — يېرىم جان.
② نەزئى جان — تالىشىش.

ئولۇپ نەچچە تىۋە① يانا نەچچە ئات.
ئالىپ ئولجەنى ئەيلەدى كاد - زار.
بۇ سوكۇ قىمارۋازلار ھەم بەشۇمار②.
بۇ تۇققانلارنى بىر كىتىپ ئاچ - زار،
مۇئەككىل بولۇپ بىرسى ئونغا قارار.
بۇ لەشكەر ئارا ساقى دەپ بىر جوغال،
ئوزى كاشغەرى ئەسلى ئەردى موغال.
ئوزى سوزگە بۇرار③ ۋە ئەددى ھەدىپ،
ھەدىپلەر ئۇنى كورسە ئەقلى ھادىپ.
ئازازىل④ قىلۇر ئەددى ئاندىن ھەزەر،
مابادا ماڭا يەتكۇرۇر بىر زەرەر.
قولىغە ئەگەر كىرسە كىم توت ئوشۇق،
ئۇتۇپ ئويدە قالماس قازان يا قوشۇق.
ئوزى پەنج ۋاقىت ئىلىگىدە تەسبىيە،
كى پەندۇ پۇتۇن⑤ ئاڭا چوڭ دەسمىيە.
بۇ ئاخۇنۇ ئەشرەپ ئاڭا جان دوست،
بۇ ئىشان خەلىپە ئاڭا مەغزى پوست.
ئوزى كاشغەر ئەھلىگە ئاقساقال،
ساقاللار ئانىڭ ئالدىدا بىر ماقال.
بۇ سايىمدىغا كىم بەككە ئەردى سىناغ،

---

① تىۋە — توگە.
② بىشۇمار — سانسىز.
③ بۇرار — كەسكىن.
④ ئازازىل — شەيتان.
⑤ پەندۇ پۇتۇن — ئىلمى نەسىھەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارقىتىلىشى

بۇ ئامبال دارىنغا ئەمدى كوز قاراغ،
بۇ كىمسە بولۇر ئەردى ئىلمى مائاش.
بۇ قالماق سۇلۇنلەرگە ئەردى ياراش.
گۇناھكارلارنى تاپچۇرۇپ باقىغا،
كى زەنجىر سالىپ گەردەن ساقىغا.
مۇنى بوش قويۇپ بىر تەرپ قاچما سۇن،
مۇڭا ئاش بېرىلىك قورساقى ئاچماسۇن.
بۇ مەنچىلىك يانىپ تۇشتى يۇلغۇن رابات.
ئالىب ئولجەنى ئۇشتۇرۇ① مەھىپە، ئات.
ھاكىم بەگ دىدى ئارقاسىدىن سوراي،
قىزىل شالدىراڭدىن ئۇنى ئوتكۇزەي.
كى دالۇيە ئەيتۇر مۇزاسىپ ئەمەس،
يېغى قاچسا كىم قوغلاماق لى ئەمەس.
مابادا قاچىپ ئەيلەگەيلەر كەمىن②،
بوكۇپ ياتقۇسىدۇر يەسەرۇ يەمىن③.
يېغى قاچتى ئاقسۇغا خەت ئەيلەتىلىك،
ئۇچۇرغا قاراپ يا تۇرۇك يا كېتىلىك.
چېرىكنى ئالىپ سىز كېتۇرسىز ئۇ يان،
بولۇر بۇ زامانە ئۇيان يا بۇيان.
ھاكىم بەگ بۇگۈن كېچە بىر خەت سۇنۇپ،
يانىپ ئوزى يۇلغۇنراباتتا قونۇپ.
بۇ ئاخۇن ھاكىم بەككە ئۇستاد ئىدى،

① ئۇشتۇر — تۇگە.
② كەمىن — بوختۇرما.
③ يەسەرۇ يەمىن — سول ۋە ئوڭ.

تاۋازۇئ قىلىپ ھەم سوراپ ئىستەدى.
تېقاچ، قوي بىلە ئارپا، قەندۇ گىزەك،
دىدى مۇندىن ئۆزگە يەنە نە كېرەك.
خېجام مەنزىلى ئول كۈنى شاختۇرا،
بارۇردا بۇ لەشكەرلەر يۇلغۇن قارا.
ئۇزاق دەشتىدۇر دەشتى يۇلغۇن رابان،
سايىد بەگدە يوقدۇر دىدى ئېتىقات.
يېڭى لەشكەرى كەلسە ئاباددىن،
كەمىن گاھ قىلىپ ھەم توسار ئارقادىن.
توسۇپ ئالدىمىزنى بۇ چېلگە قاراپ،
دىدى ئەھلى ئىسلامنى قىلغاي خاراپ.
بۇ ئابات بىلەن ماڭغۇزۇپ يۈز كىشى،
نە يەرگە يېتىپدۇر بۇ جەڭنىڭ ئىشى.
رابان، كانچىدىن يۈز كىشى ئىلغانىپ،
بۇ چالغىنى قىلىپ سۈيى ئاباد بارىپ.
قىزىل خەشمە ئاباد تۇپراق ۋە جام،
بۇ مەنچىڭلارنى قەتىل قىلدى تامام.
قىيىنلىق بۇخان يايىلغى، تامغا تاش،
چوماق بىرلە تاش تەگدى يانجىلدى باش.
سايىد بەگ يانىپ تۇشدى يۇلغۇن قارا،
دىدى جامدا بولدى بۇرەڭ ماجارا.
بۇ مەنچىڭ ئىشتىدى بۇ يەڭلىغ خەبەر،
يىقىلدى باشىغا بۇ ھەپتۇم سەقەر①.
بۇ جام ئىچرە غالداي پەجەرجى نۇيۇن،

① ھەپتۇم سەقەر — يەتتىنچى دوزاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يانا بوشقا ۋۇشۇ يەسى بەرمىيۇن.
بۇ كىچە جەھەننەمگە قىلدى سەپەر،
بۇ مەنچىلىك ئىشىگە تۇشۇپ شۇرۇشەر.
يىغى چېرىگى يىغلاشىپ ئولىزامان،
ھەمە چوڭ ـ كىچىك قىلدى ئاھۇ پىغان.
بۇ كەلگەن يىغى شەھەر تەرەپنى تۇسۇر،
ئوزۇق بىرلە جابدۇقنى كىم يەتكۈزۈر.
دىدى بىزگە ئىش ئەمدى دىشۋاد①دۇر
بۇ كۇنلەردە كىم بىزگە غەمغاردۇر.
قالىپدۇر بۇ يىگپاگدا جابدۇق ـ ياراق،
خەزىنە، دەپىنە ئوشۇق ئات ـ ئۇلاق.
بۇ كورلاڭ ۋە يانسى بىلە ئاش ئوزۇق،
كىلىپسىز بۇ يەرلەرگە سىدام ـ قۇرۇق.
بۇ چېرىكدە يوق ئەمدى خەرجى خىراج،
بۇ ئىشتا بولۇپ ھەممەمىز نا ئىلاج.
ھاكىم بەگ دىدى بىر ئىلاجىن قىلۇر،
بۇ كەلگەن قازانى دىدى كىم بىلۇر.
سايىد بەگ بۇ تاگشىنچى بارسۇن دىدى،
تاڭ ئاتقۇنچە لەڭگەرگە بارسۇن دىدى.
بۇ تاگشىنچىلەر يۇردىلەر سۇيى جام،
بۇ مەنچىگنى ئولتۇردى كەتدى تامام.
بۇ تاگشىن قىلىپ كوردى يىگپاڭ ئامان،
بۇ مەنچىگنى ئولتۇردى كەتدى يامان.
بۇ چالغۇن بارىپ كوردى يۇلغۇن رابات،

① دىشۋاد ــــ تەس، قىيىن.

چېرىكلەر ياتىپدۇر كەلسە يىڭپاڭغا پات.
شەھەردىن بۇ ئامبان خەت ئەيلەپ دىدى،
ھاكىم بەگ بۇ يىڭپاڭدا ياتسۇن دىدى.
چېرىكنى ھېچ قايان بارماسۇن،
كى تاڭشىن قىلىپ يوللاردىن چارلاسۇن.
ھاكىم بەگ چېرىك بىرلە يۇلغۇن راباط،
بۇ ئور تەڭگە ئوت قويدى كەتدى ئابات.
يېغىلەر ئىچىگە تۇشۇپ زەلىزەلە،
بۇ يەرلىك ئىچىدە بولۇپ غۇلغۇلە.
بۇ شاڭيۇ گۇناھكارنى باقسۇن دىدى،
سەھەرلىكتە جامغا يورۇتسۇن دىدى.
ئالىپ جامغا بارسام ئاسار دارغا،
ھىساپ ئالماغايلار، يوقۇ-بارىغا.
گۇناھكار مۇسۇلماننى قىلسام ئازات،
تاپۇرمەن دىدى ئاخىرەتتە ناجات.
مېنى قەتىل قىلسا بولۇر مەن شەھىد،
كى شايەد بولۇرمەنكى ئەھلى شەھىد.
خىرجام پادشاھدىن ئالۇرمەن دۇئا،
كى ئىمان تاپىپ گوھەرى بى باھا.
ۋاپا قىلدى كىملەرگە پانى جاھان،
غەنىمەت تۇرۇر نەچچە كۈن ئۇشبۇ جان.
دىدى نۇھ① دەك ئومدي كورسەڭ ھايات،
ئاخىر بىر كۈنى تاپقۇمىز دۇر ۋاپات.
بۇ كېچە ئانىڭ كەلمەدى ئۇيقۇسى،

① نۇھ — ئۇزۇن ئومۇر كورگەن پەيغەمبەر.

www.uyghurkitap.com

گۇناھكار مۇسۇلمانلارنىڭ قايغۇسى.
بولۇپ ئەردىلەر ئول كېچە نىسپى شەپ،
بۇلارغا دىدى ئەيلەيىن بىر سەبەپ.
بىر ئۆيدە سولاغلىق يىگىرمە كىشى،
بىكىتكەن ئىدى يىغلىماغلىق ئىشى.
كى ئارقان بىلەن قول ئاياغى كىشەن،
قېنى دادىغا يەتكەلى ھىچ جان.
ئۇ چاسى بەرەھنە① شىكەم② ئەردى ئاچ،
ئاڭا يەتكۈزۈپ بەردىلەر نان تىقاچ.
ھەمە يىغلاشىپ بەئدە قىلدى دۇئا،
يانا باقى شاكىۋ قىلىپ ئاھ-ۋاھ.
بۇ ئۆيىنىڭ چىقىپ نەم تامىنى تېشىپ،
يانا بىرسىنى قويدى بەندىن يېشىپ.
كۆرەركىم گۇناھكارلارنىڭ بىرسى يوق،
تاپۇرغا ماڭا ھېچ تەدبىر يوق.
كورۇپ باقى شاكىۋ كوتەردى پىغان،
باشىغا ئۇرۇپ يىغلادى ئانچۇ نان.
مۇسىبەت كەبى ئۇن قويۇپ زار-زار،
توكۇپ ياشىنى مىسلى ئەبرى باھار.
بۇ سايىد ھاكىم يىغلاغان كىم دىدى،
كېلىپ دوغاسى باقى شاكىۋ دىدى،
يېتىبدۇر بۇ شاكىۋغا كىمدىن ئازار،
دىدىكىم ئولۇبدۇر، تۇتۇبدۇر ئازا.

① بەرەھنە — يالاڭغاچ.
② شىكەم — قوساق.

گۇناھكارغا ساقتەلىق قىلغالى،
بۇ شاگىۋتنى قويغان ئىدى باققالى.
بۇ كىچە گۇناھكار تامنى تېشىپ،
قاچىپدۇر دىدى بىر-بىرىنى يېشىپ.
ئىشىگىدە ئۇخلاپ ئۆزى بىخەبەر،
بۇ بەندىنى ئاچىپ كېتىپ دەر-بەدەر.
بۇ ئەندىشەدىن نەۋھە پەرياد ئېتەر،
بىلەلمەس ئانىڭ دادىغا كىم يېتەر.
ھاكىم بەگ دىدى چىرلاغىن باقنى،
ماڭا كەيدۇ رۇپدۇر ئۇزۇن تاقنى،
دىدى قىچقىدۇر سىزنى سايىد ھاكىم،
ئاراغا تۇرالماس دىدى ھىچكىم.
بۇ شاگىۋ ھاكىم بەككە ئىزىم قىلىپ،
تەرەددۇت قىلىپ ئەقلى ھۇشى كىتىپ.
ھاكىم بەگ غەزەپ بىرلە ئولدەم قاراپ،
دىدى كاشىغەرى باقغەئى جالاپ.
ئۆزۈڭ ھوددە ئالدىڭ، باقۇرمەن دىدىڭ،
جىسەپ چورۇلۇپ جاڭ سوقۇرمەن دىدىڭ.
بارىپ قاچقان ئېلنى تاپۇرسەن دىدى،
گۇمانسىز قولۇمدا ئولۇرسەن دىدى.
دىدى مەن سېنى زۇگىۋغا ئاگلاتاي،
قىردىقنى سوقۇپ باركۇل پالتاي.
ھاكىم ئەيدى بارىپ زۇگياسىغا،
بارىپ زۇگياسى دىدى دالۇ يەغە.
بۇ كۇن كىچە لەڭگەرغە ئوغرى كېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرىسى

دىدى پاگزانىڭ ئارقاسىدىن تېشىپ.
گۇناھكارلار بەندىدىن قاچىپدۇر دىدى،
بۇ كېچە ھەمەسى قاچىپدۇر دىدى.
قويۇپ ئون كىشى ساقتەلىق قىلغالى،
بۇ شاگيۇنى قويغان ئانى باققالى.
ھەمەسى ياتىپدۇر دىدى ئۇيقۇلۇق،
بۇ ئىشدىن قالىبدۇر دىدى بى تۇيۇق.
دىدى دالۇيە باقىنى شالەقىل،
كېسىپ باشىنى قانىنى جالە قىل.
ھاكىم بەگ گۇناھىنى ئالدى تىلەپ،
ئىجابەت ئىكەن ئۇشبۇ قىلغان تەلەپ.
چېرىكلەر تامام ياندىلار جامغا،
بۇ يىڭپاڭغا تۇشتى كېلىپ جايىغا.
خوجاملار يانىپ تۇشتىلەر شاختۇرا،
تاپالماي بۇ ئىشلارغا چۇنۇ چارا①،
شەھىدلەر تامامىنى قىلدى ئەدەد،
بۇ ئۇچيۈز ئون ئالتى ئىدى جەمئى مەرد.
سايىد بەگ بۇ جامدا يوق ئوتكەن كىشى،
ئىدى جەمئىسى يەتمىش ئىككى كىشى.
خوجاملار يانىپ تۇشتى تاپماي زەپەر،
بۇ تاغنىڭ ئىچىگە تۇشۇپ شۇرۇشەر.

ئاپتور ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىنى مانا شۇنداق يېزىپ ئوتكەندىن كېيىن، خوجاملار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا توختىلىپ، مەھەممەت ئىبلى ۋە باينىڭ ھاكىمى موللا ئاباقلارنىڭ خەلق قوشۇنلىرىغا

① چۇنۇ چارا — باھانە، سەۋەپ.

خىيانەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالغان كىشىلەرنى تۇتۇپ باغلاپ، مەنچىلىك ھاكىمىيىتىگە سوغا قىلماقچى بولـغانلىرىغا قاتتىق نەپرەت بىلدۈردۇ ۋە ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ پۈتۈن بىر بابىنى بۇنىڭغا بېغىشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق قوشۇنلىرىنىڭ باش يېتەكچىسى راشىدىن ئەھۋالىغا توختىلىپ يازىدۇ:

يېتۈشتى كۇچارغا بۇ يەڭلىغ خەبەر،
يېتىپ ئول زامان ئۇشبۇ سۆز شۇرۇشەر.
خوجامنى يانىپ كەلدى دەپ ئول زامان،
دىدى راشىدىن خان ئەمرى زامان.
غەزەبدىن دىدى مەن ئۆزۈم ئاتلاناي،
باسىپ كەلگۈسى ئەمدى بىزنى خىتاي.
قاراشەھەر تەرەپتىن بۇ قالماق، يەتەر،
بۇ شەھيار، كۇچارلىققادۇر پۈر خەتەر.
ئىلەدىن يېتىپ كەلسە قالماق، سولۇن،
دەرىغا بولۇرمىز دىدى بى ئۇرۇن.
بۇ خاتۇن يېتىملەرنى ئەيلەر ئەسىر،
خۇدايا ئۆزۈڭ بولماساڭ دەستىگىر①.
قاچىپ كەلگەن ئىل شەھەرگە كىرمەسۇن،
ئەگەر كىرسە-كىرسۇن كېچە قونماسۇن.
...............................
بۇ شەھيار، كۇچار جەمئى بولدى تامام،
غازاتقا بىلىن باغلاردىلار تامام.
...............................
بىرىپ ئابۇ-ئاش بەئدى خەتمە دۇئا،

① دەستىگىر — قول تۇتقۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇئا قىلدىلەر خان- خوجام پادىشاھ.
ھەمەلاۋۇ- لەشكەرلەر مەستى جۇنۇن،
يىتىپ نەۋھەزارى پەلەك ئىلگۈن.
مۇسۇلمانلار يىغلاشىپ زار- زار،
كى گويا قىيامەت بولۇپ ئاشكار.
باھادىر نىيازى خوجام پادىشاھ،
بۇ ئەئلەم خوجام ۋادىسى ئەنبىيا.
باھادىر سايىد غازى بۇدھانىدىن،
ئىجازەت تىلەپ شاھ سۇلتانىدىن.
باھادىر شەھىد غازى، سەيىد جامال،
ئەمرى بۇ ئەللامە① سەيىد جالال.
خوجاملار ھەمە سەيىد ساداتىدىن②،
باھادىر شەھىد خوجەئى ھامىدىن.
باھادىر سەيىد غازى مەھمۇدخان،
جىگەر گۇشە ئەۋلادى پەيغەمبىران.
بۇلار نەسلدۇر شىرى يەزدا ئىدىن،
باھادىر شەھى خۇجەئى شاھىدىن.
باھادىر سەيىد خۇجەئى ۋالىدىن،
زىيا ئىدىن خوجام، خوجە باھائىدىن.
بۇ سەيىد شەھىنشاھى ئالەم تامام،
ئۇلارغا پۇسەد③ خۇجە ئەھمەت خوجام.
بۇلار ئايرىلۇر يەئنى ھەر نەسلدىن،

① ئەللامە — چوڭ ئالىم.
② سەيىد ساداتىدىن — خوجىلارنىڭ خوجىسى.
③ پۇسەد — ئوغۇل.

باھادىر سەيىد خوجەئى پەخرىدىن.
بۇ غازى سەيىد خوجە بۇرھانىدىن،
بۇ يۈسۈپ خوجام پادىشاھ نەسلىدىن.
باھادىر سەيىد پەتىھىدىن غازى خان،
بۇ ھەمشىرە بۇدھانى ساھىپ قىران.

شائىر ئەسكەر باشلىقلىرىنى ئاتاپ ئۆتكەندىن كېيىن راشىدىن خان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە ئېيتىلغان ۋەئىزى نەسىھەتلەرنى يېزىپ ئۆتۈپ، داۋام قىلىدۇ:

.....................................

يىغىلدى بۇ لەشكەر ھازارۇ ـ ھازار①،
بۇلار جەمئى بولۇپ يۈردى شۇي مازار.
مازاردا قىلىپ ئول كۈنى ئابۇ ئاش،
ئەدەدسىز بۇ قويۇ كالا سالدى داش.
بۇ تار بوز، قوغۇن بىلەن ھەم ئۈزۈم،
كېلىپ تۇدە ـ تۇدە بۇ قاقۇ سوزۇم.
كېلىپ يۇرت ـ يۇرتدىن بۇ ئەجىر، ئانار،
بۇ نەزرىگە كەلگەن ئېرۇربى شۇمار.
قېتىق، سۈت، قايماق بىلەن نان توقاچ،
خۇدا نىئمەتى بىلە تولدى ساناچ.
كېلىپ نەزرىگە تىۋە، ئاتۇ ـ كالا،
باقۇر ھەر بىرىنى بەش ـ ئالتە بالا.
بۇ قوي ـ ئەچكۈنىڭ ھەر بىرى بىر قوتان،
مۇئەككەل بولۇب باقتى نەچچە قوتان.
ئانى تاپماغان بۇدەسدە ئۆتۈن،

---

① ھازارۇ ـ ھازار ــ مىڭلاپ ـ مىڭلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بالا بارقاسى كەلدى ئەرۇ-خاتۇن،
باشى تىۋەدۇر ئاياغىدۇر خوراز،
بۇ داشقا سالۇر چامغۇر، سەبزە، پىياز.
بىرىپ ھەممە لەشكەرگە جابدۇق-ياراق،
يانا سەرۇ پا ھەم بىرىپ ئات-ئۇلاق.
يانا ملتىقۇ، ئوقيا بىرلە شاپ،
بۇ ھەنگا مەنى كورمەدۇك يۇز ياشاپ.
تۇمەن پەۋج-پەۋج بىلەن زەمبەرەك،
يانا ئوقۇ-دورا نەيزە چەمبەرەك.
ھەممە كوك تومۇر بولدى باشىدىن-ئاياق،
بۇشەش قىر چويۇن بىرلە قىرلىق چوماق.
كىيىپ جۇببە جۇشەن بولۇپ كوك تومۇر،
نە دولەت بۇ ئىسلامدە ئوتسە ئومۇر.
بىرىپ يۇز ياشلارغا بىردىن ئەلەم،
ھىساپلاپ ئون ئۇچ مىڭغا سۇردى قەلەم.

موللا شاكىر راشىدىن خاننىڭ قايتىدىن قوشۇن توپلاپ سوقۇشقا تەييارلانغانلىقىنى يازغاندىن كېيىن، 200 گە يېقىن مىسرادا ئىلگىرى خىيانەت قىلغان موللا ئاپپاق ئەئلەمنىڭ پۇل-مېلى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزى ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىنغانلىقىنى، كېيىن يەنە ئەپۇ قىلىنغانلىقى ۋە ھەربى تەييارلىقلارنىڭ كېتىپ بىرىشىدىكى قىزغىنلىقلارنى تەسۋىرلەيدۇ. كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ مۇزات داۋىنى يېنىغا توپلانغانلىقىنى يازىدۇ:

.................................

بۇ لەشكەر يىغىلدى ئارا شورغا،
قۇرۇپ بارىگاھنى مۇزات بويىغا.
ئاق ئوي جادىرۋ تىكتۇرۇپ بارىگاھ،

كى بۇرھانە غازى خوجام پادىشاھ.
نىشاندۇر بۇ مىزراپ① خارەزمىدىن،
خوجام ئارقاسىدىن سەيىد ۋالىدىن.
مەي نۇش ژۇتتى ئەزەل جامىدىن،
باھادىر سەيىد خوجەئى ھامىدىن.
كېلۇر بىر-بىر ئارقا يېتىپ لەشكەرى،
بۇ شەبازلار غازىلار سەرۋەرى.
خوجاملار كېلىپ بولدىلار جابەجا،
تۇشۇپ ھەر بىرى خىمەدە بارىگاھ.
تىكىپ لاۋۇ-لەشكەرلەر چادىر چەمەن،
بۇ يايلاق خوجاملارغا بولدى پىسەند.
بۇ ئالتىنچى ئاي ئەردى ۋاقتى باھار،
ئاچىلىپ چەمەن ئىچرە گۈل سەد-ھازار②.
بۇ يايلاق ئېرۇر كىم چەمەن زارلىق،
ئەجەپ مۇرغى ئەلھان خۇش ئاۋازلىق.
ئاقادۇر بۇ دەريانى ئابى مۇز ئات،
ئېرۇر تەشنەگە ئابىمەۋجى ھايات.
بۇ دەريا سۇ يىكىم ئېرۇر سۇتدىن ئاق،
تومۇز كۈنى ئەردى مۇزدىن سوغاق.
ئېرۇر ئابى دىنار يا كىم بۇزۇر③،
تاپۇر بىر غىنا ئىچىسە چاينەك ھوزۇر.

---

① مىزراپ — ئابا مۇسلىم داستانىدىكى مەشھۇر باتۇرلارنىڭ نامى.

② سەد-ھازار — بۇزمىڭ، خىلمۇ-خىل مەنىسىدە.

③ ئابى دىنار، ئابى بۇزۇر — داۋا ئۇچۇن ئىچىدىغان شەرۋەت-لەر نامى.



AltunOq

شەكەردىن سۇ چۈكىراق، ئەسەلدىن لەزىز،
ئاقۇر يا ئۇقدەك قىلىپ رەستاخىز.
قۇرامنى ئاقۇزۇر تاراقىا-تۇرۇق،
ئاقۇزۇر ئاتلىڭ بولسا ئاقساق-ئورۇق.
كى يالغۇز يېرىم كىرمەگىن بۇسۇغا،
سىنى لىپقە ئالىپ بارۇر سوقۇغا.
تولا ئالدىراپ كىرمەگىن ئاقىزۇر،
بولۇبدا بىلىق گۆشتىگە تويغۇزۇر.
خوجاملار ئارا شۇردا قىلدى ماكان،
چىقاردى بۇلار ھەر تەرەپكە نىشان.
خالايىق كېلىپ چوڭ-كىچىك پېشىباز،
ئالىپ كەلدى ھالىچە نەزرى-نىياز.
يانا ھەر كۆنى قايناتىپ نەچچە داش،
خالايىققا كەگرۇ بېرىپ ئابۇ-ئاش.
كېلىپ تاغۇ-تاغدىن بۇ نەزرى نۇزۇر،
بۇ لەشكەر ھەممە ياتىدىلار باھۇزۇر.
بۇ داشدىن ئاشىپ نەچچە قويۇ-كالا،
ئانى جايلا يالماي بەش-ئالتە بالا.
بۇ نانۇ-توقاچلار تاغارۇ-تاغار،
بۇ قوي ئارپا كەلدى ھازارۇ-ھازار.
يىغىلدى ھەمە تاغۇ-باغدىن تامام،
بۇ قىل قۇيرۇغى ھەمە خاسۇئام.
بۇ چالغۇنچىنى ھەر كۈنى ماگدۇرۇپ،
ئىلا يوللاردىن ھەم بۇزۇپ توسترۇپ.
بۇ چالغۇنچى ئەيتۇر يېغى جامدادۇر،

ئىككى يول ئاراسىدا دەرماندا دۇر.
ئۇلار ھەم ئىككى يولنى تاشلىغىن قىلۇر.
كى بىزنى كورۇپ ئارقاسىغا يانۇر.
خوجاملار كېلىپ يۇردىلەر ئىلقىچى،
قونۇپ ئاندا ئوتدى نەچچە مىڭ كىشى.
كى ئاندىن يۇرۇپ كەلدى توپا داۋان،
ھەمە لاۋۇ-لەشكەر كېلىپ ئول ئامان.
خوجاملار يېتىپ كەلدى ئاۋاتىغا،
ئاقىندىن ئوتۇپ كەلدى تۇز ياقىغا.
كورەر كىم بۇ ئوتەگدە ئاق نەرسە بار،
تۇرار سەھندە گويا بىر مۇنار.
كورەر كىم شىشە① يۇك قىلىپ بولاغان،
ئانى چىگەدە تور قىلىپ تولاغان.
بۇ ياركەند، خوتەندىن كېلۇر دايىسى،
ئىلادىن كېلۇر شاگلىغان يامبۇسى.
بۇ ئورتەگچىدىن ئوتەگچى ئانى تونۇپ،
ئانى تاشلادى كەنتلەر ھەدۇقۇپ.
بۇ ئاباددا قالدى بۇ نۇرى جاھان،
بۇ مەنچىلىك قاچىپ قالمادى ھىچ قاچان.
بۇ ياركەند، خوتەنلەردە تۇتۇپ ئىدى،
بۇ شاگلار خوجاملارغا مەۋقۇپ ئىدى.
بۇ شاگنى دىدىلەر خۇدا قىلدى شاك،
پىچاق بىرلە كەس ئانى يىر تالىمساك.

① شىشە — ئاق ماتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىدى يۈز ئۇلاغ ئىككى يۈزچە شىشى،
گىزى ھەم ئۇزۇندۇر ھەر بىرى يۈر گۈشى.
خوجام ئەيدىلەر ئۇچرىدى ئاق ماتا،
مەدەد قىلدى بىزلەرگە خىزرە ئاتا.
بۇ ئىسلام ئاچىلدى جاھان بولدى پاك،
بۇ ئىمان نىشانى ھەمە كەيدى ئاق.
ھەمە ئەھلى ئىسلام كەيدى كىپەن،
بۇ لەشكەر ئىدى ئۈچ مىڭۇ بىر تۈمەن.
ماتا ھەم كىمىسى قالمادى يا ئاشىپ،
قالىپ نەچچەسى گەردەننى قاشىپ.
كورەر كىم بۇ ئاباد تۈز تاغدۇر،
ۋە يا كوھى سىنا ۋە يا كوھى تۇر①.
سۈزۈكلۈكدە گويا ئىرۇر تاسدەك②،
باشىغا كىيىپ شىشە غەۋۋاسدەك.
يايىپ ئۇستۈنى ئادى خاكى توراپ③،
سالىپ بىر پەرتۆش يۈزىگە نىقاپ④.
ئانىڭ ئالغىنى شۇئلەدەك، بەرق ئۇرار،
سۈزۈكلۈكدە گوھەر كەبى پارقىرار.
سۈزۈك تۈز بىلەن توخمەلەرنى قىرىپ،
تاناۋۇل قىلۇر گوش كابابنى سالىپ.
ئانىڭ تاختاسى گويا بىر قاش تاشى،

① كوھى سىنا — كوھى تۇر — ئىككى تاغنىڭ **نامى.**
② تاس ـ داس — تەشتەك.
③ توراپ — توپا.
④ نىقاپ، پەردە.

بۇ لەززەت تاپار تەخسەسىدىن ئاشى.
بۇ تەخسە قاچا خانغا تارتتۇق بىرۇر،
ھەممە ئىشنى كاجلاردىن ئارتۇق بىلۇر.
بۇ ئاباد سۈيىنىڭ ئاتى قۇربە باي،
بۇ تاغ دامەنى ئولتۇرۇر نەچچە باي.
خەزىنە ئولۇر ئۇشبۇ تاغ — قات ـ قات،
بۇ يايلاقدا ئوتلار كالا، قوي ۋە ئات.
بۇنىڭ ئاياغى قارا يۇلغۇن بارۇر،
بۇ ئورتەڭ رابان بۇ سۇدىن كوكۇرۇر.
بۇ ئاباد ئاچچىغ دىگەن بىر ئاقىن،
بۇ ئەتراپى تۇزدۇر يەسەرۇ يەمىن.
كى تېڭلاپ زىمىستاندا ماڭدى مۇز،
يىقىنراق بىرىپ كورسىڭىز ئاق تۇز.
تىگىدىن تۇرادۇر سۇزۇك سۇ ئاقىپ،
كوڭۇللەرگە تۇرپە ئەجەپ خۇش ياقىپ.
ئانى ئىچكەنى بولماغاي تەلخى ئاب،
بارادۇر بۇ سۇخان بويىغا تاقاپ.
خۇجام ئەزم ئېتىپ يۇردىلەر جامغا،
تاماشا قىلىپ ئۇشبۇ ھەڭگامىغا.
يۇرۇپ ئەۋەل ئاخشامدا ئاباددىن،
تاڭ ئاتقۇنچە چىقتى ئۇزۇن سايدىن.
كېلۇر ئول مەھەل سۇبھى سادىق يۇرۇپ،
قاچان جام دەرختى نامايەن بولۇپ.
ئوتۇپ سائەتى بولدى ۋاقتى ناماز،
يىقىن بولسا سۇ ھەم تەيەممۇم جاۋاز.

www.uyghurkitap.com

بۇ سۇ ئەردىتوت مىڭ قەدەمدىن يىقىن،
بۇ كاپىر قىلۇر بۇ تەرەپنى كەمىن.
مۇئەززىن ئوقۇپ ئۇ مەھەلدە ئازان،
نامازنى تەيەممۇم بىلەن بەئدازان.
نامازدىن كېيىن بەئدە قىلدى دۇئا،
بۇ لەشكەرلەر بولسۇن ھەممە جابەجا.
بۇ لەشكەر ھەمە سەپلىرىنى تۈزۈپ،
كېلۇر جام تەرەپ تۇغ ئەلەم كوتۇرۇپ.
سايىد بەگ چالىپ ناغرا، كارنايىنى،
مانجۇلار چالىپ چىلڭ ۋە سۇرنايىنى.
كېلەدۇر بوتى پەۋجى دۇمباق قاقىپ،
بۇ جاي توپراق ئوستەڭ ئارادىن ئاقىپ.
بۇ مەنچىلڭ يىغى يەتتى دەپ بۇلاشىپ،
بۇ قالماق كېلۇر ئارقادىن دۇلاشىپ.
كېلۇر توت يۈز ئەندىجان، كاشغەردى،
كېلەدۇر بۇ ئىسلامغا ئوق ئاتقالى.
بۇ توت يۈز خوتەن، ياركەنددىن قوشۇن،
كېلۇر ئارقادىن يەتتە يۈزچە سالۇن.
بۇ توت يۈز قىمار باز بىلە شاسايىد،
بولۇپ ئالى مەرۋان، ئالى يەزىد.
بۇ غەۋغاسى جەمئى پەلەكدىن ئاشىپ،
كېلۇر شاسايىد بەگ پىغانى تاشىپ.
بۇ يەرلىك خىتاي ئىككى مىڭ ئالتە يۈز،
مۇھەييا بولۇپ تىكتى مەيدانغا كوز.
سايىد بەگ كورۇپ ئەھلى ئىسلامنى،

تۇرۇپ تىشلەدى ئىككى بارماغىنى.
يانا بىر تەرەپتە سۇنىڭ شەرپەسى،
بۇ مەنچىلىك قىلىپ ئەمدى جان ۋەھىمىسى.
بۇ يولبارس مەسەلدىك تېرەڭنىڭ سۇيى،
ئانىڭ ئويى چوقۇر بىرلەر يوقدۇر كويى.
بۇ سۇ تاغ تەرەبدىن كېلۇر شاقىراپ،
يېغى جام تەرەپدىن كېلۇر ۋاقىراپ.
كېلۇر غازىلار ئاللا ـ ئاللا بىلە،
بۇ نۇرغۇن ئەزىمەت ئالالا بىلە.
بۇ مىلتىق بىلە زەمبىرەكنىڭ ئۈنى،
چالىپ ناغرا، كارناي، سۇرنايىنى.
بۇ ئات كىشنەشىپ ھەم ئىشەك ھاڭراشىپ،
قېچىر ھاڭرا يالماي بۇرۇر باڭلاشىپ.
قىلالى بۇ ئىسلام تەرەپدىن بايان،
سەيىد غازى بۇرھان ساھىپ قىران.
كوتەرىپ كېلۇر نەچچە بايراقۇ ـ تۇغ،
يانا بىر تۇمەن لەشكەرى قىل قۇرۇغ.
بۇ سەۋتۇ ساداسى پەلەكدىن ئاشىپ،
بۇ ھەيبەت بىلەن يەر ـ جاھان تىتراشىپ.
كېلۇرلەر ئەلەم ئۇستىگە ھەم ئەلەم،
پۇتۇپ ئىسمى تەئزەم پەتەھنانى ھەم.
بۇ مەنچىلىك يېتىپ كەلدى پونى ئاتىپ،
بۇ غۇلدىن مۇسۇلمانلار بىردىن قاچىپ.
ھاكىم بەگ دىدى ئەمدى قاچتى يېغى،
جىدەللەپ ئانىڭ ئارقاسىدىن تېخى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كى بىر ـ بىر ئاتىنىڭ مىلتىققۇ زەمبىرەك،
ئىرانلارغا بۇ ۋاقىتتا ھەممەت كېرەك.
تۇتۇندىن كوكەردى ھاۋا ئىس بولۇپ،
بۇ تەيىۇ قىزىپ قىپقىزىل مىس بولۇپ.
تۇتۇن بىرلە تۇپراق ھاۋا بولدى چاڭ،
بۇ مەنچىلىك تۇرۇپ ھاڭ باقىپ قالدى داڭ.
ئالىپ چورەنى قىلدى مۇڭگوزى،
بۇ مەنچىڭلار بولدى ئۇزۇكنىڭ كوزى.
غوجام پادىشا قىلدىلەر بىر دۇئا،
يىغى زارى بولدى قىلىپ ئاھۇ ۋاھ.
كى تەكبىر ئوقۇپ ئۇردىلەر ئوزىنى.
ھەمە قول قويۇپ ئولتۇرۇپ كۆپرىنى.
مۇسۇلمانلار قورشاپ ئالىپ نەچچە قات،
بۇ ئادەم قاچالمايدۇر يا قاچقان ئات.
بۇ جەڭ بولدى گوياكى سوت ئورلەسى،
بۇ مەنچىلىك ئولۇپ قالمادى ھېچكىمى.
چاپا ـ چاپ خەنجەر، شاپا ـ شاپ تىغ،
بولۇپ جەڭ بازارى بەھەرە ئىسسىغ.
تاراققا ـ تۇرۇققۇ بۇ تىغى سىنان①،
جاھان بولدى بازارى ئاھەڭگەران②.
بولۇپ يەر يۈزى قان بىلەن لالەرەڭ،
بۇ يەڭلىغ قىزىق بولماغان ھېچ جەڭ.

---

① سىنان — نەيزە.

② ئاھەڭگەران — تومۇرچى.

ئۇلۇكلەر ياتۇر كۇشتەدىن① پۇشتەلەر②،
ياتۇر نىمجان، پۇت سۇنۇق بەزىلەر.
ياتادۇر تېنىدىن جۇدا نەچچە باش،
مۇسۇلمان - كاپىر بىلەن ئارىلاش.
ياتۇر بەزىسى مۇردە يەڭلىغ بوكۇپ،
يانا بەزىسى قانغا پاتمىش چوكۇپ.
كېسىلگەن قولى بەزىنىڭ بازۇدىن③،
ئوتۇپ يا ئوقى بەئزىنىڭ دولادىن.
كى نەچچە ياتۇر نەچچەسى نىم خىز④،
قوپاي دەپ قوپالماي بولۇپ رەستەخىز.
ياتۇر بەزىنىڭ باشى ئىككى پۇچۇق،
ياتۇر بەزى مۇردە بەرەھنە⑤ ئوچۇق،
سايىد بەگ قاراپ كوردى ئىش ئوزگىچە،
قاچان بىر تەرەپتە تۇرۇپ ئولگىچە.
چىقىپ ئەترادىن قاچتى كەتتى بەدەر،
بۇ كاشغەر سارى ئول سى كەبى پەدەر.
كى سوت ئورلەمى قالمادى ھىچ جان،
بۇ مەنچىلىك چېرىكدە نامۇ - نىشان.
خىتايچا ئىدى نەچچەنىڭ سۇرىتى،
ئولۇپ سايدا قالدى ئانىڭ قۇرباشى.

① كۇشتە — ئولتۇرۇلگۇچى.
② پۇشتە — دۈمبە.
③ بازۇ — بىلەكنىڭ تۈۋى.
④ نىم خىز — يېرىم تۇرۇش.
⑤ بەرەھنە — يالىڭاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ سوكو، قىماربازلار ئۇلدى تامام،
باشقا چىقىپ تۇت ئۇشۇق مەردى كام.
دۈشمەن ئاخىر ئۇلدىلەر ھەممىسى،
سايىد بەككە ھەمراھ قاچىپ ئالتەسى.
ئۇلارغا بولۇپ بەزى ھەم سەپەر،
بۇ دۈشمەن بىلە باردى نارى سەقەر①.
يانىپ ئاقسۇغا چۈشتىلەر بەزىسى،
يىدى ناشتىلىققا تونۇر كاۋاسى.
كوچارلىقلار دەر بىز خوجامغا ئۇرۇق،
بۇ لەشكەر بولۇپ كەلدىلەر قىل قورۇق②.
ناساز ۋاقتىدىن تا بولۇپ چاشكا،
بۇ مەنچىلىك سەپەر قىلدى تەھتەسسەرا③.
كى ئاۋال چىقىپ داڭغا شەھپالىق،
قىلىپ ئاخىرىدا كوكۇل قارالىق.
خوجاملار كېلىپ چۈشتى يېڭپاڭغا،
تۇرۇشتى ھەممە ئولجە ۋۇ مالىغا.
بۇ سايىد ھاكىم بەگ چادىرۇ خەيمەسى④،
تۇرۇبدۇر ساندۇقىدا كۈمۈش، يامبۇسى.
تۇرۇبدۇر ياشىل مەھپە تۇغى ئەلەم،
ھاكىم بەگ قىلىپ قۇيرىغىنى قەلەم.
ئۇلۇپ چىڭشايۇن، زوڭيا، دالويەسى،

---

① نارى سەقەر — دوزاق ئوتى.
② قىل قورۇق — ئارقىسى ئۈزۈلمەستىن.
③ تەھتەسسەرا — يەر تىگى.
④ خەيمە — چېدىر.

پەچىرچى بىلەن بوشغا ماۋىيەسى.
بۇ ئىگىن ـ ئاياغ مەھىپ، ۋە ئات ـ خىچىر،
بار مىسلى گويا ساپال ۋە ھېچىر.
قىزىل پۇل كۈنۈش خانىقاغا بارسىپ،
بۇ نۇرغۇن چۈلۈق بەزى كەتتى سالىپ.
ھاكىم بەگ قايان باردى ئىزلەپ تاپىلىك،
قاچىپدۇر مەگەر ئارقاسىدىن چاپىلىك.
تۇتۇپ كەلگەنى قوغلادى ئات چاپىپ،
يىتەلمەي نەچەسى يۇرۇر ئىزدەشىپ.
شەھەردىن ئۆتۈپ تاكى كەپتەرخانە،
بۇ مەنچىلىك قاچىپ ئۆتتىلەر ئازغىنا.
بۇ قالماق كېلەدۇر كوزى ئارقادا،
چىرىك بىرلە قاچىپ نەچچە جەڭگۇدا.
قاچىپ نەچچە قالماق، خىتاي شەرىگە،
بۇ كۈن ئۇچرادۇق بورە ياشرىگە.
بۇ مەنچىلىك تامامدا بىزاسىن چاپلاشىپ،
تۇرادۇر سىپىل ئۇستىدىن قايلاشىپ.
شەھەرگە كىرەرگە تاپالماي ئىلاج،
بىر ئارقان بىرىلىك بولسا نەچچە غالاچ.
بۇ ئارغامچى بىرلە بىلىن باغلادى،
سىپىل ئۇستىگە چىققالى چاغلادى.
بۇ قالماق خىتاينى سىپىلدىن سۇنۇپ،
كېلۇر دەپ يىغى ئولتۇرۇر ئويغۇنۇپ.
سىپىلنىڭ تۆپىدە قالىپ ئات ـ ياراق،
شەھەرگە كىرىپ بىر باش ئىككى قۇلاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى
www.uyghurkitap.com

سىپىل ئۇستىگە داڭدا قالغان چىرىك،
قالىپ داڭلاردا ئاش ئوزۇق قوي ئىرىك.
مۇئەككىلگە مولجىدا بىر چىرىك خىتاي،
كىيىپ ئەڭلىگە كەيمەگەن سەرۇپاي.
بۇ قالغان چىرىكلەر دابزا باقىپ،
كېچە ئۇخلىماستىن تەبلى، دۇمباق قاقىپ.
بۇ ئامبال كىرىپ ئەمدى بۇتخانىغا،
كېلىپ يالبىرۇر ئەمدى تۇڭگانىغە.
يۇرۇبدۇر بۇ مەيمەيچىلەر يىغلاشىپ،
بۇ تۇڭگان بىلەن بەزىسى يارلاشىپ.
خىتايلار بۇ ئاقسۇ بىلەن بەك چېكىپ،
يۇرۇبدۇر تامام ساقتىلىق جىلىك چېكىپ.
خوجاملار بولۇپ خوررە موشادىمان،
ھەمە لاۋۇ لەشكەر بىلەن ئەل ئامان.
بۇ جامدىن خوجاملار يۇردىلەر ئاقسۇغا،
ھەمە ئارزۇلۇقلار قانىپ ئارزۇغا.
ئالىپ بىر تۇمەن لەشكەرى بىگاران①،
سەيىدغازى بۇدھان ساھىبقىران.
مەي نۇش ئەتكەن ئەزەل جامىدىن،
شەھەنشاھى غازى سەيىد ھامىدىن.
يىگىتلەر بىلەن بىر شەھى نەۋ جاۋان،
باھادىر سەيىد غازى مەھمۇدخان.
چالىپ ناغرا - ناققا رەئى شادىيان،
خوجام كەلدى دەپ چىرىك - كىچىك شادىمان.

---

① بىگاران ــــ سان - ساناقسىز.

مىراپ مىلىك بىگى جەمئى خەيلى سوپاھ،
ھەممە موپتى، ئەئلەم، مۇدەررىس، خەتىپ،
يانا ھازى ۋە خەلپە ھەم موھتەسىپ.
بۇ ئاخۇن ئەشرەپ موئەززىن ئىمام،
چىقىپ پىش ياز ئاقسۇ خەلقى تامام.
..............................
چىقىپ ئورداغا چالدى نەققارەنى،
قولىغا ئالىپ مۇلكۇ مىراسىنى.
كۇچالاردا ئۇلار قىلدى مەنزىل ماكان،
ھەممە دەست بەيئەت بېرىپ ئول زامان.

ئاپتور بۇ يەردە ئاقسۇ ھاكىمى ئىلياسخاننىڭ خەلق ئىشىغا كوڭۇل بولمەي، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇزۇق يولغا كىرگەنلىكى، بۇنىڭ كاساپىتىدىن ئاقسۇ خاراپچىلىققا يۈز تۇتقانلىقى، خەلق ئارىسىدا ۋابا تارقالغانلىقى، كېيىنكى چاغلاردا خىزىرخان قوشۇنلىرى ئاقسۇنى قايتىدىن ئاۋات قىلىشقا كىرىشكەنلىكى ۋە قۇمۇل ئەتراپىدا خىزىرخاننىڭ ئىلىپ بارغان سوقۇشلىرى ھەققىدە يازىدۇ:

كەل ئى ۋە ئىزىگۇي ئەيلەگىل راۋىيان،
قىلىپ ئەردىشۇلدىنكى بىر داستان.
يانا ئاقسۇنى ئىلياسخان سوراپ،
ئۇلارمۇ ئاخىر بولدى خاكى ـ تۇراپ①.
بۇ خانلىق قىلۇر ئەردى ھەر كۈن شىكار،
تاماشا قىلىپ سۈنئى پەرۋەردىگار.

① خاكى ـ تۇراپ ــ كۆل ـ توپا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ كەشمىردىن بىر ئۇلۇغ سوداگەر،
ئۇزى ئەغنىيا① ئەردى مالى گوھەر.
ئانىڭ خاتۇنى ئەردى ساھىپ جامال،
پەرىلەر ئانىڭ ئالدىدا گەنگو - لال②.
ئاڭا رەشىك ئولۇر كورسە ھۆرۈ — پەرى،
جامالى ئانىڭ ماھ ۋە يا مۇشتەرى③.
.........................
قاراپ ئولتۇرۇر ئەردى پەنجىرەدىن،
كى قەيد ئەتكەلى زۇلپى زەنجىرەدىن.
قىلۇر ئەردى بۇخان بۇ كۆنى شىكار،
بۇ روزەندە④ تۇرمىش بۇ مەھرى نىگار.
بۇ خان ھەم ئانى كوردى ئۆتتۇر قاراپ،
ئانىڭ ئىشقىدا بولدى باغرى كاباب.
شىكاردىن يانىپ چۈشتى ئاشىپتە ھال⑤،
بۇ ئاشىققا مەشۇق ئۇمىدى ۋىسال.
.................................
سالىپ خانەغەرەڭگى تۇرلۇك بىسات،
تىزىپ ئالدىدا قويدى نۇقلى، كاباب.
ئالىپ كەلدى ئاندىن تائامى كاباب،
ئىچەر ئەردى لىق - لىق قەدەھدىن شاراب.

---

① ئەغنىيا — باي.
② گەنگو - لال — تىلى تۇتۇلماق.
③ مۇشتەرى — چولپان.
④ روزەن — توشۇك، دەرىزە.
⑤ ئاشىپتە ھال — ئاشىق، بىقارار مەنىسىدە.

ئۇشۇل زەن[1]بىلەن قىلدى مەيخارەلىك،
ئانىڭ كەيپىدىن ئۇتتى بەدكارەلىق[2].

..............................

كىرىپ ئەردەۋىل شەھرىگە بىر ۋابا،
بۇ رەڭ كەلگەن ئەركەنكى قاتتىق بالا.
قالىپ ئۆيمۇ-ئۆيدە خالايىق ئۆلۈپ،
ھەممە ھالى-ئەۋۋالى قالدى تۇرۇپ.
قىزىل ئۇستىدە ئەردى تۇڭگۇز كىرىش،
شەھەر چۆل قالىپ ئۇتتى كوپ يازۇ-قىش.
بۇ سەھرا شەھەر ئەھلى زىرى تۇراپ[3]،
بولۇپ ئەرداۋىل شەھرى، خاكى تۇراپ.
قاچىپ كەتتىلەر بايى — سايرام كوسەن،
ۋە بەزى قاچىپ باردى ياركەن، خوتەن.
ۋە بەزى قاچىپ باردىلەر كاشغەر،
كېلىپ شەھرى بەر-بەر بولۇپ دەر بەدەر.
قانى ئەردەۋىل شەھرى، يوق ئۇندا جان،
ۋابادا ئۆلۈپ، كەتتىلەر ھەر قايان.
شەھەر چۆل قالىپ ئەردى ئول ئالتە يىل،
بولۇپ ئەردەۋىل شەھرى ۋەيران شۇ خىل.
شەھەر نىسپىسىنى كەتتى دەريا ئالىپ،
كىشى قالمادى، ئەردەۋىل چۆل قالىپ.
بۇ قورغاس ئىدى شەھرى تۇغلۇق تومۇر،

① زەن — ئايال.
② بەدكارەلىق — يامان ئىش، بۇزۇقچىلىق.
③ زىرى تۇراپ — تۇپراق ئاستىدا.

كىئون يىل بۇ ئىسلامدا ئوتتى ئۆمۈر.
ئاتا ئورنىدا بولدىلەر خىزىرخان،
سەمەرقەندى، قوقەندى ھەم ئەندىجان.
بۇلار تابەتى ئەردى قىرغىز، قازاق،
بۇ تاشكەند، سايرام مۇلكى جازاق.
بۇ كاشغەر، ياركەند، يېڭىسار، خوتەن،
بۇ خان يارلىغىنى تۇتۇپ جانۇ تەن.
يانا شەھرى بەر ـ بەر بىلەن ئەردەۋىل،
قىلىپ پادىشا خىزمىتىن جانۇ ـ دىل.
يانا باي، سايرام، شەھيار، كۇچا،
قىلىپ پادىشا ئەمرىگە جان پىدا،
بۇگۇر، كورلا، بىرلە قىرىق سان جىلىش،
ئىتائەت قىلىپ ئەددىلەر يازۇ ـ قىش.
ئانىڭ تابەئىدە بۇ تۇرپان، قۇمۇل،
تومۇرخاندىن قالدى ئىككى ئوغۇل.
كى بىر كۈن خىيال ئەيلەدى خىزىرخان،
دىدى رەھ گۇزەر① ئۇشبۇ پانى جاھان.
.........................
دىدىلەر بىر ئەقلىم خاقانى چىن،
ھەمە زۇلۇمدا ئوتدىلەر ئانچۇنىن.
كۇچۇم يەتسە تۈز يولغا ئانى سالاي،
ئانى ياخشى ئىشقا دالالەت قىلاي.
ئەجەل يەتتى ئاخىر بولۇر مەن شەھىد.
كى شايەر بولۇرمەنكى ئەھلى سەئىد.

① رەھ گۇزەر — ئوتەر يول

… … … … … … … … … … … …

دىبان ئويلۇنۇپ ئول زامان خىزىرخان،
قىلىپ نامەسىن يۇرت ـ يۇرتقا راۋان.
كى بىر نامە يازدى شاھى بۇخار،
كى بىزدىن تەھىيات① هازاران ـ هازار②.
غازاتقا نىيەت ئەيلەدۇك بۇ سەپەر،
ئىجازەت نۇچۇكدۇر بۇدۇر كاد خەير③،
سەمەر قەندغە بۇ نامەنى ياز دىدى،
غازاتقا ئانى بۇ سەپەر ئىندەدى.
كورۇپ نامەنى ئول زامان بولدى خوش،
بۇ دەريا دىلى مەسەللىك ئۇردى جوش.
قىلىپ خىزىرخان سوزلەر قوبۇل،
مەدەتكار بولغاي خۇدايۇ رەسۇل.
… … … … … … … … … … … …

ئىلاغا يىغىلدى ھەممە خاسۇئام،
كىشى قالماين جەمئى بولدى تامام.
بۇ يارلىغ چىقىپ ئەردى ئۇچ ئايدا،
ماڭىپ ئۇچ كىشى قالمادى جايىدا.
بۇ لەشكەر يىغىلدى هازاران ـ هازار،
قىلىپ يارلىغىن ئەيلەدىلەر شۇمار.
يىغىلغان خالايىقنى قىلدى ئەدەد④،

---

① تەھىيات ــ سالام.
② هازاران هازار ــ مىڭ ـ مىڭلاپ.
③ كار خەير ــ ياخشى ئىش.
④ ئەدەد ــ ساناق.

سەككىز تۈمەن ئالتە لەك ھەپتە سەد①.

.........................................

بۇ قورغاستىن ئەيلەدى ئەزمى راھ،
كېلىپ تاجۇۋۇلۇسكۇن بىلەن تاغ ئارا.
يۈرۈپ ئالتە كۈن يەتتى كوھى قىياس،
بۇ يايلاق ئېرۈر ھەددىدىن بى قىياس.
ئۈرۈمچى دابان بىرلە تۇقسۇن چۇشۇپ،
بۇ سۈرئەت بىلە يۈردىلەر ئۇشۇقۇپ②.

.........................................

قۇمۇل خەلقى ھەم چىقدىلەر پېشباز،
ئالىپ خانغا تارتۇق غوجامغا نىياز.
قۇمۇل ھاكىمى ئەردىلەر ئەركە تاي،
تۇشۇدى خوجاملارنى ئالتۇن ساراي.

.........................................

قۇمۇلدىن يۈرۈپ يەتتى قىزىل ئاقىن،
بۇ ئاقىن كېلەدۇر قىزىل تاغدىن.
بۇ يەتتالى غازى قىلىپ خانىقاھ،
بۇ تاغدا قىلىپ مەنزىلۇ تەكيە گاھ③.
تۇرادۇر بۇ تاغ ئۈستىدە بىر مازار،
شەھىدلار بۇ ئەتراپىدا چىھىل ھازار④.

.........................................

① ھەپتە سەد — يەتتە يۈز.

② ئۇشۇقۇپ — ئالدىراپ.

③ تەكيە گاھ — بازا ـ قورغان.

④ چىھىل ھازار — قىرىق مىڭ.

ئۇقۇپ شۇندا تەزكىرانى خىزىرخان،
تائامدىن كېيىن يولغا بولدى راۋان.
بېجىن سارىغا ئەيلەدى ئەزمى راھ،
يۈرۈپ خىزىرخان خوجام پادىشاھ.
بېسىپ ئالتى كۈن يەتتىلار ئەنشىگە،
دىدى خىزىرخان نامە ياز مۈنشى① گە.
بۇ مۈنشى يازىپ رۇقئەيى نامە②نى،
ئىشتىسۇن دىدى ئۇقۇيىن نامەنى.

..............................................

شائىر، خىزىرخانىنىڭ تەييارگەرلىك بىلەن چىن مۈلكىگە قارشى سوقۇش باشلىغانلىغىنى كورسىتىپ كېلىپ، چىن شاھى بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا بولغان ئۇرۇشلارغا ئوز داستانىنىڭ چوڭ بىر بابىنى بېغىشلايدۇ. بۇ باپتا خىزىرخان قوشۇنلىرىنىڭ جايىگۇەن، سۈيجۇ، ساجۇ، لەنجۇنى قولغا ئېلىپ، خانبالىقنى (پايتەختنى) قامال قىلغانلىغى، خىزىرخانغا ئوق تېگىپ شېھىت بولغانلىغى، ئەسكەرلەرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىغى، بۇ ئۇرۇشتىن قايتىپ چىققان ئەسكەرلەرنىڭ ئاقسۇ شەھىرىنى بىنا قىلغانلىغىنى يازىدۇ:

بىشارەت بېرىپ لەۋلەۋى ئەرشىدىن،
دىدى ئى پۇسەر③ خوجەئى پەتھىدىن.
قالىبدۇر دىدى ئەردەۋل شەھرى چۆل،
بارىپ ئانى قىلغىل گۈلۈستان گۈل.
تامام ئەردەۋىل خەلقى كەتتى تاراپ،

① مۈنشى — كاتىپ.
② رۇقئەيى نامە — بىر پارچە خەت.
③ پۇسەر — ئوغۇل.

كىشى قالمايىن بولدى خاكۇ تۇراپ.
بىشارەت تاپىپ ئەردى ۋاقتى ھەمەل①،
بۇ بەش يۈز كىشىنى ئالىپ دەر مەھەل.
خوجام ئەردىئۇلغە قىلىپ ئەزمى راھ،
بۇ مەنزىل — ماراھىل يېتىپ ئاقسۇغا.
بۇ يار ئۈستى دەشتى - بىپايان ئىرۇر،
بۇ يار ئاستىدا بەھرى ئاماان ئېرور.
تەرەددۇد قىلىپ ئول زامان بۇزرۇگۋار②.
بىناي شەھەرگە نۇچۇك ئورنى بار.
ئارادا ئوتۇپ ئەردى بىرنەچچە كۈن،
ئىبادەت بىلەن ئوتكۈزۈپ تېرە تۈن.
كى ھازىر بولۇپ بىر كېچە بىز رۇگۋار،
ئەزەل قىسمەتىدۇر دىدى كىردىكار③.
دىدى ئى ئوغۇل بۇ تەرەددۇدنى قوي،
بىنايى شەھەرگە قىلىك جۇستۇجۇي.
چۈشىدە بۇ سوزنى دىدى ئول زامان،
جاۋابىغا ئەيدى ئۇ بۇلپەتىھى خان.
بۇ يار ئۈستىنى دامەنى④ كوھى رەشت،
ئۇ يار ئاستى دەرىيايى بەھرى گۈزەشت⑤.
شەھەرگە مۇناسىپ ئەمەسدۇر بۇ يەر،

---

① ھەمەل — مارت ئېيى.
② بۇزرۇگۋار — ئۇلۇغ.
③ كىردىكار — ياراتقۇچى.
④ دامە — ئېتەك.
⑤ بەھرى گۈزەشت — ئاقار دەريا.

نۇچۇك ئەيلەيىن بىلمەدىم ئى پەدەر،
خۇدا ئىزنى بىرلە دىدى ئى ئوغۇل
تەرەددۇد بىلە بولماغايسىز مولۇل،
بۇ دەريانى مەغرىپ سارىغا ئېيتىپ،
كى ئاۋال ئانىڭ تۇغلىرىن بەركىتىپ.
سالىڭ يارنىڭ ئاستىغا شەھرىنى،
بۇ يەر ئۇستىگە ئور داۋۇ قەسرىنى.
شەھەرگە مۇناسىپ بۇ قاينام توقاي،
بۇ ئەسرارىدىن مەخپى سوز قالماغاي.
......................................
بۇ دەريا سۇيى يۇردى مەغرىپ سادى،
بۇ تۇغ توختادى قالدى ئاندىن بېرى.
خوجام بولدىلەر خۇررا مۇمان شادىمان،
بۇ يەردىن بولۇپ ئەردەۋىلغا راۋان.
كېلىپ يۇردىلەر دامەنى قۇمغا،
بارىپ چۇشتىلەر ئاقسۇنىڭ بوغزىغا.
ئالىپ چىقتىلەر يۇرتقا ئادەمكى بار،
سۇنى باغلاپ تىپ قىلدىلەر بىر ناھار.
بار ئەردى يەنە بىر مۇللا بىر مۇغال،
بۇ دەريا سۇيى توختىماغلىق ماھال.
مۇغال دەر ئىدى رەنج چەككەن بىكار،
بۇ تۇغ توختاماس دەر ئىدى نا بىكار،
خوجامغا ئۇزى دەست بەيئەت قىلىپ،
كوڭۇلدە بۇ ئىنكار غەيبەت قىلىپ.
بۇ موللا خوجاملارغا ئەردى مۇرىد،



AltunOq

مۇسۇلمان كامىل ئىدى مۇئىتقىد.
مۇغال بىرلە مۇللا بۇ سۇغا كىرىپ،
سۇنىڭ ئورتاسىدا ئىككۈيلەن ئاقىپ.
خوجامغا ئىككۈيلەننى ئاقتى دىدى،
تۇتۇڭ مۇللانى مۇغال ئاقسۇن دىدى.
بۇلار مۇللانى ئالدى سۇدىن تۇتۇپ،
مۇغال كەتتى ھەسرەت بىلەن سۇ يۇتۇپ.
خوجام ئەردەۋىل ئاقسۇ بولسۇن دىدى،
بۇ ئاقسۇ لەقەپ ئول زامان توختۇدى.
.......................................
خوجامنىڭ قاشىدا نەچچە يارى خاس،
بىنايى شەھەرگە قىلىڭ ئولنى راس.
ئاسا بىرلە كورسەتتى ئولنى سىزىپ،
ئانى تۈزلەدىلەر ھۇلنى ئاچىپ.
خوجام كورسۇتۇپ ياندىلەر قەسرىگە،
چىقىپ ئەردىلەر ئول كۈنى ئەسرىگە.
بۇ يارانلار ھەم ئەيلەدى ئىقتىدا،
نامازدىن يانىپ ئول خوجام پادىشاھ.
سوراپ تۇپراغىنى نەيەردىن ئالىپ،
بىنايى سېپىلگە دىدى ئول سالىپ.
قىلىپ ئىپتىدا تاشدىن تاشلادۇق،
بىنايى سېپىلنى دىدى باشلادۇق.
بۇ سوزنى ئىشتىدى ئۇ بۇلبەتىھى خان،
باش تەبرەتىپ دىدىلەر ئول زامان.

مۇساپىر بولۇر ئاقسۇدا بارىۋاج①،
تاپۇر نامۇرادا بولسا خەرجۇ ـ خاراج.
سىپىل تۇپراغىنى تاشىدىن ئالىپ،
سورار ئاقسۇنى غەيرى شەھەردىن كېلىپ.
خوجام ئاقسۇ شەھرىنى ئاباد ئېتىپ،
تارالغان خالايىقلارنى جەمئى ئېتىپ.
كېلىپ ئاقسۇغا بەزى ئۆز ئىختىيار،
كېلىپ شەھرى سەھراغا تاپدى قارار.
ۋە بەئزەن كېلىپ شاھ قورقۇنچىدىن،
يىغىلدى تامام كونچىدىن، بوزچىدىن.
مۇساپىر ـ مۇجاۋىر يىغىلدى تامام،
كېلىپ ھەر تەرەپتىن ھەمە سۇئام.
يىغىلغان خالايىقنى قىلدى ئەدەد،
مىڭ ئۆيلۈك يانا ئۈستىدە چارسەد②.
خوجام ئاقسۇ شەھرىنى ئابات ئېتىپ،
يانا ئوردادا قەسرى بۇنياد ئېتىپ.
خالايىقلار ھەم قىلدىلەر ئوي ۋە جاي،
سالىپ مەسجىدۇ، مەدرىس كارۋان، ساراي.

ئاپتور ئاقسۇنىڭ ئاۋات قىلىنىشى توغرىلىق رىۋايەتلەرنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ قۇمباشىغا كاۋىچى دىگەن لەقەمنىڭ بېرىلىشىنى تۆۋەندىكىچە يازىدۇ:

.....................................

بۇ قۇمباش دىگەن كەنتىدە بىر دىھقان،

---

① بارىۋاج — ئىشى ئالغا باسماق.

② چارسەد — توت يۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تېرىلغۇ زىرائەت قىلىپ ئۇلزامان.
تېرىپ ئەردىلەر بىر ئېتىزغا قوغۇن،
ئاڭا تەربىيەت ئەيلەدى تۈنۈ - كۈن.
تۈشۈبدۇر ئېتىزدا ئىككى كار بازور،
ۋە يا گۈرزى رۈستەم ۋە يالەندۈھۈر①.
خالايىق ئاڭا ئەيلەدى ئاپەرىن،
تەئەججۈپ قىلىپ ئەردى بۇ بارەدىن،
كومۇپ كارۋانى ئەيلەدىلەر كاباپ،
مۇنى تۇھپە ئەيلەپ خوجامنى تاۋاپ.
كوشۈككە سالىپ يۈكلەدى بىر بەقەر②،
يۈرۈپ مەردى دېھقان بۇ سۈيى شەھەر③.
يىغىلدى خالايىق تاماشا ئۈچۈن،
ئوقۇپ ئاپەرىن مەردى دېھقان ئۈچۈن،
كېلۇر ئارقادىن ئاقسۇ خەلقى تامام،
چىقىپ خانىقاغا ھەمەخا سۇئام.
بۇ ئۇيدىن ئالىپ سالدى زەنبىلگە باز،
كوتەردى ئۇنى توت ئادەم پەش باز.
بۇ ئالتۇن سارايدا خوجام پادىشاھ،
بۇ ئاخۇنۇ ئەشرەپ خەلىپە سۇ پاھ.
ئالىپ باردى شاھ ئالدىغا تۇھپەنى،
تەئەججۈپ قىلىپ سۇنئە ھەڭگا مەنى.

---

① گۈرزى رۈستەم ۋە يالەندۈھۈر — رۈستەم بىلەن لەندۈھۈر ئىككىسىنىڭ چومىغى.

② بەقەر — كالا.

③ سۈيى شەھەر — شەھەر تەرەپكە.

سوراپ ئىستەدى بەندە قىلدى دۇئا،
نەيەردىن كېلۇرسەن دىدى ئى بابا.
كېلۇرمەن دىدى كەنتى قۇمباشىدىن،
يېگىلىق تۇتاي دەپ يېگى ئاشىدىن.
دىدى ئول بابا: شاھى ئالى ماقام،
جامالىگىنى كورمەك ئىدى مۇددە ئام.
دىدى ئاقسۇنىڭ شەھرى بولدى بىنا،
ياناقەسرى ئالى بىلەن خانىقاھ.
پەقىر قۇللارى مۇپلىسۇ① نامۇراد،
كورۇنۇشكە تاپماي تىۋە بىرلە ئات.
يوق ئەردى پەقىرنىڭ قويۇم، پاقلانىم،
جانابىگىغا كەلدىم بۇدۇر تاپقانىم.
تاپالماي جانابىگىغا ھىچ توھپەنى،
كومۇپ كەلتۇرۇمەن ئىككى كارۋانى.
كۇلوپ خەندە ئەيلەپ خوجام پادىشاھ،
بۇسورۇن كۇنى ئەددى ئەل جاباجا.
باكاۋۇ دىدى كارۋالارنى كېسىڭ،
تامامى بۇ مېھمانلىغا تارقاتىڭ.
يىغىلغان خالايىققا يەتتى تامام،
ئاشىپ قالمادى خەلقدىن يا بىرسى كام.
ئەجەپ زور ئىكەن ئاقسۇنىڭ كارۋاسى،
لەزىزىدۇر دىدى تەئمى يۇشرەسى.
كۇلۇشدى ھەم چوڭ - كىچىكلەر تامام،

① مۇپلىس — ئاجىز، كەمبەغەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇلدى بۇ قۇمباشقا ئۇشبۇ نام.
بۇ دىھقانغا ھەم ئەيلەدى ئىلتىپات،
باش ـ ئاياق سەرۇپا بىلەن ياخشى ئات.
بېرىلدى ئامانلىققا ئالتۇن نىشان،
بالادىن بالاسىغا يۇردى ئامان.

ئاپتور ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپان شەھەرلىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆز داستانىدىن ئىككى باپنى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئوتمۇشىگە بېغىشلايدۇ. بۇ خۇسۇستا 400 مىسراغا يېقىن سوز يازغاندىن كېيىن ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ كۇنلىرى ئۇستىدە توختىلىپ يازىدۇ:

..............................................

كوتەرىپ كېلۇر نەچچە بايراق ۋە تۇغ،
بۇ لەشكەرلەر ئىككى تۇمەندىن ئۇشۇغ.
كوتەرىپ ئەلەم ئۇستىگە ھەم ئەلەم،
ئايەتلەر ئۇستىگە قىلىغلىق رەقەم.
كېلۇر ناغرا ناققارا شادى چالىپ،
بۇ سەۋتۇ سادادىن جاھان قوزغالىپ.
سەپىدە مىرى بۇ تەبل جانگۇ نەپەر،
يېتىپ غۇلغۇلە زىرھەپتۇم سەقەر①.
خىرجام ئاقسۇدىن چىقتى دىگەن زامان،
خەلپەم ئاچا تاققا بولدى راۋان.
بۇ بۇتخانە ئورتەڭ بىلەن ئوت قويۇپ،
بۇ ئەئلەم ھاكىم بەگنى ئالدى تۇتۇپ.

---

① زىر ھەپتۇم سەقەر — يەتتى دوزاق تېگىگە.

بۇ ئۈچ شەھەرنىڭ زۇبدە① سەردارلارى،
ئۇلارنى ئالىپ يۈردى ئاقسۇ سارى.
خەلپەم يۈگۈرتۈپ كىشى جانىپ ئۈچ②،
مۇسۇلمان كېلىپ ئەمدى كاپىرغا كۆچ.
شەھەرگە كېلىپ قويدى ئورتەڭگە ئوت،
بۇ ئوت شوئلەسى ئاسمانغا سۇئۇد③.
بۇ لەشكەر كېلىپ بۇزدى بۇتخانەنى،
ئالىپ داڭزىغا ئولجەۋۇ مالنى.
بۇ مەنچىلىك تامام تاغ باشىغا چىقىپ،
ھەمەسى تۇرادۇر قۇرۇل قاراشىپ،
يىراق ئوتىدا شەمئى يەڭلىغ يانىپ،
بۇ ھەسرەت نادامەت بىلەن ئورتانىپ.
.....................................
بۇ نۇرغۇن ئەزىمەت ئالالا بىلەن،
ھەمە قىچقىرىپ ئاللا - ئاللا بىلەن.
مۇسۇلمانلارنىڭ ھەددى پايانى يوق،
مىسالى بۇ ساغداقىدىكى④ تۇرغان ئوق.
بۇ ئادەم ماڭۇرغا تىنگىشمەيدۇ يول،
بۇ مەشرىقۇ - مەغرىپ بىلەن ئوڭۇ سول.
بۇ مەنچىلىك سىپىلدىن ئاتۇر زەمبىرەك،
يېقىن بارغالى ئالى ھىممەت كېرەك.

① زۇبدە — ئەڭ ياخشى تاللانغان.
② جانىپ ئۈچ — ئۈچ تەرەپكە.
③ سۇئۇد — كوتىرىلمەك.
④ ساغداق — ئوق يانىڭ ياسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەمە لاۋۇ ـ لەشكەر شەھەرنى قاباپ①،
ئۇز ئىخلاسىدىن كەلگەن ئەل بەھساپ.
بۇ مەنچىك سىپىل ئۇستىدىن چەڭگى سەخت②،
پاناقاپ مۇسۇلمانلار تامۇ دەرەخت.
سىپىل ئۇستىدىن بۇتو بارتىن ئاتار،
بۇ كۇن كەچ بولۇپ كېچە ھەم تاڭ ئاتار.
كېچە ھەم باسلمايدۇ مىلتىق ئۇنى،
بۇ ئۇچ كۇن ئاتىشتى تۇنى ھەم كۇنى.
..............................
بۇ مەنچىك پۇتۇن چىقتى تاغ باشىغا،
بۇ بۇتخانەسىگە سەنەم③ قاشىغا.
ھەمە ئاق كىيىم كەيدى تۇتدى ئازا،
مەدە ئەيلەگىل بىزگە كەلدى قازا.
ئانى كەيرۇرۇپ كاغەزىدۇر سارىغ،
ھەمە ئەپسۇس ئەيلەپ دىدى ئاھ دەرىغ،
ھەمە يىغلاشىپ ئۇردى بۇ بۇتقا باش،
بۇ بۇتتىن سادا چىقمادى مىسلى تاش.
بۇ بۇتتىن ھەمە بولدىلەر نائۇمىد،
تۇتۇپ ئەردى ئاندىن نەچچە نە ئۇمىد.
بۇ تاغ ئۇستىدە كاتتا دوراخانە،
يىغىلدى بالا بارقا بىرلە يانا.
بۇ ئويگە قويۇپ توك بىلەن دورانى،

① قاباب ــ قاماپ، ئوراپ.
② سەخت ــ قاتتىق.
③ سەنەم ــ بۇت

قۇرۇپ جاڭ جۇڭ ئاتلىق تەيپۇرانى.
قۇرۇپ نەچچە توپ، فو بىلەن زەمبىرەك،
ئەرىق چەنتۇلارنى يوقاتماق كېرەك.
دودى ئۇستىگە سالدىلەر نەچچە تاش،
هاۋادىن چۈشۈپ يەنچىلۇر نەچچە باش.
قىلۇرمىز تامام خويزەلەرنى هالەك،
بۇ ئوتتىن يېتۇشمەس تېخى بىزگە باك.
ھەمە ئامبونىدا لويە بىرلە نۇيۇن①،
بۇ غالداي چىرىك ئامبانى چىلڭ شايۇن.
يىغىلدى تامامى پەچىرچى پىيالە،
ھەمە شويى، تەتەي، بالا، ئەقرەبا②.
كىيىپ ئەگىنگە كەيمىگەن جامەنى،
ھەمە كەيپى مەست نۇش ئىچىپ بادەنى.
بىساتىدىكى ھەمە رەختۇ ماتا،
سالىبدۇر ئۇستىگە ئەھلى خىتا.
سالىپ جىنىس دۇنيا ھەمە پۇلۇ ـ مال،
چىقىپ ئۇستىگە خىش ئەھلۇ ئايال.
ياغاچچى نەچچە شۇتانى قىلدى راس،
شەھەرگە يۇگۇرگەي نەچچە يارو خاس.
تاشدىن سېپىلدىن تۇرادۇر ئاتىپ،
توشۇكدىن نەچچە كوپرىنى قەتىل ئېتىپ.
....................................
شوتى بىرلە بىرگە يۇگۇردى تامام،

① نۇيۇن — ئىسىم.
② ئەقرەبا — تۇققان، يېقىنلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ مۇلجا① تەرەپتىن ھەممە خاسۇ ئام.
بۇ مەنچىڭلار مۇلجا تەرەپتىن قاچىپ،
شەھەرگە يېغى كەلدى دەپ قىچقىرىپ.
سوران بىرلە قىقاس مەغلۇبەسى،
ئوت ئالماي پىلتەدىن دارىسى،
بۇلار ئالدىراپ ئاغزىدىن ئوت ياقىپ،
نۇرى ئويدۇلۇپ ئارقاسىغا باقىپ.
قويۇپ ئەردىلەر نەچە توك دارى،
ئوت ئالدى تەيپۇ - جاڭجۇك پورى.
بىراق گۇكۇرەپ تەبرەدى يەر - جاھان،
تۇتۇن بىلەن ئوت پۇرقۇراپ ئاسمان.
بۇ مەنچىڭلاردىن قالمادى ھىچ ئەسەر،
ھەمەسى جەھەننەمگە قىلدى سەپەر.
بۇ دۇشمەن مۇسۇلمانغا قازدى چوقۇر،
ئوزى تۇشتى ئاخىر جازاسىنى تاپۇر.
ھاۋادىن تۇشەر غاقىراپ نەچچە تاش،
ياغۇر ئاسماندىن بۇ تاش بىرلە باش.
تۇشەر مۇز كەبى پارە - پارە سوڭەك،
ھەمە ئورتانىپ ئوتتا كويگەن كوتەك.
چىقىپ ئاسمانغا بۇلۇتتەك تۇتۇن،
چۇشەر پارە - پارە ئەمەس بىر پۇتۇن.
ھاۋادىن چۇشەر نەچچىسى نىمجان،
بۇيان قوش تاغى، مەھەللە ئەندىجان.

① مۇلجا — جاينىڭ ئىسمى.

بۇ دۆلدۆل ئوقۇر بەزىسى تاش ئارا،
پۈتى يوق قولى يوق سوكدىلەر تولا.
يانا ئاق مازاردا سوگەتلىك بۈتى،
تۇرار كەپشىسى بىرلە ئىككى پۈتى،
بۇ قواتۇق بىلەن مەھەللە سوقاتى،
بۇ جىنى مازار بىر قول يانادۇر تىقى①.
بۇ دۈشەنبە② دىن تاكى ئاق ئورداسى،
بۇ مەنچىلىك باشى بىرلە بىر دانەسى.
بۇ مەرجانىك نەرەپتە قارا باغ بولى
ياتۇر دۇمبەسى بىرلە ئىككى قولى
ناماز ۋاقتىدىن تا بولۇپ چاشىنگاھ،
شەھەرنىڭ ئىشىن ئەيلەدى جابەجا

شائىر ئاقسۇدىكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىنى تىسقىچە نەسۋىرلىگەندىن كېيىن، خەلقلەرنىڭ ئۆز قوراللىق كۈچلىرىنى قانداق سۆيگەنلىگى، ئۇلارغا قانداق ياردەملەردە بولغانلىغى توغرىلىقمۇ توختىلىدۇ. سۇندىن كېيىن بۇ كىتاپنى نەزم قىلىشنىڭ سەۋەپلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە يازىدۇ:

خوجام ئالدىغا چىققىلى پىش باز،
ئالىپ كەلدى ھالىچە نەزرۇ-نىياز.
ئالىپ كەلدى ئاتۇ-كالا، بىرلە قوي،
ھەمەدىن ئىشىگە قىلىپ جۇستۇجوي.
ئالىپ كەلدىلەر سۈت، قاتىق، نان، تۇقاچ،
تويۇپ ھەر گۇرۇسنە③ ۋە يا بولسا ئاچ.
بولۇپ يۇرت ئامانلىق خۇدايا شۇكۇر،

① تىقى — تېخى.
② دۈشەنبە — يەرنىڭ ئىسمى.
③ گۇرۇسنە — ئاچ، تەشنا.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەخۇش يۇرت تېنىچ بولۇپ ئۇتسە ئۇمۇر،
زاماندا بولمىش خالايىق ئامان،
بولۇشتى ھەمە خۇررەمۇ شادىمان.
........................................ ......

بولۇپ خانىقاھ، مەسجىدۇ مەدرىسە،
تۈگۈمەس ئەگەر نەچچە ۋەسپىن دىسە.
تىلىمنى ئەگەر ئەيلىسەم مىڭ تىلىم،
تۈگۈمەس سىپاتى بابانغا كىم.
سىپاتىن بايان ئەيلىسەم ماھۇ - سال①،
تىلىم قاسىر② ئەقلىم ئولۇپ كەڭكىگۇ - لال.
بۇ دۇشەنبىدە قايىتاتىپ نەچچە داش،
خالايىقا بەردى بۇ يەم ئانۇ ئاس.
تېبەرتىپ ھازارلارغا نەزرە نوزۇر،
يانا ھال كالا نەچچە ئانۇ شۇتۇر③.
تامامى شەھىدلارنى قىلدى ئەدەد
ئىككى بوز ئون ئىككى ئىدى جەمئى مەرد.
شەھىدلەرنى دەپىن ئەتتى قىلدى ناماز،
قىلىپ ھەر بىرىن ئانچە نەزرۇ - نىياز.
شەھىدلەرنى بولۇپ ھەربىرى بىر مازار،
خۇدا رەھمەت ئەتسۇن ھازاران - ھازار.
بېرىپ ئابو ئاش بەئىدى خەتمى قۇران،
سەيىدغازى بۇرھان ساھىپ قىران.
..........................................

① ماھۇ - سال — ئاي - يىل.
② قاسىر — قىسقا.
③ شۇتۇر — توگە.

نه خۇش تىچ ـ ئامانلىقدا ئۆتسە ئۆمۈر،
نىشانە ئىمام مەھدى ئاخىر كېلۇر.
بەش ئاي نەزمگە ۋاقتىنى ئەيلەپ مادام،
كىتابى زەپەر نامگە سۇبھى شام.
كى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئىدى سەكسەن ئۈچ،
سۇۋۋت مەۋزەئى بولدى شەھرى ئۈچ.
جامادىيەل ئەۋەلدىن بولدى تامام،
يىلى قوي يەكشەنبە ئۇشبۇ كالام.
قىلىپ موللا شاكىر بۇ سوزلەرنى نەزم،
ئوقۇتۇپ ئىشتسە نەچە ئەھلى بەزم.
بۇ سوزلەردە گەر بولسا سەھۋۇ خاتا،
ساخاۋۇ كەرەم بىرلە قىلغىل ئاتا.
ئوزۇم ھەم قارى ئاجىزۇبى قوبۇل،
مىزاجىم زەئىپ ئەردى تەبىئىم مەلۇل.
ئۆمۈردە باقا① يوق بۇ پانى جاھان،
قالۇر دەھرىدە② ئۇشبۇ نامى نىشان.
قىلىپ قىرىق يىل مەن سۇخەنۋەرجىلىك③،
قىلىپ ئەمرى مەئرۇپ جاھان گەشتەلىك.
يېتىپ ئاتمىش بىرگە ئەمدى قارىپ،
بۇ ئۇچتۇرپاندا مۇساپىر غەرىپ.
قالۇر دەھرىدە بىزلەردىن يادىگار،
ھەمىشە دۇئادىن بىز ئۇمىدۋار.

---

① باقا ــ مەڭگۈلۈك.
② دەھرى ــ زامان، دۇنيا.
③ سۇخەنۋەرجىلىك ــ سوز سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىش.

www.uyghurkitap.com

# «ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدا

«ئالتۇن يارۇق» بۇددا دىنىنىڭ ماخايانا مەزھىبىگە ئائىت نوم بولۇپ، ھەجمى جەھەتتىن چوڭ ئەسەر ھىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بۇددا دىنى ھىكايىلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە ئەقىدىلىرى سوزلىنىدۇ. «ئالتۇن يارۇق» گۈزەل ئەدىبىي تەسۋىرلەرگە باي بولغاندىن تاشقىرى، تىل تەتقىقاتى جەھەتتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەڭ تولۇق نۇسخىسىنى 1909 — 1911 - يىللاردا روسىيىلىك س. ئې. مالوۋ ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئولكىسى جيۇچۇەن ناھىيەسى ئەتراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان. بۇ يادىكارلىق ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلانماقتا. ئۇندىن باشقا نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرىنى گېرمانىيىنىڭ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە دۆيى» (1913 — 1914 - يىللار) قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

1913 — 1917 - يىللاردا روسىيىلىك رادلوف بىلەن س. ئې. مالوۋلار «ئالتۇن يارۇق»نىڭ قوغۇشۇن ھەرپلىك باسما نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. بولاردىن باشقا گېرمانىيىلىك تۇركولوگ ف. ۋ. ك. مۇللېر «Uigurica» (ئۇيگۇرىكا — ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىسىدىكى ئەسەر)نىڭ I تومىدا ۋە APAW (پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى. بېرلىن.

1918 - يىل)دا ئۇزىنىڭ «ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدىكى تەت-قىقاتىنى ئېلان قىلغان.

تۈركىيىلىك تۈركولوگ سائادەت چاغاتايى 1945 - يىلى ئەنقەرەدە «ئالتۇن يارۇقتىن ئىككى پارچە» دىگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ئا. ۋون. گابايىن 1950 - يىلى «قەدىمقى تۈركى تىلى گىراماماتىكىسى» دىگەن كىتاۋىنىڭ 270 — 285 - بەتلىرىدە بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى ئې-لان قىلغان. س. ئې. مالوۋ 1951 - يىلى «قەدىمقى تۈركى تىلى يازما ھۆججەتلىرى»نىڭ 145 — 199 - بەتلىرىدە ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

گېرمانىيىلىك نوبېل «ئالتۇن يارۇق»نىڭ ئەنەتكەك (سانسېكرىت) تىلى، خەنزۇ تىلى، تىبەت تىلىدىكى نۇسخىلىرىغا ئاساسلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

ياپونىيىلىك خويافۇ 60 - يىللاردا «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژورنىلى»دا «ئالتۇن يارۇق»نى تونۇشتۇرغان.

«ئالتۇن يارۇق» — قىسقارتىلما نام بولۇپ، بۇ نومنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق نامى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق ياالتىرىقلىغ قوپتا كوترۇلمىش نىزوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ» (ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق ياالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاسى ئاتلىق نوم پۈتۈك).

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ خاتى-مىسىدە مۇنداق جۈملە يېزىلغان:

بەرمە قۇتلۇق ئۆكتۈن ئۇلۇغ تازغاچ
ئىلىنتە تايىسىڭ سىۋشىڭ ئالقۇ

شاستىرلارنىغ قاماغ نومىلارىغ قالسىز
ئۆتكۈرمىش بودىستۋ سامىتسو
ئاتلىغ ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن تاۋغاچ
تىلىنچە ئەۋرىمىش.
يانا بۇ بىش چوبىك كەلىۈك بولغابىيۇق
ياۋىز ئۆتدە قولۇتاكىنىكى بوشغۇتلۇغ
بىشبالىقلىغ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ
تىلىنتىن تۈرك — ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۇ
ئەۋرىمىش ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ
قوپتا كوترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم
بىتىگ تۈكەدى.

(قۇتلۇق شەرقتىكى ئۇلۇغ جۇڭگو ئېلىدە ماخايانا، خىنايانا (مەزھىبىنىڭ) بارلىق شاستىر①لىرىنى، ھەممە نوملىرىنى پۈتۈنلەي پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن، بودساتۋا گىتسو سامىتسو ئاچارى② ئەنەتكەك③ تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە بۇ بەش تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق بىلەن بۇلغانغان ياۋۇز زاماندا، كېيىن ئىلىملىك بولغان بېشبالىقلىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك — ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاسى ئاتلىق نوم پۈتۈك تاماملاندى).

---

① شاستىر — نومنىڭ ئىزاھى.

② سامىتسو ئاچارى — تاڭدەۋرىدىكى مەشھۇر راھىپ شۈەنجۇاڭنى ھورمەتلەپ ئاتىغان نام.

③ ئەنەتكەك تىلى — قەدىمقى ھىندى تىلى.

يۇقۇرىدىكى جۈملىلەرگە ئاساسەن بىز «ئالتۇن يارۇق»نى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىغى» دەۋرىدە (مىلادى 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە) باشقان بېشبالىق (بېشبالىق قەدىمقى شەھىرى ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىغى»نىڭ يازلىق پايتەختى بولغان)لىق ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى ۋە تەرجىمانى سىڭقۇ سەلى قەدىمقى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان دەپ، ھۆكۈم قىلالايمىز.

سىڭقۇ سەلى تەرىپىدىن كونا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنىغا ئائىت مەشھۇر نوم، ئەسەرلەر يالغۇز «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىلىمىزدىكى ۋە چەتئەللەردىكى تۈركولوگلار سىڭقۇسەلىنىڭ يەنە كونا خەنزۇچە، ئەنەتكەك (سانسىكرىت)، قەدىمقى كۇچا، قەدىمقى قاراشەھەر تىللىرىدىن ئۇز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلغان نوم بىرمۇنچە نوم ۋە ئەسەرلىرى بولۇشى مۇمكىن دىگەن ئىلمىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سىڭقۇ سەلى گەرچە ئۇيغۇر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇز زامانىسىدە "ئالتە سۇلالە ئۇسلۇبى① " بويىچە يېزىلغان، چۈشىنىش مەنىلىك ۋە تەرجىمە قىلىش ناھايىتى تەس بولغان كونا خەنزۇچە بۇددا نوملىرىنى ئۇز ئانا تىلىغا ئۇستىلىق بىلەن راۋان تەرجىمە قىلىپ چىققالىغان. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۇزىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى قەدىمقى خەنزۇچە ۋە باشقا تىللارنى پىششىق ئىگەللىگەن ئۇستا تىلچى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان.

سىڭقۇ سەلىنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشى

① «ئالتە سۇلالە ئۇسلۇبى» — جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى يېزىش ئۇسلۇبى.

ئۇنىڭ قەدىمقى خەنزۇ تىلى، ئەنەتكەك، قەدىمقى كۇچا ۋە قەدىمقى قارا شەھەر تىللىرىنى پۇختا ئىگەللىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تارىختىن، بۇددا نوملىرىدىن تولۇق خەۋىرى بار ئىكەنلىكىنى ھىس قىلالايدۇ. ئۇنىڭ تەرجىملىرىنىڭ راۋانلىغى، گىراماتىكىغا مۇكەممەل ئىكەنلىگى، ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى تىلشۇناس، ئۆز ئانا تىلىنىڭ ماھىر ئۇستىسى ئىكەنلىگىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق» تىكى ھەر بىر قۇرى 7 خەتلىك بىر كۇبلېت شېېرنى ئۇنىڭ ئەسلى مەزمۇنى بويىچە خۇنۇك تەرجىمە قىلماستىن، قەدىمقى ئۇيغۇر شېېرىيىتىدىكى قوشاق شەكلى بويىچە جانلىق ۋە چىرايلىق قىلىپ 4 مىسرالىق 2 كۇبلېت قوشاق قىلىپ تەرجىمە قىلغان.

ئەسلى ئوقۇلۇشى:

نە ئادا ئەرتى ئاتايىم،
كوركلە ـ كيە ئوگوكوم.
ئولمەك ئەمگەك نەچوكون.
ئوڭرە كەلپ ئەرتتوردى.
سىنتدە ئوڭرە ئولمەكىڭ،
بولايىن ئاي كۇن ـــ كىيەم!
كورمەيىن ئەرتى مۇنتەگ،
ئولۇغ ئاچىغ ئەمگەكىڭ.

تەرجىمىسى:

نە بالا بولدى تايچىغىم،
ئۇماقىنە قوزام.

نە ئۇچۇن ئۇلۇمنىڭ زۇلمى
ئالدى بىلەن ساڭا كەلدى.

سەندىن بۇرۇن ئۇلۇشكە،
رازى ئىدىم، ئەي، مېنىڭ قاياشىم!
مۇنداق قاتتىق ئازاپنى،
ئەمدى مەن زادى كورمەي.

سىڭقۇ سەلى تەرپىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق»نىڭ جيۇچۇەن ئەتىراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردا بولغانلىقى ھەرگىز تاسادىپى ئەمەس. ئۇ بىزگە "ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىغى" بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ تارىختىكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قويۇق بولغانلىغىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

840 - يىلى ئەتراپىدا، ئورخون دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىغى (744 — 840 - يىللار) تەبىي ئاپەت ۋە ئىچكى ماجرالار تۇپەيلىدىن بەربات بولۇپ، ئورخون دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىرنەچچە تارماققا بولۇنۇپ، شىنجاڭ ۋە گەنسۇ ئەتىراپىدىكى جايلارغا كېلىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، شىنجاڭ ۋە گەنسۇ ئەتىراپىدىكى جايلاردا 5 - ئەسىردىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان بولۇپ، ئورخون دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جايلارغا كېلىشى تەبىي ئىدى.

گەنسۇ ئەتىراپىدىكى جايلارغا كەلگەن ئۇيغۇرلار تۇۋەندىكى جايلارغا تارقالغان (يەر ئىسىملىرى ھازىرقى نامى بويىچە كورسىتىلدى): جاڭيې، دۇڭخۇاڭ، ۋۇۋېي ناھىيىلىرى، خېلەنشەن

تېغى، تيەنشۈي ناھىيىسى، ئىجىنا دەريا ۋادىسى، جيۇچۇەن ناھىيىسى. يۇقۇرىدىكى جايلار خېشى كارىدورى ئەتراپىدا بولغاچقا، بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار خېشى ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالغان. شۇ زامانلاردىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ سۇجۇ ئايمىغى (جيۇچۇەن)، گەنجۇ ئايمىغى (جاڭيې)دا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆزلىرىنى سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئاتاشقان.

خېشى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە، گەنجۇ ئايمىغى (جاڭيې)غا تارقالغان قەبىلىلەرنىڭ كۈچى ئەڭ زور بولغان. ئۇلار 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىچكى رايونلارغا ئوتىدىغان مۇھىم قاتناش يولىنى ئۈزۈپ قويغان. خېشى ئۇيغۇرلىرى ئولتۇراقلاشقان بەزى جايلار شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. فرانسىيىلىك ئالىم پېللىيوت ئازاتلىقتىن ئىلگىرى دۇڭخۇاڭدىن بۇنىڭدىن 1300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇنقى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئويۇلغان ياغاچ باسما ھەرپلىرىدىن بىرقانچە يۈزنى تاپقان. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندا مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىغى» دەۋرىدە، قوچۇ (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ھەر جەھەتتىن گۈللەپ ياشنىدى. جۈملىدىن بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى مەزمۇن قىلغان «ئالتۇن يارۇق»قا ئوخشاش زور بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىملىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتىش بىلەن بىللە بىر ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن-

نى ئىگەللىدى. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى نۇقۇل بۇد-
دا دىنى ئەقىدىسىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى دەۋر-
لەردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر بەدىي
تەجرىبە ۋە ئەنئەنە يارىتىپ بېرىشتىمۇ چوڭ رول ئوينىغان.
شۇڭا «ئالتۇن يارۇق» گەرچە قەدىمقى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر
تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنىنىڭ ئەپسانىسى بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىزنىڭ
تارىخىي يازما يادىكارلىقىمىز بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمقى
ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق
قىلىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.
ئۆگەنگەنلىرىمىز چەكلىك، سەۋىيىمىز تۆۋەن بولغاچقا، بىز
تەييارلىغان «ئالتۇن يارۇقتىن پارچە»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇي-
غۇر تىلىغا تەرجىمىسىدە خاتالىق ۋە نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تە-
بىي. كىتابخانلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ قىممەتلىك تەنقىدىگە
مۇھتاجمىز.

**ئابدۇقېيۇم خوجا**
**ئىسرايىل يۇسۇپ**



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# « ‹ئالتۇن يارۇق› تىن پارچە» نىڭ ئەسلى تېكستىنىڭ ئوقۇلۇشى

(607) ئانتا ئوترۇ تەڭرى تەڭرىسى بۇرقان ئىنچا تىپ
(ü)
يارلىقادى: ئانانتا ئوڭرە! ئەرتىمىش ئۆتدە بۇ چام-
بۇدۋىپ ئۇلۇستا ماخارادى ئاتلىغ ئىلىگ قان بار ئەرتى.
ئول يمە ماخارادى ئىلىگ قان ئەرتىنگۈ ئۇلۇغ باي بارىم-
لىغ تىساڭلارى ئاغىلىقلارى ئى تارىغ ئەد تاۋار ئۆزە تولۇ،
(u)
ئالىپ ئاتىم سۈلۈگ كۆچىنكە تۆكەل-لىگ، تورتتىن سى-
ڭار يمر ئورۇنۇغ ئىيىمىش باسمىش، ئوكۇشكە ئاياتمىش
ئاغىرلاتمىش، ئۆرۈك ئۆساتى كونى نوم-چە تورۇچە باش-
(ü) (ө) (ü)
لاتاچى، ئىمەرىگمە قاماغ بۇدۇنىن قاراسىن ئاشىمىش
(u)
ئۆكلىتمىش، قوپ-تىن سىڭار ياغىسىز ياۋلاقسىز ئەرتى.
(ü)
ئول ئانتاغ ئوشۇقلۇغ چوقلۇغ ياالىنلىق كۆچلۈگ كۆسۈن-
لۈگ ئىلىگ قانىنىڭ ئۇلۇغى قاتۇنىنتا توغمىش كورگەلى
(608) سەۋىگلىگ كوركلۇگ مەڭىزلىگ ئۈچ ئوغلانى
(ө)
ئەرتى. ئاڭىلكى ئۇلۇغى ئوغلىنىڭ ئاتى ماخابالى ئەر-

تى. ئىككىنتىسى ئورتۇن ئوغلىنىڭ ئاتى ماخادىۋى
ئەرتى. ئۈچۈنچى ئالڭ كىچىگى ئوغلىنىڭ ئاتى ماخاس-
تۋى ئەرتى.

بىر ئوغۇرتا ئول ئىلىگ قان ئۈچ ئوغلانى بىرلە
تاشتىن تاغتا ئارىغتا ئىلىنچۈكە بارتى. قاچان ئانتا تە-
گىپ ئىلىنچۈ مەڭى ئىشىن ئەرتۈردۈكتە ئوترۇ ئول ئۈچ
تىگىنلەر قۇۋا چەچەك تۈش يىمىش ئىدىگەلى ئاتالارى
(ü)
ئىلىگ بەگكە ئوتۇنۇپ ئايىتىپ قالتىلار. ئانتا مۇنتا ئى-
(ө)
تارۇ بەرۈ يورىيۇ، بىر ئۇلۇغ قامىشلىغ بەرك ئارىغقا
o (ü)
كىرىپ، ئوترۇ ئانتا تىنغالى ئولۇرتىلار. تىنغالى ئولۇر-
(o) (ü)
مىشتا، ئالڭ ئۇلۇغى تىگىن ئىكى ئىنىلەرىنگە ئىنچا تىپ
تىدى: "ئاي، ئىنىلەرىم، مەنىڭ بۈكۈنكى كۈن ئەرتىنگۈ
قورقۇم بەلىگلەگۈم كەلىر. ئىنچا بولمازۇن، قالتى بۇ ئا-
رىغ سەمەك ئىچىنتە قادىر ياۋلاق كەيىكلەر بار بولۇپ،
بىز يوقاتقۇلۇق ئەمگەنگۈلۈك بولمالىم". تىپ. ئىككىنتى-
سى تىگىن ئىنچا تىپ تىتى: "ئەشنۇ يارلىقازۇن،
ئىچىمە!

(609) كىم مەنىڭ بۇ ئەت ئۆزۈمىن ئىسىرگەكۈم ئىدى
كەلمەزتەك بىزنىڭە نەچۈكىن ئەرسەر، ئامراقلارتىن ئا-
دىرىلغۇلۇق ئەمگەك بولمازۇن ئەرتى تىپ قورقارمەن."
تىپ. بۇ ساۋىغ ئەشىتىپ، ئۈچۈنچى ماخاستۋى تىگىن
ئىكى ئىچىلەرىنگە ئوترۇ ئىنچا تىپ ئوتۇنتى:" بۇ

www.uyghurkitap.com

ئەرسەر، ئارزىلار تۇرغۇلۇق ئورۇن ئول. مەنىڭ ئىدى
قورقىنچىم ئايىنچىم يوق. ئوڭى غادىرىلماقلىغ بۇسۇشۇم
(ө)
يمه يوق. ئىنچىپ ئەت ئوزۇم تولۇ ئوگرۇنچ سەۋىنچ
توغار. بۇلغاي ئەركى بىز يىگ ئادرىق بۇيانىغ.“ تىپ
تىتى.

ئول ئورۇن بۇ ئۇچ تىگىنلەر ئوز ئوزكوڭۇللەرىن-
(ө) (ө)
تەكى ساقىنمىش ساۋلارىن سوزلەشىپ، ئوترۇ ئورۇ تۇ-
(ü) (ө)
رۇپ، ئول ئارىغ ئىچىنتە تاقى ئىچگەرۇ كىرتىلەر. ئانچا
يورىيۇ، ياڭى ئەنۇكلەمىش بىر تىشى بارسىغ كورتىلەر.
(u)

ئول ئاچ بارس يمه ئەنۇكلەپ، يىتى كۇن ئەرتمىش
ئەرتى. يىتى ئەنۇكلەرىنگە ئەگىرتىپ، قاۋساتىپ، ئاچماق،
سۇۋساماق ئۇزە سىقىلىپ، تورمىش ياۋرىمىش سىنمىش
(o)
ئەت ئوزلەرى ئالانگۇرۇپ، كۇچى كۇسۇنى ئۇزۇلۇپ ئو-
(ü)
ناقىنا ئولگەلى ياتۇر ئەرتى. نە
(610) ئانى ئۇلۇغى ماخابالى تىگىن كورۇپ، ئىنچا
تىپ تىدى: ”ئاي، ئىرىنچ تىشى بارس! ئەنۇكلەگەلى يىتى
كۇن بولمىش، يىتى ئەنۇكلەرى ئىيىپ، مەڭ يۇمشاق
تىلەگۇ ئوق تەگىنچ بولمايۇقىا، ئانىن ئاچماق، سوۋساماق
ئەمگەك ئۇزە سىقىلىپ، يانتۇرۇ يانا ئوز ئەنۇكلەرىن يى-
گەلى قىلىنۇر. مۇنتادا كەز ئىرىنچ تىنلىغ بولغاي مۇ؟“

تىپ تىدى. بۇ ساۋىغ ئەشىدىپ، ماخاستۇۋى تىگىن ئوت-
(ө)
رۇ ئىچىسى تىگىنكە: "بۇ بارس نەگۇ يىيۇر، ئۇزاتىقى
ئاشى نەگۇ ئول؟" تىپ ئايىتتى. ئىچىسى تىگىن ئىنچە
تىپ كىگىنچ بىرتى: "بارسىنىڭ، ئىربىزنىڭ، مانۇنىڭ، ئا-
رسلانىنىڭ بورىنىڭ، تۇلكۇنىڭ ئاشى ئەرسەر، يالاڭۇز يىن-
تەم ئىسىگ ئەت قان ئەرۇر. مۇنتادا ئادىن تاقى ئوڭى
(ө)
ئاش ئىچگۇ يوق كىم بۇ ئالانگۇرمىش ئاچ بارسىغ تىر-
(ü)
گۇرگۇلۇك" تىپ تىدى. بۇ سابىغ ئەشىتىپ، ئوترۇ ئى-
كىنتىسى ماخادۇۋى تىگىن ئۇقۇنچسۇزىن ئىنچا تىپ
تىدى: "بۇ مۇنتاغ ئوسۇغلۇق تورۇمىش كۇچسىرەمىش
(ө)
ئالاڭۇرمىش ئاچ بارس ئاچماق سۇۋساماق ئەمگەكىن
ئەرتىنگۇ (611) سىقىلىپ، ئوناقىنا ئولگەلى تۇرۇر. بىزنى-تا-
ئادىن كىم بولغاي مۇڭا ياراغلىغ ئاش ئىچگۇ بەلگۇرتەچى.
بۇ ئىرىنچ تىنلىغ ئۇچۇن ئەت ئوزۇگ تىتىپ، مۇنۇڭ
ئىسىگ ئوزىن ئولاغالى ئۇداچى؟" تىپ تىدى. ئۇلۇغى
تىگىن بۇ سابىغ ئەشىتىپ، يانا ئورتۇن ئىنىسىڭا :"ئاي،
(o)
ئىنىم، ئالپ تىتگۇلۇك تاۋار ئالىپ ئىش نەڭ ئىنچىپ
(ü)
ئىسىگ ئوزتە ئەرتمەز" تىپ تىدى. بۇ ساۋنىڭ باسا سو-
ڭىنتا ماخاساتۇۋى تىگىن ئىنچا تىپ تىدى: "ئاي، ئىچىلە-
رىم! بىز قاماغۇن ئەمتى ئىسىگ ئوزۇمۇزكە ئەت ئو-

زۇمۇزكە ئەرتىنگۇ ئىلىنمىش ياپشىنمىش بىز. ئىنچىپ يانا ئادىناغۇقا ئاسىغ توسۇ قىلغالى بىلگە بىلمگىلىگ يا-
رۇق كوزۇمۇز يوق بولۇر ئەركى. يمە ئانتاغ بىرەر ئۇ-
لۇغ يارلىقانچۇچى كوكۇلۇگ قۇتلۇغ يالاڭۇقلار ئۇرۇك
(ü)
ئۇزاتى ئوز ئەت ئوزلەرىن تىتىپ ئىدالاپ، تىنلىغلارقا
(u)
ئاسىغ توسۇ قىلۇرلار.» تىپ تىدى.
بۇ مۇنچە ساۋىغ ئىچىلەرىنگە سوزلەپ، ئوترۇ كەن-
تۇ كوكۇلىنتە ئىنچا تىپ ساقىنتى : «قالتى بۇ مەنىڭ
(ü)
ئەت ئوزۇم يۇز مىڭ ئازۇنلارتىن بەرۇ يوقسۇز ئاسىغ-
(ü)
سىز (612) نەچە نەچە يىمرۇدى. ئارتادى. نەڭ يمە
(ü)
ئەتلىگسىز بولۇپ، نە ئەرسەر، ئاسىغقا توسۇقا كىرمەدى.
نە چۇكىن بۇكۇنكى كۇنتە مۇنى تەگ كەرگەكلىگ ئىش-
لەتگۇلۇك يوكلاغۇلۇق ئورۇن تاپىپ، بۇ مۇنتاغ يىدىغ
كەرگەكسىز ئەت ئوزۇمىن ستىمىش كەمىسىمىش يىلك يار
تەگ تىتىپ ئىدالاپ، بۇ ئىرىنج يارلىغ ئاش بارسقا
نەگۇلۇك ئۇمۇغ ئىناغ بولمازمەن؟»
تىپ مۇنچۇلايۇ ساقىنىپ، ئىچىلەرى بىرلە سوزلەشكۇلۇك
كىزىگىن تىزىگىن ئەتتۇرۇپ، ئول بارس ئۇزە ئوكىن
ئوكىن يارلىقانچۇچى كوكۇل تۇرغۇزۇپ، ئىرىنچكەدىلەر
تسۇيۇرقادىلار ئىنچىپ ئۇلارنىڭ ئاراسىندا ئاغلادى. تاقى
ماخاساتۋى تىگىن ئول بارسنىڭ ئاچىن، تورۇقىن، ئەم-

گەكىن، تولغاقىن تىترۇ كىزرۇپ، تەگرە تەكرىنىپ، كو-
(ü)
زىن ئىرى ئاندىران كىتەرۇ ئۇماتىن، ئۈركىچ تىترۇ كو-
(ü)
رۇ تۈرۇپ، ئوترۇ قۇرۇپ ئوڭى يورىپ بارتىلار. ئوترۇ
[o] (ө)
ئول ئودۇن ماخاستۇى بودىستۇ يورىيۇ، ئىنچا تىپ سا-
[ө]
قىنتى:"چاق ئەمتى ماڭا ئوغرايۇ ئەت ئوزۇمىن، ئىسىگ
ئوزۇمىن تىنگۇلۇك ئىدالاغۇلۇق ئود قىواۇ ىوقا كەلتى،
[ө]
نە ئۇچۇن تىپ تىسەر، كىم مەن ئىلكە- (613) سىزدىن
بەرۇ بۇ يىدىغ، سارسىغ قالىغ، يىرنىلىگ، سەۋگۇسىز تاپلاغۇ-
سىز، يارسىنچىغ ئەت ئوزكە ئىنچىپ ئىنانتىم. ئاشئ ىچكۇ،
تون كەدىم، ئورۇن تورشەك، ئات ياڭا، قاڭلى كولۇك، ئەر-
دنى يىنمۇ، ئەد تاۋار ئوزە تاپىنتىم. ئارتاماق بوزۇلماق
تورۇلۇگ ئۇچۇن ئۈرۈك ئۇزاتى ئارتادى بۇزۇلتى. نەڭ
(u) (ü) (ө)
يمە بۇ ئەت ئوزۇگ كۆيۈ كۆزەتۇ ئايايۇ تۇتۇپ ئارتات-
(ü)
ماغالى ئىدى ئۇمادىم. نەچە كەد ئۇزانىپ ئىگىتتىم ئەر-
سەر، يمە قلتى ياۋلاق ياغى تورۇسىنچە، يانتۇرۇ مىنى
كەمىشۇ ئىدىپ سەۋىنچسىز ئۇتاسىز قىلتى مەنىڭ كۇ-
(ü)
چۇمىن. ئانىن ئىنچا بىلمىش كەرگەك: ئەت- ئوز ئەر-
سەر، بكسىز مەنگۇسىز تىتر. ئوزكە يانتۇرۇ ئاسىغ سىزى
ئۇزە ياۋلاق ياغىتەگ قورقىنچىغ ئەرۇر. يارسىنچىغ كىر-

www.uyghurkitap.com

لىكى ئۈزە تۇتسار، ئارىغسىزلىق قىغ يۈكەك تىتر. ئانى
ئۈچۈن ئەمتى مەن بۆكرۈنكى كۈنتە بۇ ئەت ئوزىمىن
يوڭلاپ مۇڭادىنچىغ ئۇلۇغ ئىش كوتۇگ قىلايىن. سانسار-
لىغ تالۇي ئۈگۈز ئىچىنتە تار كەمى بولايىن. توغماق
ئولمەكلىگ تەگزىنچتىن تاسقارۇ تارتىپ ئونتۇرەيىن".
تىپ ساقىنتى. يانا ئوق ئىنچا (614) تىپ ساقىنتى:
"ئابام بىرۈك بۇ ئەت ئوزىمىن تىتسارمەن ئوترۇ ئۇلگۇ-
(ü)
سۈز سانسىز مۇن قاداغلارىغ قارتىغ بەزىگ يىرنىگ قا-
(ü)
نىغ ئىگىگ ئاغرىغىغ قورقىنچىغ ئايىمانچىغ بارچانى
تىتىمىش ئىدالامىش بولۇرمەن. تاقى يمە بۇ ئەت ئوز
ئەرسەر، ئالتى قىرق تۈرلۈگ ئارىغسىزلارىن تولۇ، سۈۋ،
ئۈزەك كەرگۈتەگ بىكسىز يارپسىز قاماغ قۇرتلارىنىڭ قو-
ڭۇزلارىنىڭ تىرگىنى، قانىنىڭ يىرىنىنىڭ ئورناغى، سىڭى-
رىن تامىرىن يورگەلمىش سوڭۇكلەر ئۇلاغى ئۈزە تۇتۇس-
مىش، ئەرتىنگۈ يىرىنچىق يارسىنچىق ئەرۈر. ئافى ئۈچۈن
تەگىملىگ ئول ئەمتى ماڭا بۇ ئەت ئوزۇمىن تىتىپ
ئىدالاپ ئۈزەلىكسىز ئۈستۈنكى يىگ ئابام — ئۇلۇغ مەڭ-
گۈ نىرۋانىغ تىلەگۈلۈك. بوسۇش ساقىنىج ئەگەك تولغا-
قىغ بىر تەم تارقارغۇلۇق، توغماق — ئولمەكلىگ تەگزىن-
چىگ ئەمرىتقۇرغۇلۇق، نىزۋانلىغ ئىلىشىگ ئۈزگۈلۈك،
دىمان بىلگە بىلىگىگ كۆچلەندۈرگۈلۈك، تولۇ تۈ-
گەل بىشرۇنماقلىغ ئەدگۈگ ئەكسۈكسۈز بۇ تۇرگۇلۇك،
يۈز بويانلىغ ئىتىگىن ئىنىنگۈلۈك، تولۇ تۈگەل بىلگە

بىلمگەنگ تۆپكەرگۈلۈك، (615) ئالقۇ بۇرقانلار ئۈزە
ئۆگنتمىش ئىدۇق نوملۇغ ئەت ئۆزۈگ تانۇقلاغۇلۇق، قا-
ماغ بىش ئازۇن تىنلىغلار ئوغلانىن نوم بۇشلىغ مەڭى
ئۆزە مەڭىلەتكۈلۈك“ ـــ تىپ مۇنچۇلايۇ ئادىرا ئۆدۈرە سا-
قىنىپ، ئوترۇ ماخاستۋى تىگىن يىتى قىنىغ تولۇكتە
تۇرۇپ، ئۇلۇغ بەدۈك كوزۇشكە ئىنىپ، ئۇلۇغ يارلىقاذ-
چۇچى كوڭۈل تۇرغۇرۇپ كوڭۈلىن كوگۈزىن ياغچىرتىپ،
ئول ئىكى ئىچىلەرىن كوڭۈل كەرىپ، نە چۇكىن ئەر-
سەر تۈيسار ئوگارسار، ئوترۇ ئۈركۈپ بەلىكلەپ تىدىغ
ئادا قىلىپ، كوزەمىش كۈسۈشۈمىن قانتۇرماغاي تىپ
بوكۇنۇپ، ئوترۇ ئىكى ئىچىلەرىنگە:” ئازقىا ئوگرە يورد-
(ɵ)
يۇ تۇرزۇنلار، مىن ئۇنا باسا يىتىدىم“ تىپ ئوتۇنۇپ، ئىچى-
لەرىن ئىدىپ ماخاستۋى تىگىن كەنتۇ ئوزى يانتۇرۇ
(ü)
يانا ئول ئارىغقا كىرىپ، ئاچ بارس ئۈسكىنتە تەگىپ،
تەركىن ئاۇراتى تونىن سۇچۇلاپ قامىش بۇتىقى ئۈزە
ئاسىپ، ئىنچا تىب بك قاتىغ ساۋسوزلەتى:” مىن ئەمتى
تولپ سانسارتاقى تىنلىغلار ئۈچۈن ئۈزەلىكسىز ئۈس-
تۈنكى يىگ بۇرقان قۇتى كوسۇشىن (616) تەبرىنچى-
سىز يايىلماقسىز ئۇلۇغ يارلىقانچۇچى كوڭۈل تۇرغۇرۇپ،
بۇ مەنىڭ سەۋەر ئامراق ئەت ئوزۈمىن تىدەرمەن ئىدا-
لايۇرمەن. بۇزۇلماقسىز چولماقسىز بۇرقان قۇتىن تىلە-
يۇرمەن كىم قاماغ بىلگەلارگە سەۋگۈلۈك تاپلاغۇلۇق ئۈچ
ئوغۇش يىرتىنچۇدەكى ئەمگەكلىگ تالۇيتاقى تىنلىغلارىغ

ئورۇ تارتىپ ئوزقۇرۇپ ئىنچ ھەڭلىگ قىلايىن".— تىپ
(ѳ)
تىتى.

ئول ئودۇن تىگىن ھۇنچا ساۋ سوزلەپ، ئول ئاچ بارس ئۆسكىنتە سونا ياتتى. كەنتۈنىڭ ئۇلۇغ يارلىقان-چۇچى كوڭۇللۇگ چوغى يالىنى ئوغرىنتا، ئول ئاچ بارس يىگەلى تىدىنمەتى. بۇدىستۋ يانا ئىنچا تىپ ساقىنتى: "ئىنچىپ بۇ بارس قورۇغى كۈچسۈز ئوغرىنتا، ئانىن مىنى يىگەلى ئۇماز."— تىپ، ئوترۇ بودىستۋ ئورۇ تۇرۇپ، ئىنارۇ بەرۇ كورۇپ بى بىچغۇ تىلەپ بولماتى. ئوترۇ قۇرۇمىش قاتىغ قامىش ئالىپ، ئانى ئۈزە ئومگەن تامى-رىن سانچىپ قان ئوندۇرۇپ، ئاقۇرۇ-ئاقتۇرۇ بارسقا يا-قىن بارتى. قاچان بارز ئۆسكىنتە تەگدۈكتە، (617) ئوترۇ ئول ئودۇن بۇ ئاغىر ئۇلۇغ ياغىز يىر ئالتى تۈر-لۈگىن تەبرەتى قابىشاتى. ئىنچاقىلتى ئۇلۇغ يىل كە-لىپ، كول سۇۋىن توقىپ يايىمىشتەگ يوقارۇ قودى يايى-
(yüü)
لىتى ياپقالتى. كوك قالىغ يۇۋزىنتەكى كۈن تەڭرى را-خۇقا سىگىرتمىش تەگ يارۇقسۇز ياشۇقسۇز ئوڭسۇز ئو-لەز بولتى. بۇلۇڭ يىڭاق بارچا بۇتۇرۇ قارارىدى. قارا تۇمان ئۈزە ئورتۇلدى. كوك قالىغتىن تەڭرىتەم يىد يى-پار قۇا-چەچەكلەر تۈشتى، ياغدى. ئول ئارىغ سەمەك ئىچى قۇا-چەچەك ئۈزە تولۇ بولتى.

(618) ... ئول ئودۇن ئول ئاچ بارس قاچان بودىستۋ-نىڭ ئومگەنىنتىن قان ئاقمىسىن كورتى. ئوترۇ ئول

قانىغ يالغايۇ ئەدىن بارچا يېپ ۋودتى. يالاڭۇز قۇرۇغ سوڭۇكلەرى ئۆلك تۇرۇ قالتى.

ئانچا-قىنچا بودىستۋ تېگىننىڭ ئۆلۈغى ئىچىسى يېر تەبرەمىسىن كورۇپ، ئىنىسىگە ئىنچا تېپ تېدى: "ياغىز يېر بۈتۈرۈ تەبرەيۈر، ئۆگۈزلەر — تاغلار بىرلە قالمىز

(ü)

بۇلۇڭ يىڭاق قارارىپ ئولەز بولتى كۈن تەڭرى. كوك-تىمىن تۆسەر تەڭرىدەم قۇا-چەچەكلەر بولغاشۇ. ئوتقۇراق ئەركى ئىنىمىزنىڭ ئەت ئوزىن تىدمەك بەلگىسى." — تېپ تېدى. بۇ ساۋىغ ئەشىدىپ، كىچىگى ئىنىسى ئىنچا تېپ تېدى: "ئەستىتىم مەن ماخاستۋد-(619) نىڭ تىسۈيۈر قايۇ سوزلەمىش چىن ساۋىن. تىمىن كىنا كورمىستە تو-رۇغ كۆچسۈز ئاچ بارسىغ ئەمگەككە ئەگىرتىپ ئە-

zin

نۈكىن يىگەلى قىلمىسىن، ئانىن سىزنىتىم ئىنىمكە، ئەت ئوزىن تىتتى ئەركى مو تېپ." ئول ئودۇن ئول ئىكى تىگىنلەر مونچۇلايۇ سوزلەسۇ ئاچىغلارى كەلىپ، يىرنە-گۈتلەر يىغلادىلار. ئوترۇ تاركىن يانتۇرۇ يانىپ، يىغلا-سۇ باياقى ئول بارس ياتۇر ئورۇنقا بارتىلار. قاچان ئانتا تەگدۈكتە، ئوترۇ ئىنىلەرى ماخاستۋى تېگىننىڭ تونى قامىس بۇ تىقى ئۆزە ئاسقىنتۇرۇپ تۇرۇرىن، سىنى-سوڭۇكى، ساچى بىرلە ئارقۇرۇ-تۆرقۇرۇ ياتمىسىن، ئاق-مىس قانى تۇپراقتا تىتىگ يوغرۇلۇپ، يىركە يۇقۇپ تۇرمىسىن كورتىلەر. نە ئانى كۆرۈپ ئولك، ئەت ئوزلە-رىن ئول سوڭۇك ئۆزە كەمىسىپ، ئوگسىرەپ تىنسىراپ

قامىلتىلار. نە چەتە كىن تىمىن ئوگلەنىپ، ئوترۇ ئىلىگ-
لەرىن ئورۇ كوتۈرۈپ، ئۈلۈغ ئۈنىن ئۈلىدىلار سىغتادىلار.

(ü)

ئولىيۇ سىغدايۇ ئىنچا تىپ تىتىلەر :" كوركلە كۈۋسەك توقىلىغ ئىنىمىز ئەرتىك كوۋەز-ئا! ئوگكە قاڭقا (620) سەۋتىمىش ئەرتىك قاراش-ا! نە چۈكىن يانا بىرگەرۇ بىرلە — كىا ئۈنۈپ ئۈچەگۈ؟ نە گۈلۈك تىتىتىك ئوزۈڭىن بىزنى بىرلە بارمادىن؟ ئوگۈمۈز بىزىڭە ئۈترۈ كورۈپ ئايىتسار، بىز ئىكەگۈ نەگۈ تىپ ئوتۈنەلىم سوزلەلىم؟ ئول يىگ بولغاي ئۈچەگۈ بىرلە-كى-ا ئولسەربىز. نەڭ بىزىڭە كەرگەكسىز بۇ ئەت ئوزۈمۈز تىرىگى." — تىپ. ئول ئىكى تىگىتلەر مۈنچۈلايۇ يىغىن كەيىرگەنچىگ قىلىنۇ ئۈلىيۇ سىغتايۇ تالىپ يۈگۈپ ئانچا-تاكىن تىمىن ئاندىران ئوڭى يورىپ بارتىلەر.

(ɵ)

ئول ئودۈن ماخاساتۋى تىگىنىڭ تاپىغچىلارى "تىگىنىمىز كەچتى" تىپ. "قاچان بارتى؟ يورىڭلار، قاز-تا ئول ئىسدەلىم!" تىپ تىيىستىلار.

ئانچا قىنچا ئاناسى قاتۈن بالىقتا ئىدىز قالىقتا ياتىپ ئوديۈر ئەركەن. ئەرتىنگۈ ياۋىز تۈل تۈسەدى:

(ü)

ئەمگى توبۈرە بىچىلۈر بولۈر. ئازىغ تىسلارى ئاغىزىنتا

(ɵ)

قوڭرۈلۈپ تۈسەر بولۈر. ئۈچ كوگۈرچكەن ئاتايى لاچىن-قا قاۋىتۈر ئەركەن. بىرسى تۈتسۇقۇپ، ئىكەگۈسى قور-

قىنچلىغ ئوزار بولۇر، تىپ. مۇنچۇلايۇ تۇسەيۇ ياتار ئەر-
كەن، يىر تەبرەمەكى (621) ئۈزە بەلگلەپ ئودۇنۇپ
كەلتى. نە ئۇدۇنۇ بىرلە ئوك ئانتا قورقىنچلىغ بۇسۇشلۇ-
غىن ئىنچا تىپ تىدى:" نەگۇ ئەركى ئەمىتى تىلتاغى
ياغىز يىر مۇنچۇلايۇ تەبرەيۇر، ئوگۇزلەر-كوللەر ياييلىپ،
ئى ئىلغاچلار ئىرغالۇر. كۈن تەڭرىنىڭ ياروقى ئوڭسۇز

(ө)

بولتى ئورتىقىس تەگ. كوززۇم ئەمگىم تەبرەيۇر، ئوڭ-
رەكىمتە ئوكى شۇك. ئوقىن يۈركىمگە تۇرسۇقمىس تەگ
سىقىلۇرمەن. ئەمگەكىن تولپ ئەت ئوزۇم تىترەيۇر. ئىنە-
چىم ئىدى بەلگۇرمەز. تۇسەمىس ئول تۇلۇمىنۇڭ ياۋىز تۇ-

(ü)

رۇر بەلگۇسى. ئوتقۇراق بار ئەركى ئەمدىمىلىگ ئارتاغ
ياۋىز ئادالار." — تىپ تىدى. ئانىڭ ئارائىكى ئەمگى
ئەۋتىپ سۇت ئاقىپ كەلتى. نە ئانى كوروپ، تاقى ئار-
تۇقراق ئۇيىر قانتى يوغۇر قانتى. ئول ئودۇن ئول قا-
تۇنۇڭ بىر تاپىغچى قىزى تاستىن تۇرۇر ئەركەن. قا-
بۇچە ئەرتەر يولقى كىس-تىن "تىگىنىگ تىلەپ تاقى بول-
ماز ئەرمىس" تىپ ساۋ ئەستتى. نە مۇنى ئەستۇ بىرلە
ئوك ئۇركۇپ بەلگلەپ، ئوترۇ ئوردۇقا كىرىپ، قاتۇنغا

(ө)

ئىنچا تىپ ئوتۇنتى:"قاتۇن (622) ئوقا يارلىقادىمۇ
ئەركى؟ تاستىن بىر ئانتاغ ساۋ تۇرۇر: تىگىنىگ تىلەپ
تاقى بولماز تىپ. — بۇ نە ساۋ ئەركى؟" — تىپ تىدى.

ئول ئودۇن قاتۇن بۇ ساۋىغ ئەستىپ، ئۇلۇغ بۇسۇشنا قادغۇتا تۇرۇپ ،ئاچىغى كەلىپ كوزىنتە تولۇ ياشى بىر-
لە تەركىن ئىلىگ بەگكە بارىپ : " ئاي ئۇلۇغ ئىلىگ بەگ! مەن مۇنتاغ ساۋ ئەستتىم، بۇ نە ساۋ ئول؟ ئازۇ بىزىڭ ئامراق ئوگۇكۇمۇز ئاڭ كىچىگى ماخاساتۋىغ ئىچ-

(ө)

قىنمىس ئەرگەيمۇ بىز؟" — تىپ تىدى. بۇ ساۋىغ ئىلىگ بەگ ئەستىپ، ئۇركەبەلىگلەيۇ، ئاچىغى ئۇزە تىقىلىپ، ئاغلايۇ ئىنچا تىپ سوزلەتى :"ئاي ئەمگەك، ئاي ئەمگەك! بۇكۇنكى كۇنتە ئامراق ئوگۇكمەمىن يمە يىتتۇردىم ئىچ-
قىنتىم ئەركى مۇ مەن؟" تىپ ياسىن يۇتۇنۇ قاتۇنىن

(u)

ئوتلەيۇ ئىنچا تىپ تىدى :" تۇزۇنۇمە! سەن نەڭ بۇسما

(ө)

بوسرۇلما! مەن ئەمتى قاماغۇن ئۇنۇپ، ئامراق ئوگۇكلە-

(ü)

رىمىن تىلەيىن، بارىن-يوقىن بىلەيىن." تىپ، تەركىن بۇرىيۇقلارى ئىنانچلارى بىرلە يۇمقى بالىقتىن تاسقارۇ ئۇنۇپ ئوڭى-ئوڭى يادىلىپ ئورۇن-ئورۇن سايۇ تىلەگەلى

(ө) (ü)

ئىستەگەلى (623) باردىلار. ئانىڭ ئاراسىنتا، بۇ ساۋ تاقى كەچمەزكەن، بىر بۇرىيۇق تەركىن تاۋراتى كەلىپ، ئىلىگ بەگكە ياقىن تەگىپ :"ئاي ئۇلۇغ ئىلىگ بەگ، بۇسانۇ يارلىقا مازۇن! ئىكى تىگىتلەر سۇ ئەسەن تەگىنۇر. ئاڭ كىچىگى ماخاساتۋى تىگىن تاقى تاپشۇ تەگىنمەز. تىلە-
يۇ تەگىنۇرلەر،" تىپ ئوتۇنتى. ئىلىگ بەگ بۇ ساۋىغ

ئەستىپ، ئۇلۇغ تىنىپ، ئىنچا تىپ تىدى:"مۆلۈك ئاي، مۆلۈك ئاي! يېتۈرمىسمەن ئىسىگ سەۋەر ئامراق ئاتايىمىن ئو-غۇلۇم ياشى بولمىستا ئوگرۈنچۈم سەۋىنچىم ئاز ئەرتى.
(ü) (ө)
كىنىدە ئوغۇلۇغ يىتىردۈكتە بۈسۈشى ئەدگەكى ئۆكۈس
(ü)
تۈرۈر. بىرۆك ئوغۇلۇم بۇ تۇستا تىرىگ ئەسەن قاۋىشسار،
(ü)
ئولىسەر مەنىڭ ئەت ئوزۇم، ئەدگەنىگەيمەن ئارىتى". تىپ تىدى. قاتۇن بۇ ساۋىغ ئەستىپ، ئوقىن ئۈرسۈق-مىس كىسى تەگ، بۈسۈش قادغۇقا كوڭۈلى كوگۈزى ئەگىر-تىپ، سىغىتلەيۈ ئىنچا تىپ تىدى:"ئۈچ ئوگۈكلەرىم بىرگەرۈ تاپىقچىلارى بىرلە قاماغۇن يومقى باردىلار ئارىغقا ئىلىنچۈ مەڭى قىلغالى. قاماغتا (624) كىچىگى سەۋەر ئامراق ئوغۇلۇم يالاڭۇز قالىپ كەلمەسەر، بولمىس بولغاي ئۆتقۇراق ئادرىلغۇلۇق ئالىپ ئادا." تىپ مۇنچۇلايۇ سى-غتلەدى. ئانچا قىنچا ساپچا ئىككىنتى بۇيرۇقى كەلىپ، ئىلىگ بەگكە تەگدى. ئوترۇ ئىلىگ بەگ ئاڭا:"ئاي بور-يوقا! ئامراق ئاتايىم ماخاساتۋى قانتا ئەرمىس؟" تىپ ئايىتۇ يارلىقادى. ئول بۇيرۇقى بۇيارلىقىغ ئەستىپ، كو-زىنتە ئىسىگ ياشى توكۇلۇ بوسۇشلۇغ قادغۇلۇغىن يىغ-لايۇ ئاغىزى قۇرۇپ، تىلى تامغاقى قاتىپ، ساۋ سوزلە-يۇ ئۇمادىن، كىگىنج بىرمەدىن شۇك تۇردى. ئانى كو-رۇپ، ئىلىگ بەگ قاتۇنى بىرلە ئاسۇقۇپ، ئىنچا تىپ ئايىتتى:"تەركىن سەزلەك بۇيرۇقا! كىچىگى ئوغۇلۇم

قانتا ئەرمەس؟ ئەت ئوزۇم بۇ سانۇر بۇسىر قانۇر
(oot)

ئووتقا ئورتەنىپ كۆيەر تەگ، ئوگۇمىن كوڭۈلۈمىن ئىچ-قىنىپ، موڭقۇل بولۇپ بىلمەزمەن. قىلماڭ مەنىڭ كوگۇ-زۇمىن يارلىغۇلۇق سىنغۇلۇق." تىپ تىدى. ئول ئودۇن ئىكىنتى بۇرىيۇق ئوترۇبودىستۇ تىگىن ئەت — ئوزىن بۇشى بىرىپ نەتەگ قىلمىس ئىشلارىن ئىيىن كەزىگچە تۈزۈ تۈگەتى ئوتۇنتى.

(625) بۇ ساۋىغ ئىلىگ بەگلى قاتۇنلى ئەسىتىپ، ئاچىغلارىن ئەمگەكلەرىن ئۈزە ئۈمادىن، ئۇلىستلار سىغ-تاستىلار. ئوغلىنىڭ ئولمىس يىرىن كورۇگسەپ، تەركىن تاۋراتى يۇگرۇك ئاتلارىن قوشۇقلۇغ قاڭلىتا ئولۇرۇپ، ئول قامسىلىغ ئارىغقا تاۋراق بارتىلار. قاچان بودىستۇنىڭ ئەت ئوزىن بۇشى بىر مىس يىر ئورۇنقا تەگدىلەر ئەرسەر، ئانتا ئوترۇ بۇدىستۇنىڭ ياس سوڭۇكلەرى ئىنارۇ بەرۇ ئانتا مۇنتا ساچىلىپ ياتمىسىن كورۇپ ئەت ئوزلەرىن بىرگەرۇ يىركە چالىپ، ئوگسىرەپ تىنسىراپ، ئىنچا قىلتى ئۇلۇغ ئى ئىغاچ كۆچلۈگ قاتىغ يىلكە توقىتە-لىپ قامىلمىس تەگ تۈستىلەر قامىلتىلار. ئوگلەرىن كو-ڭۈللەرىن ئىچغىنىپ، نە قىلىنمىسىن ئارتى بىلمىمەر بولتى-لار. ئوترۇ ئول ئودۇن ئول بۇرىيۇقلار باسىن تەگرەكى بەگلەر ئىنانچلار سوغاق سۇۋ بۇكۇرۇپ، يىلپىگۇ ئۈزە يىلا-پىيۇ، ئىلىگ بەگىگ قاتۇنۇغ ئانچاتاكىن تىمىن ئانچاقىنا ئوگ-لەنتۇردىلەر. ئوگلەنۇ بىرلە ئوك (626) ئوترۇ ئىلىگلەرىن ئورۇ كوتۇرۇپ، ئۇلىيۇ سىغتايۇ ئىنچا تىپ تاقشۇردىلار:

”نه ئادا ئەرتى ئاتايىم، كوركلەكيه ئۆگۈنۈم؟ ئەلمەك ئەم-
گەك نه چۆكىن ئۆزره كەلىپ ئەرتتۈردى؟ سىنتىدە ئۆڭ-
(ө)
ره ئولمەكىڭ بۆلايىن، ئاي كۆنكيەم كورمەيىن ئەرتى
مۆنىتەڭ ئۆلۆغ ئاچىغ ئەمگەكىڭ“ تىپ تىدى. ئانتا
ئۆترۆ ئىلىڭ بەگ قاتۆنى ئانچاقىنا ئۆگسىرەمەكى سەرد-
لىپ ساچى باسى يادىلىپ، ئىكى ئىلىگى ئۆزە كوكۆزىن
توقىيۇ قلتى بالىق سۇۋىنتىن ئادىرلىپ، ئىسىگ قۇنتا
ئاغنامىس تەگ يىرتە ئاغنايۇ ئىنچا تىپ يىغلادى: ”كىم
ئەتري ئەركى بىچتاچى ئۆگۆكەم ئەت ئوزىن؟ ئۆكى سا-
(ө)
چىلىپ ياتۆر، ئاي، قالمىس سوڭۆك يىر سايۇ ئىچغىن-
مىس مەن كەنچمىن سەۋەر ئامراق ئاتايىمىن. بۇسۇش-
قا ئەمگەككە باسىتىپ، تەبرەنچسىز بولتۇم ئەرمەزمۇ؟ كىم
ئەرتى ئەركى ئولۆرتەچى ئۆگۆكەم چاق سىنى؟ تەگۆر-
تەچى مۆنى تەگ بۇسۇش قادغۇ ئەمگەككە. قاتىغ ۋازىر
ئەرمەزمۇ، كىم مەنىڭ بۇ يۈرەكىم يارىلىپ يوكسىلىپ
(ө)
بارمادىن (627) نه چۆكىن تۆرۆر مۆنى تەگ؟ تۆلۆم-
(ü)
تە مەن باگۆلۆگ كورتۆم ئەرتى بۇ بەلگۆگ. ئىكى ئەم-
(ü)
گىم بىرگەرۆ توبۆره بىچىلۆر تۆسەتىم. ئازىغ تىسىم قوڭ-
رۆلۆپ تۆسۆپ كەلىر بولتى ئەرتى. كورۆر ئەرمىس مەن
(ü)

ئوتقۇراق بۇ ئەمگەككە تۇسغۇقا. يانا تۇسەدىم مۇنتادا
ئادىن ئۈچ كوگۇرچكەن ئاتايىن لاچىن توقۇپ ئۈچەگۈنى
بىرسىنى قابىپ ئىلتۇر بولۇر. ئەمتى يىتۇردۇم ئالىك كى-

( ü )

چىگى سەۋەر ئامراق ئوگۈكۈمىن. ياۋلاق بەلگۇ ئۇتلىسى
ئىدى ئەزۈك بولماتى.» تىپ مۇنچۇلايۇ يىغلادى. ئوترۇ
ئول ئودۇن ئىلىگ بەگ ئۈلاتى ئىكى ئوغلانى بىرلە ئۇل-

( ü )

سۇ سىغتاسۇ كىتەرمەيۈك يىمۈكلىگ تىزىگلىگىن قاماغ
بەگلەر بىرلە يۈمقى بودستۇنلىك قالمىسى سوڭۇكلۈك شە-
رىرىن ئىتىدىلەر يىغدىلەر. ئۇلۇغ تۈرلۈگ تۇرۇن توغۇن

( ɵ )

ئاغىر ئاياغ تاپىغ ئۇدۇق قىلتىلار. قاچان تاپىغ ئۇدۇق
قىلغۇلۇق تۆرۈسىن ئەرتدۈردۈكتە ئوترۇ ئەستۈپ ئىچىنتە
بەكلەدىلەر.

# «‹ئالتۇن ياروق› تىن پارچە» نىڭ تەرجىمىسى

ئاندىن كېيىن تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى بۇرخان مۇنداق دې-
دى: ئانانتا! بۇرۇن بۇ چامبۇدىۋىپ ئېلىدە ماخارادى ئاتلىق
ئىلىك خان بار ئىدى. ئۇ ماخارادى ئىلىك خان ناھايىتى
كاتتا باي بولۇپ، ساڭلىرى ئاشلىق، غەزنىلىرى مال-دۇنيا
بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ باتۇر، مەرگەن، قۇدرەتلىك قوشۇنغا
ئىگە بولۇپ، تۆت ئەتراپىدىكى يەر-زېمىننى بوي سۇندۇرغان،
ھەممىنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. ئۇ دائىم
توغرا نوم بويىچە، قانۇن-تۈزۈملەر بويىچە ئەلنى باشقۇرۇپ،
ئەتراپىدىكى پۇقرالارنى ئاۋۇتقان، ھەممە ئەتراپنى دۈشمەنسىز
قىلغان ئىدى. مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك، كۈچ-قۇدرەتلىك
ئىلىك خان چىرايلىق خوتۇندىن ئۇماق، چىرايلىق — كۆركەم
ئۈچ ئوغۇل كۆرگەن ئىدى. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخابالى،
ئوتتۇرانجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخادىۋى، كەنجى ئوغلىنىڭ ئېتى
ماخاستۋى ئىدى.

بىر قېتىم ئىلىك خان ئۈچ ئوغلى بىلەن سىرتتىكى تاغ-
ئورمانلىقلارغا سەيلىگە چىقتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، سەيلىنى
خۇشال-خۇرام تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۈچ ئوغۇل تېگىت① كۆل

① تېگىت — "تېگىن" نىڭ كوپلۇك شەكلى بولۇپ، تېگىنلەر —
شاھزادىلەر دېگەن مەنىدە. تېگىن ئەسلىدە "قۇل" مەنىسىدە بولۇپ،
كېيىن "شاھزادە" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان.

چىچەك ۋە يەل-يېمىشلەرنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتىسى ئىلىك بەگدىن ئىجازەت سورىدى.

(ئۇلار) ئۇيان-بۇيان يۈرۈپ، (ئاخىرى) بىر چوڭ قومۇشلۇق جىلغىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئارام ئالغىلى ئولتۇرۇشتى. دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا، چوڭ تىگىن ئىككى ئىنىسىگە مۇنداق دېدى: "ھەي ئىنىلىرىم، بۈگۈن مېنىڭ ناھايىتى قورققۇم كېلىۋاتىدۇ، (مېنى) تەشۋىش بېسىۋاتىدۇ. بۇ ئورمانلىقتا ۋەھشى يىرتقۇچ ھايۋانلار بار بولۇپ قالسا، بىزنى يېقىستىۋەتمىسۇن، ئازاپتا قالمايلى". ئوتتۇرانچى تىگىن مۇنداق دېدى: "سوزۈمنى ئاڭلاڭ ئاكا، مەن ئوزەمنىڭ جېنىمنى پەقەت ئايىمايمەن، لېكىن، بىز ئامراق (قان-قېرىنداشلاردىن) ئايرىلىپ قالىدىغان ئازاپتا قالمىساق بولاتتى دەپ قورقىمەن". بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كەنجى تىگىن ماخاستۋى ئىككى ئاكىسىغا مۇنداق دېدى: "بۇ بولسا ئەۋلىيالار تۇرىدىغان جاي. مېنىڭ پەقەت قورقۇنچۇم، ئەنسىزچىلىكىم يوق. ئايرىلىپ كېتەرمىزمۇ دەيدىغان غېمىممۇ يوق. شۇڭا ۋۇجۇدۇمدا تولۇپ تاشقان شاتلىق پەيدا بولماقتا. ئېھتىمال بىز ئالاھىدە بەختكە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن".

شۇ چاغدا بۇ ئۈچ تىگىن ئۆز كوڭۈللىرىدىكى ئويلىغان سوزلىرىنى دېيىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئورمانلىق (جىلغا) ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشتى. ئانچە ئۇزۇن يۈرمەستىن (بىر ئاز مېڭىپ) يېڭى كۆچۈكلىگەن بىر چىشى يولۋاسنى كورۈشتى. ئۇ ئاچ يولۋاس كۆچۈكلىگىلى يەتتە كۈن بولغان ئىدى. يەتتە كۆچىكىنى ئۆزىگە ئولاشتۇرۇپ ئاچلىق،

ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن قىينىلىپ ئورۇقلاپ ئاجىزلىغان بولۇپ، هالسىزلىقتىن بەدەنلىرى ئاجىزلىشىپ، كۈچ-ماغدۇرىدىن كېتىپ ئولەر هالدا ياتقان ئىدى. ئۇنى چوڭ تىگىن ماخابالى كورۇپ مۇنداق دىدى: "هەي بىچارە چىشى يولۋاس! كۈچۈكلىگىلى يەتتە كۈن بولغان بولسىمۇ، يەتتە كۈچىگى ئەگىشىپ ئوزۇقلۇق تېپىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازاۋىدا قىينىلىپ، قايتىدىن يەنە ئوز كۈچۈكلىرىنى يىيىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىچارە جانلىق بولا-غايمۇ؟" بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ماخاستۇى تىگىن ئاكىسىدىن: "بۇ يولۋاس نىمە يەيدۇ؟ ئۇنىڭ دائىملىق تامىغى نىمە؟" دەپ سورىدى. ئاكىسى تىگىن مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى: "يولۋاسنىڭ، يىلپىزنىڭ، چىلبورىنىڭ، ئارسلاننىڭ، بورىنىڭ، تۈلكىنىڭ ئوزۇغى پەقەت ئىسسىق گوش بىلەن قاندۇر. بۇ ئا-جىزلىغان ئاچ يولۋاسنى قۇتولدۇرالايدىغان ئۇنىڭدىن باشقا ئاش-ئوزۇق يوق". بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئوتتۇرانجى تىگىن ماخادىۋى ئويلىماستىنلا مۇنداق دىدى: "بۇ ئورۇقلىغان، هالسىرىغان ئاچ يولۋاس ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازاۋىدا ئىنتايىن قىينىلىپ ئولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بىزدىن باشقا كىممۇ ئۇنىڭغا كېرەكلىك ئوزۇق بولالىسۇن. بۇ بىچارە جانىۋار ئۇچۇن جاندىن كېچىپ، بۇنىڭ هاياتىنى ئۇزارتىش مۇمكىن؟" چوڭ تىگىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئوتتۇرانجى ئىنىسىگە: "هەي ئىنىم! دۇنيادا ئەڭ قىيىن ئىش ئادەمنىڭ ئوز جىنىدىن ۋازكېچىشتۇر" دىدى. بۇ سوزنىڭ ئار-قىسىدىنلا ماخاستۇى تىگىن مۇنداق دىدى: "هەي ئاكىلىرىمەي! بىز هەممىمىز ئوزىمىزنىڭ جىنىمىز (ۋە) تېنىمىزغا ئېسىلىۋالىمىز، يىپىشىۋالىمىز. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ باشقىلارغا پايدا-مەنپەئەت



AltunOq

www.uyghurkitap.com

يەتكۈزىدىغان ئەقىل ـ پاراسەتلىك كۆزىمىز يوقاپ كەتكەنمۇ؟ پە ـ قەت ئۇلۇغ مېھرىۋان كۆڭۈللۈك بەختلىك ئىنسانلار ھەر دائىم ئۆز تېنىدىن ۋاز كېچىپ، جانلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈ ـ زەلەيدۇ“.

بۇ سۆزلەرنى ئاكىلىرىغا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز كۆڭلىدە مۇنداق دەپ ئويلىدى: ”مېنىڭ بۇ تېنىم يۈزمىڭ ئازۇن① دىن بۇيان كېرەكسىز ـ پايدىسىز بولۇپ، كۆپ قېتىم بۇ ـ زۇلدى. پايدىسىز بولۇپ، ھېچقانداق پايدا ـ مەنپەئەت كەلتۈرمىدى. نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇنداق كېرەكلىك ئىشلىتىلىد ـ غان ئورۇن تېپىپ، بۇنداق سېسىق، كېرەكسىز تېنىمنى خۇددى يىرىڭلىق يارىنى سىقىۋەتكەندەك تىتىپ تاشلاپ، بۇ بىچارە ئاچ يولۋاسقا ياردەم قىلمايمەن“. (ئۇ) مۇشۇنچىۋالا ئويلاپ، ئۆز نى ـ ۋىتىدە ئاكىلىرى بىلەن سۆزلىشىدىغان (سۆزلىرىنى) ئېيتىپ بو ـ لۇپ، ئۇ يولۋاسقا ئاجايىپ مېھرىۋان كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ، ئىچىنى ئاغرىتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يىغلىدى. ماخاس ـ تۋى تىگىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئاچلىقىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە ئازاۋىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، كۆزىنى ئۇنىڭدىن زادى ئۈزمەستىن ئۇزاق ۋاقىت تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، ئاخىرى ئىل ـ گىرى يۈرۈپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ماخاستۋى بودىستۋ كېتىۋې ـ تىپ مۇنداق ئويلىدى: ”دەل ئەمدى ئۆز تېنىمدىن ـ جېنىمدىن كېچىدىغان پەيت كەلدى. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، مەن ئەزەلدىن سېسىق، قان ـ يىرىڭلىق، خۇشاللىقى يوق، قەدىرسىز، يىرگىنىچ ـ لىك تېنىمغا ئىشەندىم. يەمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئورۇن ـ

① ئازۇن ـــ سوغدى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، دۇنيا، ئالەم، ئۆمۈر دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

تۆشەك، ئاق، پىل، ھارۋا- ئۇلاق، ئۈنچە- مەرۋايىت، مال- دۇنيادىن بەھرىمەن بولدۇم. (لېكىن) خاراپ بولماق، بۇزۇلماق قانۇنىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسى داۋاملىق بۇزۇلدى، خاراپ بولدى. (شۇنداقتىمۇ) مەن يەنىلا بۇ تېنىمنى ئاسراپ، ئاياپ خاراپ قىلغىلى زادىلا ئۇنىمىدىم. (لېكىن) ھەرقانچە ياخشى كۈتكەن بولساممۇ، ياۋۇز دۈشمەننىڭ قانۇنى بويىچە مېنى قايتىدىن تاشلىۋېتىپ، خۇشاللىقسىز، نەتىجىسىز قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىش كېرەككى، تەن — مەڭگۈلۈك مۇستەھكەم نەرسە ئەمەس. ئۆزگە نىسبەتەن ئۇ پايدىسىز ھەم يامان دۈشمەندەك قورقۇنچلۇقتۇر. (كىشىنى) سەسكەندۈرىدىغان مەينەتلىكى بىلەن تولسا، (ئۇنىڭ) مەينەتلىكى قىغ دۆۋىسىدەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى مەن (بۈگۈنكى كۈندە) بۇ تېنىمنى ئىشلىتىپ، ھەيران قالارلىق ئۇلۇغ ئىش قىلاي. سانسارلىق① دېڭىزى ئىچىدە سال- كېمە بولاي. تۇغۇلماق- ئۆلمەكنىڭ (ئازاپلىق) قايىنىمىدىن تاشقىرىغا تارتىپ چىقىراي.“ يەنە مۇنداق دەپ ئويلىدى: ”ئەگەر مەن بۇ تېنىمدىن ۋازكەچسەم، سان- ساناقسىز گۇنالارنى، يارىنى، بەزنى، قان- يىرىڭنى، كېسەل- ئاغرىقلارنى، قورقۇنچ ئەيمىنىشلەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ پاكىزلىغان بولىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەن بولسا ئوتتۇز ئالتە تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق بىلەن تولغان بولۇپ، گويا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك مۇستەھكەم ئەمەس. (ئۇنىڭدا) بارلىق قۇرۇت- قوڭغۇزلارنىڭ توپى، قان- يىرىڭنىڭ ئورنى سىڭىر، تومۇر بىلەن يۆگەلگەن ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئۆگى-

① سانسار — بۇددا دىنىدا بۇ دۇنيانى ھايات- ماماتلىقنىڭ قايناملىق ئازاپ دېڭىزى دەپ قارايدۇ. سانسار: ئايلىنىش، قاينام دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

لىرى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ ئىنتايىن يېرگىنىچلىك (ھەم) سەس-
كەندۈرەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمدى مەن بۇ تېنىمدىن
ۋازكېچىپ (ۋە ئۇنى) تازىلاپ، چەكسىز ئۇستۇنلۇكتىكى مەڭگۈ-
لۈك نېرۋاننى① ئىزلىشىم لازىم. غەم-قايغۇ، جاپا-مۇشەققەتنى
بىراقلا تارقىتىۋېتىشىم؛ تۇغۇلماق-ئۆلمەكنىڭ ئايلىنىشىنى توختى-
تىشىم؛ نىزۋان② لىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشۈم؛ دىيانا ئەقىل-پاراسى-
تى ۋە كۈچىنى كۈچلەندۈرۈشۈم؛ تولۇق-مۇكەممەل تەربىيىلە-
نىشنى ياخشى كەمكۈتىسىز پۈتتۈرۈشۈم؛ يۈز (تۆرلۈك) سائا-
دەتلىك زىننەتلىرى بىلەن بېزىشىم؛ تولۇق-مۇكەممەل ئەقىل-
پاراسەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈشۈم؛ بارلىق بۇرخانلار تەرىپىدىن مە-
دھىيىلەنگەن مۇقەددەس نومۇلۇق تەننى تونۇشۇم، بەش ئازۇندىكى
جانلىقلار پەرزەنتلىرىنى نوم سەدىقىسى خوشاللىقى بىلەن
شاتلاندۇرۇشۇم لازىم." ماخاستۋى تېگىن شۇنچىۋالا تەپسىلى
ئېنىق ئويلانغاندىن كېيىن يۆكسەك جاسارەتتە تۇرۇپ، ئۇلۇغ
ئۈمىتلەرگە چۆمۈپ، ئۇلۇغ مېھرىۋان كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ، كۆڭلى-
كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ئىككى ئاكىسى تۇيۇپ قالسا، چوچۇپ-
قورقۇپ، (مېنى) تەڭلىكتە قويۇپ، ئارزۇ قىلغان ئارمىنىمغا يەتكۈز-
مەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئىككى ئاكىسىغا "(سىلەر) ئاۋال
مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن دەرھال كەينىڭلەردىن يېتىمەن" دەپ
ئاكىلىرىنى ماڭغۇزۇۋەتتى. (شۇندىن كېيىن) ماخاستۋى تېگىن

① نېرۋان — بۇددا دىنىدا ھايات-ماماتتىن خالى بولغان ھا-
لەتكە ئىنتىلىش توغرىسىدىكى خىيال.

② نىزۋان — سوغدى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن
سوز بولۇپ، "دىلخەستەلىك، ئازاپلانماق" دىگەن مەنىلەرگە ئىگە.

يالغۇز ئوزى قايتىدىن يەنە شۇ ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ، ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كىيىملىرىنى دەرھال يېشىپ قومۇشنىڭ پۇتىغىغا ئېسىپ قويۇپ، ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز بىلەن: "مەن ئەمدى سانساردىكى پۈتۈن جانلىقلار ئۈچۈن يۈكسەك ئۈستۈنلۈكتىكى بۇرخان ئالىملىرىنىڭ ئۈمىدى بىلەن تەۋرەنمەس، چېچىلماس ئۇلۇغ مېھرىۋان كوڭۈل تۇرغۇزۇپ، ئوزەمنىڭ ياخشى كورىدىغان ئامراق تېنىمنى تىتىپ تاشلايمەن، بۇزۇلمايدىغان — يىمىرىلمەيدىغان بۇرخان بەختىنى تىلەيمەن. بارلىق دانىشمەنلەر ياخشى كورىدىغان، ياقتۇرىدىغان ئۈچ (خىل) دۇنيادىكى ئازاپ دېڭىزىدىن جانلىقلارنى يۇقۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ خاتىرجەم خۇشال قىلاي" دىدى.

بۇ چاغدا تىگىن مۇشۇنىچىۋالا سوزلەپ، ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ مېھرىۋانلىقى ۋە ھەيۋەتلىكى تۇپەيلىدىن ئۇ ئاچ يولۋاس (ئۇنى) يېيىشكە پېتىنالمىدى. بودىستىۋ ئۇنى كورۇپ، ئىگىز تاغقا چىقىپ ئوزىنى تۆۋەنگە تاشلىدى. يەرگە چۈشكەندە بودساتۋا يەنە مۇنداق ئويلىدى: "بۇ يولۋاس ئورۇقلۇق، ھالسىزلىق تۇپەيلىدىن مېنى يېيەلمىدى." ئاندىن كېيىن بودساتۋا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق-بۇياققا قاراپ پىچاق ئىزلەپ تاپالمىدى. ئاخىرى قۇرۇپ قالغان قاتتىق قومۇشنى ئېلىپ، ئۇنى بويۇن تومۇرىغا سانچىپ قان چىقاردى. قان ئاستا-ئاستا ئېقىپ يولۋاسقا يېقىن باردى. (قان ئېقىپ) يولۋاسنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىشى ھامان، بۇ غايەت زور قۇڭغۇر يەر ھەر تۇرلۇك تەۋرەپ كەتتى. خۇددى قاتتىق بوران چىقىپ كول سۇيىنى چايقىغاندەك سۇلار يۇقۇرى-تۆۋەن داۋالغۇپ چايقالدى؛ ئاسماندىكى كۈن (گويا) تەگرى تورى چىرمە-

ۋالغاندەك قاراڭغۇلشىپ، نۇرسىزلىنىپ غۇۋۋالاشتى، توت تەراپ-نىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى. قارا تۇمان بىلەن قاپلاندى. كوك ئاسماندىن تەكرىنىڭ ئىپاردەك خۇشبۇي گۈل-چېچەكلىرى ياغدى. ئورمانلىقنىڭ ئىچى گۈل-چېچەكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ ئاچ يولۋاس بودساتۋانىڭ بويىندىن قان ئېقىۋاتقانلىغىنى كوردى. ئاندىن ئۇ، قانىنى يالاپ گوشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتتى. (بودساتۋانىڭ) پەقەت قۇرۇق سوڭەكلىرىلا قالدى.

(دەل) مۇشۇ چاغدا بودساتۋا تىگىننىڭ چىرىك ئاكىسى يەر تەۋرىگەنلىگىنى كورۇپ، ئىنىسىگە: "قوڭۇر يەر ناھايىتى قاتتىق تەۋرەۋاتىدۇ. تاغلار (سىلكىنىپ)، دەريالار (تېشىپ)، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، كۈن غۇۋۋالىشىپ كەتتى. ئاسماندىن گۈل-چېچەكلەر يېغىۋاتىدۇ. بۇ چوقۇم ئىنىمىزنىڭ تېنىنى (تىتىپ) تاشلىغانلىغىنىڭ بەلگىسى" دېدى. بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، كىچىك ئىنىسى مۇنداق دېدى: "مەن ماخاساتۋانىڭ ئىچ ئاغرىد-تىپ ئېيتقان چىن سوزىنى ئاڭلىدىم. ئۇ (ھېلىقى) ئورۇق، ئا-چىز، ئاچ يولۋاسنىڭ ئاچلىق ئازاۋىدىن ئوز يېنىغا ئولاشقان كۈچۈكلىرىنى يىگىلى تەمشىلىۋاتقانلىغىنى كورگەن. ئىنىم ئوز جېنىدىن كەچكەنمىدۇ-يا؟ شۇنىڭدىن گۇمان قىلىۋاتىمەن." شۇ چاغدا ئىككى تىگىن مۇشۇنداق سوزلىشىپ، ھەسرەت چېكىپ قايغۇرۇپ يىغلاشتى. ئاندىن كېيىن دەرھال كەينىگە يېنىپ، ھېلىقى يولۋاس ياتقان جايغا بېرىشتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاند-دىن كېيىن، ئىنىسى ماخاساتۋا تىگىننىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ قومۇش پۇتىغىدا ئېسىغلىق تۇرغانلىغىنى، سوڭەك ۋە چاچلىرىنىڭ

ئۇ يەر-بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقانلىقىنى، ئاققان قانلىرىنىڭ توپا بىلەن يۇغۇرۇلۇپ لاي بولۇپ تۇرغانلىقىنى كوردى. بۇنى كو-رۇش بىلەنلا، ئوزلىرىنى سوڭەك ئۇستىگە تاشلاپ، ئاھ ئۇرۇپ ھۇشىدىن كېتىشتى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ، قول-لىرىنى ئېگىز كوتىرىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ قايغۇردى، ئازاپ-لاندى. (ئۇلار) يىغا-زارە قىلىشىۋېتىپ مۇنداق دېيىشتى:"ئەدەپ-قائىدىلىك، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان چىرايلىق ئىنىمىز ئىدىڭ! ئاھ-غېرۇرىمىز! ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئارزۇلۇق بالىسى ئىدىڭغۇ قې-رىنداش! نېمىشقىمۇ ئۇچىمىز بىللە يۇرمىگەن بولغىدۇق؟! نېمە ئۇچۇن جېنىڭدىن كەچتىڭ، بىز بىلەن بىللە ماڭمىدىڭ؟! ئا-نىمىز بىزنى كورۇپ (سېنى) سورىسا، ئىككىمىز نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز؟ ئۇنىڭدىن كورە ئۇچىلىمىز بىللىلا ئولگەن بولساق ياخشى بولماسمىدى؟! ئەمدى بىزگە بۇ جېنىمىزنىڭ نېمە كېرەد-گى بار؟!" ئۇ ئىككى تىگىن مۇشۇنىچۇالا پۇشايمان يەپ، يىغا-زارە قىلىشىپ يەنە ھۇشىدىن كېتىشتى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن (ھۇشىغا كېلىپ) ئۇ يەردىن ئايرىلىپ مېڭىشتى.

بۇ چاغدا ماخاساتۋا تىگىننىڭ خىزمەتچىلىرى: "تىگىنىمىز كېچىكتى، قەيەرگە كەتكەندۇ؟ يۇرۇڭلار، نەدە بولسىمۇ ئىزلەپ تاپايلى!" دېيىشتى.

دەل شۇ چاغدا، (تىگىنلەرنىڭ) ئانىسى خانىش شەھەر-دىكى ئېگىز راۋاقتا يېتىپ، ئۇيقۇدا ناھايىتى يامان چۇش كو-رۇپتۇ. چۇشىدە، ئەمچىگى پۇتۇنلەي پىچىلىپ كېتىپتۇمىش. ئېزىق چىشلىرى قومۇرۇلۇپ چۇشۇپ كەتكەنمىش. ئۇچ كەپتەر باچكىسىنى لاچىن قوغلاپ، بىرسىنى تۇتۇپ كېتىپتۇمىش. (قالغان) ئىككىسى قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇمىش. مۇشۇنداق چۇش

www.uyghurkitap.com

كورۇپ ياتقان ئىكەن. يەر تەۋرىشى بىلەنلا چوچۇپ ئويغىنىپ،
غەم ـ ئەندىشە بىلەن (ئۆز ـ ئۆزىگە): "نېمە سەۋەپتىن يەر مۇنـ
چىۋالا قاتتىق تەۋرەيدىغاندۇ؟ دەريا ـ كۆللەر تېشىپ، دەل ـ دە ـ
رەخلەر ئىغاڭلاپ، قۇياش خۇددى (بىر نەرسە يۈزىنى) توسـ ـ
ۋالغاندەك نۇرسىزلاندى. كوزۇم، كوكسوم تەۋرەپ باشقىچە بو ـ
لۇۋاتىدۇ. يۈرىگىمگە ئوق ئاتقاندەك سىقىلىۋاتىمەن، ئازاپلىنىۋا ـ
تىمەن. پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ (كوڭلۇم) زادىلا تىنـ ـ
چىمايۋاتىدۇ. كورگەن چۈشۈمنىڭ يامانلىغىغا قارىغاندا، جەزمەن
ئىنتايىن يامان بىر بالايى ـ ئاپەت يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ" دې ـ
دى. شۇ ئارىدا ئىككى ئەمچىگى ئىۋىپ سۈتى ئېقىپ كەتتى.
ئۇنى كورۇپ تېخىمۇ بىئارام بولدى، ئەنسىرىدى. بۇ چاغدا،
بۇ خانىشنىڭ دىدەك قىزى سىرتتا تۇرغان ئىكەن. (ئۇ قىز)
كوچىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ: "تىگىننى تېخىچە ئىز ـ
لەپ تاپالماپتۇ" دىگىنىنى ئاڭلاپتۇ. دىدەك قىز بۇ سوزلەرنى
ئاڭلاپ، قورقۇپ، ھودۇقۇپ، ئوردىغا كىرىپ خانىشقا: "خېنىم
ئۇققىنىڭىزمىكىن، سىرتتا مۇنداق بىر سوز ئاڭلىدىم، تىگىننى تېخى ـ
چە ئىزلەپ تاپالماپتۇ. بۇ قانداق گەپتۇ؟" دەپتۇ. خانىش بۇ
سوزنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەم ـ ئەندىشىگە چوكۇپ، ئاچچىغى كې ـ
لىپ كوزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئىلىك بەگنىڭ قېشىغا
بېرىپ: "ئەي ئۇلۇغ ئىلىك بەگ، مەن مۇنداق بىر گەپ ئاڭ ـ
لىدىم. بۇ نېمە دىگەن گەپ؟ ...... ياكى بىز ئوزىمىزنىڭ ئەڭ
ئامراق بالىمىز كەنجى تىگىن ماخاساتۋىدىن ئايرىلىپ قالدۇقمۇ
نېمە؟" دىدى. بۇ سوزنى ئىلىك بەگ ئاڭلاپ، ناھايىتى چو ـ
چۇپ ـ قورقۇپ، كوڭلى بۇزۇلۇپ ـ پاراكەندە بولۇپ يىغلاپ: "ۋاي
ئازاۋەي ئاھ دەردىمەي! ئەمدى كېلىپ سۈيۈملۈك پەرزەندىمىنىمۇ

يوقاتتىمۇ نېمە؟" دەپ (ھەمدە) يېشىنى يۈتۈپ، خوتۇنىغا تەسەللى بېرىپ: "ھەي ئانىسى، سەن قايغۇرما. مەن ئەمدى بارلىق ئادەملەر بىلەن بېرىپ، ئامراق ئوغۇللىرىمىنى ئىزلەي، (ئۇلارنىڭ) بار-يوقلۇقىنى بىلەي" دەپ، دەرھال بۇيرۇقلىرى، ئىنانچىلىرى بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ، تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ، ھەرقايسى يەرلەرنى ئىزلىگىلى مېڭىشتى. شۇ ئارىدا، بۇ سوز تېخى تۈگىمەستىنلا بىر بۇيرۇق ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، ئىلىك بەگكە يېقىن تۇرۇپ: "ئەي ئۇلۇغ بەگ، قايغۇرمىسىلا. ئىككى تىگىن ئامان-ئېسەن يېتىپ كەلدى. (لېكىن) ئەڭ كىچىك ماخاساتۋى تىگىننى تېخى تاپالمىدۇق. (يەنە) ئىزلەۋاتىدۇ" دېدى. ئىلىك بەگ بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ بىر تىنىپ مۇنداق دېدى: "ھەي پىشكەللىك، ھەي پىشكەللىك! جاندىن ئېزىز ئامراق تايچىغىمدىن ئايرىلغان ئوخشايمەن. تايچىغىم يېڭى تۇغۇلغاندا، ئانچە كويمەيتتىم. ئەمدى ئوغلۇمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قايغۇ-ھەسرىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئەگەر مۇشۇ تاپتا تىرىك-ئېسەن يۈزىنى كورسەم، ئولسەممۇ ھاياتىمدا ئارمىنىم قالمىغان بولاتتى" خوتۇنى بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئوق تەككەن ئادەمدەك (دەلدەڭشىپ)، كوڭلى-كوكسى قايغۇ-ھەسرەتكە چىرمىشىپ، يىغلامسىراپ: "ئۈچ بالام كۈتكۈچىلىرى بىلەن بىللە ئورمانلىقتا سەيلى قىلغىلى كەتكەن ئىدى. ھەممىدىن كىچىك سۈيۈملۈك، ئامراق ئوغلۇم يالغۇز قېلىپ كەلمىدى، جەزمەن (ئۇنىڭدىن) جۇدا بولىدىغان بەختسىزلىك بولغان ئوخشايدۇ" دەپ كوپ نالە-زارە قىلدى. ئۇزۇن ئوتمەي، رېتى بويىچە ئىككىنچى بۇيرۇغى ئىلىك بەگنىڭ قېشىغا كەلدى. ئازدىن كېيىن ئىلىك بەگ ئۇنىڭدىن "ھەي بۇيرۇغۇم، ئامراق تاي-

چىغىم ماخاساتۋى قەيەردە ئىكەن؟" دەپ سورىدى. بۇيرۇق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆزىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈپ، قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ، ئاغزى قۇرۇپ، تىل ـ تاماقلىرى قېتىپ گەپ قى ـ لالماستىن، جاۋاپ بېرەلمەي شۈك تۇردى. بۇنى كۆرۈپ، ئىلىك بەگ خوتۇنى بىلەن ئالدىراپ مۇنداق دەپ سورىدى: "تېز سۆزلەڭ بۇيرۇغۇم! كىچىك ئوغلۇم (زادى) نەدىكەن؟ (خۇددى) ئوتتا ئورتىنىپ كۆيۈۋاتقاندەك، بەدىنىم قىزىپ، ئەقلى ـ ھۇشۇم ـ نى يوقىتىپ، (كۆڭلۈم) پاراكەندە بولۇپ، (ئۆزەمنى) بىلەلمەي ـ ۋاتىمەن. يۈرىگىمنى پارە ـ پارە قىلىپ سۆندۈرماڭ" دېدى. بۇ چاغدا، ئىككىنچى بۇيرۇقچى بودساتۋا تىگىنىنىڭ ئۆز تېنىنى سەدى ـ قە قىلىپ، قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىر بىرلەپ تولۇق سۆزلەپ بەردى.

بۇ سۆزلەرنى ئىلىك بەگنىڭ خوتۇنى ئاڭلاپ، ئاچچىق ھەسرەت ـ ئازاۋنى توختىتالماي ھوكىرەپ يىغا ـ زارە قىلىشتى. ئوغلىنىڭ ئۆلگەن يېرىنى كۆرگىسى كېلىپ، دەرھال يۈگرۈك ئاتلار قوشۇلغان ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ھېلىقى قومۇشلۇق جىلغىغا تېزدىن يېتىپ باردى. بودساتۋا ئۆز تېنىنى سەدىقە قىلغان يەرگە بارغاندىن كېيىن، بودساتۋانىڭ ياش سۆڭەكلىرىنىڭ چې ـ چىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى بىراقلا يەرگە ئېتىپ، ھۇشسىزلىنىپ، خۇددى بىر زور دەرەخ قاتتىق بورانغا سوقۇلۇپ ئۆرۈلگەندەك يىقىلىشتى. ئەس ـ ھۇشلىرىنى يوقىتىپ نېمە قى ـ لىشنى بىلەلمىدى. ئاندىن كېيىن، بۇيرۇقچى بەگلەر بېگى بىلەن ئەتراپىدىكى بەگلەر، ئىنانچىلار سوغاق سۇ پۈركۈپ، يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپ، ئىلىك بەگ بىلەن خوتۇنىنى خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاران ھۇشىغا كەلتۈرۈشتى. (ئۇلار) ھۇشىغا كېلىشى بى ـ

لەنلا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ مۇنداق دەپ بېيىت توقۇشتى:

نە بەلا بولدى تايچىغىم،
ئۇماقىنە قوزام.
نە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ زۇلمى،
ئالدى بىلەن ساڭا كەلدى.
سەندىن بۇرۇن ئۆلۈشكە،
رازى ئىدىم، ئەي، مېنىڭ قاياشىم.
مۇنداق قاتتىق ئازاپنى،
ئەمدى مەن زادى كۆرمەي.

ئاندىن ئىلىك بەگنىڭ خوتۇنى بىر ئاز ھوشىغا كەلدى. (ئۇ) چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ئىككى قولى بىلەن كۆكسىگە ئۇرۇپ، خوددى بېلىق سۇدىن ئايرىلىپ قىزىق قۇمدا ئېغىنىغاندەك يەردە ئېغىناپ، مۇنداق دەپ يىغلىدى: "كىمدۇ ئۇ، قوزامنىڭ تېنىنى پىچاقان؟ (ئۇنىڭ) قالغان سۆڭەكلىرى ھەر يەردە چېچىلىپ ياتىدۇ. مەن كەنجەمنى — سۆيۈملۈك ئامراق تايچىغىمنى يوقىتىپ، چەكسىز قايغۇ-ھەسرەت (مېنى) بېسىۋېلىپ تەۋرىيەلمەي قالدىمغۇ!؟ كىم ئۆلتۈردى مېنىڭ ئامراق قوزامنى؟ كىم ماڭا سالدى مۇنداق قاتتىق قايغۇ-ئازاپنى؟! مېنىڭ يۇردگىم قاتتىق ئالماس ئەمەس، (ئۇ) قانداقمۇ يېرىلماي، پارە-پارە بولماي بۇنداق تۇرالىسۇن!؟ چۈشۈمدە مەن بۇ ئالامەتنى كۆرگەن ئىدىم. چۈشۈمدە ئىككى ئەمچىكىم پۈتۈنلەي پىچىلىپ، ئېزىق چىشلىرىم قومۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. چوقۇم مۇشۇ قايغۇ-كېلىشمەسلىكنى كۆرگەن ئىكەنمەن. يەنە بۇنىڭدىن باشقا

ئۈچ كەپتەر باچكىسىنى لاچىن قوغلاپ، بىرىنى تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى كېلىپ ئەڭ كىچىك ئارزۇلۇق، ئامراق پەرزەندىمنى يوقاتتىم. (چۈشۈمدىكى) شۇملۇق بەلگىسى يالغان بولمىدى".

شۇندىن كېيىن، ئىلىك بەگ ئىككى ئوغلى بىلەن يىغا-زارە قىلىشىپ، زىننەتلەنگەن، ئىسىل (كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ) يەغىشتۇرماستىن بارلىق بەگلەر بىلەن بىرلىكتە بودساتۋانىڭ قالغان سۆڭەك-شەرىرىنى يىغىشتى.

(ئۇلار) ناھايىتى كاتتا دەپىن مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، (بودساتۋاغا) ناھايىتى زور ھۆرمەت-ئىھتىرام بىلدۈردى. ھۆرمەت-ئىھتىرام بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئاياقلاشقاندىن كېيىن مۇنار ئىچىگە دەپنە قىلدى.

# «ئوغۇز نامە»نىڭ تەرجىمىسى

## 1

1. شۇنداق بولسۇن دېيىشتى ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى
2. مانا ئۇ يە مۇندىن كېيىن خوشال
3. بولدى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاي خاقاننىڭ
4. كوزى يورۇپ، بوشاندى، ئوغۇل تۇغدى.
5. ئۇ ئوغۇلنىڭ ئولڭ-چىرايى كوك
6. ئىدى، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كوزلىرى ھال، چاچ-
لىرى، قاشلىرى
7. قارا ئىدى، گۈزەل پەرىشتىلەردىنمۇ
8. چىرايلىق ئىدى، بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ
9. كوكسىدىن ئوغۇزنىلا ئەمدى، ئۇنىڭدىن

## 2

1. ئارتۇق ئەممىدى، خام گوش، ئاش-تاماق، شاراپ
2. تەلەپ قىلدى. تىلى چىقتى، قىرىق كۈندىن كېيىن،
3. چوڭ بولۇپ ماڭدى ۋە ئويناشقا باشلىدى. (ئۇنىڭ)
ئايىغى ئوكۈزنىڭ ئايىغىدەك، بېلى

4. بورسىنىڭ بىلىدەك، يەلكىسى بولغۇن يەلكىسىدەك، كوكسى

5. (بولسا) ئېيىقنىڭ كوكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنى

6. تۈكلۈك ئىدى. يىلقا باقاتتى.

7. ئاتلارغا مىنەتتى، هايۋانلارنى

8. ئوۋلايتتى. كۈنلەر ئوتۈپ

9. كېچىلەر ئوتۈپ (ئۇ) يىگىت بولدى.

3

1. بۇ چاغدا بۇ يەردە بىر چوڭ ئورمان بولۇپ،

2. (ئۇنىڭدا) كوپلىگەن چوڭ - كىچىك دەريالار بار ئىدى. بۇ يەرگە

3. ناهايىتى كوپ هايۋانلار كېلەتتى. نۇرغۇن قۇشلار ئۇچۇپ يۈرەتتى،

4. بۇ ئورماننىڭ ئىچىدە ئىنتايىن چوڭ قىيات① بار ئىدى.

5. (ئۇ) يىلقىلارنى، ئادەملەرنى (خەلقنى) يەپ كېتەتتى. قالتىس

6. يامان بىر هايۋان ئىدى. (ئۇ) خەلق بېشىغا

7. ئېغىر قايغۇ - هەسرەت كەلتۈردى. ئوغۇز خاقان باتۇر

① قىيات — بىر خىل هايۋان بولۇپ، بۇنىڭ ئېنىق قانداق هايۋان ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، مۈڭگۈزلۈك هايۋان دەپ ئىزاهلايدۇ. بۇ تەرجىمىدە قىيات دەپ ئالدۇق.

8. قورقماس كىشى ئىدى. بۇ قىياتنى ئۇۋلاشنى خالىدى.
9. كونلەرنىڭ بىرىدە (ئوغۇز) ئۇۋغا چىقتى. نەيزە

## 4

1. يا، ئوق يەنە قىلىچ ۋە قالقان ئېلىپ،
2. يولغا ئاتلاندى. بىر بۇغا ئالدى. (تۇتتى) بۇ بۇغىنى
3. تالنىڭ چىۋىغى بىلەن دەرەخكە باغلاپ. كەتتى.
4. شۇندىن كېيىن، تاڭ ئاتتى، تاڭ سەھەردە (ئوغۇز)
5. كېلىپ كوردىكى، قىيات بۇغىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.
6. (ئوغۇز) يەنە بىر ئېيىقنى تۇتۇپ، ئالتۇن
7. بەلۋىغى بىلەن دەرەخكە باغلاپ (قايتىپ) كەتتى.
8. بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە تاڭ ئاتتى، تاڭ سەھەردە
(ئوغۇز)
9. كېلىپ كوردىكى، قىيات ئېيىقنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ.

## 5

1. ئۇ ئوزى شۇ دەرەخنىڭ تۇۋىدە تۇردى، قىيات
2. كېلىپ، ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا بېشىنى ئۇردى، ئوغۇز
3. نەيزە بىلەن قىياتنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۇنى
4. ئولتۇردى، قىلىچى بىلەن بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەت-
تى، كېيىن
5. كېلىپ كوردىكى، بىر شۇڭقار قىياتنىڭ ئىچ - قارنىنى
6. يەۋاتاتتى. (ئوغۇز) ئوق ۋە يا بىلەن

7. شۇڭقارنى ئۇلتۇردى ۋە بېشىنى كەستى، ئاندىن
8. كېيىن دېدىكىم ”شۇڭقارنىڭ قىياپىتى
9. مانا مۇشۇ قىيات بۇغىنى يېدى، ئېيىقنى يېدى، نەيـ-
زەم

6

1. ئۇنى ئۇلتۇردى. (چۇنكى) ئۇ تومۇردۇر. (قىياتنى)
2. شۇڭقار يېدى. يا ۋە ئوقۇم (ئۇنى) ئۇلتۇردى.
ئۇ، شۇ يا كېرەك، دېدى
3. ۋە كەتتى. قىياتنىڭ قىياپىتى مانا مۇشۇ.
4. كۈنلەرنىڭ بىرىدە
5. ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى
6. (ئەتراپ) قاراڭغۇلۇق تۇشۇپ ئاسماندىن
7. بىر كوك نۇر چۈشتى. (ئۇ) كۈندىنمۇ يورۇق،
8. ئايدىن نۇرلۇق ئىدى.
9 ئوغۇز خاقان (ئۇنىڭ قېشىغا) بېرىپ كوردىكى

7

1. بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بار
2. ئىدى. ئۇ يالغۇز ئۇلتۇراتتى، ئىنتايىن چىرايلىق
3. بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا چوغدەك
4. نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، (ئۇ خۇددى)
5. قۇتۇپ يۇلتۇزدەك ئىدى. بۇ قىز شۇنچىلىك

6. چىرايلىق ئىدىكى، (ئۇ) كۈلسە كۆك ئاسمان
7. (بىللە) كۈلەتتى، (ئۇ) يىغلىسا، كۆك تەڭرى
8. (قوشۇلۇپ) يىغلايتتى، ئوغۇز خاقان
9. ئۇنى (قىزنى) كۆرۈپ، ئەس-ھوشىنى يوقاتتى، ئۇ-
نى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ

## 8

1. بىلەن ياتتى. ئارمانغا يەتتى. (قىز) ئېغىر ئاياق
(ھامىلدار)
2. بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، كېچىلەر ئۆتۈپ،
3. (ئۇنىڭ) كۆزى يورۇدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى.
4. بىرىنچىسىنىڭ ئېتىنى كۈن قويدى، ئىككىنچىسىنىڭ
5. ئېتىنى ئاي قويدى، ئۈچىنچىسىگە
6. يۇلتۇز دەپ ئات قويدى. يەنە بىر كۈنى
7. ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى، ئۇ ئالدىدا
8. بىر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخ كۆردى،
9. شۇ دەرەخنىڭ شاخلىرى ئارىسىدا سايىسىدا،

## 9

1. بىر قىز بار ئىدى. (ئۇ) يالغۇز ئولتۇراتتى،
2. بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ
3. كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك،
4. چېچى دەريا ئېقىمىدەك، ئۇنىڭ

5. چىشلىرى خۇددى ئۈنچىدەك ئىدى، (ئۇ قىز) شۈن-
چىلىك

6. چىرايلىق ئىدىكى، جاھاندىكى كىشىلەر ئۇ قىزنى
كورسە

7. ھاي، ھاي، ئاھ، ئاھ ئولىدىغان بولدۇق دەيتتى.

8. سۈتىمۇ قىمىزغا ئايلىناتتى، ئوغۇز خاقان

9. ئۇنى كورۇپ، ئېسىنى يوقاتتى، يۈرىگىگە ئوت

## 10

1. تۇتاشتى. ئۇنى ياخشي كورۇپ ئالدى ۋە بىللە
ياتتى.

2. ئارزۇسىغا يەتتى، (قىز) ئېغىر ئاياق بولدى.
كۈنلەر

3. ئوتۇپ، كېچىلەر ئوتۇپ

4. كوزى يورۇدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى.

5. بىرىنچىسىنىڭ ئىسىمىنى كوك (ئاسمان) قويدى

6. ئىككىنچىسىنىڭ ئېتىنى تاغ قويدى.

7. ئۈچىنچىسىنىڭ ئېتىنى دېڭىز قويدى.

8. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇز خاقان بىر چوڭ

9. توي بەردى. خەلققە يارلىق.

## 11

1. چىقىرىپ، كېڭەشتى ۋە (كىشىلەر) مەسلىھەت بويىـ
چە، كېلىشتى،

2. قىرىق شىرە، قىرىق ئورۇندۇق ياساتتى، تۈرلۈك تاماقلار،
3. نازى - نېمەتلەر يېيىشتى ۋە تۈرلۈك شاراپلار، قىمىز - لار.
4. ئىچىشتى، تويدىن كېيىن، ئوغۇز
5. خاقان، بەگلەرگە، خەلققە
6. يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇنداق دېدى: ”مەن سىلەرگە
7. خاقان بولدۇم، يا بىلەن قالقان ئالايلۇق“
8. ئايمىغىمىز ”بەخت - سائادەتلىك“ بولسۇن ”پارا - غەت، هوزۇر - هالاۋەت بىزگە تامغا بولسۇن“
9. كوك چورى ئوران ① بولسۇن، تومۇر نەيزىلەر

12

1. (خۇددى بىر) ئورمان بولسۇن، ئەتراپتا قۇلانلار يۈرسۇن،
2. يەنە دېڭىز - دەريا ئېقىپ تۇرسۇن، كۈن (بىزگە) تۇغ بولسۇن.
3. ئاسمان چېدىرىمىز بولسۇن، ئۇندىن كېيىن يەنە
4. ئوغۇزخاقان توت ئەتراپقا يارلىق ئەۋەتتى.
5. ئۇقتۇرۇش يېزىپ (ئۇنى) ئەلچىلەردىن ئەۋەتتى.

① ئوران — جەڭ بەلگىسى، هازىرقى پارول، كولىنىڭ دېگەن مە- نىنى بەرسە كېرەك. مەخمۇت قەشقەرى بۇ سوزنىڭ شەكلىنى ”ئوم“ دېگەن. (ئوران — موڭغۇلچە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

6. بۇ ئۇقتۇرۇشتا شۇنداق يېزىلمىش ئىدى:
7. مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانى بولسەمەن،
8. يەرنىڭ تۆت بولۇڭىنىڭ خاقانى
9. بولۇشۇم كېرەك. سىلەردىن (ماڭا) بوي سۇنۇشنى

## 13

1. تەلەپ قىلىمەن. كىمكى (ماڭا بوي سۇنۇپ)
2. ئاغزىمغا باقسا، سوغا بېرىپ (ئۇنىڭ بىلەن)
3. دوست بولىمەن، دېدى، كىمكى
4. ماڭا بوي سۇنمايدىغان بولسا، غەزەپكە كېلىپ
5. قوشۇن تۈزۈپ، دۈشمەن دەپ بىلىمەن.
6. دەرھال باستۇرۇپ بېرىپ، (دارغا ئاستۇرۇپ)
7. (ئۇنى) يوق قىلىمەن، بۇ چاغدا
8. ئوڭ تەرەپتە ئالتۇن خاقان
9. دىگەن بىر خاقان بار ئىدى، مۇشۇ ئالتۇن

## 14

1. خاقان ئوغۇزخاقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ،
2. كۆپلىگەن ئالتۇن، كۈمۈش، نۇرغۇن
3. ئىسىل ياقۇتلارنى ۋە نۇرغۇن دۇر - مەرۋايىتلار
4. ئەۋەتىپ، سوغا تۇتۇپ، ئوغۇزخاقانغا
5. بېقىندى، (ئوغۇز) بۇ ياخشى بەگ بىلەن
6. دوستلىشىپ، ئۇنى ياخشى كۆردى.

7. سول تەرەپتە ئۇرۇم
8. دىگەن بىر خاقان بار ئىدى، بۇ خاقاننىڭ
9. ئەسكەرلىرى كوپ ئىدى ۋە نۇرغۇن شەھىرى بار ئىدى.

## 15

1. مۇشۇ ئۇرۇم خاقان ئوغۇزخاننىڭ
2. يارلىغىغا ئىتىۋار قىلماي، بىرلىشىشكە
3. ئۇنىمىدى ۋە "بۇ سوزلەرنى
4. قوبۇل قىلمايمەن" دەپ يارلىققا
5. بوي سۇنمىدى، ئوغۇز خاقان غەزەپلىنىپ
6. ئۇنىڭغا قارشى ئاتلانماق بولدى. قوشۇن
7. باشلاپ، تۇغلارنى كوتىرىپ يولغا چىقتى، قىرىق
8. كۇندىن كىيىن، مۇز تاغ دىگەن
9. بىر تاغنىڭ ئىتىگىگە كەلدى، چىدىرلارنى①

## 16

1. تىكىپ، جىمجىت توپلىشىپ تۇردى، تاڭ سەھەر
2. بولغاندا، ئوغۇزخاقاننىڭ
3. چىدىرىغا كۇندەك بىر
4. نۇر چۈشتى، بۇ نۇر ئىچىدىن كوك

① چىدىر — لەشكەرگاھ، قارارگاھ.


AltunOq

5. يۇڭلۇق، كوك يايلىلىق، يوغان،
6. بىر ئەركەك بوره پەيدا بولدى، بۇ بوره ئوغۇز
7. خاقانغا گەپ قىلىپ
8. شۇنداق دېدى: ”ھەي ئوغۇز سەن ئۇرۇم
9. ئۈستىگە ئاتلانماق بولۇۋاتامسەن.

## 17

1. ھەي، ھەي، ئوغۇز ئالدىڭلاردا مەن
2. ماڭىمەن“ شۇندىن
3. كېيىن ئوغۇزخاقان چېدىرلارنى
4. يىغدۇرۇپ، ئالغا كەتتى، كوردىكى
5. كوك تۈكلۈك، كوك يايلىلىق
6. چوڭ بىر ئەركەك بوره كېتىپ باراتتى.
7. (باشقىلار) شۇ بورىنىڭ ئارقىسىدىن
9. ئىز بېسىپ باراتتى. بىر

## 18

1. نەچچە كۈندىن كېيىن، كوك
2. تۈكلۈك، كوك يايلىلىق بۇ يوغان
3. ئەركەك بوره توختاپ قالدى. ئوغۇزمۇ چېرىگى
4. بىلەن توختىدى. بۇ يەردە ئېتىل دەرياسى دىگەن
5. بىر دەريا بار ئىدى. ئېتىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا
6. بىر قارا تاغ ئىتىگىدە

7. ئۇرۇش باشلاندى، ئوق ۋە نەيزە بىلەن ئۇرۇشتى.
8. قىلىچۋازلىق قىلىشتى، قوشۇنلار①
9. ئارا كوپ جەڭ بولدى

## 19

1. كىشىلەرنىڭ كوڭلىنى
2. ئېغىر قايغۇ كەچتى، ئېلىشىش، چېلىشىش،
3. شۇنچىلىك قاتتىق بولدىكى، ئېتىل دەرياسىنىڭ
4. سۇيى قىپ-قىزىل بوياقتەك
5. بولدى. ئوغۇزخاقان يەڭدى، ئۇرۇم خاقان
6. قاچتى، ئوغۇزخاقان ئۇرۇم خاقانىنىڭ
7. خاقانلىغىنى ئالدى. ئادەملىرىنى
8. ئەسىر قىلدى، (ئۇنىڭ) ئوردىسىغا
9. كوپلىگەن جانسىز ئولجا (مۇلۇك) ۋە كوپلىگەن

## 20

1. تىرىك ئولجا چۇشتى، ئۇرۇم خاقانىنىڭ
2. بىر قېرىنىدىشى بولۇپ، (ئۇ) ئورۇس بەگ دىگەن
3. كىشى ئىدى، شۇ ئورۇس بەگ ئوز ئوغلىنى تاغ
بېشىدىكى
4. تىرەن (چوڭقۇر) دەريا ئوتتۇرىسىدىكى

---

① ئۇرۇش سېپى

www.uyghurkitap.com

5. ياخشى مۇداپىئەلەنگەن شەھەرگە ئەۋەتتى، يەنى
6. (ئوغلىغا) دېدىكى، "شەھەرنى قوغداش لازىم.
7. سەن شەھەرنى ماڭا مۇداپىئە قىلىپ بەر، ئۇرۇشتىن
8. كېيىن قايتىپ كەل" دەپ ئېيتتى، ئوغۇز
9. خاقان ئاشۇ شەھەرگە قاراپ ئاتلاندى، ئورۇس

## 21

1. بەگنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن،
2. كۈمۈش ئەۋەتتى، يەنە ئېيتتىكى: "سەن مېنىڭ
3. خاقانىم بولسەن! ئاتام ماڭا
4. شۇ يەردىن بەرگەن ئىدى ۋە شۇ يەرنى
5. قوغداش كېرەك، سەن شۇ يەرنى
6. ماڭا ساقلاپ بېرىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن
7. قايتىپ كەل، دىگەن ئىدى. ئاتام غەزەپلەنسە، بۇ
8. مېنىڭ ئىرادەم① بولاتتىمۇ؟ سېنى
9. ھاكىمىيەت، بايلىق، دانالىق دەپ بىلىمەن!

## 22

1. بىزنىڭ بەختىمىز سېنىڭ
2. بەختىڭ ھىساپلىنىدۇ، بىزنىڭ ئۇرۇغىمىز
3. شەھەرىڭنىڭ
4. ئۇرۇغى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، تەڭرى ساڭا يەر

① ئىختىيارىمدىكى ئىش مەنىسىدە.

5. زىمىن ئاتا قىلغان (بۇيرۇغان) ئىكەن، مەن ساڭا
6. بېشىمنى، بەختىمنى بېرىمەن. سېنىڭ
7. تولەپ دوستلۇقتىن چىقمايمەن"
8. دىدى، ئوغۇزخاقان يىگىتنىڭ
9. سوزلىرىنى ياقتۇردى، خوشال بولۇپ كۈلدى. يەنە

23

1. ئېيتتىكى "ماڭا كوپ ئالتۇن ئەۋەتىپسەن.
2. شەھەرنى ئوبدان ساقلاپسەن"
3. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا "ساقلاپ" دەپ ئات قويدى.
4. دوست بولدى. ئوغۇزخاقان ئەسكەرلىرى بىلەن
5. ئېتىل دەرياسىغا (كەلدى) ئېتىل (دىگەن)
6. چوڭ بىر دەريا ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنى
7. كوردى ۋە "ئېتىلنىڭ سۇيىدىن
8. قانداق ئوتىمىز" دىدى، قوشۇندا بىر ياخشى
9. (گەۋدىلىك بىر) بەگ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى ئۇ-
لۇغ ئورۇ

24

1. بەگ ئىدى. (ئۇ) ئوزى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان
ئادەم ئىدى.
2. (ئۇ) كوردىكى دەريا (ياقىسىدا كوپلىگەن) تاللار
ۋە نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

3. دەرەخلەر (بار ئىدى). (بۇ بەگ ئاشۇ دەرەخلەرنى
4. (..................) كەستى، دەرەخلەردە
5. ئولتۇرۇپ (دەريادىن) ئۆتتى. ئوغۇزخاقان خوشال بولۇپ كۈلدى
6. ۋە دىدىكى ”سەن بۇ يەردە بەگ بول،
7. قىپچاق، دىگەن بەگ سەن بولغىن“
8. دىدى. يەنە ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتتى ...... شۇندىن كېيىن
9. ئوغۇزخاقان كوك تۇكلۇك،

25

1. كوك يايلىلىق ئەركەك بورىنى كوردى. بۇ كوك
2. بورە ئوغۇز خاقانغا دىدىكى ”ئەمدى
3. قوشۇن بىلەن بۇ يەردىن قوزغال، ئوغۇز!
4. قوزغىلىپ ئادەملىرىڭنى، بەگلىرىڭنى (بۇ يەرگە) كەلتۈر.
5. مەن ساڭا يولنى كورسىتىپ، باشلاپ
6. ماڭىمەن“ تاڭ سەھەر بولغان چاغدا
7. ئوغۇزخاقان كوردىكى، ئەركەك بورە
8. قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كېتىپ
9. باراتتى. (ئوغۇز) خوشال بولۇپ، ئالغا ماڭدى، ئوغۇز

26

1. خاقان بىر چىپار ئايغىرغا مىنەتتى،
2. مۇشۇ ئايغىرنى بەك ياخشى كورەتتى.

3. يولدا بۇ ئايغىر كوزدىن غايىپ بولۇپ
4. قېچىپ كەتتى، بۇ يەردە چوڭ بىر تاغ بار
5. ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىدە قار - مۇز تۇراتتى.
6. ئۇنىڭ بېشى سوغدىن ئاپپاق (بولۇپ)
7. تۇراتتى، شۇڭا (ئۇنىڭ) ئېتى مۇز تاغ
8. ئىدى. خاقاننىڭ ئېتى مۇز تاغ
9. ئىچىگە قېچىپ (كىرىپ كەتكەن ئىدى.) ئوغۇزخا-
قان بۇ ئىشتىن

## 27

1. كوپ چاغلاردا قايغۇ چېكەتتى. قوشۇندا
2. بىر ناھايىتى باتۇر بەگ بار ئىدى.
3. ئۇ ھېچ نىمىدىن قورقمايتتى①
4. (يول) يۈرۈشكە سوغاققا چىدامىلىق (ئۇستا)
5. ئىدى. شۇ بەگ تاغ (ئارىسىغا) كىردى.
6. توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇز
7. خاقانغا ئايغىرنى ئېپكېلىپ بەردى. مۇز
8. تاغ ئارىسىدا قاتتىق سوغاق بولغانلىقتىن ئۇ بەگ
9. قارغا كومۇلۇپ ئاپپاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئوغۇز

## 28

1. خاقان خوشاللىق بىلەن كۈلدى. ئېيتتىكى،

① سوزمۇ - سوز قىيما - چىيما بولۇشتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

2. ”ئەي سەن بۇ يەردە بەگلەرگە باشلىق بول
3. مەڭگۈگە ئېتىلك قارلىق (قاغارلىق) بولسۇن“ دېدى
4. ۋە كوپ قىممەت باھا نەرسىلەر ھەدىيە قىلدى ۋە
ئالغا كەتتى.
5. يەنە يولدا يوغان بىر ئۆيىنى كوردى. ئۆيىنىڭ
6. تاملىرى ئالتۇندىن ئىدى. دەرىزىلىرى
7. كۈمۈشتىن، ئىشىكلىرى تومۇردىن ئىدى.
8. (ئۆي) قۇلۇپلاقلىق بولۇپ ئاچقۇچى يوق ئىدى.
9. قوشۇندا بىر ئىنتايىن چېۋەر ئادەم بار ئىدى.
ئۇنىڭ

## 29

1. ئېتى تومۇر دۇقاغۇل ئىدى. ئۇنىڭغا
2. بۇ يەردىكى ”سەن شۇ يەردە قال، (ئۆيىنى) ئاچ،
ئىشىكنى
3. ئاچقاندىن كېيىن ئوردىغا كەل“ دېدى.
4. شۇڭا ئۇنىڭغا قالاچ دەپ ئات قويدى ۋە
5. يەنە ئالغا (قاراپ) كەتتى. يەنە بىر كۈن كوك
تۈكلۈك،
6. كوك يايلىلىق ئەركەك بورە ماڭماي
7. تۇرۇپ (قالدى). ئوغۇزخاقانمۇ توختىدى. قورغاننى
8. چۈشۈردى. بۇ بوز يەر بولۇپ
9. تۈزلەڭلىك ئىدى. بۇ يەرنى جورجىت دەيتتى.

## 30

1 ‎·‏ بۇ چوڭ بىر يورۇق (مەملىكەت) (كوپ) ئەل ئە-
دى. يىلقىلىرى.

2 ‎·‏ كالا، موزايلىرى كوپ، ئالتۇن، كۇمۇشلىرى،

3 ‎·‏ دور - مەرۋايىتلىرى كوپ ئىدى. بۇ يەردە جورجىت
خاقان

4 ‎·‏ ۋە (ئۇنىڭ) خەلقى ئوغۇزخاقانغا قارشى

5 ‎·‏ چىقتى. ئۇرۇش - جەڭ باشلاندى. (ئۇلار) ئوقلار بىلەن،

6 ‎·‏ قىلىچ بىلەن جەڭ قىلىشتى، ئوغۇزخاقان يەڭدى.

7 ‎·‏ جورجىت خاقاننى تارمار قىلدى. ئولتۇرۇپ بېشىنى

8 ‎·‏ كەستى. جورجىتنىڭ خەلقىنى ئوزىگە

9 ‎·‏ بېقىندۇردى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئوغۇزخاقاننىڭ

## 31

1 ‎·‏ ئەسكەرلىرى، نەۋكەرلىرى ۋە خەلقى

2 ‎·‏ شۇنچىلىك نۇرغۇن ئولجا ئالدىكى،

3 ‎·‏ (ئۇلارنى) ئارتىپ ئېلىپ كېتىشكە ئات - خېچىر،

4 ‎·‏ ئۇي ئازلىق قىلدى. ئوغۇزخاقاننىڭ

5 ‎·‏ قوشۇنىدا ماھىر بىر گەۋدىلىك ئۇستا بار ئىدى.
ئۇنىڭ

6 ‎·‏ ئېتى بارماقلىق جۇسۇن بىلىگ ئىدى. بۇ ئۇستا

7. بىر ھارۋا ياسىدى. ھارۋا ئۈستىگە ئولجىلارنى①
8. قويدى. ئۇنىڭ ئالدىغا تىرىك ئولجا (ئەسىرلەر)نى
9. قاتتى. تارتىپ ئېلىپ كەتتى، نەۋكەرلەرنىڭ

32

1. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرۈپ ئالدىرىشىپ
2. (ئۆلەرمۇ) ھارۋا ياساشتى. بۇ ھارۋىلار يۈرگەندە
3. "قانقا ـ قانقا" دىگەن ئاۋاز چىقىراتتى.
4. شۇڭا ئۇلارنى
5. قانقا دەپ قويدى. ئوغۇزخاقان
6. ھارۋىلارنى كوردى ۋە كۈلدى، يەنە مۇنداق دىدى "قانقا
7. ھارۋا بىلەن جانسىز (ئولجىنى) تىرىك ئولجا يۈر ـ
گۈزسۇن (تارتسۇن)
8. ساڭا قانقالۇق دەپ قويۇلغان ئات ھارۋىنى
9. ئەسلەتسۇن" (ئالغا) كەتتى. شۇندىن كېيىن

33

1. يەر ئاشۇ كوك يۈڭلۈق. كوك يايلىلىق
2. ئەركەك بورە بىلەن ھىندۇ ۋە تىبەت ھەم
3. شام تەرەپلەرگە يۈرۈپ كەتتى.
4. نۇرغۇن ئۇرۇش، جەڭ، چېلىشلاردىن كېيىن،
5. ئۇلارنى ئالدى. ئوز مەملىكىتىگە بىرلەشتۈردى.

① مال ـ مۈلۈك.

6. غەلىبە قىلدى، بېتىندۈردى. يەنە (نەزەردىن تاشقىرى قالمىسۇن)

7. مەلۇم بولسۇنكى جەنۇپ تەرەپتە①

8. باراقا دىگەن بىر يەر بار ئىدى. ناھايىتى

9. باي بىر مەملىكەت ئىدى. ئىنتايىن ئىسسىق يەر ئىدى.

34

1. بۇ يەردە كىيىكلەر، قۇشلار ناھايىتى نۇرغۇن؛

2. ئالتۇن، كۈمۈش، دور - مەرۋايىتلار كوپ ئىدى. خەلقىنىڭ

3. رەڭگى - چىرايى قاپ - قارا ئىدى.

4. بۇ يەرنىڭ خاقانى مالسار دىگەن بىر خاقان بار ئىدى.

5. ئوغۇزخاقان ئۇنىڭغا (قارشى) ئاتلاندى.

6. قالتىس ئاجايىپ ئۇرۇش بولدى. ئوغۇزخاقان

7. يەڭدى. مالسار خاقان قاچتى. ئوغۇز

8. ئۇنى گۇمران قىلىپ مەملىكەتنى ئالدى ۋە كەتتى. ئۇنىڭ دوستلىرى

9. ئىنتايىن خوشال ئىدى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى

35

1. ئېغىر قايغۇغا پاتتى. ئوغۇز (خاقان) (ئۇنىمۇ يەڭدى)

---

① بوروق كۈن تەرەپتىن يەنى جەنۇپ (قىرغىزچە كۈن نۇرى).

www.uyghurkitap.com

2. ھىساپسىز بايلىق ۋە يىلقىلارنى

3. قولغا چۈشۈردى. ئوز مەملىكىتىگە، ئويىگە قايتىپ كەلتى.

4. يەنە (نەزەردىن) سىرت قالمىغاي

5. مەلۇم بولسۇنكى، ئوغۇز خاقانىنىڭ

6. يېنىدا ئاق چاچلىق، ئاق ساقاللىق

7. ئەقىللىق بىر قېرى كىشى بار ئىدى.

8. ئۇ بىلىملىك كىشى بولۇپ، ئەۋلىيا ئىدى.

9. ئۇنىڭ ئېتى ئۇلۇغ تۇرك ئىدى.

## 36

1. كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇ (چۈشىدە) بىر ئالتۇن

2. يا ۋە ئۈچ كۈمۈش ئوق كوردى. بۇ ئالتۇن

3. يا كۈنچىقىشتىن تا كۈنپېتىشقىچە

4. سوزۇلغان ئىدى. ئۈچ

5. كۈمۈش ئوق كۈن تەرەپكە كېتىپ

6. باراتتى. ئۇيغۇدىن كېيىن چۈشىدە كورگىنىنى

7. ئوغۇز خاقانغا بىلدۈردى.

8. يەنە دىدىكى ”ھەي خاقانىم، سېنىڭ

9. ئومرۇڭ ئۇزۇن بولسۇن، ھەي خاقانىم

## 37

1. ھاكىملىق ساڭا تەئەللۇق بولسۇن. ماڭا كوك

2· تەڭرى چۇشۇمدە كورسەتكەنلىرىنى (ساڭا) بەرسۇن،
ئىگەللىگەن
3· يەرلىرىڭنى ئەۋلاتلىرىڭغا نەسىپ قىلسۇن“
4· دىدى. ئوغۇز خاقان ئۇلۇغ تۈركىنىڭ
5· سوزلىرىنى ياقتۇردى ۋە مەسلىھەتىنى قوبۇل
6· قىلدى (ئۇنىڭ) مەسلىھەتى بويىچە (ئىش) قىلدى.
شۇندىن
7· كېيىن ئەتىسى سەپەردە ئاكىلار ۋە (ئاكا - ئۇكىلار)
8· ئىنىلەرنى① چاقىرىپ كەلدى، يەنە شۇنداقلا، دىدى-
كى: ”ئەي
9· ئوۋغا چىقىشقا كوڭلۇم تارتىۋاتىدۇ. قېرىپ قالغان-
لىغىمدىن

## 38

1· باتۇرلىغىم ھەم تۈگىدى. كۈن،
2· ئاي، يۇلتۇز سىلەر تاڭ تەرەپكە بېرىڭلار،
3· كوك تاغدىكى كۆك تەرەپكە②
4· بېرىڭلار“ شۇندىن كېيىن، ئۇچەيلەن
5· تاڭ تەرەپكە③ باردى، يەنە ئۇچەيلەن
6· توت تەرەپكە باردى، كۈن، ئاي،
7· يۇلتۇز نۇرغۇن كىيىكلەرنى، قۇشلارنى

---

① ئاكا - ئۇكىلارنى (ھەممە ئوغۇللىرىنى).

② كوك تەرەپ ــ شىمال تەرەپ.

③ تاڭ تەرەپ ــ شەرق تەرەپ.

8. ئۆۋلىغاندىن كېيىن، يولدا بىر ئالتۇن يانى
9. تاپتى، ئۇنى ئېلىپ، ئاتا (سىغا بەردى)

## 39

1. (ئوغۇز خاقان خوشال بولۇپ كۈلدى ۋە ئۇنى)
2. ئۈچ بولەككە بولدى. يەنە (ئېيتتى) كى. "ئەي،
3. ئاكىلار، يا سىلەرنىڭ بولسۇن، (خۇددى) يادەك
4. ئوقلارنى كوككە يەتكۈزۈڭلار"
5. شۇندىن كېيىن، كوك، تاغ ۋە
6. دېڭىزلار نۇرغۇن كىيىك ۋە قۇشلارنى
7. ئۆۋلىغاندىن كېيىن، يولدا ئۈچ كۈمۈش
8. ئوق تېپىپ ئالدى ۋە ئاتىسىغا (ئېپكېلىپ) بەردى،
9. ئوغۇز خاقان خوشال بولۇپ كۈلدى ۋە ئوقلارنى

## 40

1. ئۈچىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، يەنە ئېيتتىكى:
2. ھەي، ئىنىلەر (بۇ) ئوقلار سىلەرنىڭ بولسۇن.
3. يا ئوقنى ئاتىدۇ، سىلەرمۇ (خۇددى ئوقلاردەك
4. بولۇڭلار" شۇنىڭدىن كېيىن
5. ئوغۇز خاقان چوڭ يىغىن
6. چاقىردى، نەۋكەرلەرنى، خەلقنى چاقىرتتى.
7. (ئۇلار) كېلىپ مەسلىھەتلەشتى، ئولتۇرۇشتى، ئوغۇز
8. خاقان بويۇك ئوردىدا ..............
9. ...................... (ئوڭ تەرىپىدە)

## 41

1. (قىرىق غۇلاچ ياغاچ (دەرەخ) تىكتۈردى، ئۇنىڭ

2. بېشىغا بىر ئالتۇن (توخۇ قويدى، ئايىغى) غا
3. بىر ئاق قوي باغلىدى. سول
4 تەرەپكىمۇ قىرىق غۇلاچ دەرەخ تىكتۈردى.
5. ئۇنىڭ بېشىغا بىر كۈمۈش توخۇ قويدى (قوندۇردى)
6. تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلىدى.
7. ئوڭ تەرەپتە بوزۇقلار ئولتۇردى.
8. سول تەرەپتە ئۇچاقلار ئولتۇردى.
9. قىرىق كۈن، قىرىق تۈن، يەپ-

## 42

1. ئىچىپ سۈيۈندى، شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان
2. (ئوغۇل) لىرىغا مەملىكەتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى ۋە
دىدىكى:
3. ھەي ئوغۇللىرىم، مەن كوپ ياشىدىم. نۇرغۇن ئۇرۇش-
لارنى
4. كوردۇم. نەيزە ۋە ئوقلارنى كوپ ئاتتىم. ئايغىر
بىلەن كوپ
5. (يول) يۇردۇم. دۇشمەنلىرىمنى يىغلاتقۇزدۇم، دوست-
لىرىمنى
6. كۈلدۈردۇم. ئاسمان تەڭرى (ئالدىدا) بۇرچۇمنى
ئوتىدىم.
7. (ئەمدى) مەملىكەتنى سىلەرگە بېرىمەن ...............
8. ..................................................
9. ..................................................

(ئەسلى نۇسخىسى كېيىنكى سانغا بېرىلىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «ئوغۇزنامە» داستانى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

## تۇرغۇن ئالماس

### 1. «ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ قەدىمقى مەدەنىيەت غەزىنىسىگە ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئۈلۈشىنى قوشقان ئەڭ قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ بىرى.

دۇنياغا مەلۇم بولۇپ، ھېلىغىچە، ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئوزۇقلىرى ھېسابلىنىپ كەلگەن، يۇنانلىقلارنىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» سى، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە»سى، ھىندىلارنىڭ «ماخابخاراتا» ۋە «رامايانا»سى، قېرىنداش قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» داستانىغا ئوخشاش مەشھۇر داستانلار قاتارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» داستانىمۇ بار.

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تارىخىي داستان بولۇپ، قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، يېزىقلاردا خاتىرىلىنىپ، كىتاب بولۇپ كەلگەن. «ئوغۇزنامە»نىڭ ھازىر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ

قەدىمقى يازما نۇسخىسى 13 - ئەسىردە تۇرپاندا كوچۇرۇلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخا ھازىر پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«ئوغۇزنامە» نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلەرنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىي ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى ئېتىقات، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى، تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدىلىكىنى ئوزىگە سىڭدۇرگەن.

بۇ داستان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىنى، ئېتنو- گرافىيىسىنى تەكشۇرۇش، ئەدەبىيات تارىخىمىزنى، ئەنئەنىمىزنى تەكشۇرۇپ ئۇگىنىش، شۇ زاماندىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى بىلىشىمىز، ھازىرقى زاماندىكى ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۇلگە ئېلىشىمىزدا ناھايىتى قىممەتلىك رول ئوينايدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانى — مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇغى ۋە موللىغى، بەدىئىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئوزىگە خاس خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكى، بەدىي تۇزۇلۇشىنىڭ كىشىنى ئوزىگە جەلىپ قىلارلىغى، بەدىي ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىغى، شېئىرى خۇسۇسىيەتىنىڭ يىغىنچاق، يەڭگىل، راۋان ئوبرازلىقلىغىغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تۇركشۇناس ئالىملارنىڭ ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. 1815 - يىلى بىرىنچى قېتىم گېرمان ئالىمى دېتس «ئوغۇزنامە» دىن پارچىلارنى گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. خۇددى شۇ مەزگىلدە رادلوۋ بۇ ئەسەرنىڭ سۇرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى، ترانسكرىپ-

سىيىسى ۋە گېرمان تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئوغۇزنامە» نىڭ بىر قاتار يېڭى نەشرلىرى مەيدانغا كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا «ئوغۇزنامە» نىڭ يېڭى تەرجىمىلىرى مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. 1959 - يىلى ئا. م. شىرباك «ئوغۇزنامە» نىڭ سىلاۋيانچە ترانسكرىپسىيىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. 1972 - يىلى ئىستانبۇلدا، تۇگان تەرىپىدىن تەييارلانغان تۈركچە تەرجىمىسى نەشردىن چىقتى.

## 2. «ئوغۇزنامە»نىڭ مەزمۇنى

«ئوغۇزنامە» قەدىمقى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەپسانىلىرى، رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقاتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىسى خاراكتېرلىقكى، «ئوغۇزنامە»دە، ئوغۇزخاننىڭ ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان، مۇشەققەتلىك، لېكىن غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بېشىدىلا ئوغۇزخاننىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. ئارقىدىنلا خەلققە ھەمىشە ئاپەت سېلىپ تۇرغان، ئورمانلىقتىكى "قىيات" ئىسىملىك يىرتقۇچ ھايۋاننى، ياش ئوغۇزخاننىڭ ئۆلتۈرۈپ نام چىقارغانلىغى تىلغا ئېلىنىدۇ. "قىيات" ناملىق ياۋايى، يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ تومشۇغىدا مۈڭگۈزى بار ئىكەن. بۇ ھازىرقى زاماندا نەسلى ساقلىنىپ قالغان، نىپال ۋە ئافرىقىدا ياشايدىغان

بىر مۇڭگۇزلۇك (ئىپالدىكىسى) ھەم ئىككى مۇڭگۇزلۇك (ئافرىقىدىكىسى) كەركىدان بولۇشى كېرەك.

ئوغۇزخان يىگىتلىك قىرامىغا يېتىپ بىر كۈنى تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن بىر كوك نۇر چۈشىدۇ. نۇر ئىچىدە ئاجايىپ بىر گۈزەل قىز پەيدا بولىدۇ. ئوغۇزخان ئۇنىڭغا ئويلىنىدۇ، قىزدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرىگە كۈن، ئىككىنچىسىگە ئاي، ئۈچىنچىسىگە يۇلتۇز دەپ ئىسىم قويىدۇ. بۇلار ئوبۇلغازىنىڭ «تارىخىي شەجەرىسى تۈركى» دە تىلغا ئېلىنغان ئوغۇزخان رىۋايىتىدىكى ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرى — كۈنخان تەڭرىقۇت، ئايخان تەڭرىقۇت، يۇلتۇز تەڭرىقۇتلارنىڭ ئۆزى. ئوغۇزخان بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ بىر كولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغان "كوزى ئاسماندىن كوكرەك، چېچى دەريا ئېقىنىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك" بىر قىزغا يولۇقىدۇ، ئوغۇزخان بۇنىڭغا ئويلىنىپ ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرىگە كوكخان، ئىككىنچىسىگە تاغخان، ئۈچىنچىسىگە دېڭىزخان، دەپ ئات قويىدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ ئىلاھىيە سىرلىرى يوشۇرۇنغان ئىككى قىزغا ئويلىنىشى «جۇ يىلنامىسى، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى ئاجايىپ بىر ئەپسانىنى ئادەمنىڭ يادىغا سالىدۇ. «جۇ - يىلنامىسى تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن: "...... تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسى، سو ئېلى دەپ ئاتىلىدىغان ئەلدىن (سو ئېلى ئاباقان دەرياسى بىلەن يەنسەي دەرياسى ئارىلىغىدا — ئاپتوردىن) بولۇپ، بۇ ئەل ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ئىدى، شۇ ئەلنىڭ خاننىڭ ئىسمى ئاپياكبۇ بولۇپ، ئۇلار ئون

يەتتە قېرىنداش ئىكەن، شۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى ئېجىنىشىدۇ بولۇپ، ئۇ بورىدىن تۇغۇلغان ئىكەن...... ئېجىنىشىدۇ ناھايىتى سەزگۈر، ئاجايىپ غەيرەتلىك بولۇپ، ئۇ شامال ھەم يامغۇرنى چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى قىزغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، قىزلارنىڭ بىرى ياز ئىلاھىسىنىڭ، يەنە بىرسى قىش ئىلاھىسىنىڭ قىزى ئىكەن.“

تۈركلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھەققىدىكى بۇ ئەپسانە «ئوغۇزنامە» ئىچىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن.

داستاندىكى ۋەقەلەرنىڭ تىزمىسىدا ئوغۇزخان غەربكە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى كۆرگەندە، ”كۆك بورە جەڭ بەلگىمىز (ئورايىمىز) بولسۇن، تۆمۈر نەيزىلەر خۇددى بىر ئورمان بولسۇن، ئەتراپتا قۇلانلار يۈرسۇن. يەنە، دېڭىز، دەريالار ئېقىپ تۇرسۇن، كۈن بىزگە تۇغ بولسۇن، ئاسمان چېدىرىمىز بولسۇن“. دەيدۇ.

ئوغۇزخان مۇشۇنداق چاقىرىقنى قىلىپ، غەربتىكى (ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىدىكى — ئاپتوردىن) ئورۇمخان ئاتلىق خاننىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ ماڭىدۇ. ئوغۇزخان يۈرۈشكە ماڭغاندا، ئۇنى كۆك يايلىلىق بىر ئەركەك بورە باشلاپ ماڭىدۇ. ئوغۇزخان ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ۋولگا بويىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئورۇمخان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئورۇمخاننىڭ جىيەنى (ئورۇس بەگنىڭ ئوغلى — ئاپتور) تاغ ئۈستىدىكى ئۆزى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان مۇستەھكەم شەھەرنى ئوغۇزخانغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شەھەردە ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بار ئىكەن. ئوغۇزخان بۇ شەھەرنى تاپشۇرغان ئورۇس بەگنىڭ ئوغلىغا ”ساقلا“ دەپ ئات قويىدۇ.

ئوغۇزخان، دەرەخلەرنى كېسىپ، شۇنىڭغا قوشۇننى چىقىرىپ ئوتكۈزۈشتە خىزمەت كورسەتكەن "ئۇلۇغ ئورۇ" دىگەن بەككە "قىپچاق" دەپ ئات قويغان.

ئوغۇزخان غەرپتىن - شەرققە قايتىپ كېلىۋېتىپ، مۇز تاغقا كەلگەندە، ئۇ جەڭدە مىندىغان بوز ئات مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئوغۇزخاننىڭ بۇ ئىشىدىن قايغۇغا چۈشكەنلىكىنى كورگەن باتۇر بىر بەگ، مۇز تاغ ئىچىگە بېرىپ توققۇز كۈندىن كېيىن بوز ئايغىرنى تېپىپ كەلگەن. بۇ بەگنىڭ ئۈستى - بېشىغا قار - مۇز يېپىشىپ كەتكەن. بەگنىڭ بوز ئېتىنى تېپىپ كەلگەنلىكىدىن خوشال بولغان ئوغۇزخان، بەگنىڭ ئۈستى - بېشىغا قاراپ ئۇنىڭغا "قارلىق" دەپ ئات قويۇپ، ئۇنى شۇ يەرگە بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن.

داستاندىكى ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە، هارۋىنىڭ ياسىلىشى ئالاهىدە ئەهمىيەتكە ئىگە. ئوغۇزخان قايتىشىدا، جۇرجىت دىگەن ئەل بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى يېڭىپ خانىنى ئولتۇرۇپ، هەددى - هىساپسىز ئولجىلارنى (ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا ئىسىل نەرسىلەرنى — ئاپتوردىن) قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ مېڭىشقا ئۇلاق يېتىشمەيدۇ. شۇنداق ئەهۋال يۈز بەرگەندە، بارماقلىق جۇسۇن بىلگى ئاتلىق ئادەم هارۋا ياسىغان. باشقىلار ئۇنىڭدىن ئۈگىنىپ هارۋىلارنى ياساپ، ئۇنىڭغا هايۋانلارنى قوشۇپ، نەرسە - كېرەكلەرنى يۈكلەپ ماڭغان. هارۋىلار ماڭغاندا، "قانقا، قانقا" دىگەن ئاۋاز چىققان. بۇنى كورگەن ئوغۇزخان، هارۋىنى ياسىغان هىلىقى بارماقلىق جۇسۇن بىلگى دىگەن ئادەمگە، "ساڭا قانقا لۇق دەپ ئات قويۇلسۇن، بۇ ئات هارۋىنى ئەسلەتسۇن" دىگەن.



Altunoq

ئوغۇزخان ئەڭ ئاخىرىدا جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، ھىندى، تىبەت ئەللىرىنى بوي سۇندۇرغان. بۇنىڭدىن كېيىن، ئەڭ جەنۇپ-تىكى بارقا دىگەن ئەلنىڭ ماپسار دىگەن خانىنى يېڭىپ، ئۆز ئېلىگە قايتقان.

ئوغۇزخان ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئوۋغا چىقىدۇ، ئوۋدىن قايتىپلا ناھايىتى چوڭ يىغىن چاقىرىدۇ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي تاماشا ئۆتكۈزىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ...... "شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان ئوغۇللىرىغا مەملىكەتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى ۋە شۇنداق دىدى: ھەي ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى كۆردۈم، نەيزە ۋە ئوقلارنى كۆپ ئاتتىم. ئايغىر بىلەن كۆپ يول يۈردۈم. دۈشمەنلىرىمنى يىغلاتقۇزدۇم، دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم. ئاسمان تەڭرى ئالدىدا بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. ئەمدى مەملىكەتنى سىلەرگە بېرىمەن" دەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا داستاندىكى مۇراسىم، رەسمىيەتلەردىكى موما ياغاچنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان ئالتۇن، كۈمۈش، توخۇ موما ياغاچ تۈۋىگە باغلانغان ئاق، قارا قويلار ھۇن، ئۇيغۇر — تۈرك خەلقلىرىنىڭ قەدىمقى دىنى ئېتىقادى بولغان شامان دىنىدىكى كۆك، قىزىل، ئاق، قارا رەڭدىكى نەرسىلەرگە بولغان ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك.

## 3 . ئوغۇزخاننىڭ كىملىكى ھەققىدە

«ئوغۇزنامە»دىكى باش قەھرىمان ئوغۇزخان ھەققىدە ھىلىغىچە تالاش-تارتىشتا تۇرۇۋاتقان ئىككى مەسىلە بار. ئۇنىڭ بىرى، بەزى تارىخچىلار ئوغۇزخاننى تۈرك خەلقلىرى

تارىخدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر تارىخىي شەخسلەردىن بىرى — ھۇن تەڭرىقۇتى، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆزىمىكىن دېيىشسە، بەزى تارىخچىلار، ئوغۇزخاننى چىڭگىزخانغا ئوخشىتىدۇ. بەزىلەر ھېچ بىر ئاساس بولمىغان خىيالى قىياس بىلەن ئوغۇزخاننى ئىسكەندەرگىمۇ ئوخشىتىپ باقىدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار ئوغۇز-خاننى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر بىر شەخسنىڭ ئوبرازى ئەمەس، ئۇ، ئومۇملاشتۇرۇلغان بەدىي ئوبراز دېيىشىدۇ.

مۇشۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە رەسمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى "ئوغۇز" دېگەن مۇشۇ سۆز ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىشنى لايىق تاپىمەن.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك "ئوغۇز" سۆزى كالا، قوي تۇغقان دەسلەپكى كۈنلىرىدىكى قويۇقراق كەلگەن سۈتنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۇنى "ئوغۇز سۈتى" دەپمۇ ئاتايدۇ.

مانا شۇ مەنانى بېرىدىغان ئوغۇزنامىدا ئاتالغان شەخس ياكى قەبىلىلەرنىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا، قايسى تىلغا ئېلىنغان-لىقىنى بىلىش خېلى مۇھىم بولسا كېرەك.

خىۋاخانى ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ ئولامەس شانلىق ئەسىرى «شەجەرەئى تۈركى» دە، ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىدا ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمىغا "ئۇيغۇر" دېگەن نامنى بەرگەن دەپ سۆزلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئوغۇزخاننىڭ مىلادىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلىكى مەلۇم. لېكىن ئەبۇلغازى تىلغا ئالغان ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئەملىي پاكىتقا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن. چۈنكى رىۋايەت رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ توقۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىيالى توقۇلمىلارنىڭ بولۇشى تەبىي.

مەخمۇت قەشقەرى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دىگەن ئەسەرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر تارمىغى بولغان ئوغۇزلار ئۈستىدە توختالغاندا، ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ "قىنىق"، "قايىخ"، "بايىندۇر"، "ئىۋا"، "سالغۇر"، "ئابشار"، "بەگ تىلى"، "بوكدۇز"، "بايات"، "قارا بۆلۈق"...... دىن ئىبارەت يىگىرمە ئىككى ئۇرۇقتا بولۇنگەنلىگىنى ئېيتىپ كېلىپ، "بۇ نامىلار ئۇ قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقى بابالىرىنىڭ ئىسمىدۇر" دەيدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمقى يىلنامىلىرىدىن «تارىخنامە» ۋە «تۇنجى خەن خاندانلىغى يىلنامە» سىدىكى «هۇنلار ھەققىدە قىسسە» باپلىرىدا «ئوغۇزلار» («تارىخنامە»دە، خۇجى، «تۇنجى خەن خاندانلىغى يىلنامىسى» دا، ۋۇجى دەپ يېزىلغان) تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇ يىلنامىلارغا قارىغاندا تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمقى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوغۇزلار مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا جوڭغار دالاسىدا ياشاپ تۇرغانلىغى مەلۇم.

سۈي خاندانلىغى (مىلادىنىڭ 581 - يىلىدىن 618 - يىلغىچە ھوكۇم سۈرگەن خاندانلىق — ئاپتور) نىڭ يىلنامىسى بولغان «سۈي خاندانلىغى يىلنامىسى» نىڭ «تورالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقتە قىدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى — ئاپتور)، بايقال كولى، سىبىرىيە لىنىغا، ئورخۇن، توغلا دەريالىرى بويلىرىدىن تارتىپ، غەرپتە دىنېپىر دەرياسى، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە بولغان چەكسىز زىمىندا ياشاپ تۇرغان قىرىق ئىككى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى جايلاشقان ئورۇنلىرى ھەققىدە ئېنىق، ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرىلگەن.

يۇقۇرىدىكى باپتا، "...... قومۇلنىڭ غەربىدىن تارتىپ، قاراشەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغ (تەڭرى تېغى — ئاپتور) ئەتراپلىرىدا...... ئوغۇزلار ياشايدۇ دېيىلگەن."

8 - ئەسىردە ئۇيغۇر، ئورخۇن خاقانى — قۇتلۇق بىلگى خاقان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بايانچۇر خاتىرىسىگە قويۇلغان خاتىرە تاشتا، "مەن توققۇز ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى دۇر-مەن" دېگەن سوز بار.

جۇڭگونىڭ تاڭ خاندانلىغى (مىلادىنىڭ 618 - يىلىدىن 907 - يىلىغىچە ھوكۇم سۇرگەن — ئاپتور) نىڭ يىلنامىسى بولغان «يېڭى تاڭ يىلنامىسى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «كونا تاڭ يىلنامىسى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «تاڭ يارلىقلىرى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىغىدىكى (مىلادىنىڭ 647 - يىلدىن مىلادىنىڭ 845 - يىلىغىچە ھوكۇم سۇرگەن — ئاپتور)، "توققۇز ئۇيغۇر"، "توققۇز ئوغۇز" نامى بىلەن ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى مۇنداق:

توققۇز ئۇيغۇرلار:

1 - ياغلاقار
2 - تۇرلام ۋىيىۇر
3 - ئاۋچاغ
4 - قورتوغۇر
5 - بايارسىق
6 - ھازار
7 - خوغۇرسۇر
8 - ياغما ؟!
9 - ئاياۋىر.

توققۇز ئوغۇزلار

1 - ئۇيغۇر
2 - خۇن
3 - توڭرا
4 - بوكو
5 - بايىرغۇ
6 - ئىسكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

7 - قالپاق 9 - باسمىل
8 - قارلۇق

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ھەممە مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قانداق بولمىسۇن ئوغۇزخان دىگەن شەخسنىڭ مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا تارىختا ئۆتكەنلىگى، تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئادىتى بويىچە (مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك) قەبىلىلەرگە ئەڭ قەدىمقى بابالىرىنىڭ نامىنى قويىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

ئەمدى قەدىمقى تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر شەخسلەردىن كىمنى ئوغۇزخان دەپ ئېيتىش مۇمكىن؟

مېنىڭچە قۇدرەتلىك ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى (بۇندىن 3500 يىل بۇرۇن قۇرۇلۇپ، مىلادىنىڭ 90 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن— ئاپتور) نىڭ تەڭرىقۇتلىرىدىن باتۇر تەڭرىقۇتنى (ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىل تەختكە چىقىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 174- يىلغىچە تەڭرىقۇت بولغان — ئاپتور) ئوغۇزخانغا قىياس قىلسا بولىدۇ.

بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چىرايى ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئوغۇزخان دەپ ئاتىغان دىيىشىدۇ. ئەپسۇسكى جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمقى يىلنامىلىرىدا ھۇنلارنىڭ چىراي - تۈسى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي «كونا تاڭ يىلنامىسى» نىڭ قىرغىزلار ھەققىدىكى بابلىرىدا، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىملىرىدا ياشىغان قىرغىزلارنى "ئېگىز، تىل جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش، ئۇلارنىڭ چاچلىرى قىزىل، كوزلىرى كوك، چىرايى ئاق" دەپ بايان قىلغان.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لى رۇەن (8 - ئەسىردە ئۆت-

گەن) نىڭ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئوينىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىنى ئەسلىتىپ يازغان شېئىرلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي ـ ئوڭلىرى تەسۋىرلەنگەن.

"لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسۇل ئوينىغان،
ئالمەك بۇرۇن، ئەتلىرى ئاپپاق قاش تېشى سىمان".

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسالدىن، هۇن بىلەن قېرىنداش بولغان قىرغىز، ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايىنىڭ ئاقلىغى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قەدىمقى هۇنلارنىڭمۇ چىرايى ئاق ئىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئوغۇزخان دەپ ئاتالغان هۇن تەڭرىقۇتى — باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چىراي ـ ئوڭىنىڭ ئاق بولۇشى ئېھتىماللا ناهايىتى يېقىن.

تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بەزى ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلارنى كەلتۈرۈشى ئورۇنسىز بولماس.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردە هازىرقى شەرقىي شىمال (قارا مۆرەن هەم لياۋخې دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا) رايونلىرىدا مانجۇ خەلقلىرىنىڭ ئاتا بوۋىسى بولغان شەرقىي خۇلار (دۇڭخۇلار) نىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بار ئىدى. شۇ مەزگىلدە بايقال كولىنىڭ غەربى هەم سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا بوۋىسى تېرالار (دىڭلىڭ) نىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بار ئىدى. چۇغاي تاغلىرىنىڭ (يىڭشەن تاغلىرىنىڭ) شىمالى ۋە جەنۇبىدا (هازىرقى ئوردوس يايلىغىدا) شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قان قېرىنداشى بولغان — هۇن قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى بار ئىدى.

هازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە "هۇن" سوزى "كۈن" سوزىدىن كېلىپ چىققانلىغى مەلۇم. قەدىمقى زاماندىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىندىشى بولغان هۇنلارمۇ

ئۇيغۇر ـ تۈرك خەلقلىرىگە ئوخشاشلا شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ "كۆن تەڭرىسى" گە ئېتىقات قىلىش ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان، شۇنىڭغا بىنائەن قەدىمقى ئۇيغۇر ـ تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ھۇنلار، ئۆزلىرىنى "كۆنلەر" دەپ ئاتاشقان. دېمەك "كۆن" سۆزى "ھۇن" سۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

مانا شۇ ھۇنلار ناھايىتى قۇدرەتلىك ھۇن تەڭرىقۇتلۇغىنى قۇرغان.

ھۇن تەڭرىقۇتلۇغىنىڭ قۇدرەتلىك بىر ھالەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن دەۋرىدە ئۆتكەن تەڭرىقۇتلىرى ("تەڭرىقۇت" — خۇدا بەرگەن بەخت مەنىسىدە) ئىچىدە باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلىغىچە تەڭرىقۇت بولغان) ئوتتۇز بەش يىل تەڭرىقۇت بولغان مەزگىلدە، ھۇنلار ناھايىتى قۇدرەتلىك بولۇپ، ئاسىيانىڭ سىياسى سەھنىسىدە شىردەك ھۆكىرەپ تۇرغان ئىدى.

جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدە («تارىخنامە» ۋە «تۇنجى خەن يىلنامە» سىدە) مۇدۇن دەپ ئاتالغان ("باتۇر" سۆزى مۇدۇن دەپ يېزىلغان) باتۇر تەڭرىقۇت، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى، تۇمەن تەڭرىقۇت دەسلەپ باتۇرنى ئۆز ئورنىغا ۋارىس قىلغان بولسىمۇ، كېيىن كىچىك ئايالىدىن بولغان كىچىك ئوغلىنى ۋارىس قىلىش نىيىتىگە كەلگەن، شۇڭا قەدىمقى زامان دىپلوماتىيىسىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن، تۇمەن تەڭرىقۇت باتۇرنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 220 ـ يىللىرى كەڭسۇدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ "ئۇلۇغ ياۋچىلار" دەپ ئاتىلىدىغان خانلىقىغا گۆرۈگە ئەۋەتكەن. باتۇر ھۇنلار بىلەن ياۋچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش

بولىدىغانلىقىنى بايقاپ قېلىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ كەڭسۇدىكى پايتەختى (ھازىرقى جاڭيى ئەتراپىدا) سەندىپىلىدىن قېچىپ، سۇسىز چۆل، خەتەرلىك دالىدىن ئۆتۈپ، ساق - سالامەت ھۇنلار پاي- تەختىگە (ھازىرقى كوكخوتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا) يېتىپ كېلىدۇ. تۇمەن تەڭرىقۇت ئوغلىنىڭ ئاجايىپ زىرەك، باتۇر، قەتئىيلىكىگە ھەيران قېلىپ، ھۇن ئاتلىقلىرىنى مەشق قىلدۇرۇپ، يېتىشتۇرۇ - شكە بۇيرۇيدۇ. باتۇر ئۆزى تەربىيىلىگەن بىر قىسىم ئاتلىق قوشۇنغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئەپلىك بىر پەيتتە (ئېھتىمال، ئوۋغا چىققان پەيت بولسا كېرەك) ئاتىسىنى، ئوگەي ئانىسىنى، ئوگەي ئۇكىلىرىنى، ئۆزىگە ياقمايدىغان ھۇن بەگلىرىنى ئولتۇرىدۇ. باتۇر مىلادىدىن بۇرۇنقى 210 - يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى بولىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاۋال 400 مىڭ ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەيدۇ. ئۇز زامانىسىغە يارىشا ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەنگەن ۋە قوراللانغان قوشۇنغا يولەنگەن باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ، شەرقىي خۇلارنى بوي سۇندۇرىدۇ. ئۇندىن كېيىن دەرھال ھازىرقى كەڭسۇدا ("گەنسۇ" سوزى "كەڭسۇ" سوزىنىڭ ئۆزگىرىشى) ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇستىگە باستۇرۇپ بارىدۇ ۋە ئۇلارنى بوي سۇندۇرىدۇ. بۇ ۋەقەدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، بايقال كولىنىڭ غەربى، سىلىنغا دەريا- سىنىڭ ئاياق ئېقىمىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى، يەنسەي دەريا- سىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنى بوي سۇندۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن ھازىرقى شىن- جاڭنى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى نۇرغۇن دولەتلەرنى بوي سۇندۇرۇ- ۋالىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇت يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان غەلىبىلىك

يۇرۇشلىرىدىن كېيىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى خەن گاۋزۇ (لىيۇباڭ) نى بىر نەچچە يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ داتۇڭ شەھرىنىڭ شەرقىدىن ئون يەتتە يول يىراقلىقتىكى جايدا قورشاۋغا ئالىدۇ. قورشاۋدا قالغان خەن گاۋزۇ ۋەزىرى چېن پىڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بىكەسىگە (مەلىكىسىگە) مەخپى ھالدا نۇرغۇن ئالتۇننى پارا بېرىپ، بىكەنىڭ يار دىمى بىلەن مۇھاسىرىدىن ئوغرىلىقچە قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتىدۇ. خەن پادىشاسى دەرھال باتۇر تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھۇنلار تەرىپىدىن قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ بېتىمگە كېلىدۇ، بېتىمگە بىنائەن خەن خاندانلىقى ماۋچۇن ئاتلىق بىكەنى باتۇر تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلىدۇ. ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا ھۇنلارغا ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن، ئاشلىق، ئىچىمىلىك (ھاراق ئىچىملىكى) قاتارلىق نەرسىلەر ئارقىلىق ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇت زامانىدا قۇدرەتلىك ھۇنلار دۆلىتىنىڭ چېگرىسى شەرقتە قىڭدىرقان تاغلىرى، شىمالدا لېنا دەرياسى بايقال كۆلىنىڭ شىمالى، يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىملىرى، جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلى، غەرپتە كاسپى دېڭىزىغىچە سوزۇلغان.

دېمەك، تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى بولغان باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئوينىغان ئاجايىپ داڭلىق رولىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئوغۇزخاننىڭ دەل ئۆزى بولۇشى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ئوغۇزخان، تىرقۇلغان ئوبراز دېگەن مەسىلە ئۈستىدە

توختالغاندا شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا ئوغۇزخان دىگەن شەخس ئوتكەن. ئوغۇزخان، توقۇلغان ئوبراز ئەمەس.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، بەزى تارىخچىلارنىڭ چىڭگىزخاننى، ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا ئوخشىتىشى ناتوغرا. چۈنكى نۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرىگە ئات قويغان ئوغۇزخان ئىكەنلىگى مەلۇم. شۇڭا، ئوغۇزخان تەرىپىدىن "قارلۇق"، "قىپ-چاق"، "ئۇيغۇر" دەپ قويۇلغان ناملارنىڭ بەزىسى مىلادىدىن بۇرۇن، بەزىسى مىلادىنىڭ 7 - 8 - ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەپسۇسكى چىڭگىزخان 13 - ئەسىردە ئوتكەن شەخسقۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئوغۇزنامە» دە تۈرك خەلقلىرىنىڭ تۇتىم ئېتىقاتلىرى، ئورپ-ئادەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان. چىڭگىزخان زامانىسىدىكى موڭ-غۇللار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىسىمۇ، ئۇلار تۈرك خەلقلىرىگە ئوخشاش بورىنى تۇتىم قىلغان ئەمەس.

ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا قىياس قىلىش، قىلچە ئاساسقا ئىگە بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۇلكىلىك بىر ئىش.

## 4 . ئوغۇزخاننىڭ يۈرۈشلىرىگە يول باشلىغان بورە ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» دىكى كوك يايلىلىق بورىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ ھەربى يۈرۈشلىرىدە يول باشلىشى، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ بورىنى تۇتىم قىلغانلىغىنى كورسىتىدۇ.

«ۋېي يىلنامىسى. ئىگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» دە



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلارنىڭ كىلىپ چىقىشى ھەققىدە ئاجايىپ بىر ئەپسانە بار، ئۇ مۇنداق: "ئىگىز ھارۋىلىقلار قەدىمقى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىدى......ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئايالى ئىككى قىز تۇققان بولۇپ، بۇ قىزلار ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ھۇنلار ئېلىدىكى ئادەملەر ئۇ قىزلارنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن. ھۇن تەڭرىقۇتى: "مۇشۇ قىزلىرىم قانداق كىشىلەرگە جورا بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەڭرى بىلەن جۈرلاشسا بولىدۇ" دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ تەڭرىقۇت ھۇنلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن جايغا ئىگىز بىر قورغان سالدۇرۇپ، قىزلارنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ "قىزلارنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قارشى ئېلىشىنى ئۈتۈنىمەن" دەپتۇ. ئارىدىن 3 يىل ئۆتكەندە، قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلارنى كورمەكچى بولغاندا، تەڭرىقۇت: "بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن" دەپتۇ، يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، بىر قېرى بۆرە پەيدا بولۇپ، كېچە-كۈندۈز قورغاننى ياقىلاپ ھۇلايدىغان بوپتۇ، بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ بىر ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، بۆرە زادى كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا "دادام مېنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا، تەڭرى بىلەن جورا بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلغان، بۈگۈنگە كەلگەندە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاھى مەخلۇق ياكى پەرىشتەنىڭ ئۆزىدۇر" دەيدۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ، بۆرىگە جورا بولماقچى بولىدۇ. سىڭلىسىدىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ "بۇ ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا جورا بولىمەن دېيىش ئاتا-ئانىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت!" دەيدۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سوزىگە قۇلاق سالماي قورغاندىن چىقىپ، بۆرىگە جورا بولىدۇ. ئۇ-

نىڭدىن بالا تۇغىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ بىر دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ".

بۇ ئەپسانىدا ئېيتىلغان ئىگىز ھارۋىلىقلار، ئۇيغۇرلارنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇلار ئىگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن 6 - ئەسىردىكى تارىخچىلار، ئۇيغۇرلارنى "ئىگىز ھارۋىلىقلار" دەپ يېزىشقان.

ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمقى زامانلاردىكى دەسلەپكى دىنىي ئېتىقاتلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇتىم، باشلانغۇچ كوممۇنا دەۋرىدە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە بولغان. لېكىن دۇنيادىكى جايلارنىڭ يەر شارائىتى (چۆللۈك، تاغلىق، ئورمانلىق، تۈزلەڭلىك)، ھاۋاسى (قۇرغاق، نەملىك، موتىدىل، ئىسسىق، سوغاق) ھەر خىل بولغانلىقىدىن، ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئېتىقات قىلغان تۇتىملىرىمۇ ھەر خىل بولغان. مەسىلەن، ھىندىلارنىڭ كالا، پارىسلارنىڭ شىر، خەنزۇلارنىڭ ئەجدىھا بولغىنىغا ئوخشاش.

تۇتىم، ئەسلىدە باشلانغۇچ كوممۇنا دەۋرىدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ مەلۇم ھايۋان، قۇش، ئۆسۈملۈكنى نەسىل ياكى ئۇرۇق قان سىستېمىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئاۋستىرالىيىدىكى پاپائوسلار تىلىدىن ئېلىنغان "تۇتىم" سۆزى ئۇنىڭ ئۇرۇغى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەپسانىدىكى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ كىچىك قىزىنىڭ بۆرىگە جۈرا بولۇپ بالا تۇققانلىقى، ئەقىلغا سىغمايدىغان ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەپسانە بىر تەرەپتىن ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قان قېرىنداشلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ بۆرىنى تۇتىم قىلىپ، تۈرك خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 551 - يىلىدىن 705 - يىلغىچە) ئۇيغۇر -

ئۇرخۇن خاقانلىغى (مىلادىنىڭ 647 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە) دەۋرىدە خاقانلىقلارنىڭ ئوردىسىغا ئالتۇندىن ھەل يۈگۈرتكەن بورە بېشى چۈشۈرۈلگەن كۆك يىپەك بايراقنى كوتىرىشى، ئور- دىنى قوغدايدىغان قاراۋۇللارنى "بورە" دەپ ئاتىشى تاسادىپى ئەھۋال ئەمەس.

## 5 . «ئوغۇزنامە» دىكى بەزىبىر ناملار ھەققىدە

ئوغۇزخان، ۋۇلگا بويىدا ئورۇم خانىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئورۇس بەگنىڭ ئوغلىغا "ساقلاپ" دەپ نام بەرگەنلىكى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بەزى تارىخچىلار "سىلاۋىيان" سوزى "ساق- لاپ" سوزىدىن كېلىپ چىققانمىكىن دېيىشىدۇ.

ئوغۇزخان ئىدىل (ھازىرقى ۋۇلگا دەرياسى — ئاپتور) دەر- ياسىدىن ئوتۇشتە خىزمەت كورسەتكەن ئۇلۇغ ئىرۇ دىگەن ئادەمگە "قىپچاق" دەپ ئات قويغان. "قىپچاق" تۈرك قەبىلە- لىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى.

"شەجەرەئى تۈركى"، دە "قىپچاق" ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بار. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخان سىر دەريا بويىدا بولغان بىر جەڭدىن قايتىپ كەلگەندە، ئوزىنىڭ باتۇر بەگلىرى- دىن بىرىنىڭ ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان خوتۇنى ئىزسىز يوقال- غان. ئوغۇزخان شۇ خوتۇننى تاپتۇرۇش ئۈچۈن جەڭ بولغان جايغا ئادەم ئەۋەتكەن. ئوغۇزخان ئەۋەتكەن ئادەملەر سىر دەريا بويىدىكى بىر قېلىن ئورمانلىقتىن يوقالغان خوتۇننى تېپىشقان. ئېغىر ئاياق خوتۇن، ئىچى كاۋاك بىر چوڭ دەرەخنىڭ ئىچىدە بىر ئوغۇل تۇققان. خوتۇننى شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تاپقان

ئادەملەر، ئۇنى، بوۋاق ئوغلى بىلەن بىللە ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئوغۇزخان، يېڭى تۇ-غۇلغان بوۋاق ئوغۇلغا "قىپچاق" دەپ ئات قويغان. "قىپچاق" سوزى "قىسلچاق" مەنىسىنى بېرىدىغان سوز بولۇپ، ئىچى كاۋاك دەرەخنىڭ قىسلچىغىدا تۇغۇلغان ئوغۇلغا شۇنداق ئات قويغان.

مانا شۇ قىپچاق بەگ چوڭ بولۇپ دادىسى خانلىق قىلى-دىغان چوڭ قەبىلىگە بەگ بولغان. مانا شۇ قەبىلە ئوزىنى، ئوز خاننىڭ نامى بىلەن قىپچاق دەپ ئاتىغان.

«دىۋان لۇغەتىت تۇرك» دە قىپچاق سوزى ھەققىدە تو-ۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

دىۋاندا، تارىخىي ئەسەرلەردە ئېيتىلغاندەك، قىپچاق سوزىنىڭ ئىچى كاۋاك دىگەن مەنىسى ھەققىدە سوز يوق، لېكىن دىۋاندا، قىپچاقلارنىڭ شەھەرلىرىدە ياشايدىغان بىر ھاي-ۋان توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ. دىۋاندىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، گەۋدىسى چوڭ، بۇلان دىگەن ئوۋ ھايۋىنى قىپچاقلارنىڭ شە-ھەرلىرىدىلا ياشايدىكەن. بۇ ھايۋاننىڭ ئىچى كاۋاك، ئۇچى ئاسمانغا قارايدىغان بىر مۈڭگۈزى بار ئىكەن. قار، يامغۇر سۇ-لىرى ئۇنىڭغا يىغىلىپ قالىدىكەن. ئەركەك بۇلان، چىشى بۇلاننىڭ مۈڭگۈزىدىن ۋە چىشى بۇلان، ئەركەك بۇلاننىڭ مۈڭگۈ-زىدىن ئېقىشىپ تۇرۇپ سۇ ئىچىدىكەن. قىپچاق سوزىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى قىياسلار شۇ ھادىسە بىلەن باغلىق بولسا كېرەك①.

«ئوغۇز نامە»دىكى قىپچاق سوزىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات-

① «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» نىڭ 496 - بېتىگە قاراڭ.

لار شۇنىڭدىن ئىبارەت. شۇ مەلۇماتلارنىڭ قايسىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزلىنىش كېرەك.

داستاندا، ئوغۇزخان قارلۇق دىگەن نامنى ئوزىنىڭ بوز ئايغىرىنى قارلىق تاغ ئىچىدىن تېپىپ چىققان باتۇر بىر بەككە قويغانلىقى، ئۇنى شۇ يەرگە بەگ قىلغانلىقى ئېيتىلغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قارلۇق باشقۇرغان قەبىلە ئوزىنى قارلۇق دەپ ئاتىغانلىقى ئېنىق.

قارلۇقلارنىڭ دەسلەپ ئالتاي ئەتراپلىرىدا ياشىغانلىقىنى ھىساپقا ئالغاندا، مۇز تاغ ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئىچىدە بولسا كېرەك. جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدىن بولغان «سۇي يىل- نامىسى تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دە قارلۇقلار تىلغا ئېلىنمايدۇ. پەقەت «تاڭ يىلنامىسى، قارلۇقلار ھەققىدە قىسسە»دىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. «تاڭ يىلنامىسى»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قارلۇقلار ئالتايدا ياشىغان. ئۇلار سابەگ، بويلا، تاشلى (تاشلىق)دىن ئىبا- رەت ئۇچ ئۇرۇقتا بولۇنەتتى. شۇڭا تارىختا ئۇلارنى ئۇچ قارلۇق دەپمۇ ئاتايدۇ. قارلۇقلار 740 - يىللىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان بىر تارمىقى ئىچىدىكى بىر قەبىلە ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنى قۇرۇشتا كۇچ چىقار- غان. 751 - يىلى قىرغىزستاندىكى تالاس دەرياسى بويىدا تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئەرەپلەر ئارىسىدا بولغان قانلىق جەڭدە، قار- لۇقلار ئەرەپلەرگە ياردەم بەرگەن. نەتىجىدە سالىم ئىبنى زىياد قوماندانلىقىدىكى ئەرەپ قوشۇنى، گاۋشەنزى قوماندانلىقىدىكى ئات- مىش مىڭ كىشىلىك تاڭ قوشۇنلىرى ئۇستىدىن شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن. گاۋشەنزى بىر نەچچە مىڭ كىشى بىلەن ئاران قېچىپ قۇتۇلغان.

قارلۇقلار 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئالتايدىن غەرپكە قاراپ سىلجىپ، ئالدىنقى قىسىملىرى ئامۇ دەريانىڭ بويلىرىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىدىكى خان چىقىدىغان قەبىلە ياغلا قارلارنىڭ بەزىبىر يولسىزلىقلىرىدىن نارازى بولغان قارلۇقلار 760 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئاساسەن يەتتە سۇغا كوچۇپ كېتىدۇ. 766 - يىلى قارلۇقلار سوياپ (توخماق شەھىرى) نى بېسىۋېلىپ پايتەخت قىلىدۇ. قارلۇقلارنىڭ خانى يابغۇ ئۇنۋانىدا بولىدۇ.

845 - يىلى، ئىچكى ئۇرۇش، تەبىي ئاپەت، تاشقى ھۇجۇم سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولغان شەرقىي ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىدىكى)نىڭ ناھايىتى چوڭ بىر تارمىغى ئالتايدىن ھالقىپ ئوتۇپ، جۇڭغار دالىسى ئارقىلىق غەرپكە كوچۇپ، يەتتە سۇدىكى قارلۇقلار ئارىسىغا كېتىدۇ.

9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە ھوكۇم سۇرگەن قارا خانىلار دولىتىدە قارلۇق ئۇيغۇرلىرى ئوز قېرىندىشى بولغان ياغمالار بىلەن بىرلىكتە قاراخانىلار دولتى تارىخىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

داستاندا، ھارۇننى ياسىغان بارماقلىق جۇسۇن بىلكى ئاتلىق ئادەمگە ئوغۇزخان تەرىپىدىن قانقلى دېگەن نامنىڭ قويۇلۇشى خېلى مۇھىم مەسىلە. تۈرك خەلقلىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر قەبىلىسى بولغان قانقىللار، ئوغۇزخان قويغان نامدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

قانقىللار مىلادىدىن بۇرۇنلا مەلۇم بولۇپ، ئۇلار يەتتە سۇدا، ئوسۇنلار بىلەن خوشنا بولۇپ ياشىغان. ئاكادېمىك رادلۇۋ مىلادىدىن بۇرۇنقى چى، شى بەگلىكىنى (جىمسار، تۇرپان

www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىرىدىكى) قانقىلىلار دەپ چۈشەندۈرگەن. مېنىڭچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مىلادىدىن بۇرۇنلا، چى، شى بەگلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قانقىلى ئاتلىق تۈركى قەبىلە يەتتە سۇدا ياشاپ تۇرغان ئىدى.

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى بەزى بىر مۇھىم ناملار ھەققىدە شۇنچىلىكلا توختالدىم.

## 6. «ئوغۇز نامە» دىكى بەزى ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە

داستاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئۆرپ - ئادەتلىرى، مۇراسىملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەقەلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇسۇسەن ئاخىرقى قىسمىدىكى مۇراسىمدا قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان ئىككى موما ياغاچ تىكىلىپ، موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇپ، موما ياغاچنىڭ تۈۋىگە ئاق ۋە قارا قويلارنىڭ باغلىنىشى، شۇ دەۋرگە باغلىق بولغان بىر خىل ئۆرپ - ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋەقە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دىنى ئېتىقادى بولغان شامان دىنىنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دىنىنىڭ بەزى ئادەتلىرى ئەكس ئەتكەن، جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمقى تارىخىي يىلنامىلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 - ئەسىردىلا شەرقىي ئۇيغۇرلارنى ”ئاق تورا“ ۋە ”قىزىل تورا“ دەپ ئاتاشقان. مىلادىدىن بىرقانچە مىڭ يىل بۇرۇنلا تۈرك خەلقلىرى شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىشاتتى. ”ئاق تورا“، ”قىزىل تورا“ دەپ ئاتالغان شەرقىي ئۇيغۇرلارمۇ شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىشقان. شامان دىنى بويىچە، تۆت تۈرلۈك رەڭ ئارقىلىق شەرق، جەنۇپ، غەرپ، شىمالدىن ئىبارەت تۆت تەرەپ-

نى بەلگىلەيتتى ياكى شامان دىنى بويىچە تۆت تۈرلۈك رەڭ شەرق، جەنۇپ، غەرپ، شىمال تەرەپلەرنىڭ ئالامىتى ئىدى. مەسىلەن:

1 - كوك رەڭ — شەرق تەرەپنى،

2 - قىزىل رەڭ — جەنۇپ تەرەپنى،

3 - ئاق رەڭ — غەرپ تەرەپنى،

4 - قارا رەڭ — شىمال تەرەپنى كورسىتەتتى.

بۇ خىلدىكى باشلانغۇچ دىنى ئېتىقات كېيىنكە كېلىپ كىشىلەرنىڭ مەلۇم رەڭگە بولغان ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىلدىكى ئامراقلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ چېدىرلىرى، بايراقلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، ئات جابدۇقلىرىنىڭ رەڭگىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇر - تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىرە بېشى سېلىنغان بايراقلىرى كوك يىپەك رەختتىن بولغان بولسا، قەدىمقى شەرقىي ئۇيغۇرلار كوپىنچە ئاق ياكى قىزىل چاپان كىيىشنى ياخشى كورەتتى.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئوتۇش لازىمكى، ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەننىڭ «تارىخنامە — هۇنلار هەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا هۇن تەڭرىقۇتلۇغىنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىلىدا خەن خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى خەن گاۋزۇ (لىيۇباڭ) نى هازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ داتۇڭ شەهرى يېنىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشاۋغا ئالغان. خەن گاۋزۇ باشلىق بىرنەچچە يۈز مىڭ خەن قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىنى كوك ئاتلىق، غەربىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمالىنى قارا ئاتلىق، جەنۇبىنى قىزىل تورۇق ئاتلىقلاردىن تۇت يۈز مىڭ هۇن ئات -

لەقلىرى قورشۋالغان ئىكەن.

«ئوغۇز نامە» دىكى موما ياغاچ تۇۋىگە باغلانغان ئاق ۋە قارا قويمۇ شامان ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى غەرپنىڭ (ئاق قوي)، شىمالنىڭ (قارا قوي) ئالامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر موما ياغاچنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان ئالتۇن توخۇنى (قىزىل بەلگىلىك بولسا) جەنۇپنىڭ ئالامىتى، كۈمۈش توخۇنى (كوك بەلگىلىك بولسا) شەرقنىڭ ئالامىتى دېيىش تامامەن مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا «ئوغۇزنامە» دىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ، ئاق، قارا قويلار شامان دىنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە شەرق (كۈمۈش توخۇ)، جەنۇپ (ئالتۇن توخۇ)، غەرپ (ئاق قوي)، شىمال (قارا قوي) نىڭ ئالامىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» نىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىك، تىل تەرەپلىرىنى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي ئىستىلىنى ئىجادىي ئۆگىنىپ، هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى يۇقۇرى باسقۇچقا كوتىرىشتە پايدىلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى «ئوغۇزنامە» ئوزىگە خاس يىغىنچاق، ئۇقۇملۇق، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن يېزىلغان.

# كومۇلۇپ قالغان گوھەرلىرىمىزنى قازايلى

## ئىمىن تۇرسۇن

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئىزچىللىق بولىدۇ. بۈگۈنكى ئەدەبىيات — ئۆتكەنكى ئەدەبىياتنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. دەرۋەقە، ھەر دەۋرنىڭ ھۆكۈمران ئىدىيە سىستېمىسى ۋە دۇنيا قارىشى بولغاچقا، ھەر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئوخشاش بولمايدۇ، مىللى مەدەنىيىتىمىزگە ئوخشاش بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزمۇ بىرلا دەۋردە، بىرلا رايوندا بىرقانچە ئەدىب ياراتقان چەكلىك ئەسەرلەر بىلەنلا شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى بىرقانچە دەۋرلەر مابەينىدە، كۆپلىگەن رايونلاردا، نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەرنىڭ ھەر خىل ژانىرلاردا ياراتقان سانسىزلىغان ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەزمۇنى باي، شەكلى خىلمۇ ـ خىل دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلقنىڭ مۈلكىدۇر. بۇ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، ئەقەللىسى، بىزنىڭ ئىنسانىي بۇرچىمىزدۇر. لېكىن گايىدا ۋارىسلىق قىلالمىدۇق.

تۈرلۈك دەۋرلەردە، ھەر خىل ھۆكۈمرانلارنىڭ يۈرگۈزگەن تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرى، مەسىلەن، ”نادانلىقتا تۇتۇش“



AltunOq

www.uyghurkitap.com

ۋە "مىللىي مەدەنىيەتنى ئۇچۇقتۇرۇش" سىياسەتلىرى ۋە بۇلارغا
يانتاياق بولغان "جاھىللىق - مۇتەئەسسىپلىك" نىڭ بەدنىيەت
ھامىلىرى، كۆپ ھاللاردا، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىزچىل گۈل-
لەپ ياشنىشىغا كاشىلا قىلدى. "ئىت ئۈرەر، كارۋان يۈرەر"
ماقالى بويىچە، خەلق ئىجات قىلىۋەردى؛ خەلقىمىزنىڭ مەرىپەت-
پەرۋەرلىك روھى، ئومۇمەن، ئاسارەت قەپىزىدە بوغۇلۇپ تۇرۇ-
ۋەرمىدى.

ئىجادىيەت قايناق بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ كېلىۋەردى، ئۇنىڭ
سۈيى خەلقىمىزنىڭ تۈرلۈك ۋەقەلەرگە باي تۇرمۇشىغا، ئۆرپ-
ئادەت ۋە پسىخولوگىيىسىگە قايتا سىڭىپ، خەلقىمىزنى ئىجات
قىلىشقا، ياشاشقا ئۈندەپ كەلدى. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقىنى پەقەت
"ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىر" دەپ تەرىپلەش بىلەنلا قالماي، ئېغىز
ۋە يېزىق ئەدەبىياتى جەھەتتىمۇ ئۇستىكار دېيىشكە بولىدۇ.

كونا ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت قەستەن
كۆمۈپ تاشلىغان ۋە يوق قىلىشقا ئۇرۇنغان كىلاسسىك ئەدەبى-
ياتىمىز پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ
مىللىي سىياسىتى ئىجرا قىلىنىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ ھەقلىق مىراس-
خورلىرى بىلەن بىللە ئازاتلىققا چىققان ئىدى. لېكىن ئازاتلىق
ئاپتىۋىدىن ئۇچىسىغا ئىسسىق ئۆتە - ئۆتمەيلا ناتوغرا لۇشيەننىڭ كا-
ساپىتى تەگدى. بولۇپمۇ لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ فېئودال-
لىق - فاشىستلىق دىكتاتۇرىسى مەدەنىي - ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى "فېئو-
داللىق ئەخلەت" دەپ، خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى بولغان كىلاسسىك
ئەدىپلىرىمىزنى فېئوداللىقنىڭ ھىمايىچىلىرى دەپ قارىلىدى.
تارىخنىڭ تەرەققىيات چاقىنى تەلۋىلەرچە تەتۈر چۆرگىلەتمەك-
چى بولغان "ئىسيانكارلار" نىڭ ھاماقەتلىكى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن-

لىغان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ يازما نۇسخىلىرى ئوتقا تاشلاندى. دىمەك، بىر - بىرلەپ مەيدانغا كەلگەن "گۆھەرلىرىمىز" تۈركۈم - لەپ يوقىتىلدى.

شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز باركى، مىراسنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان خەلقىمىز مەۋجۇت ئىكەن، ئەدەبىي مىراسلىرىمىزمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مانا ھازىر شۇ مىراسلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ۋە بارلىق خەلقنىڭ تەڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن، پار - تىيىمىز قايتىدىن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ھازىرغىچە، بىزگە تەخەللۇسىلا مەلۇم بولغان "مۇتىرىبە" دەك شائىرەلەر، "خاكەئى قەشقەرى" دەك غەزەلخانلار تېخى كوپ؛ بىزگە بۇ چاققىچە نام - تەخەللۇسى مەلۇم بولغان ئەدىپلىرىمىزنىڭ بىز بىلىدىغان قىسمەن ئەسەرلىرىدىن باشقا كوپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرى تېخى تېپىلغىنى يوق.

يېقىندا، كىرىيىلىك تىۋىپ ئوسمان تۇرسۇن تىبابەتچى - لىككە دائىر قولىيازمىلار ئارىسىدىن كوزگە چېلىققان ئىككى شا - ئىرنىڭ 3 پارچە غەزىلىنى ماڭا ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ شائىرلار - نىڭ بىرىنىڭ تەخەللۇسى "ئەسىرى"، يەنە بىرىنىڭ "زۇمرەد" ئىكەن. بۇلارنىڭ نامى - ئەمالى، ياشىغان زامانى ۋە ئىجادىيىتى نامەلۇم بولۇشىغا قارىماي، باشقا ئەدەبىي مىراس ھەۋەسكارلىرى - مىزنىڭ قىزىقىشقا دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، تېپىلغىنى بويىچە تونۇشتۇردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەسرى

ئەي پەلەك كوپ زۇلۇم قىلدىڭ ئاشىق جانبازغا،
ئاھ كىم يەتكۈزمەدىڭ ھەمراز① نى ھەمرازغا.
ھوسنىنى تۈن - كۈن قىيىن قىلماقىغا قىلدىڭ ھەم قەپەس،
توتى شىرىن زەبانىنى زاغ بەد ئاۋازغا.
ئەي سىپىھرە② مۇرۇۋۋەت③ سەندەنى مېھرىنى كوز،
يۇسۇپ مىسرىمنى ساتمىش سەن باھاي ئازغا.
قايدا بىلگەي ئەل - ھەيۋان قەدرىنى ھەيۋان ئەز④،
لايىق ئەردى خىزىر خەتلىغ تەشنا لەب دەمسازغا⑤.
چىقسا جان شىرىن لەبى يادىدانى غەم ئەي مەسىھ⑥،
جان ماڭا شىرىن لەبى يوق ھاجەتىم ئەئجازغا⑦.
ۋە قاچان شەرئى مۇھەببەتتە راۋا بولغاي نىگاھ،
گىسۇيى ئەنبەر پەشانىم⑧ نى ھەبەشلىغ تازغا.

---

① ھەمراز — سىرداش.

② سىپىھرە — پەلەك، ئاسمان.

③ مۇرۇۋۋەت — مەرتلىك، ئادەمگەرچىلىك.

④ ئەز — يىرتقۇچ.

⑤ دەمساز — ھەمدەم، ئۇلپەت.

⑥ مەسىھ — ئەيسا پەيغەمبەر.

⑦ ئەئجاز — ئاجىز، كۇچسىز.

⑧ گىسۇيى ئەنبەر ئەپشان — ئەنبەر چاچقۇچى ئۇرۇمە چاچ.

سارنىك① باغىغا تاۋۇس ھەرەمنى باغلادىڭ،
كاش ھەم باغ ئۇلسا تاۋۇس ھەرەم شەھبازىغا②.
ھۇققەئى لەئلىدە③ ياقۇت مۇپەررەھ مۇندەرىج④،
دەرلىخ كوڭلۇم مۇقەييەد⑤ دۇر مۇپەررە ھەمسازىغا.
ئەي ئەسرى غەيرىدىن راز⑥ دىلىمنى ئاسراغىل،
غەمنى غەمخارىمغا ئايىغىل ئايماغىل غەممازىغا⑦.

× ×

تا خوتەن شەھرىگە كەلدىم ساكىن ئۇلدۇم باغ ئارا،
ئۇلتۇرۇپ پاي پەنادەك⑧ يەر تۇتۇپ ياپراغ ئارا.
مەن كورەرمەن ئەلنى ئەل كورمەس مىنى يوقتۇر ئەجەپ،
”نۇن“ مەسەللىك ياشۇرۇن يالغۇز ”ئەلىپ“ دەك تاغ ئارا.
چاھار ئۇنسۇردەك⑨ مېنىڭ جانىمغا بولدى چارباغ
جانىم ئول قۇشدۇر ئۇچالماي تەلپىنۇر بۇ باغ ئارا.

① سارنىك — تازا، پاك.
② شەھباز — لاچىن.
③ ھۇققەئى لەئلە — كوچمە مەنىسى: قىزىل لەۋ.
④ مۇپەررەھ — شىرىن ۋە خۇش بۇي، مۇندەرىج — ئىچىگە كىرگەن، سىڭگەن.
⑤ مۇقەييەد — باغلانغان.
⑥ راز — يوشۇرۇن، مەخپى.
⑦ غەمماز — چېقىمچى، سىر ئاچقۇچى.
⑧ پاي - پەنا — يوق بولغان.
⑨ چاھار ئۇنسۇر — توت ئېلېمېنت.

كوزنى توت كوز تۇتماغىل ئەھباب① خىلىدىن ھىچ ۋاپا،
بىر مەسەلدۇر كىم كىيىك ياتماس ئىشەنگەن تاغ ئارا.
خار② غەيرىغە كوڭۇل گۇلزارى ئىچىدە بەرمە بول،
چۈن تىكەن سانچىلسا بى ئارام ئېتەر تىرناغ ئارا.

........................................................................................

........................................................................................

## زۇمرەد

ئەي رەپىق ساقلاغىل كۆڭلۈڭدە بىر ئەسرار بار،
ياردىن قىلغىل ھەزەر يانىدا بىر ئەغيار③ بار.
دىمەگىل دەپ سەن ئاڭا سىرىڭنى قىلساڭ ئاشكار،
ئول ھەم ئەيتۇر دىمە دەپ ئەنىڭمۇ ھەم بىر يار بار.
كۈندۈزى قىلساڭ سۇخەن④ بول ھەر تەرەپىن باخەبەر،
كېچىلەر ئاھىستە بول يانىڭدا بىر بىدار⑤ بار.
خەندە قىلغان بىرلە ھەر كىم سەن ئاڭا بولما پەرىب⑥
گۇل ئاچىلغان بىرلە ئەنىڭ يانىدا بىر خار بار.
گۇل ئۈچۈن بۇلبۇل ھەمىشە جارنىنى ئىيسار⑦ ئېتەر،

① ئەھباب — دوستلار، سۆيۈملۈك.
② خار — تىكەن.
③ ئەغيار — دۈشمەن.
④سۇخەن — سوز، گەپ.
⑤ بىدار — ئويغان.
⑥ پەرىب — ئالدىنىش.
⑦ ئىيسار — بېغىشلاش،

ئاقىبەت بۇلبۇلنىڭ ھەم بىر خاردىن ئازار بار.
دانىشىڭغا① بولما مەغرۇر ئەي پالان ئىبنى پالان،
بۇ جاھان سەھنىدە سەندەك يۈز تۈمەن ھۇشيار بار.
سەن كۆڭۈلدىن ھەر زامان باتىل② خىيالىڭنى چىقار،
خەيرىيەت ئەندىشە قىلغىل ساھىبى ئەسرار③ بار.
ئەي زۇمرەد بىر خۇدادىن ئۆزگەنى تۇتما ئۈمىد،
ھەقتىن ئۆزگە قايدا بارساڭ بىر بۇزۇق دىۋار بار.

① دانىش — بىلىم، مەلۇمات.
② باتىل — يامان، ئەسكى.
③ ساھىبى ئەسرار — سىر ئىگىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مىللى قەھرىمانى ۋە قوشاقچى-
سى سادىر پالۋان 1798 - يىلىنىڭ باھار پەسلىدە غۇلجا ناھى-

يىسىنىڭ موللا توختى يېزىسىدا كەمبەغەل دىخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مانجۇ ئىستىبداتى ۋە يەرلىك فېئودال بەگلەر-نىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ۋە خەلقنىڭ دەرت - ئەلەم ئارزۇ-ئارمانلىرى كۆيلەنگەن يالقۇنلۇق ناخشا - قوشاقلىرى كىشىلەردە چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىككە بولغان چەكسىز مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. سادىر پالۋان قوشاقلىرى ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ شېئىرىي ئىنكاسى سۈپىتىدە تارىخقا ھەمرا بولۇپ كەلدى. سادىر پالۋان ئۇرغۇنلىغان ناخشا - قوشاقلارنى يارىتىش ئارقىلىق زالىم-لارنىڭ چىرىكلىكى ۋە قانخورلۇقىنى ئېچىپ تاشلاپ ئىنقىلاۋىي جاسارەت ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىتۋارلىقنى تەشۋىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىمۇ قورقماس بىر پالۋان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خورلانغان ۋە ئازاپلانغان دىخانلارنى تەشكىل-لەپ مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى باتۇرانە كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئۇ ئىنقىلاپ جەريانىدا 13 قېتىمدەك تۈرمىگە چۈشكەن ۋە سۈرگۈن قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلقنىڭ قول-لىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى بىلەن زىنداندىن قۇتۇلۇپ، كېيىن ئىلى خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىپ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان "بايانداي ئۇرۇشى"، "كۈرە ئۇرۇشى" دا سېپىلنى پارتلىتىپ چوڭ خىز-مەت كۆرسەتكەن. سېپىلنى پارتلىتىش خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا چوڭ رول ئوينىغان. ئۇ 1870 - يىلىدىكى چاروسىيە تاجاۋۇزىغا قارشى سوقۇشقىمۇ قاتناشقان. كېيىن بۇ مەشھۇر خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋان 1871 - يىلى ماي ئايلىرىدا 73

- يىشىدا غۇلجا موللا توختى يۈزىدە ۋاپات بولغان. بىز سادىر پالۋاننىڭ كۈچلۈك ئاممىۋىلىقا ئىگە بولغان جەڭگىۋار قوشاقلىرىدىن ئۇنىڭ كۆرەشچان ھاياتى بىلەن ئىلى دىھقانلىرىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى كۆرەشلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس خاتىرىسىنى كۆرەلەيمىز.

«سادىر پالۋان قوشاقلىرى» نىڭ كۆپچىلىكى مۇزىكىلىق بولۇپ ھازىرغىچە مۇقىم ئاھاڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

## «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»

سادىر مەنۇ - سادىر مەن،
سادىر بولماي نىمە مەن.
تاغ يوللىرىنى سوراساڭ،
ھەممە جايىنى بىلىمەن.

تىيانشان تاغلىرى دەيدۇ،
مىنىڭ ياتار ماكانىمدۇر.
نىمە قىلساڭ قىل شەنگەن،
مىنىڭ سورار زامانىمدۇر.

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئونبەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،
قومۇلخانىغا① پالانغان.

---

① قومۇل دىمەكچى.

مەن قومۇلغا پالاندىم،
شاۋاخان تۇقاچ ياققىن.
مەندىن قالدى بەش بالا،
تېنەتمەي ئۇبدان باققىن.

بەگنىڭ ئىتلىرى يامان،
ئۆتكەن ئادەمنى تالايدۇ.
سادىر دەپ تۇتۇپ ئالدى،
ئەمدى يەنە پالايدۇ.

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاڭزىدىكى شاڭيۇ.
جان باقماق ئۈچۈن ساتتىم،
بېيجىڭ شەھرىدە ياڭيۇ.

كورە يولىدا يۈرۈپ،
مەپەك سۇندىمۇ شەنگەن.
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كوڭلۈك تىندىمۇ شەنگەن.

ۋاڭزى① بىر نىمە دەيدۇ،
ۋاڭزىغا نىمە لازىم.
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
يامۇلدا يېتىپ تازىم.

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا خېتىم قالدى.

① ۋاڭزى — سادىرنىڭ دوستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

يامۇلدا چىداپ بولماس،
چۈسى بىلەن پىتلارغا.
كويزا پۇلى تۆشىماس،
يامۇلدىكى ئىتلارغا.

يامۇلنىڭ تېگى زەيلىك،
بۇ دەرتلەرگە نىمە دەيلىك.
ئەرلىك ئۇچۇن بەل باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزلەيلىك.

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى،
ئىگىز قارىغاي چەگزە.
يامۇلنى تېشىپ چىققان،
سادىر دىگەن خوخەنزە.

مېنى تۇتىمەن دىگەن،
سەن تاغلىق، قارا تاغلىق
مېنىمۇ تۇتالمايسەن،
ئوغۇل بالىمەن خاڭرۇق①.

يامۇلدىن قاچقان كۈنى،
يولداش بىلەن تېپىشتىم.
قوغلىغان چېرىك بىلەن،
ئۈچ كۈنگىچە ئېلىشتىم.

① خاڭرۇق — سادىرنىڭ لەقىمى. دىمىغىدا گەپ قىلىدۇ دىگەن مەنىدە.

چېرىك قاچتى ئىلىغا،
ئېتىپ چۇشۇردۇم بىلىغا.
سەكرەپ چۇشۇپ ئېتىمدىن،
نەيزە تىقتىم گېلىغا.

ئات مىندىم كورەڭ قاشقا،
چاپتۇردۇم شېخىل تاشقا.
سادىر ئاتىدۇ باشقا،
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا.

دۇشمەن چىقتى يېيىلىپ،
سادىر ئاتتى تېپىنىپ.
دالدا قىلغان قاراتاش،
جۇۋامنى ئالدى يېپىنىپ.

دۇشمەندىن قېچىپ يۇرۇپ،
تاغلارنى ماكان ئەتتىم.
قوساق ئىچى يامان ئىكەن،
شالۋۇرنى① كاۋاپ ئەتتىم.

شالۋۇرنى كاۋاپ ئەتسەم
بىر تاتلىق بېغىر بولدى.
تاغمۇ ـ تاغ كېزىپ يۇرۇپ،
پۇتلىرىم يېغىر بولدى.

① شالۋۇر ــ تېرە ئىشتان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يامغۇردا تولا مېڭىپ،
ئوتۇكلەرنى ھول قىلدۇق.
تاشقا مالخاي كىيدۇرۇپ،
دۇشمەنلەرنى گول قىلدۇق.

سادىرنى ئاتار بولسا،
بەردەڭگى① بىلەن ئاتسۇن.
مەن جاڭجۇڭغا خەت يازدىم،
كاللامنى كېسىۋەتسۇن.

مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم بار،
چوڭى پەننامە② ئوقۇيدۇ.
مېنى مويتۇڭزىدا چاپسا،
تېنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.

يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قوچاق بولدى.
يامۇلنى تېشەر چاغدا،
قوۋۇرغام پەچاق بولدى.

ئەللىك ئالتە يېشىمدا
بولۇس③ بولسا قېشىمدا.

---

① بەردەڭگى — قارا مىلتىق.
② پەننامە — ئىلىم - پەن.
③ بولۇس — سادىرنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى.

غەيرەتكە تولار ئەردىم
قاراپ تۇرسا بېشىمدا.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ياتقان يېرىم يانبۇلاق.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
ماڭا بەرسىكەن ئۇلاق①.

يامۇلدىن قاچار ۋاقتا،
لوسى شى② ئامال تاپتى.
سېپىلنى تېشىپ قويۇپ
توشۇككە چاپان ياپتى.

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىققىم تالاغا.
مېنى باققان بەش يايى،
ئەمدى قالدى بالاغا.

مەن يامۇلدىن قاچقاندا،
بورۇلدى③ بىلەن قاچقان.

---

① ئۇلاق — ئات مەنىسىدە.
② لوسى شى — سادىرنىڭ يامۇلدا بىللە ياتقان خەنزۇ دوستى.
③ بورۇلدى — سادىرنىڭ موڭغۇل دوستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

داتاڭغا سولانغاندا،
قۇلۇپ تولغاپ ئىشىك ئاچقان.

يامۇلدىن قاچار ۋاقىتتا،
قازانچى① بىلەن قاچتۇق.
قوساق ئېچى يامان ئىكەن،
ئەجەپمۇ ئازاپ تارتتۇق.

قازانچى دىگەن يەرنى،
چېردىكلەر تاپالمايدۇ.
يىراقتىن قاراپ تۇرسام،
بىر دوڭدىن ئاشالمايدۇ.

بولىكەينىڭ غولىدا،
ئارپا تالقىنى چاچتۇق.
يايىلار قوغلاپ كەلسە،
قار كېچىپ داۋان ئاشتۇق.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىغىدا بالىسى.

---

1) قازانچى — جاي ئىسمى.

يوللاردا كېتىپ بېرىپ،
قاتتىق زاغرىنى يېدىم.
بىر مانجۇ سوراپ ئىدى،
مەن ئۆزەم خەنبىڭ① دېدىم.

يامۇلغا سولاپ قويدى،
پۇت ـ قوللاردا تىنىڭ تەيزە.
ھەرگىز خاپا بولمايدۇ،
ئۆزى قىلغان خوخەنزە.

ئىسسىت ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
زالىملارغا قۇللۇقتا.
ھېچ راھەت كۆرەلمىدىم،
زۇلمەت ئىچرە زورلۇقتا.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
مۇڭلار چۈشتى بېشىمغا.
پېچاق، چاقمىقىم خالتا،
شاۋاخان ئاداشىمغا.

بۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم،
قېچىپ يامۇلدىن تۇتۇلدۇم.

① خەنبىڭ ــ خەنزۇ ئەسكىرى دېگەن سۆز. بۇ يەردە مەنىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى خەنبىڭ دېگەن يېزىنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ يەردە مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پايلاقچى يامان ئىكەن،
چولاق يولتۇزدا تۇتۇلدۇم.

× ×

## ئائىلىسىنى ۋە يۇرت قوۋمى - قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشاقلىرى:

چوڭ ئاكامنىڭ باللىرى،
مېنى كىچىك دادام دەيدۇ.
مېنى كىچىك دادام دىگەن،
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئوقۇردا كىشنەپ تۇرغان،
تورۇق ئېتىم ئامان بارمۇ؟
جاپايىمنى تولا تارتقان،
ھېمدە ئاتلىق ئانام بارمۇ؟

ئاتاسىدىن يېتىم قالغان،
ئاناسىدىن يېتىم قالغان.
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان،
شاۋاخان ھەمرىيىم بارمۇ؟

يوماشخان دەپ بالام بار،
دادام دەيدۇ ئەجەپ تاتلىق.

بەش بالامنىڭ ئۇچىدە،
كىچىگى دانىخان ئاتلىق.

ئاق بوز ئېتىم ئاچ قالدى،
بىر ئېتەك سامان بارمۇ.
ئاغزىمغا ئىلىم سالغان،
ھەسەن موللا ئامان بارمۇ؟

ئويۇمنىڭ توردە ياتقان،
چاشقاننى ماراپ ياتقان.
يوقسۇزلۇقنى تەڭ تارتقان،
مۈشۈكلىرىم ئامان بارمۇ؟

بوسۇغامنى بېسىپ ياتقان،
كېچە - كۈندۈز قاۋاپ ياتقان.
جاپايىمنى تولا تارتقان،
بويناقلىرىم ① ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاقتىدا،
دەل - دەرەخلەر پىشىدۇ.
ئۈزى پىشىپ ئۈزى چۈشكەن،
ئالما - ئۈرۈك ئامان بارمۇ؟

---

① بويناق — كۈچۈك، ئىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## "باياندای ئۇرۇشى①" توغرىسىدىكى قوشاقلىرى

جاڭجۇڭ دىگەن ئەمەلدار،
باياندايدا ياتالماي.
قورشاپ ئالغان لەشكەرگە،
تەمبەل پونى ئاتالماي.
قالدى غەمنىڭ ئىچىدە،
باشقا ياققا قاچالماي.
هالسىراشتى چىرىكلەر،
دەرۋازىنى تاقالماي.
مەهكەم ئىكەن سېپىلى،
ئوڭايلىقچە ئالالماي.
قورشاپ تۇرغان لەشكەرلەر،
ئوزگەرتمىدى كېيىمنى.

جاندىن كېچىپ يارانلار،
پىدا قىلدى جېنىنى.

---

① بۇ قوشاق 1863 - يىلى پارتلىغان ئىلى دىخانلار قوزغىلىڭى-نىڭ باياندايىنى ئېلىش ئۇرۇشىنىڭ جانلىق خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا سادىر پالۋاننىڭ باتۇرلۇق خىسلىتى بايان قىلىنىدۇ.
باياندای ئەينى مەزگىلدىكى مانجۇ ئىستىبدات هاكىمىيىتىنىڭ ئىلى رايونىدىكى مۇستەهكەم قورغىنى ئىدى. "باياندای ئۇرۇشى" شۇ چاغدىكى ئەڭ قىيىن ئۇرۇشلارنىڭ بىرى، ئۇ جەڭدە نۇرغۇن قان توكۇلگەن. ئاخىرى سادىر پالۋاننىڭ يۇكسەك يەم - پاراسىتى ۋە قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىنىڭ قەهرىمانلىق كورسىتىشى بىلەن خەلق ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغان. بۇ قوشاقتا ئەنە شۇ تارىخ شېئىر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

باياندايغا كىرىشنىڭ،
تاپتى ئاخىر ئېپىنى.
دەرۋازىنى ياندۇرسا،
باغلاپ ئالدى سېپىلنى.
........................
قالدى لەشكەر قايغۇرۇپ،
باتۇر سادىر خاڭرۇق.
قولغا ئالدى تېشىنى،
— يەر ئاستىدىن تېشەيلى
دورا بىلەن ئوت ياقاي،
ۋەيران بولسۇن سېپىلى.
مەسلىھەتمۇ شۇ بولدى،
سىپالار كوككە ئۇچتى.
ئاندىن لەشكەر يۈگۈرۈپ
چېرىكلەرگە تىغ ئۇردى.
ئاندا قاتتىق جەڭ بولدى،
سېپىلمۇ گۇم بولدى.
چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈگى،
سېپىل بىلەن تەڭ بولدى.
قۇۋۋەت تاپتى قوزغىلاڭ،
دۈشمەن بولدى بىر تەرەپ.
ئامان قالغان چېرىكلەر،
قاچتى ھەريان پېتىراپ.
ئەسكىرىدىن ئايرىلدى،
جاڭجۇڭ باشلىق چوڭلىرى.


AltunOq

ئامان قالماي ئۇلۇمدىن،
خاراپلاشتى كۆڭلىرى.
شۇ كۆڭلىلا سەك ھازا،
بىر - بىرىنى چىپپىشتى.
تالقان يىگەن تارانچى،
نىمەتلەرگە ئېرىشتى.
ئازات بولۇپ زالىمدىن،
مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدىكېرىم راخمان**
سادىر پالۋان رەسىمىنى تەخلىت قىلىپ
سىزغۇچى **نىياز كېرىم**



## خەلق قىزىقچىسى ھىسامىدىن

ھىسامىدىن 1927 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى قۇربان شۇ مەزگىلدىكى مەشھۇر چاخچاقچىلاردىن بىرسى ئىدى. ھىسامىدىن دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن 11 - 12 ياشلىرىدىن باشلاپ دورامچىلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئىشنى شۇ شەھەردىكى 9 چوڭ ئىمامنى ئوخشىتىپ دوراشتىن باشلاپ ئاخىر زوردۇن، غوپۇر دىڭخۇلۇ قاتارلىق چاخچاقچىلار قاتارىغا قوشۇلغان ۋە خەلق چاخچاقچىلىرىنىڭ، نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ ھازىرقىدەك خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە ئالقىشىغا ئىگە خەلق قىزىقچىسى بولۇپ يىتىلەلىگەن.

بىز تۆۋەندە خەلق قىزىقچىسى ھىسامىدىننىڭ چاخچاقلىرىدىن بىرنەچچىسىنى تاللاپ مەجمۇئەمىز سەھىپىسىدە بەردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئىنىرىسى

# خەلق قىزىقچىسى ھىسامىدىننىڭ چاخچاقلىرىدىن

## تىل تەگمىسۇن دەپ

بىر مەشرەپتە باشتىن ـ ئايىغىغىچە كوك رەختتىن كىيىم كىيـ ـگەن سالاپەتلىك بىر كىشى چوڭچىلىق بىلەن ھىسامىدىننىڭ ئاغزىنى تاتىلاپتۇ.

— ھەي ھىسام، قېنى، گەپچى بولساڭ مېنى بىر كەلتۈرۈپ باقە! — دەپتۇ.

— سىزگە تىل تەككۈزۈشكە بولماسمىكىن، ئاكا، — دەپتۇ ھىسامىدىن كىچىك پېئىللىق بىلەن.

— نىمىشقا؟

— نىمىشقا دېسىڭىز ھەدىمىز سىزگە خەقنىڭ تىلى تەگـ ـمىسۇن دەپ سىزنىڭغا سىلىپ ئەۋەتىپتۇ ئەمەسمۇ!

## ئۇ يەردىمۇ خورەك تارتىسەن

ھىسامىدىننىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا چاخچاق قىلدى:

— ئاغىنە، ئىككىمىز تەڭلا ئولسەك، بىزنى بىر گورگە قويسا، چاخچاقلىشىپ يېتىپ زىرىكمەيتتۇق ـ ھە؟!

ھسامىدىن دەرھال قاپىغىنى تۇرۇپ:

— ياق، بۇرادەر، سەن بىلەن بىر گوردە ياتمايمەن، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دېدى ھەيران بولۇپ ئاغىنىسى.

— سېنىڭ خورەك تارتىدىغان ئەسكى قىلىقىڭ بار، ئۇ يەردىمۇ مېنى ئارام خۇدا ئۇخلىغىلى قويمايسەن، — دېدى ھسامىدىن.

## ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى

ھسامىدىن ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقى ئۆز گېپىنى راست قىلىدىغان كىشى ئىكەن. ھسامىدىن باشلىقىنىڭ بۇ مىجەزىگە بىرنەچچە قېتىم پىكىر بېرىپ دەككىمۇ يېگەن ئىكەن.

بىر كۈنى ئىدارىدە "ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى نېمە" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە قوزغىلىپتۇ. ھسامىدىن ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن باشلىق:

— ھسامىدىن، سىزمۇ ئۆز تونۇشىڭىزنى قويۇپ بېقىڭ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ — دەپتۇ.

ھسامىدىن:

— بۇ ئىنتايىن ئوچۇق گەپ: ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى سىزنىڭ سۆزىڭىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## كەمتۈك چىش

ھسامىدىننىڭ ئىككى ئۈتتۈر چىشى يوق ئىدى. بىر ئاغىنىسى ئۇنى مازاق قىلىپ:

— ئاغىنە، چىشىڭنىڭ كەمتۈك يېرىگە تام سوقتۇرۇۋالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

— بەللى، بۇ جايدا مەسلىھەت بولدى، — دېدى ھېسامىدىن، — ئۇنداقتا گېلىمغا بىر يۇرۇش قورۇلۇش سالدۇرۇۋالدى-كەنمەن-دە!

— ياخشى گەپ، — دېدى ئاغىنىسى، — ئەمىسە، مەشرەپنى ھەر كۈنى سېنىڭ گېلىڭدىلا ئوينايدىكەنمىز-دە!

مەشرەپچىلەر تازا قىزىغاندا بىرلا يوتەلسەم ھەممىڭ ئۇ-زەڭنى يەردە كورۇشسەن-دە! — دېدى ھېسامىدىن.

## پايدا چىقسا

— بىر كىشى ھېسامىدىندىن سورىدى:

— جازانىخور جەننەتكە كىرەرمۇ، دوزاققىمۇ؟

ھېسامىدىن دېدى:

— جەننەتكە كىرىشى ناتايىن، ئەمما پايدا چىقسا دوزاققىمۇ كىرىدۇ.

## سۇپۇرگە بوغۇش

بىر مەشرەپتە ھېسامىدىننىڭ چاخچىقىغا چىدىمىغان بىر يىگىت ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغۇپتۇ.

ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقىغان ھېسامىدىن دەررۇ سوراپتۇ:

—بۇرادەر، مۇشۇ بوغۇشۇڭدا مەن نەچچە سۇپۇرگە چىقارمەن؟

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چومۇچ

دائىم ھىسامىدىننى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپ يۈرگەن بىر كىشى چوڭ سورۇندا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ھىسامىدىن، سىزنى ساقچى تۇتۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغۇدۇق، قاچان قويۇپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھىسامىدىن ھايالسىز جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

— سېنى قويۇپ بەرگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا مېنىمۇ قويۇپ بەردى.

## بۈگۈن ئۆيۈمگە بارىمەن

ھىسامىدىن كىچىك چېغىدا ھەر كۈنى كەچتە كىنوغا كېتىپ، ئۆيدە تۇرمايتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ تامغىنى يەپلا تالاغا مېڭىشىدى، دادىسى ۋاقىرىدى:

— ھەي ھىسامىدىن، سەن نىمانچە ئابدال بولۇپ كەتتىڭ! يەنە كىنوغا بارامسەن؟

— ياق، دادا، بۈگۈن ئۆيۈمگە بارىمەن، — دىدى ھىسامىدىن.

## خورەكنىڭ باھاسى

ھىسامىدىن سەپەر ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، بىر دەڭدە قونۇپ ئوتمەكچى بولدى.

— بىر كېچە قونساڭ 8 مو، — دىدى دەڭچى.

— ئاكا، مەن چوڭ خورەك تارتمايمەن، كىچىك خورەك تارتىمەن. شۇڭا 4 مو بەرسەم بولار؟ — دىدى ھىسامىدىن.

www.uyghurkitap.com

دەڭجا تېرىكتى:

— چوڭ ـ كىچىك خورەكلىرىڭ بىلەن كارىم يوق. زادى 8 مۇ!

— ئەمىسە، — دېدى ھىسامىدىن بانا كورسىتىپ، — مەن چوڭ خورەكنىڭ يېرىمىنىلا تارتاي، 4 موچەنلىك خورەك تىن كېيىنلا مېنى ئويغىتىۋېتىڭ.

## يەر توۋىنى ئىكەن

ھىسامىدىن ئۆزىنىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرغانلىغىنى باشقىلارغا ماختىنىپ سوزلەپ بەردى:

— ئۇرۇمچىگە ئىككى سائەتتە بېرىپ، قايتقاندا بىر يېرىم سائەتكە قالمايلا غۇلجىغا كېلىۋالدۇق.

— قويساڭا، — دېدى ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى ئىشەنمەي، — قايتقاندىمۇ ئىككى سائەت ئۇچمامدۇ؟

ھىسامىدىن گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىغىنى بايقىدى:

— سەن نىمىنى بىلەتتىڭ. قايتقاندا يەر توۋىنى ئىكەن ئەمەسمۇ!

## ئىككى ئوت

ھىسامىدىن ئىدارىدە مەش ئالدىدا ئىسسىنىپ ئولتۇرسا، يېنىغا بىر قىز كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھىسامىدىن قاخلاۋاتقان قولىنى مەشتىن يوتكەپ قىز تەرەپكە تۇتۇپتۇ. قىز ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ھىسامكا، ئوت ئۇياقتا قالدى!

— يوغسۇ، سىڭىل، — دەپتۇ ھىسامىدىن، — بۇياقتىكى ئوتنىڭ تەپتى كۆچلۈكرەك كېلىۋاتىدۇ.

## سەنئەتچى قېرىسا

ھىسامىدىن سەنئەت ئۆمەكتىمۇ ئىشلىگەن ئىدى. بىر يىلى باشلىق ئۇنى يارانماي، ئۆمەكنىڭ مۇنچىسىغا قاراشقا چىقىرىپتۇ. ھىسامىدىن بۇ ئەلەمنى ئىچىگە سېلىپ ئىشلەپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى باشلىق مۇنچىغا كەپتۇ. ھىسامىدىن ئەتەي ئۇنى ئىسسىغى يوق ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن باشلىق سوغاقتىن جالاقلاپ تىترەپ چىقىپتۇ-دە، ھىسامىدىنغا غەزەپ بىلەن ۋاقىراپتۇ:

— ھەي بەغەرەز، باشلىق مۇنچىغا كەلسە، سوغاق ئۆيگە چۈشەمدۇ؟

— ۋاي باشلىقىم، — دەپتۇ ھىسامىدىن، — سەنئەتچى قېرىسا مۇنچىچى بولامدۇ؟

## لەپەرچە مېڭىش

ھىسامىدىن يېزا سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ يۈرگەندە ئۆمەك باشلىقى ئۇنىڭغا چېگراق رول بەرمەي، داۋاملىق ئۇششاق لەپەرگە چىقىرىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۆيۈن قويۇش ئۈچۈن يىراق يېزىغا كېتىۋاتقى-

ندا باشلىق ھسامىدىنغا چاخچاق قىلىپتۇ:

— ھسامىدىن، نىمانداق تۇز ماڭمايسىز؟ بىردەم ئالدىغا، بىر دەم كەينىگە دەسسەيسىزغۇ؟

ھسامىدىننىڭ چاخچاق بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— مەن ئەسلىدە تۇز ماڭاتتىم. سىز ھە دىسىلا مىنى لەپەرگە چىقىرىۋەرگەندىن كىيىن مۇشۇنداق لەپەرچە مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن.

## ئەپچىللىك

ھسامىدىن سەھنىدە بوۋاي رولىنى ئوينىۋاتقاندا، ساقىلىنى سىپىسا، ياسما ساقال قولىغا چىقىپتۇ. شۇ پەيتتە ھسامىدىن دەرھال ئىشنى گەپ بىلەن ئوڭشاپتۇ:

— تۇۋا خالايىق، كوردۇڭلارمۇ! قىرىغاندا ساقالىمۇ كۆيە چۇشۇدىكەن ـ ھە! — دەپتۇ ـ دە، ساقالنى يانچۇغىغا سېلىپ قويۇپ، رولىنى ئويناۋېرىپتۇ.

## يامان ئىتىمۇ بار

ھسامىدىن بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن بىر يەردىن قايتىپ ئوزىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ھسامىدىن ئۇلارنى تەكەللۇپ بىلەن ئويگە تەكلىپ قىلىپتۇ:

— ئويگە كىرەيلى، ئاغىنىلەر!

— ئويۈڭگە كىرسەك مېھمان قىلغىدەك نىمەڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى.

— تاۋۇز بار، ئۈزۈم بار، يۇمشاقىقىنا نانمۇ بار، — دەپتۇ ھىسامىدىن، سوزلەۋېتىپ قارىسا، ئاغىنىلىرى ئۆيگە كىرىدىغاندەك تۇرۇپتۇ. ئۇ دەرھال سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — باغلاقسىز يامان ئىتىمۇ بار، — دەپتۇ.

## دەسلەپكى "غىلاڭ"

ھىسامىدىن مەشرەپكە باشقىلاردىن بالدۇرراق كېلىپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى سىرتتا ئىكەن.

كوپ ئوتمەي ئۆي ئىگىسى تالادىن كىرىپ، تاشقارقى ئۆيدىكى ئوچاقتا ئوت ياققىلى تۇرۇپتۇ، ئۇ ئوت يېقىۋېتىپ "غىلاڭ" قىلىپ بىرنى قويۇۋېتىپتۇ. بىر پەستىن كېيىن يەنە بىرنى غىڭىلدىتىپتۇ. ھىسامىدىن 2 ـ سىنى ئاڭلاپ، چىدىماي كۇلۇۋېتىپتۇ. كۇلكىنى ئاڭلىغان ئۆي ئىگىسى ئىرغىپ تۇرۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، ھىسامىنى كورۇپتۇ ـ دە، چاندۇرماستىن سوراپتۇ:

— ھەي ھىسامكا، سىز باردىكەنسىزغۇ، قاچان كەلدىڭىز؟

ھىسامىدىن پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— دەسلەپكى "غىلاڭ" دىن سەللا ئاۋال كەلگەن ئىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## ئىككىنچى قول باشلىق

ھىسامىدىن ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ باشلىغىنىڭ ئايالى ھەر دائىم ئېرى بىلەن تەڭلا باشلىقلىق قىلىدىكەن. كادىرلار بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايالدىن بىزار بولۇشقان ئىكەن.

بىر كۈنى باشلىق ئۆزى بار ۋاقىتتا بولۇمگە بىر كىشى كىرىپ ھەسامىدىندىن سوراپتۇ:

— يولداش، ئىدارەڭلەرنىڭ ئىككىنچى قول باشلىقى كىم؟

ھەسامىدىن قولى بىلەن باشلىقنى كۆرسىتىپ:

— ئىككىنچى قول باشلىق — بىزنىڭ مۇشۇ باشلىقىمىزنىڭ ئايالى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## سامان دېگەن ساماندەك

ھەسامىدىن كىچىك ۋاقىتىدا دادىسى ئۇنى ئەتىگەندىلا يېزا بازىرىغا بۇيرۇپتۇ:

— يۈگۈر بالام، بازارغا سامان كىرىدىمىكىن، كۆرۈپ كەل. كالىنىڭ يەيدىغىنى قالماپتۇ.

ھەسامىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ - دە، ھاسىرىغان پېتىچە ئۇچۇرىنى بېرىپتۇ:

— دادا، دادا، بازارغا سامان دېگەن ساماندەك كىرىپتۇ.

## ياخشى ئىش ۋە ئەڭ يېقىملىق ئىش

رامىزان ئېيىنىڭ بىر ئاخشىمى تەرەۋىدىن قايتقاندا، تاماگەر ئىمام ھەسامىدىندىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم ھەسامىدىن، بىلەمسەن، دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىش نىمە ۋە ئەڭ يېقىملىق ئىش نىمە؟

ھەسامىدىن ھۆرمەت بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— بىلەمدىغان تەخسىر! دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىش — كىشلەرنىڭ جاناپلىرىنى ئىپتارغا چاقىرىشى. ئەڭ يېقىملىق ئىش — ئىپتاردىن يانغاندا ئىككى توقاچنى قولتۇقلىرىغا قىستۇرۇپ قويۇشى.

ئىمام ھىسامىدىنغا بارىكاللا ئېيتىپتۇ.

## زەرەتكالىقنى يوتكەش

مەھەللىدىكى يىگىتلەر ئويىنىغان قاتارى مەشرەپ نوۋىتى ئىمامنىڭ ئوغلىغا كەپتۇ. شۇ كۈنى ئىمام بىر يەرگە كېتىپ ئويگە كەچرەك قايتقان ئىكەن. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشىگە ئويى-دىكى مەسلەرنى نېرىقى ئويگە يوتكەۋاتقان يىگىتلەرگە كوزى چۈشۈپتۇ. ھەيران بولغان ئىمام:

— ھاي - ھاي، نىمە سەراسىمە بۇ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. پىشايۋاندا سالقىنلاپ ئولتۇرغان ھىسامىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىمامغا جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ھېچ گەپ يوق، تەخسىر. زەرەتكالىقنى يوتكەۋاتىدۇ.

## سەۋىيە

بىر مەشرەپتە ھىسامىدىننىڭ چاخچاقلىرىغا قايىل بولغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇرادەر، ئوقۇغانمۇ سىز؟

— ئوقۇغان، — دەپ جاۋاپ بەردى ھىسامىدىن.

— نەچچىنچىگىچە ئوقۇغان؟

— بىرىنچى سىنىپتا يەتتە يىل ئوقۇغانمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## گىلەم ئۇستىسى

ھىسامىدىن گىلەمچىلىك كارخانىسىغا كېلىپ، كارخانا باشلىقىدىن ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

— ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، — دېدى كارخانا باشلىقى، — ئەمما بىر شەرتى بار: ئايالىڭىز گىلەم توقۇشنى ئاز - پاز بىلەمدۇ؟

— ۋاھ، بىلمەمدىغان! — دېدى ھىسامىدىن، — گىلەم تۇرماق، مېنىمۇ كۈنىگە نەچچە قېتىم بۇزۇپ، باشقىدىن توقۇپ چىقىدۇ دېسىلە!

## تەخەي

باشقىلارنى مازاق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى كوچىدا ھىسامىدىن بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ ئۇنىمۇ مازاق قىلماقچى بولۇۋېتۇ:

— ھىسامىدىن، تەخەيدەك ماڭماي، تۈز ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟

— سىزگە ئەگىشىپ ماڭغاندىن كېيىن تەخەيدەك ماڭماي نېمە ئىلاجىم بار، — دەپتۇ ھىسام.

## پوچىلىق

مەھەللىدە بىر پوچى كىشى بار ئىكەن، ھەمىشە پونى زەي سالماي ئاتىدىكەن. بىر قېتىم ھىسامىدىن بار جايدا پو

ئېتىشقا باشلىدى:

— پاھ ـ پاھ، بايىلا ئۆيدە كېلىشكەن پولودىن راسا يەپتى-كەنمەن، خويما بارام قىلىۋاتىدۇ.

— راست دەيسىز، — دىدى ئۇنىڭ پوسىدىن غىدىغى كەن-گەن ھىسامىدىن، — ئايدا ـ يىلدا بىر قېتىم يىگەچكە شۇنداق قىلىدۇ. بىزدەك ھەركۈنى پولو يەپ تۇرسىڭىز ھىچنىمە بولمايتتىڭىز.

## "زوگزايوپ"

كاۋاپچى ئالدىدا ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغان سالاپەتلىك ئۈچ كىشى يولدا كېتىۋاتقان ھىسامىدىننى توختىتىۋالدى. شۇ ئارىدا قاتناش ساقچىسى ئۇلارنى يول ئۈستىدىن چەتكە چىقىپ ئولتۇرۇشقا بىرنەچچە قېتىم دەۋەت قىلدى. مەسلەر گەپ ئاڭ-لىمىغاندىن كىيىن ساقچى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەر بىرىنىڭ ئىسمىنى سوراشقا باشلىدى. چوڭ سۈپەت مەسلەردىن بىرى گىد دەيگەن ھالدا:

— مۇسايوپ، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— نۇرتايوپ، — دىدى ئىككىنچىسى.

— مىرزايوپ، — دىدى ئۈچىنچىسى.

نۆۋەت ھىسامىدىنغا كەلدى. سورۇنغا ئەمدىلا قېتىلىپ، زوگزىيىپ ئولتۇرغان پېتى بىر زىخ كاۋاپنى تېخى يەپ تۈگەت-مىگەن ھىسامىدىن ئەلەم بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— زوگزايوپ!

www.uyghurkitap.com

## ئاشخانىدا

ھىسامىدىن تاماق يېگىلى بىر ئاشخانىغا كىرگەن ئىدى، بىر سائەتكىچە ئۇنىڭ قولىدىكى تالوننى ھېچكىم ئالمىدى. تاڭجاڭ بولسا، قاتراپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ تونۇشلىرىنى كۈتۈۋاتاتتى. شۇ چاغدا خېلىدىن بېرى تالوننى تۇتۇپ ئولتۇرغان يەنە بىر كىشى ھىسامىدىنغا دەرت ئېيتتى:

بۈگۈن بىز كەچكىچىمۇ تاماق يېيەلمەيدىغان ئوخشايمىز، بۇرادەر!

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى ھىسامىدىن، — يوتقان-كۆرپىمىزنى ئېپكېلىپ قونۇپ بولسىمۇ تاماق يەپ كېتىمىز.

## ئايلىنىپ بېرىپ تېگىش

ھىسامىدىن ئاغىنىلىرىگە مەرگەنلىكىدىن ماختىنىپ بەردى:

— تۈنۈگۈنكى قارىغا ئېتىش مەشىقىدە بەشئاتار مىلتىقتا ئۈچ پاي ئوقنى قالتىس ئېتىۋەتتىم-دە!

— قانداق تەگدى؟ — دەپ سورىدى بىر ئاغىنىسى.

— بىرىنچى ئوق دەل جايىغا تەگدى. ئىككىنچىسىمۇ سەل تۆۋەنرەككە تەگدى، ئۈچىنچىسى..... —ھىسامىدىن جىمىپ قالدى.

— ھە، ئۈچىنچىسىچۇ؟ — دەپ قىستىدى باشقىلار.

ھىسامىدىن ئويلاپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— ئايلىنىپ بېرىپ ئۇمۇ تەگدى.

## ھساملدىننىڭ يۇرۇشى

بىر گۈزەل دىلبەر توغرىسىدا پاراڭلىشىۋېتىپ، ئاغىنىسى ھساملدىنىدىن سورىدى:

— شۇ قىز بىلەن يۇرگەنمۇ سەن؟

— يۇرگەن، — دىدى ھسام ئويلانمايلا.

— يۇرگەن دەمسەنا؟ — ئاغىنىسى قىزىقىپ سورىدى، — قانچىلىك يۇردۇڭ؟

— بىر قېتىم بىزنىڭ مەھەللىدىن بازارغىچە بىللە يۇرگەن ئىدىم.

## تەشكىلنىڭ يولىشى

ھساملدىن قىرىپ قېلىۋىدى، تەشكىلى ئۇنىڭدىن ئانچە خەۋەر ئالمىدى. بىر كۈنى يۇقۇرىدىن كەلگەن باشلىق ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھساملدىن، تەشكىل سىزنى ھەر جەھەتتىن يولەپ تۇرىدىغاندۇ؟

ھساملدىن جاۋاپ بەردى:

— يولىمەمدىغان! تاشيولدا ماڭغىنىمدا ماشىنا هارۋىلار سوقۇۋېتىپ قالمىسۇن دەپ مىنى يولەپ ماڭىدۇ.

## غازىنىڭ سوزى

ھساملدىنىڭ بىر خوشنىسى ھەر كۈنى كەچكى تاماق ۋاقتىدا تەييار بولۇپ تۇراتتى. ھساملدىن بۇنىڭدىن بىزار

ئىدى. بۇ كۈنمۇ شۇ خوشنىسى كەچكى لەڭمەنگە ئۈلگۈرۈپ كىرىپ گەپ سېتىپ ئولتۇراتتى، ھىسامىددىننىڭ باقىقان غازلىرى تۇش-تۇشتىن غاقىلداپ كەتتى. خوشنىسى ئۆزىچە ھىسامىددىنغا چاخچاق قىلدى:

— بۇرادەر، غازلىرىڭلار نىمە دەيدۇ؟

— نىمە دەيتتى، — دىدى ھىسامىددىن زەھەرلىك كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ، — "ئۆزىنى سورىمايدىغان مېھماندىن تويدۇق — غاق-غاق!" دەيدۇ.

## ئىتتىن قورقۇش

ھىسامىددىن بىر چېقىمچى كىشى بىلەن كوچىدا كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا بىر قورادىن يامان بىر ئىت ئېتىلىپ چىقىپ ئۇلارغا قاۋىدى. ھىلىقى كىشى قورققىنىدىن ھىسامنىڭ دالدىسىغا ئۆتىۋالدى.

ئىت ئارقىدا قالدى، ئۇلار خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇ كىشى ھىسامىددىندىن سورىدى:

— ھىسامىددىن، سىزمۇ ئىتتىن قورقامسىز؟

— قورقمامدىغان، — دىدى ھىسامىددىن دەرھال، — مەنمۇ سىزدەك ئىتتىن قورقىمەن.

توپلىغۇچى: **ماخمۇت مەھەممەت**

# تەم - تۇتەم شالدامباي

(چوچەك)

بۇرنى بۇرنىكەن، سوقا تۇرنىكەن؛ سېغىزخان جەدىكەن، قۇيرۇغى يەردىكەن؛ ئاغچامنىڭ زورىكەن، ئۆيىگە مېھمان كەلسە سورەپ سېلىشى بورىكەن؛ مال - مۈلكىنىڭ كوپلىگىدىن سانىنى بىلمەيدىكەن، پىخسىقلىغىدىن تۈزۈككىنە كىيىم - كېچەك كىيمەيدىكەن، ئاغزىغا تېتىغىدەك، قوسىغى تويغۇدەك تاماق يىمەيدىكەن. ئۇ — شۇنداق ئورۇق ئىكەنكى، شامال ئۇچۇرۇپ كېتىشتىن قورقۇپ، يىللاپ، ئايلاپ تالا - تۈزگە چىقمايدىكەن. ھېچكىم بىلەن كىردى - چىقتى قىلمايدىكەن؛ ھەتتا ئورۇق - تۇققانلىرىمۇ: "يۈزدىسىنى ئىت، تۇتۇنىنى بۇلۇت كورمەيدىغان پىخسىق"— دەپ تىللاپ. يىللاپ، ئايلاپ ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا يولىمايدىكەن. ئۇ، تول بولۇپ، دۇنيالىقتا بىردىن - بىر ئوغلى — قەمەرپاشا ۋە بىر چۈرى دىدەك بىلەن تۇرىدىكەن. قەمەرپاشانىڭ كوزى ئەلەس، يۈزى چوقۇر، ئوڭ پۇتى توكۇر، بۇرنى پۇچۇق، ئېڭىگى سوقا، تەققى - تۇرقى بەئەينى بۇقا؛ ئىككى مۇرىسى بېشىدىن ئىگىز، كالپۇگىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغان ھوڭگۇل چىشلىرى بەئەينى بىگىز ئىكەن. يۈزى ياپپاڭ، قولىغى سالپاڭ، ئوزى ئوتۇپ كەتكەن ھورۇن ھەم گالۋاڭ ئىكەن. كوزىدىن ياش، ئاغزىدىن شولگەي كەم بولمايدىكەن. تېخى بۇمۇ ئاز كېلىپ،

گەپ قىلغان چاغدا كىكەچلەيدىكەن. شۇڭا تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا ”تەم - تۇتەم شالدامباي“ — دەپ لەقەم قويۇپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ لەقەم ئۇنىڭغا سىڭىپ قاپتۇ، ئەسلى ئىسمىمۇ ئۇنتۇلۇپ، بۇ يېڭى ئىسمىغا ھەممە ئادەم كونۇپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈنپېتىپ، كەچ كىرىپ، ياز كېتىپ، كۈز كېلىپ، يىلنىڭ كەينىدىن يىل ئۆتۈپ، تەم - تۇتەم شالدامباينى ساقال - بۇرۇت بېسىپ، بالاغەتكە يېتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. زورا خېنىم ئۇنىڭغا لايىق ئىزلەپ كىرمىگەن كوچىسى، دەسسىمىگەن بوسۇغىسى قالماپتۇ. ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولۇشنى خالىماپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال زورا خېنىمنى ناھايىتى تېزلا قېرىتىۋېتىپتۇ، يۈرەك - باغرىنى سىماپتەك ئېرىتىۋېتىپتۇ. ئۇ، ئولتۇرسا - قوپسا ئوغلىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلايدىكەن، كېچە - كۈندۈز تەڭرىگە نالە قىلىپ يىغلايدىكەن. لېكىن تەم - تۇتەم شالدامباي ئانىسىنىڭ بۇنداق پەپلەشلىرىنى قىيتىدىغىمۇ ئالمايدىكەن، تېخى ئويلىنىش توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، ئاچچىغلىنىپ توت پۇتى ئورە قالىدىكەن. ئويۇن - تاماشا دېسە جېنىنى بېرىدىكەن؛ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىت تالاشتۇرۇپ، خوراز سوقۇشتۇرۇپ، كۈنىنىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭ پۇلىغا خۇشتار ئىكەن، ھەر ئامال بىلەن ئۇنى باپلايدىكەن.

ئېرىدىن قالغان ۋەسلىنىڭ تەكدىن تولىسى تۈگەپ، ”ئوھو.......“ — دېسە ئويكىسى كورۇنگۇدەك بولغاندا، غەم - غۇسسە ئىچىدە قالغان زورا خېنىم تەكىر تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دىدەك — دىلئاۋاز ئىسملىك چورى قىزغا كوزى چۈشۈپتۇ. كوڭلىدە: ”توگە مىنىپ، توگە ئىزلەپ

يۈرگىنىم ئىنىسى! ئوغلۇمغا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى لايىق بولامدۇ؟“ — دەپ ئويلاپتۇ - دە، دىلناۋازنىڭ ئۈنىمىغىنىغا ئۇنىماي، ئىمام - مەزىن چاقىرتىپ، ئۇنى تەم - تۇتەم شالدامبايغا نىكا قىلىپتۇ. نىكا - دىن كېيىن، زورا خېنىم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. دىلناۋاز تەقدىرگە تەن بېرىپ، تەم - تۇتەم شالدامباي بىلەن بىر تەكىرگە باش قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئاينى قوغلاپ كېتىۋېرىپتۇ. تەم - تۇتەم شالدامباي ئانىسىدىن قالغاننى سېتىپ يەپ، قولىنى ئەگرى قىلماي بىكار يېتىۋېرىپتۇ. دىلناۋازنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان پەندى - نەسىھەتلىرى بىر پۇلغا يارىماپتۇ. بېرىپ - بېرىپ ئۇلارنىڭ بىساتىدا بىر سىقىم دان، بىر چىشلەم نان قالماپتۇ. دىلناۋازنىڭ ئانىسىدىن قالغان، ئوز جېنىدىنمۇ ئېزىز كۆرىدىغان بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكى بار ئىكەن، ئىككى كۈن ئاچ قالغاندىن كېيىن، ئۈزۈكنى زەرگەرگە سېتىپتۇ - دە، پۇلىنىڭ بىر قىسمىغا ئاشلىق سېتىۋاپتۇ، يەنە بىر قىسمىغا ياغاچچىغا بىر تەنزە ياسىتىپتۇ، قالغىنىغا يىڭنە - يىپ، ئويماق، تاغاق - سۈزگۈچ، گۈلە - قاق، جىگدە، ياڭاق سېتىۋې - لىپ، ئۇلارنى تەنزىگە چىرايلىق تىزىپتۇ. بىر تال ئاغامچا بىلەن تەم - تۇتەم شالدامباينىڭ بوينىغا ئېسىپتۇ - دە، سېتىپ كىرىش ئۈچۈن بازارغا يولغا سېپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. دىلناۋاز ئەنسىرىگىنىدىن بىر تالاغا چىقىپ، بىر ئويگە كىرىپ، زادىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ. خۇپ - تەنگە ئەزان قىچقىرغاندا، تەم - تۇتەم شالدامباي بوسۇغىدا پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ، تەنزىنى ئاغامچا بىلەن باغلاپ، ئىت يېتىلە - گەندەك داقىرتىپ سۆرىۋالغان ئىكەن. بۇ ھالنى كۆرگەن دىل - ناۋاز نىمە قىلىشنى بىلەلمەي، بىر ھازا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئېرىدىن سوراپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مالنى ساتتىڭىزمۇ؟

— ساتتىم، — تەم - تۇتەم شالداماباي كىكەچلەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ جاۋاپتىن خوشاللانغان دىلناۋاز كولاپ سوراشنى داۋام قىپتۇ:

— قانداق ساتتىڭىز؟

— يەڭنە - ئويماق بىلەن تاغاق - سۇزگۈچنى قىزلار بىلەن چوكانلارغا، گۈلە - قاق بىلەن جىگدە، ياڭاقنى ئوغۇل باللارغا ساتتىم.

— ھەممىسىنى سېتىپ بولدىڭىزمۇ؟

— سېتىپ بولماي! — دەپ ماختىنىپتۇ تەم - تۇتەم شالداماباي، — ئالدىمدىن قىزلار بىلەن چوكانلار ئۆتسە، يەڭنە - ئويماق بىلەن تاغاق - سۇزگۈچنى ساتتىم، ئوغۇل باللار ئۆتسە، گۈلە - قاق بىلەن جىگدە، ياڭاقنى ساتتىم. ئالغىلى ئۇنىمىسا، كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، يانچۇقىغا سېلىپ ساتتىم؛ ئېشىپ قالغىنىنى يولدا كەلگۈچە يەرگە ساتتىم. چوڭلارمۇ، باللارمۇ ئارقامدىن قالماي تېرىپ ماڭدى، دىگىنە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەقىللىق دىلناۋاز دەرھال ئىشىنىك تېگى - تەكتىگە يېتىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ، ئاخىرى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، لېۋىنى چىشلەپتۇ. تەم - تۇتەم شالداماباي ئۆزىنى تاشلاپ، خاقىراپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. دىلناۋاز كېچىچە كىرپىك قاقماپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئۇنىڭ خىيالىغا بىر ئوي كەپتۇ. ئۇ، چاچىراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، دەريا بويىغا بېرىپتۇ. دەريادىن چىلانىدەك چوڭلۇقتا قىرىق بىر تال رەڭگا - رەڭ تاش تېرىپتۇ. ئويگە كېلىپ، تاشنى بىر ياغلىققا ئوراپتۇ. ئاندىن تەم - تۇتەم شالدامابايىنى ئويغىتىپ، ئۇستى - بېشىنى كىيگۈزۈپ،

قوسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. بېشىغا ئۆزىنىڭ ئاق ماتا كوينىكىنى سەللە قىلىپ ئوراپ، قولىغا جىگدە ئۇرۇغىدا ياسىغان تەسۋىنى تۇتقۇزۇپتۇ. قانداق قىلىش ھەققىدە بىر-ئىككى سائەت ۋەز-نەسىھەت قىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي بىرمۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۆيدىن چىقىپتۇ ۋە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن بىرىگە كېلىپ، بىر بۇلۇڭدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن قويندىن ياغلىققا ئورالغان تاشلارنى چىقىرىپ، ياغلىق بىلەن يەرگە قويۇپتۇ ھەم ياغلىقنى ئېچىپ، تاشلارنى بىر-نەچچە بولەككە بولۇپ، كوزلىرىنى قىيا يۇمغىنى ھالدا، ئاغزىغا كەلگەن بىر نىمىلەرنى پىچىرلاپ، تەسۋىنى سىرىشقا باشلاپتۇ.

چۈش بولۇپتۇ، ھېچكىم قېشىغا كەلمەپتۇ، پېشىن ئۆتۈپ، نامازدى-گەرگە يېقىنلاشقاندا، مەكتەپتىن يانغان بىر توپ بالار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، تاشلىرىنى ھەر تەرەپكە چېچىۋېتىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي بىر تەرەپتىن بالىلارنى تىللاپ، بىر تەرەپتىن چېچىلغان تاشلىرىنى تېرىۋاتقاندا، سالاپەتلىك بىر ئادەم كېلىپ، ئۆزىگە رەھىم سېلىپ بېقىشنى ئوتۇنۇپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي تاشلارنى بىرنەچچە قېتىم شالدىرلىتىپ، بىرنەچچە قېتىم "سۇف"لەپ، بىرنەچچە بولەككە بولۇپتۇ. بىر ھازا تاشلارغا تىكىلىپ، نىمىلەرنىدۇر پىچىر-لىغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپتۇ:

— پال كەلدى، پال كەلدى، پالنىڭ ئۆزى دەل كەلدى. بېشى بەش، ئايىغى توققۇز؛ يۇتكەن خېچىر ئوتتۇز، تاغار چىپتا يىگىرمە توققۇز؛ چاقسا بۇرگە، دورىسى سۇرگە، ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رەم سالدۇرغۇچى ناھايىتى خاپا بولۇپ، ھەميانىدىن بىر يارماق ئاپتۇ-دە، ئۇنى تەم-تۇتەم شالدامباينىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، قاياققىدۇر كېتىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي

ئۆمرىگە كېلىپ، بىريارماق پۇل تاپقىنىغا خوشاللىنىپ، خوشاللىقتا جېنى ئىچىگە پاتماي، ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇنى بۇنچە خوشال كورگەن دىلئاۋاز تازا ئۇچۇرۇپ ماختاپتۇ، ئەتە تېخىمۇ جىق پۇل تېپىپ كېلىشكە كوندۇرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى پال سالدۇرغۇچىدىن ئاڭلايمىز: ئۇ، بىر چوڭ سودىگەر بولۇپ، دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن جاي يوق ئىكەن. مۇندىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، ئۇ، ئوتتۇز خېچىرغا مال ئارتىپ، بۇ شەھەرگە قاراپ يولغا چىققان ئىكەن. بىر ھەپتە يول يۈرۈپ، بىر ئوتەڭدە قونغاندا، بىر توپ قاراقچى باستۇرۇپ كېلىپ. كارۋان بېشى ۋە چاكارلارنى ئولتۇرۇپتۇ. سودىگەر قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، جېنىنى ياقىغا ئاپتۇ. كېچىلەپ يول يۈرۈپ، ئالتە كۈن دېگەندە، بۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ھەم قاراقچى بولاپ كەتكەن مېلىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ھەممە سارايلارنى يوقلاپتۇ، پادىشاغىمۇ داتلاپتۇ، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ. ئۈمىدى ئۈزۈلگەن سودىگەر تەم-تەتۈم شالدامىيىغا ئۇچراپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامىيغا رەم سالدۇرۇپ، باياتىنقى گەپنى ئاڭلاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىلچىلىك ئىشەنمەپتۇ. ئۆزى چۈشكەن سارايىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپتۇ. خىيالىدا كوزىدىن ياش، ئاغزىدىن شولگەي قۇيۇلۇپ تۇرغان تەم-تۇتەم شالدامبايىنى كورۇپتۇ. سەسكەنگىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغ: "يۈتكەن خېچىر ئوتتۇز" دېگەن ئاۋاز قۇلىقىغا كىرىپتۇ. سودىگەر بىردىن سەگەكلىشىپ، تەم-تۇتەم شالدامبايىنىڭ سوزلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېسىگە ئاپتۇ. "توغرا — دەپتۇ ئۇ، ئۆزى بىلەن ئۆزى

گەپلىشىپ، — قاراقچىلارنىڭ بۇلاپ كەتكىنى ئوتتۇز خېچىر بولۇپ، يىگىرمە توققۇزىغا مال ئارتىلغان ئەمەسمىدى! ئۇزەم مىنگەن خېچىردا ئىگەر-يۈگەندىن بولەك نەرسە يوق ئىدى. ئۇ رەمبال خېچىرلارنىڭ، مال قاچىلانغان تاغار-چىپتىلارنىڭ سانىنى بىلگەن ئىكەن، ئۇنى بۇلىغان قاراقچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ. ئەتە تاڭ ئېتىشىغىلا ئۇنى ئىزلەپ تاپسام بولغىدەك......". سودىگەر شۇلارنى ئويلاپ يېتىپ، كوزى ئۇيقۇغا كەتكىلى تۇرۇپتىكەن، بېقىنىنى بىر نەرسە چېقىپتۇ. چىراقنى يورۇتۇپ قارىسا، كاندەك بىر بۆرگە تۇرغىدەك. بۆرگىنى ئولتۇرۇپ، ئەمدى يانپاشلىغان ئىكەن، پۈتۈن ئەزايى شۇنداق تاتلىق قىچىشىپتىكى، قاشلاشقا ئىككى قولى ئازلىق قىپتۇ. قاشلاۋېرىپ، بەدىنىنىڭ ساق يېرىنى قويماپتۇ. ھەممە يېرى زىدە، ھەممە يېرى ھۆررەك-ھۆررەك ئىششىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، مىڭ جاپادا تاڭنى ئاتقۇزۇپ، دورا پۇرۇچنىڭ دۆكىنىغا يۈگۈرۈپتۇ. بەش تىيىنگە سانا ئېلىپ، ساماۋەرگە ئاپىرىپ دەملەپتۇ. تېخى بىر پىيالىنىمۇ ئىچىپ بولماستىن، بەدىنىدىكى قىچىشقاقلار بېسىقىپ، ھۆررەكلەر يېنىشىپ، ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل، شىردەك كۈچلۈك سېزىپتۇ. ئۇ، خوشاللانغىنىدىن چەينەكتىكى سانانى تىلپىلىرى بىلەن قوشۇپ يۇتۇپتو ھەم تەم-تۇتەم شالدامباينى ئىزلەپ يولغا چۈشۈپتۇ. كىم بىلسۇن ئىككى يۈز قەدەم يول ماڭماستىن قوسىغى شۇنداق تاراقلاپتىكى، ئالدىراشلىقتا بىر سارايىنىڭ خالاسىغا ئاران ئۈلگۈرۈپتۇ. "گۈلدۈر-تاراق، گۈلدۈر-تاراق" — قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قوسىغى ئۇچىيى سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك قاتتىق ئاغرىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كوزلىرى قورقۇنچلۇقتا چانىغىدىن چىقىپ كەتكىدەك بولۇپ شۇنداق پەسكە

www.uyghurkitap.com

تىكىلگەن ئىكەن، خالانىڭ تۇشۇگىدىن قاراپ تۇرغان بىر خېچىرنى كورۇپتۇ. بۇ چاغدا قوسىغىنىڭ ئاغرىغى بىلەن تاراقلىشى "شىپىيدە" بېسىلىپتۇ، سودىگەر تازا سىنچىلاپ قارىغان ئىكەن، ھىلقى خېچىرنى تونۇپتۇ. ئۇ، ئۆزى مىنىدىغان قاشقىدار قۇندۇزدەك قارا خېچىرنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. سودىگەر خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا، تېخىمۇ ئېنىقلىشىپ قارىغان ئىكەن، قالغان يىگىرمە توققۇز خېچىرنىمۇ كورۇپتۇ. ئۇ خالادىن چىقىپ، سارايۋەندىن:

— بۇ كىمنىڭ خېچىرلىرى؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، سارايۋەن:

— نايماندىن كەلگەن بىر سودىگەر بايىنىڭ خېچىرى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. سودىگەر يەنە كولاپ سوراپتۇ:

— ئۇ سودىگەر ھازىر قەيەردە؟

— ئاخشام ھەمسەپەرلىرى ۋە چاكارلىرى بىلەن ھاراق-شاراپ ئىچىشىپ، بامداتتىقا ئەزان ئېيتقاندا ئۇخلىغان ئىدى، تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى.

سودىگەر سارايۋەننى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ، قولىغا پىچىرلاپ، ئۆز بېشىغا چۈشكەن كۆلپەتنى قالدۇرماي سوزلەپ بېرىپتۇ. سارايۋەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. قاراقچىلاردىن غەزەپلىنىپتۇ. سودىگەر سارايۋەنگە بىر خېچىر مال بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، ئۇنى شەھەرنىڭ پەششۇۋنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۆزى بولسا، قاراقچىلار ياتقان ئوينىڭ بوسۇغىسىدا پايلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئوتمەي سارايۋەن پەششەپ ۋە بىرنەچچە ياساۋۇلنى باشلاپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچكەن، بۇ، قاراقچىلار توپى ئۇخلاۋاتقان چېغىدا پاك-پاكىز قولغا چۈشۈپتۇ. سودىگەرنىڭ بارلىق ۋەجى ساق-سالامەت قولغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ، ۋەدىسىگە مۇۋاپىق

سارايۋەننى، پەششەپنى ئوبدان رازى قىپتۇ. ئاندىن بىر خىچىر مالنى ھەيدەپ، تەم-تۇتەم شالدامباينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا نۇرغۇن رەھمەتلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، خېچىرنى مېلى بىلەن ئۇنىڭغا ھەدىيە قىپتۇ ھەم ئۇنى داۋاملىق يوقلاپ، خەيرىخاھلىق قىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلىپ، خوشلىشىپتۇ.

تەم-تۇتەم شالدامباي خېچىرنى يېتىلەپ، ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، دىلناۋاز ھاڭ-تاڭ بولغىنىدىن قېتىپلا قاپتۇ. ئېرى ئەھۋالنى سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، خېچىردىكى يۈكنى چۈشۈرۈشۈپتۇ. ئېچىپ قارىسا، توپ-توپ بىلەن تەيتىللا-كىمخاپ، شايى-ئەتلەس، تاۋار-دۇردۇن چىقىپتۇ. دىلناۋاز خېچىرنى تۈۋرۈككە باغلىتىپ، ماللارنى قازناق ئويگە توشۇپتۇ. ئەتىسى بىر قىسمىنى سېتىپ، ئوينىڭ كەم-كۈتىسىنى تولۇقلاپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامبايغا يېڭى ئۇستى-باش تىكتۈرۈپ كىيگۈزۈپتۇ. بىر ئورام شايىنى بېشىغا ئوراپ، قولىغا قەھرىۋا بىلەن كوز مۇنچاقتىن ياسالغان تەسۋىنى تۇتقۇزۇپ، ئادەتتىكىدەك بازارغا چىقىرىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباينىڭ ئالدىغا رەم سال-دۇرغىلى كېلىدىغانلارمۇ كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ، تاپاۋىتىمۇ كو-پىيىپتۇ. داڭقى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپتۇ. ئەنە شۇ كۈنلەر-نىڭ بىرسىدە، پادىشانىڭ غەزنىسىگە ئوغرى كىرىپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، دۇنيا-دەپىنىنى ئوغرىلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىزچى، سىنچى، رەمچى، قۇرئەندازلارنى يىغىپ، ئۇلارنى ئوز كارامىتىنى كورسىتىشكە بۇيرۇپتۇ. بىراق، ھېچكىممۇ بۇ غەزنە ئېلىنىڭ ئىزىنى تاپالماي، جانلىرىدىن ئايرىلىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي بولسا — كېسەللى-كىنى بانا قىلىپ، ئوردىغا بارمىغان ئىكەن. پادىشا ئۇنى

پۇتىنى يەرگە تەككۈزمەي ئىپكىلىشكە تۇت نەپەر نەۋكەر ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاغدا دىلناۋاز ئېرىگە: ”پادىشادىن ئۇن كۈنلۈك مۇھلەت سوراپ كېلىڭ، قالغان ئىشنى ئۆزەم جۆندەيمەن“ — دەپ تاپىلاپتۇ. تەم - تۈتەم شالداماي خوتۇنىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئىش قىلىپ، پادىشاغا ئۇن كۈن ئىچىدە ئوغرىنى تېپىشقا ۋەدە بېرىپ، قايتىپ كەپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. ۋەدە قىلغان كۈنگە ئاران بىر كۈن قاپتۇ. پادىشا بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، تىڭ - تىڭلاپتۇ. تەم - تۈتەم شالدامايدىن ھىچ - قانداق سادا چىقماپتۇ. ئەكسىچە، ھەر كۈنى بىردىن قوينى سويۇپ يەپ، باش كوتەرمەي ئۇخلاپتۇ. دىلناۋاز بولسا، ئىزلەپ - سوراپ ئىككى دانە يۇگرۈك ئات سېتىۋاپتۇ. خېچىرنى ئۇلارغا ياندايتۇ. بەش قوينىڭ گوشىنى پىشۇرۇپ، تاغارغا قاچىلاپتۇ. يېغىنى بەش چارەك ئۇنغا ئارىلاشتۇرۇپ، سەپەر توقىچى يېقىپتۇ. بۈگۈن مۇھلەتنىڭ توققۇزىنچى كۈنى بولۇپ، خولۇم - خوشنىلىرى - نىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن، دىلناۋاز قا - راڭغۇ چۈشكەندە تونۇرغا ئوت سېلىپ، بىر تونۇر پېتىر نان يېقىپتۇ. تونۇر بېشىدا ئېرىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى سە - پەر ئەنجاملىرىنى خېچىر ۋە ئاتلارغا ئارتىشقا باشلاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ، تون يېرىمىدىن ئاشقاندا، ئېرىنى ئېلىپ، پادىشانىڭ ھوكۈمى ئۆتمەيدىغان بىر مەملىكەتكە قېچىپ كەتمەكچى بولغان ئىكەن. تەم - تۈتەم شالداماي تونۇرغا قاراپ ئولتۇرسا، بىر نان چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ:

— خوتۇن، بىرسى چۈشتى، — دەپ تۈۋلاپتۇ. خوتۇنى:

— بولۇپتۇ، تازا قاراپ ئولتۇرۇڭلار، — دەپتۇ.



uyghurkitap.com

بىر پەستىن كېيىن، يەنە بىر نان چۈشۈپ كېتىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي:

— خوتۇن، يەنە بىرسى چۈشتى، — دەپ ۋاقىراپتۇ. دىلناۋاز:

— مەيلى، چۈشۈۋەرسۇن. كوزۇڭلىنى ئۇزمەڭلار، — دەپ تېخىمۇ ئۇنلۇك ۋاقىراپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بەشىنچى نان چۈشۈپ كېتىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي تېخىمۇ ئەنسىز ۋاقىراپتۇ. دىلناۋازمۇ بايىقى گېپىنى تەكرارلاپتۇ. شۇ ئارىدا تونۇردىكى ناننىڭ بىرسى قالماي چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھودۇقۇپ كەتكەن تەم-تۇتەم شالدامباي:

— ۋاي خوتۇن، ھەممىسى چۈشۈپ بولدى. قانداق قىلىمەن؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئېرىنىڭ بۇنداق پەمسىزلىكىدىن تاقىتى-تاق بولغان دىلناۋاز ئاچچىغىدا مۇنداق دەپتۇ:

— قانداق قىلاتتىڭلار؟ كويدۇرۇۋېتىڭلار.

— ئوبدان خېنىم، بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيلى! — دىگەن بىرنەچچە كىشىنىڭ ئاۋازى دىلناۋازنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇ، ئوز قۇلىغىغا ئىشىنىپ-ئىشەنمەي، قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، شۇنداق ئەتراپقا كوز سالغان ئىكەن، ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قاپاق تېرەكنى يولۇۋالغىدەك قاۋۇل يەتتە ئادەم تۇرغىدەك. دىلناۋاز ئۇزىنى توختىتىۋېلىپ، سوراپتۇ:

— نىمە ئادەم سىلەر؟ بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسىلەر؟

— بىز، — دەپتۇ بىرسى سوز ئېلىپ، — پادىشانىڭ غەزنىسىگە كىرگەن ئوغرىلارمىز. ھەر بىرلىرىنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن، ئوزىمىز قاشلىرىغا كەلدۇق. سىلىدىن خۇرسەن بولساق، غەزنىنىڭ مېلىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىزنى پادىشاغا تۇتۇپ بېرىش-

مىسلە. خوتۇن - بالىلىرىمىزنىڭ كوزىنى ياشلاشمىسىلا!

ئىش مۇنداق ئىكەن: بۇ ئوغرىلار غەزنىگە ئوغرىلىققا كىرگەن ئەنە شۇ كۈنلەردە، تەم - تۇتەم شالدامباينىڭ تاپقۇرلىغى ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ئىكەن، بۇ گەپتىن ئوغرىلارمۇ خەۋەر تاپقان ئىكەن، ئۇلار تەم - تۇتەم شالدامباينىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىدىن ئەنسىرەپ، قىلمىغان ھىلىسى قالماپتۇ؛ بىر كۈنى ئەتەي ئۇنىڭغا رەم سالدۇرسا، "پات ئارىدا ئوغرى قولغا چۇشىدۇ" — دەپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئوغرىلار ئۇنى ئولتۇرۇۋېتىش ئۇچۇن، ئىككى سامسىغا زەھەر سېلىپ، ئۇنىڭغا بەرگەن ئىكەن، ئەمدى يېيىشكە تەرەددۇت قىلىشۋاتقاندا، ئالدىدا ئىككى ئىت پەيدا بولۇپ، بىرلا ئېتىلىپ سامسىنى تەم - تۇتەم شالدامباينىڭ قولىدىن تارتىۋاپتۇ - دە، ئىككى قاسابلا يۇتۇۋېتىپتۇ. يۇتۇپتۇ - يۇ، جايىدىن قىمىرلىماي ئۆلۈپتۇ. بۇ ھالنى كورگەن ئوغرىلار ئالدىكەينىگە قارىماي قېچىپتۇ ھەم شۇندىن ئېتىۋارەن دەككە - دۈككە ئىچىدە يا تۈزۈك تاماق يېيەلمەپتۇ، يا تۈزۈك ئۇخلىيالماپتۇ. ئاخىرى ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىپ، غەزنىدىن ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى تەم - تۇتەم شالدامبايغا بېرىپ، جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولۇشقان ئىكەن، شۇڭا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ھەر كۈنى كېچىسى كېلىپ، ئەر - خوتۇننىڭ نىمە ئىش قىلىشۋاتقىنىنى كۆزىتىدىكەن، بۈگۈن پادىشا بەرگەن مۆھلەتنىڭ ئاخىرقى كۈنى بولغاچ، ئۇلار تەم - تۇتەم شالدامباينى ئاخىرقى قېتىم سىناپ باقماقچى بولۇپ، بىردىن، ئىككىدىن ھويلىغا چۇشۇپ باققان ئىكەن. تەم - تۇتەم شالدامباي گەرچە ئۇلارنى كورمىگەن بولسىمۇ، قانچە كىشى چۈشكەنلىگىنى خوتۇنىغا ئۇدۇللۇق مەلۇم قىلىپ تۇرغىنىغا قاراپ، ئوغرىلارنىڭ تېخىمۇ جېنى

سىقىرىغان ئىكەن.

ماقۇل، — دەپتۇ دىلئاۋاز، — سىلەرنى كويدۇرمەيلى، پادىشاغمۇ تۇتۇپ بەرمەيلى. ئەسلىدە، توققۇز كۈندىن بېرى بىزنى ئاۋارە قىلغىنىڭلارغا قاراپ، ھەممىڭلارنى تونۇردا كويدۇرۇپ، كۈلۈڭلارنى كوككە سورىماقچى بولغان ئىدۇق، خوتۇن - بالىلىرىڭلار ئۈچۈن بۇ گۇناھىڭلاردىنمۇ كېچەيلى. ئەمما بىر شەرت بىلەن: ئوردىدىن ئوغرىلىغان مالنىڭ بىر تىيىنى كەم بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

ئوغرىلار ئاق قۇشقاچتەك سايرىشىپ كېتىپتۇ: مالنى يوشۇرغان ئورۇن، مالنىڭ سانى، تۈرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دىلئاۋاز ئاخىرىدا ئۇلاردىن مۇندىن كېيىن ئوغرىلىق قىلماسلىق ھەققىدە تىلخەت ئېلىۋاپتۇ ھەم ئەر - خوتۇن ئاتلىق ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ بېرىپ، مالنى يوشۇرغان جاينى كورۇپ كەپتۇ. ئەتىسى ناماز بامداتتىن يانغاندا، تەم - تۇتەم شالداماي ئوردىغا سالا - پەت بىلەن كىرىپ، كەپتۇ ۋە پادىشادىن ئۇزىگە بىر قىسىم يا - ساۋۇل ۋە ئات - ئۇلاق بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشا دەرھال ئۇنىڭ تەلىۋىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. تەم - تۇتەم شالداماي ياسا - ۋۇللارنى باشلاپ، شەھەر سىرتىدىكى بىر قەۋرىستانلىققا كەپتۇ - دە، بىر شام گورىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ياساۋۇللار بېگىگە شام گورنى ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ ياساۋۇللىرىغا بۇيرۇق قىپتىكەن، ھەش - پەش دىگىچە غەزنىنىڭ يوقالغان نەرسىلىرى ئات - خېچىرلارغا يۈكلىنىپ، ئوردىغا قاراپ راۋان بولۇپتۇ.

بۇ كۈنى ئوردىدا تەم - تۇتەم شالداماي شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئوتكۈزۈلۈپتۇ، پادىشا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىم - ئولىما، قازى - قۇززات، ئاقساقال - كوكساقاللارنى زىياپەتكە چاقىرىپ،

ئۇلارغا تەم - تۇتەم شالدامباينى تونۇشتۇرۇپتۇ. زىياپەت تارا قىزىغان چاغدا، پادىشا چاي ئىچكەن پىيالىسىنى يەرگە دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇپ، تەم - تۇتەم شالدامبايدىن:

— ماۋۇ پىيالىنىڭ ئاستىدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

تەم - تۇتەم شالدامباي بىر هازا جىم بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ مېهمانلارمۇ تىنىقىنى سىرتقا چىقىرالماي قاپتۇ.

— بىر سەكرىدىنىڭ قۇتۇلدۇڭ، ئىككى سەكرىدىنىڭ قۇتۇلدۇڭ، — دەپتۇ، تەم - تۇتەم شالدامباي ئىچىدە پىچىرلاپ، — ئۈچ سەكرىدىنىڭ تۇتۇلدۇڭ.

— تاپتى! — دەپتۇ پادىشا خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي ۋاقىراپ، — هەقىقەتەن تاپتى!

پادىشا ۋاقىراپ تۇرۇپ پىيالىنى شۇنداق كۆتەرگەن ئىكەن، ئاستىدىن كىچىككىنە بىر پاقا سەكرەپ چىقىپ، كۆلگە چۆشۈپ كېتىپتۇ. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىگەن مېهمانلار پادىشاغا هەيرانلىق بىلەن تىكىلىشىپتۇ. پادىشا ماۋۇلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ: پادىشا چاي ئىچىپ ئولتۇرسا، كۆلدىن ھېلىقى پاقا چىقىپ، ئۈچ قېتىم سەكرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شۇ چاغ پادىشانىڭ قوسىقىغا جىن كىرىپ، ئۇنى پىيالىدە باسۇرۇپ قويۇپ، تەم - تۇتەم شالدامبايدىن سوراپتۇ. تەم - تۇتەم شالدامباي پاقىنىڭ ئىككى قېتىم سەكرىگەندە تۇتالماي، ئۈچىنچى قېتىم سەكرىگەندە تۇتۇلغانلىقىنى ناهايىتى دانالىق بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ پادىشانى بەكمۇ خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. پادىشانىڭ بۇ چاخچىقىغى تەم - تۇتەم شالدامباينىڭ ئابرويىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقتا تېرە - سىگە پاتماي قاپتۇ. چۈنكى ئۇ: "بىر سەكرىدىنىڭ قۇتۇلدۇڭ، ئىككى سەكرىدىنىڭ قۇتۇلدۇڭ، ئۈچ سەكرىدىنىڭ تۇتۇلدۇڭ" —

دىگەندە، بىرىنچى قېتىم نابىنالىق سودىگەرگە سۇرگە بۇيرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىنئام ئالغانلىقى؛ ئىككىنچى قېتىمدا ئوغرىلارنىڭ ئۆز كولەڭگىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، غەزىنىنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ئەمدى بولسا، پىيالە ئاستىدىكى نەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى تاپالماي، رەسۋاسى چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلەشكەن ئىكەن. پادىشا ئۇنىڭ گېپىنى پاقىنىڭ ئۈچ قېتىم سەكرىشىگە باغلاپ، ئۇنى "دانالىقتا تەڭدىشى يوق ئادەم ئىكەن" — دەپ ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغان ئىكەن.

زىياپەتتىن كېيىن، پادىشا تەم-تۇتەم شالدامباينى ئۆزىگە باش مەسلىھەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە، بۇ مەملىكەتكە دۈشمەن تاجاۋۇز قىپتۇ. پادىشا نۇرغۇن لەشكەر چىقارغان بولسىمۇ، بىرسىمۇ هايات قايتماپتۇ. چاپارمەنلەر يەتكۈزگەن خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، دۈشمەن بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانمىش. ئولۇپ-ئولۇپ، تۈزۈك لەشكەر بېشىمۇ قالماپتۇ. پادىشانى غەم-غۇسسە بېسىپ، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ. ئۇ، ئويلا، ئويلا، ئاخىرى تەم-تۇتەم شالدامباينى لەشكەرلەرگە باشلىق قىلىپ، جەڭگە ئەۋەتمەكچى بولۇپتۇ هەم مۇشۇ جەڭدە دۈشمەننى يېڭەلىسە، ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىشنى ۋەدە قىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي نائىلاج رازى بولۇپتۇ. بىراق، ئۇ ئاتتا ئولتۇرالمايدىكەن، پادىشا ئۇنىڭغا ئاتاپ مەخسۇس ئىگەر-جابدۇق ياساتقۇزۇپتۇ. ئۇنى ئىگەر ئۈستىگە قاققان قوزۇقتەك مەهكەم باغلىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تەم-تۇتەم شالدامباي جەڭگە يول ئاپتۇ. ئىككى كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر ياش ئورمان-لىقتا دۇچكەپتۇ. بۇنچە كوپ ئاتلىقنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كورگەن

بىر تۈپ توشقان ئۆزىنى ئورمانلىققا ئېتىپتۇ. توشقاندىن ھوركۈگەن ئات تەم-تۇتەم شالدامباينى ئورمانلىققا ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلگۈدەك قورقۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان تەم-تۇتەم شالدامباي "ۋايجان!......" — دەپ ۋاقىرىغىنىچە، بىر تۈپ دەرەخكە ئېسىلىۋاپتۇ. ئات تېخىمۇ ئۈركۈپ، جان ئاچچىغىدا شۇنداق قاتتىق چېپىپتىكى، تەم-تۇتەم شالدامباي ئېسىلىۋالغان دەرەخنى يۇلۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. لەشكەر باشلىغىنىڭ بۇ ھەركىتىنى بۇيرۇق دەپ چۈشىنىپ، ھەممەيلەن تەڭ: "ۋايجان...." — دەپ ۋاقىرىشىپ، بىر تۈپتىن دەرەخكە ئېسىلىپ، ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان دۈشمەنلەر پۈتۈن-پۈتۈن دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ-كوتىرىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ پالۋانلارنى كۆرۈپ، ئۈگىسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈللىلەردەك پىتىراپ، كەينىگە قېچىشقا باشلاپتۇ. قېچىپ بىر يەرگە كەلگەندە، ناھايىتى زور سازلىققا دۈچكەپتۇ. ئاز بىر قىسمى سازلىقتىن ئامان-ئېسەن ئۆتەلىگەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى سازلىققا پېتىپ كېتىپتۇ. تەم-تۇتەم شالدامباي سازلىقنىڭ بويىغا كەلگەندە، ھەم ئېتى، ھەم ئۆزىنىڭ ئاران جېنى قالغان ئىكەن. ئۇ قولىدا يوغانلا بىر تۈپ دەرەخنى كوتىرىۋالغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنى سازلىققا تاشلىۋېتىپتۇ، لەشكەرلەرمۇ كەينى-كەينىدىن قولىدىكى دەرەخلەرنى سازلىققا تاشلاپتىكەن، شۇنداق ئەپچىل كۆۋرۈك بىنا بولۇپتىكى، ئاتلارنىڭ تاقىسى سۇغا تەگمەي، سازلىقتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، سازلىقتا سۇغا ھالسىزلىنىپ كەتكەن دۈشمەنلەر باشلىقلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كوتىرىشىپ، تەم-تۇتەم شالدامباينىڭ لەشكەرلىرىگە ئەل بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تەم-تۇتەم شالدامباي قانچە-قانچە داڭلىق

لەشكەر باشلىقلىرى لەكمىك ـ لەكمىك لەشكەر بىلەن يېڭەلمىگەن دۈشمەننى يېڭىپ، مەملىكەتنى قوغداپ قاپتۇ. ئۇ داغدۇغا بىلەن ئوردىغا كىرگەندە، كېسەلمەن پادىشا ئالدىغا چىقىپتۇ ھەم ۋەددىسىگە مۇۋاپىق، ئۇنى "ئوڭ قول ۋەزىرىم، تەختىمنىڭ ۋارىسى" — دەپ جاكالاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. تەم ـ تۇتەم شالدامباي پادىشالىق تاجىنى كىيىپ، پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق تەلۋىلىك بىلەن يۇرت سوراپتىكى، ئۇنىڭ زۇلمىدىن ئادەم بالىسى ئەمەس، ئۇچار قاناتلاردىن قۇرۇت ـ قۇمۇرسقىلارغىچە ئۇگىلىرىدا خاتىرجەم ياشىيالمايدىكەن. ئورۇش ـ سوقۇش، دارغا ئېسىپ ئولتۇرۇش دىگەنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك ئىكەن. بىر جېنغا نەچچە يۈز خوتۇن ئالغان بولسىمۇ، يەنە بىرقانچە ئەمەلدار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە چېپىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىز تاللايدىكەن، دىلئاۋازنى بولسا، ئېسىگىمۇ ئالمايدىكەن. ئەمدى ئۇنى ھېچكىممۇ "تەم ـ تۇتەم شالدامباي" دىيىشكە پېتىنالمايدىكەن، بەلكى "قەمەر شاھ ھەزرەتلىرى" — دەپ، بېشىدا كوتىرىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، تەم ـ تۇتەم شالدامباي ئىككى يىل يۇرت سوراپتۇ. ئالۋاڭ ياساقنىڭ ئېغىرلىغىدىن خەلق ئىشتانسىز قاپتۇ. زۇلۇمنىڭ قاتتىقلىغىدىن ئولمىگەنلەر ئاز قاپتۇ. ئۇنىڭ زالىملىغى دىلئاۋازنىڭ قۇلىغىغا يېتىپتۇ. بۇ چاغدا دىلئاۋازنىڭ ئوغۇل تۇغقىنىغا بىر يېرىم يىل بولغان بولۇپ، بالا تېخىچە دادىسىنى كورمىگەن ئىكەن. دىلئاۋاز بالىنى كورسىتىش بانىسى بىلەن تەم ـ تۇتەم شالداماباي بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا يۇرتنى ئادالەتلىك بىلەن سوراش ھەققىدە نەسىھەت قىلماقچى بولۇپتۇ

ھەم بالىسىنى كوتىرىپ، ئوردىغا كەپتۇ. مىلك بىر مۇشەققەتتە تەم ـ تۇتەم شالدامباينىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. قارىسا، بىر بۇت ئولتۇرغىدەك. بالىسى ئەركىلەپ، ئالدىغا بارغان ئىكەن، ئۇ:

— نىمە بالا بۇ؟— دەپ ۋاقىراپتۇ.

— سىزنىڭ ئوغلىڭىز، — دەپتۇ دىلناۋاز، — سىز ئوردىغا كىرگەن چاغدا، قوسىقىمدا ئۈچ ئايلىق قالغان بالا شۇ.

— ھوي دەللى، — دەپتۇ پادىشا دىلناۋازنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، — سېنىڭ قوسىقىڭدا مېنىڭ بالام نىمىش قىلىدۇ؟ جاللات، قېنى سەن!

— خوش تەقسىر.

ئىككى جاللات تەم ـ تۇتەم شالداماينىڭ ئىككى يېنىدا ھازىر بولۇپتۇ. ئۇ، پادىشالارغا خاس سالاپەت بىلەن بۇيرۇق قىپتۇ:

— چاپ!

جاللاتلار نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى چۈشىنەلمەي، بىر بىرىگە قارىشىپتۇ. ئاندىن تەم ـ تۇتەم شالدامبايدىن سوراپتۇ:

— ئانىسىنى چاپامدۇق، بالىسىنىمۇ؟

— نىمە چاپماي قاراپ تۇرۇشىسەن!

— كىمنى چاپىمىز ؟

— كىمنى چاپاتتىڭ؟ مېنى!

تەم ـ تۇتەم شالدامباينىڭ گەپتىن ئېزىشى، ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ كەلگەن جاللاتلارغا كۈچ ـ مەدەت بېغىشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق شىددەت بىلەن چېپىپتۇكى، تەم ـ تۇتەم شالدامباينىڭ تېنى ئۈچ پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇندىن كېيىن خەلق ئەقىللىق دىدەك دىلناۋازنى پادىشا قىلىپ خاتىرجەم ياشاپتۇ.

رەتلىگۈچى: **ئابلا ئەخمەدى**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تېپىشماقلار ھەققىدە

## سالى خۇدابەردى

مەلۇمكى ئەمگەكچى خەلقلەر دۇنيادىكى بارلىق ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ئىجات قىلغۇچىدۇر. ئۇلار ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا پۈتمەس-تۈگىمەس باي ۋە خىلمۇ-خىل ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى. تېپىشماقلارمۇ قوشاقلار، چۆچەك-رىۋايەتلەر، ماقال-تەمسىللەر، ئېغىز داستانلىرى، لەتىپىلەر ۋە ھەر خىل بېيىت-غەزەللەر بىلەن بىر قاتاردا ئەنە شۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان بىزگە قالدۇرغان باي مىراسلىرىنىڭ بىرسى سۈپىتىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە قوشۇلغان قىممەتلىك بايلىقلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپتۇر.

تېپىشماقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ھەم بۇ جەرياندا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز پىششىقلىنىپ مۇكەممەللەشكەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

تېپىشماقلار زادى قانداق بارلىققا كەلگەن؟

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، خەلق ئىچىدىكى تۇرمۇش-تەج-

www.uyghurkitap.com

رىبىسىگە باي، ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئۇز-
لىرىنىڭ پىكىر قىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىگى، سۆز سەنئىتىگە
ماھىرلىقى بىلەن خىلمۇ - خىل ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن تې-
پىشماقلارنىمۇ ئىجاد قىلدى. لېكىن ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بى-
لەن ئۇ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ
يۈرۈش جەريانىدا، ئۇنى ئىجاد قىلغان ئاپتورلار بارا - بارا كۆ-
مۈلۈپ كەتكەچكە ئومۇمى خەلقنىڭ ئورتاق ئىجادىي مۈلكىگە ئاي-
لىنىپ كەتكەن.

تېپىشماقلاردا ئومۇمەن نەرسە - ھادىسىلەرنىڭ ئاساسلىق
بەلگىلىرىنى ئېيتىش ياكى تىلدىكى مېتافورا (ئىستائارا)، مېتونو-
مىيە، جانلاندۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، بىر نەرسىنى ئىككىن-
چى بىر نەرسىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق شۇ نەرسە - ھادىسىلەر-
نىڭ دەل ئۆزىنى تېپىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشى-
لەر ئۆزئارا بىر بىرىنىڭ زېھنى - قۇۋۋىتىنى سىنىشىدۇ، تېپىش-
ماقلارغا جاۋاپ بېرىشتە چوڭقۇر ئويلاشقا، ئەتراپلىق پىكىر يۈر-
گۈزۈشكە، كۆپ نەرسە - ھادىسىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە
توغرا كېلىدۇ.

تېپىشماق ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىش ئىشلىرى تا-
رىختىن بۇيان كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پا-
ئالىيەتلىرى سۈپىتىدە تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن. تې-
پىشماقلار خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ، مەسى-
لىلەرنى ئەتراپلىق - چوڭقۇر ئويلاش، توغرا پىكىر يۈرگۈزۈش قا-
بىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

تېپىشماقلار تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىخچام، تىلى چۈشىنىش-
لىك، چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، كۆپ ھاللاردا قوشاقلارغا ئوخ-

شاش ۋەزنلىك، قاپىيلىك تۈزۈلدۇ. تېپىشماقلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىگى ئۇنى ئەستە قالدۇرۇشقا ئەپلىك بولۇشتەك ياخشى خۇسۇسىيەتنى شەكىللەندۈرگەن.

مەسلەن:

بوۋاي كەلدى پالتىسىز،
كوۋرۈك سالدى تاختىسىز، ئۇ نىمە؟
بېشى يوغان قاپاقتەك،
پۇتى ئىنچىكە ساپاقتەك.
ئۇچىيى قوسىغىنىڭ تېشىدا
قۇلىغى پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئۇ نىمە؟

دىمەك، بىرىنچى تېپىشماقتا ئالاھىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، قىشنى بوۋايغا، مۇزنى كوۋرۈككە ئوخشاتقان بولسا، ئىككىنچى تېپىشماقتا جانلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق دۇتارنىڭ ئوبرازىنى كوز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىدۇ.

تېپىشماقلار ئېغىز ئەدبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاشلا، ئىجتىمائى ھايات بىلەن چىڭ باغلىنىپ، ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەرنى ئوز بېشىدىن ئوتكۈزگەچكە، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ئورپ - ئادەتلىرىنى، جەمىيەتتىكى مەدىنى ۋە ئىقتىسادى شارائىتلارنى ئوزىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىدى. شۇڭا ماكسىم گوركى، "......خەلقنىڭ ئېغىز ئەدبىياتىنى بىلمەي تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھەقىقى تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس" دىگەن ئىدى.

مەسلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېھمان كەلدى بىر نامسىز،
ئاتقا مىندى بىر جانسىز،
دائىم يەيدۇ ئىككى قوي،
تېرىسى بار، ئۇستىخانسىز، ئۇ نىمە؟

دېگەن بۇ تېپىشماقتا، يېگىدىن تۇغۇلغان بوۋاق بالىنى نامسىز مېھمانغا، ئۇنى بولەيدىغان بوشۇكنى جانسىز ئاتقا، ئانىنىڭ ئەمچە-كىنى ئۇستىخانسىز ئىككى قويغا ئوخشىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، بوۋاق بالىنى بوشۇككە بولەپ باقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۇرمۇش ئادىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا:

بېشىغىنى تىقساڭ دوزاق
تويدۇرار قوساق، ئۇ نىمە؟

دېگەن تېپىشماقتا بولسا، ئۇيغۇر خەلقى ئادەتتە نان ياقىدىغان تونۇرنىڭ بەلگىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

ئالدى يامغۇر، كەينى قار، ئۇ نىمە؟

دېگەن تېپىشماقتا ئۇيغۇر دېخانلىرى پاختىنى چىگىتىدىن ئايرىشتا ئىشلىتىدىغان "چىغرىق"نى ئىپادىلىسە،

بىر ئۇزى، مىڭ كوزى. ئۇ نىمە؟

دېگەن تېپىشماقتا دېخانلارنىڭ ئاشلىق تاسقايدىغان غەلۋىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

دېمەك تېپىشماقلارنىڭ مەزمۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ ھەر-قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ئورپ-ئادەتلىرى ۋە ھايات كەچۈرۈش شارائىتلىرىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. تېپىش-ماقلار گەرچە ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئۇ،

يالغۇز ئۇتمۇشتىكى دەۋردە ئىجات قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى يېڭى جەمئىيىتىمىزدىمۇ ھەر خىل يېڭى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن تېپىشماقلار بارلىققا كەلمەكتە.
مەسىلەن:

تىرىشچانلارغا ئامراق،
ھورۇنلاردىن ئۇ يىراق،
ئۈگەنسىڭىز، ياقىدۇ،
دىلىڭىزغا نۇر - چىراق، ئۇ نىمە؟

**دىگەن** تېپىشماقتا كەڭ ئاممىنى ئىلىم - پەن ئۈگىنىشكە دەۋەت قىلىسا،

كېچە - كۈندۈز ھارمايدۇ،
توختىماستىن سانايدۇ.
ئومۇر بويى سانىسا،
ئون ئىككىدىن ئاشمايدۇ. ئۇ نىمە؟

دىگەن تېپىشماقتا "سائەت" نى كورسىتىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قوشاقلار، چوچەكلەر، ماقال - تەمسىللەر، لەتىپە قاتارلىقلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۇپ يۈرۈش داۋامىدا راۋاجلىنىپ ھەر خىل ۋارىيانتلارغا ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، تېپىشماقلارنىڭ خېلى زور بىر قىسمىمۇ مەلۇم ۋارىيانتلارغا ئىگە.
مەسىلەن:

رەڭگى قىزغوچ دومۇلاق،
ئىچى تولغان قومۇلاق. ئۇ نىمە؟

دىگەن تېپىشماقتا "ئانار" نى كوزدە تۇتقان بولسا،


Altunoq

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېشى سىرلاقلىق،
ئىچى مىخلاقلىق، ئۇ نېمە؟

دىگەن تېپىشماقتىمۇ "ئانار" نى كورسىتىدۇ.

خەلق كورمىگەن دۇنيادىن،
مېھمان كەلدى نامى يوق.
ئىككى پاخلان يەيدۇ ئۇ،
ئاتقا مىندى جانى يوق، ئۇ نېمە؟

بۇ تېپىشماقنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى:

مېھمان كەلدى بىر نامىسىز،
ئاتقا مىندى بىر جانسىز.
دائىم يەيدۇ ئىككى قوي،
تېرىسى بار، ئۇستىخانسىز. ئۇ نېمە؟

يۇقۇرقىدىن باشقا يەنە:

بىر ئاندىن كوپ بالا،
بەزىلىرى بوز ئالا. ئۇ نېمە؟

دىگەن تېپىشماق قوغۇن ـ تاۋۇزنى كوزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى:

جىم يېتىپ سەمرىيدۇ. ئۇ نېمە؟

دەپ تۈزۈلگەن. بۇنىڭدىمۇ قوغۇن ـ تاۋۇزنى كورسىتىدۇ. يۇقۇر ـ قىدەك مىساللارنى ناھايىتى كوپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

شۇنى ئالاھىدە ئېيتىش كېرەككى، خەلق ئېغىز ئەدىبىياتى ـ نىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمى بولغان تېپىشماقلار، كەڭ خەلق

ئامما ئىچىدە خېلى چوڭقۇر مەنبەگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلاردا بۇنى توپلاپ رەتلەش ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمەي، ئېتىۋارسىز قارايدىغان نا توغرا خاھىشلار ساقلانماقتا. بۇنداق ئەھۋاللارنى تۈزىتىپ، تېپىشماقلارنىڭمۇ جەمىيەتتىكى ئورنىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىدىن بىرنەچچىنى كىتاپخانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلدىم.

## تېپىشماقلار

1 - بۈگۈن كېچە بىر ئىش كۆردۈم بەك ئاجايىپ،
بىر پەستىلا كۆزلىرىمدىن بولدى غايىپ. ئۇ نىمە؟

2 - بىر قاچىدا ئىككى خىل رەڭ،
ئىككىسىنى ئايرىماي يەڭ. ئۇ نىمە؟

3 - بىر ئاتىسى، بىر ئانىسى،
سان-ساناقسىز بالىسى. ئۇ نىمە؟

4 - كۆز ئېچىپ كۆرەلمەيسىز،
قول سوزۇپ تۇتالمايسىز.
ئايرىلسىڭىز ئۇنىڭدىن،
بىر مىنۇت ياشالمايسىز، ئۇ نىمە؟

5 - ئۇچۇپ-ئۇچۇپ كېلىدۇ،
قانات قېقىپ كېتىدۇ.
قېنى ئويلاپ تېپىڭلار،
كىم تەختىگە يېتىدۇ؟

6 - ئۇسۇل ئوينىسا ئانىسى،
چاۋاك چالۇر بالىسى. ئۇ نىمە؟

7 - تەڭ تۇغۇلغان، تەڭ ئۆسكەن،
نىمە بولسا تەڭ كۆرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇساق بولغاچ ئاردا.
بىر بىرسىنى كورمىگەن. ئۇ نىمە؟

8 - ئىككى ئېرىقتىن سۇ كەلسە،
بەش ئاغىنە تەڭ كەپتۇ.
سۇ ئېلىپتۇ ئىككىسى،
ئۈچى قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ نىمە؟

9 - بىر تۈپ دەرەخ، ئون ئىككى شاخ،
ئوتتۇز يوپۇرماق، بىر يۈزى قارا، بىر يۈزى ئاق. ئۇ نە

10 - ئىشىگىدىن ئوت قويساڭ.
ئوت ئالىدۇ ئۇي ئىچى.
ئوت كەتكەننى كورسىمۇ،
ئوچۇرمەيدۇ ھىچ كىشى. ئۇ نىمە؟

11 - تەگ دىسە تەگمەيدۇ،
تەگمە دىسە تېگىدۇ. ئۇ نىمە؟

12 - تۈۋى يەردە،
ساقىلى بەلدە. ئۇ نىمە؟

13 - كۈنگەيدە ھەمرا بولىدۇ،
تەسكەيدە يوشۇرۇنىدۇ. ئۇ نىمە؟

14 - ئالدىدا بار، كەينىدە يوق. ئۇ نىمە؟

15 - بىر، ئىككى، ئۈچتۈر، ئوتتۇپ توت بولماس،
"ئادەم" دە يوقتۇر، "كىشى" دە كەم بولماس. ئۇ نىمە؟

16 - ئىشىكنى ئاچۇر،
ئارقىغا قاچۇر. ئۇ نىمە؟

17 - ئاتتىن ئىگىز، ئىتتىن پەس. ئۇ نىمە؟

18 - ئوتتۇز ئىككى ئاغىنە بىر ئورۇندا ياشايدۇ،
ئىشقا چۈشسە ياندىشىپ بىرگە كۈرەش باشلايدۇ. ئۇ نىمە؟

19 - ئانىسى شالدىرشاپ،
بالىسى شىرىن شېكەر. ئۇ نىمە؟

20 - قىر ئۈستىدە قاتار قوزۇق. ئۇ نىمە؟

يۇقۇرقى تېپىشماقلارنىڭ جاۋاۋى رەت نومۇرى بويىچە تۆۋەندە ئەسكەرتىلدى.

1 - ئۇخلىغاندا كورگەن چۈش.

2 - تۇخۇمنىڭ ئېقى ۋە سېرىقى

3 - كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار.

4 - هاۋا.

5 - خىيال.

6 - دەرەخ، يوپۇرماق.

7 - ئىككى كوز.

8 - بۇرۇن ۋە بەش بارماق.

9 - بىر يىل، 12 ئاي، 30 كۈن، ئونبەشى ئايدىڭ - ئونبەشى قاراڭغۇ.

10 - مەش.

11 - كالپۇك، لەۋ.

12 - كوممە قوناق.

13 - كولەڭگە، سايە.

14 - ئەينەك.

15 - كونا يېزىقتىكى چېكىت

16 غورو - دەم.

17 - ئىگەر (ئاتقا توقۇيدىغان)

18 - ئېغىزدىكى چىش.

19 - ئۈزمە.

20 - سەۋزە - زەدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

# خەلق ماقاللىرىدىن

ئوم بولمىسا ئەل بولماس، بىرلەشمىسە كۈچ.
ئەمگەكنىڭ ئۈستى جاپا، تېگى ئالتۇن.
ھۇرۇنلۇقتىن بالا كېلەر باشقا،
ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشقا.
بېلى ئاغرىماسنىڭ نان يېيىشىگە باق.
بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتەرگىچە، مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.
باينىڭ تۇغمىنىغا سۇ قۇيغىچە، كەمبەغەلنىڭ گۆرىگە ئوت قوي.
ئات تايچىقىنى باقساڭ تۇلپار بولۇر،
بورە كۈچۈكىنى باقساڭ كۆلپەت.
ئاڭلىغان قۇلاققا گۇنا يوق، ئارزۇ قىلغان كۆڭۈلدە ئېيىپ.
ئاغرىقنىڭ سانجىقى يامان، سۆزنىڭ ئاچچىقى.
يىگىت ئاشىق بولسا ئاسمانغا قارار،
قىز ئاشىق بولسا يەرگە.
ھەمراھىڭ ئىت بولسا قولۇڭدىن كالتەك چۈشمىسۇن.
قازى پۇلغا ئامراق، ئىت گۆداڭغا.
يەر ھۆسۈلىنىڭ ئانىسى، ئەمگەك ھۆسۈلىنىڭ ئاتىسى.
ئاتىنىڭ بېكىسىنى لايدا كۆر، خېچىرنىڭ بېكىسىنى سايدا.
ياخشى بىلەن بولساڭ يولداش، ھەر ئىشىڭدا ھەمدەم-قولداش.
ياخشى پەزىلەتلىك تۆرگە بېرىپتۇ، يامان خۇيلۇق گۆرگە.
قورۇق قوشۇق ئېغىزنى قانىتار.

گۈلنىڭ تاجىسى گۈل ئارىسىدا، يىگىتنىڭ تاجىسى ئەل ئارىسىدا.
كوپ يامغۇر يەرنى بۇزار، پىتنە ـ ئىغۋا ئەلنى.
ئۆزەڭ ئۈچۈن ئۇخلاپ، باشقىلار ئۈچۈن چۈش كۆرمە.
نەپ تەگمەس سوپىدىن، تۇغماس توخۇ ياخشى.
ماختانغاننىڭ ئۆيىگە بارما، كېرىلگەننىڭ تويىغا.
موللا كىشى يېرىم كىشى، ئىككى موللا بىر كىشى.
موللىنىڭ يامىنى قاراقچى بولىدۇ، بەندىنىڭ يامىنى يالاقچى.
باينىڭ پۇلى، ئوچاقنىڭ كۈلى.
باينىڭ قېشىدا كەمبەغەلگە كۈن يوق، توغان بېشىدا دەرەخقە.
چاپىنىغا قارىما، ئادىمىگە قارا.
توخۇ ئۈچۈپ تامغا قونىدۇ، لاچىن ئۈچۈپ تاققا.
ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇققا قىسقىلى بولماس.
ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسىگىلى.
ئەقىللىق ئۆزىدىن كۆرەر، نادان باشقىدىن.
خىرىس قىلغاندىن قورقما، ھىجايغاندىن قورق.
بۇلبۇل گۈل بار يەردە، ھۆرمەت دوست بار يەردە.
بەرگەن بەككە ياراپتۇ، بەرمىگەن كىمگە.
ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل،
مىڭ يىل ياشايدىغاندەك تىجارەت قىل.
خوتۇن بويۇن، ئەر باش.
خوتۇن ئەرگە قارايدۇ، ئەر يەرگە قارايدۇ.
ھادىم دىسەم ھاپاش بوپتۇ.
سۈيىنى ئىچكەن كۆلگە تۈكۈرمە.
ئوتتۇز چىشتىن چىققان سۆز، ئوتتۇز ئەلگە تارقايدۇ.
سەن ئىلپىتەك رۇس بولساڭ، ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا،

www.uyghurkitap.com

لام ئىلىپتەك ئەگرى بولساڭ، ھەر بالا باردۇر ساڭا.
سىنالغان ئاچچىق قىتىق، سىنالمىغان قايماقتىن ياخشى.
كورمىدىم دىسەڭ بىر سوز، كوردۇم دىسەڭ مىڭ سوز.
يارىڭنى گۇل ئارىسىدىن ئىزلە، باتۇر يىگىتنى ئەل ئارىسىدىن.
يالاقچى يالاق بىلەن، تىجمەل تاياق بىلەن.
چۆجىنىڭ شۇملۇغىدىن توخۇدا ئەمچەك بولمىغان.
ئات تويغان يېرىگە تارتىدۇ، يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە.
تومۇرنى دارت يەيدۇ، ئادەمنى دەرت.
ئاق كىگىزنى ياراتماي، لايدا ياتقان باراتباي.
گىلەمنىڭ ئىسسىلىغى قىلدىن، ئادەمنىڭ ئىسسىلىغى تىلدىن.
دولەت قۇشى قونسا چىغۇن بېشىغا،
سۇمرۇغ كېلەر كۇندە قېشىغا.
ھوپۇپ دوگگە چىقسا قۇش يەپتۇ، يىتىم تويغا بارسا مۇش.
ئايدا كەلگەنگە ئاياق، كۇندە كەلگەنگە تاياق.
توشقاننى قومۇش ئولتۇرەر، ئەرنى نومۇس.
بار نىمىنى دىگۇزمەيدۇ، يوق نىمىنى يىگۇزمەيدۇ.
ئادەم بىلگەننى دەيدۇ، توخۇ كورگەننى يەيدۇ.
ئاشلىق كېتىپ چاڭ قالدى، ماغدۇر كېتىپ جان قالدى.
خەلق قوزغالسا، تەخت قوزغىلىپتۇ.
ئارىسالدا ئىشەكنى بورە يەپتۇ.
تىرىگى بىرنى ئولتۇرسە، ئولۇگى مىڭنى.
باتۇرغا بىلەك كېرەك، مەرتكە يۇرەك.
قىشلىغىلى قايان باراي، ياز كەلسە ساراي سالاي.
يازدا ئالتە چاپان، قىشتا كالتە چاپان.
ئىسراپچىلىق نەدە، تەر چىقمىغان يەردە.

نامەرتنىڭ سۆيىنى ئىچكىچە، مەرتنىڭ قاچىسىنى يۆغىن.
ئۆخلىغان ئىتقا تاش ئاتما، تونۇشمىغان قىزغا قاش.
چىۋىن چاقسا ھەرىمىكىن دىمە، ساقالغا ئاق كىرسە، قېرىمىكىن.
كىشىنىڭكىنى بۇلاپ يەپتۇ، ئوزىنىڭكىنى سىقىپ يالاپتۇ.
ئېيىۋى يوق، ھايۋان يوق، غېمى يوق ئادەم،
سۆنەيچىدىن يەل كېتىدۇ، ھارۋىكەشتىن تىرتىناڭ - تىرت.
مەددا ئۇيالماس گەپ سېتىشتىن، ئاچكوز قورقماس يۈز كېتىشتىن.
خالتىدىن خەۋەر يوق مېھمان باشلاپتۇ.
پۇلى يوق تاللاشقا ئۇستا، سېتىقچى ئاڭلاشقا.
چالا موللا ۋاراقلايدۇ، ئەگرى نوغۇچ تارقلايدۇ.
قازاخۇنۇم ئوقەت كويىدا، قۇشناچىم پەداز كويىدا.
بىر تۈگىنىڭ شۇملۇغىدىن ملك توقايغا ئوت كېتىپتۇ.

توپلىغۇچى: **قەييۇم تۇردى**

www.uyghurkitap.com

# نىيە خەلق ماقاللىرىدىن

1) بالا يىغلاپ چوڭىيىدۇ،
قاپاق ساڭگىلاپ.

2) ھابدالدا ئۇۋات يوق،
كىپەكتە قۇۋۋەت يوق.

3) تۈلكىنىڭ سايىسىدا بولمان،
گەر يىسۇن يولۋاس سىنى.

4) دىخاننىڭ ئوبدىنى تېرىيدۇ بۇغداي، قوناق، پاختا.
خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئويگە يېتىدۇ. سۇپرا بىلەن تاختا.

5) تاغارنىڭ ئاغرىنى ئايىساڭ تۇۋى تېشىلمەيدۇ.

6) ئويما تەلپەك لاپ ئۇرار، بوسۇماتەلپەك بەك ئۇرار.

7) پاسار ئوتنىڭ كۆلى چوڭ، ساپساپچىنىڭ گېپى.

8) قايماقفا ئامراق كالىغا ئوچ.
خوتۇنغا ئامراق بالىغا ئوچ.

9) تام تۈۋىدىن قېرىيدۇ، ئادەم گېلىدىن.

10) سورەمە پايدىدىن چاققان زىيان يەخشى.

11) ئىگىسىنى سېغىنساڭ ئىتىغا سوڭەك سال.

12) ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن، مىرەبىڭ ئۆلمىسۇن.

13) بويىنى توگىدىن سورۇك، ھەممەتنى قويىدىن.

14) كىشىنىڭ پۇلىدا بولماڭ باي، ئاخىرى بىرلا رىسىز لاي.

رەتلىگۈچى: **مەتتۇمۇر ئىسمايىل**

# 源　泉

维吾尔古典文学丛刊

（维吾尔文）

新疆人民出版社出版

新疆新华书店发行

新疆新华印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 $15\frac{1}{2}$ 印张

1980年12月第1版　1981年3月第1次印刷

印数：—20,000

统一书号：M10098·457　定价：0.86元


AltunOq